چوڭ تىپتىكى ۋەھىملىك ئەسەر

# تىرىلگەن ئەرۋاھ

1-بۆلۈم: سەلىمىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

ئاپتور: ھەزرىتى ئۆمەر (تەقۋا)

ئىپتىخار ئېلكىتاب ئىشلەش گۇرۇپپىسى

www.iptihar.net

# مۇندەرىجە

1 ـ قىسىم:خاتىرىدىكى مەزمۇنلار.........................................5

2 ـ قىسىم:ئەرۋاھ كۆلەڭگىسى...................................14

3 ـ قىسىم:ئەرۋاھلار ئورمانلىقىدىكى ۋەھىمە.........................25

4 ـ قىسىم:ئەرۋاھلار ئورمانلىقىدىكى ياغاچ ئۆي......................36

5 ـ قىسىم:سىرلىق پىلان..........................................46

6 ـ قىسىم:خىرۇستال تاش.........................................59

7 ـ قىسىم:مېنىڭ سىرلىق چۈشۈم...................................68

8 ـ قىسىم:مۇردىلار بىلەن جەڭ...................................82

9 ـ قىسىم:يەر ئاستى شەھىرىگە كىرىش............................93

10 ـ قىسىم:يىغا ئاۋازى........................................105

11 ـ قىسىم:قىلتاق..............................................118

12 ـ قىسىم:بۆرىلەر توپى.......................................133

13 ـ قىسىم:چۈش ئىچىدىكى سىرلار...............................147

14 ـ قىسىم:ۋەھىمە باسقان يېزا.................................160

15 ـ قىسىم:شارقىراتما ئۈستىدىكى ئالۋاستى دەرەخ..................171

16 ـ قىسىم:ساختا ئەلى.........................................183

17 ـ قىسىم:سىر ئىچىدىكى «سىر»لار.............................194

18 ـ قىسىم:سۇمرۇغ قۇش........................................206

19 ـ  قىسىم:سىرنىڭ يېشىلىشى..................................218
20 ـ  قىسىم:ئەرۋاھ بىلەن جەڭ..................................229
21 ـ  قىسىم:ئەلنى قۇتۇلدۇرۇش..................................241
22 ـ  قىسىم:پۆتۈكنىڭ سىرى..................................254
23 ـ  قىسىم:ئەرۋاھلار قەلئەسىگە قايتىش............................265
24 ـ  قىسىم:ئاھ!مېهرى ئىسسىق ماكانغا كەلدۇق......................275
25 ـ  قىسىم:سىرلىق ئادەم..................................285
26 ـ  قىسىم:سەلىمنىڭ پاجىئەسى..................................296
27 ـ  قىسىم:ئەرۋاھلار دۇنياسىغا قايتا سەپەر........................304
28 ـ  قىسىم:كۆمۈش شەمشەرنى قولغا چۈشۈرۈش.....................314
29 ـ  قىسىم:ناتونۇش قىزچاق..................................322
30 ـ  قىسىم:ئاينۇرنىڭ ئەسلىمىسى..............................332
31 ـ  قىسىم:كەچلىك تاماقتا..................................341
32 ـ  قىسىم:ئورمانلىقتىكى ياغاچ ئۆي.........................349
33 ـ  قىسىم:ئاخىرقى جەڭ..................................357
34 ـ  قىسىم:دىۋە..........................................365
35 ـ  قىسىم:ئاخىرلىشىش..................................374

# ئاپتوردىن

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن.

مەزكۇر ئەسەر ئىپتىخار مۇنبىرىدە ئىلان قىلىنغاندىن كېيىن ئەزالارنىڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا ۋە ياخشى تەكلىپ پىكىرلىرىگە ئېرىشتى. بۇ ئەسەرنى ياقتۇرۇپ ئوقۇغان بارلىق قېرىنداشلىرىمغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

تورغا چىقىپ ئوقۇش شارائىتى يوق كىشىلەر ئۈچۈن بۇ ئېلكىتابنى ياسىدىم. سىز قايسى قىسمنى ئوقۇماقچى بولسىڭىز ئېلكىتاب ئوقۇغۇچنىڭ بەت سانى چىقىدىغان يەرنى باسسىڭىز بەت يۆتكەش كۆزنىكى ئېچىلىدۇ.كۆپچىلىكنىڭ ھەرقانداق تەكلىپ پىكرى بولسا مەن بىلەن ئالاقىلىشىپ دىسە بولىدۇ. يەنە شۇنى ئەسكەرتىپ قوياي، بۇ ئەسەر ئىپتىخار مۇنبىرى ۋە تەقۋاجان سالونىدا (Takwajan)ئىلان قىلىنغان. ھەرقانداق شەخسنىڭ بۇ ئەسەرنى رۇخسەتسىز باشقا توربېكەت ۋە سالونلاردا ئىلان قىلىشىنى خالىمايمەن. ئەگەر باشقا سالون مۇنبەرلەردە ئىلان قىلغۇڭىز بولسا چۇقۇم مەن بىلەن ئالاقىلىشىڭ.

ئۈندىدار ۋە كيۇكيۇ نۇمۇرۇم:1263854264

بۇ ئەسەرنىڭ 2 ـ بۆلىمىنى ياكى مۇشۇنىڭدەك ۋەھىملىك ئەسەرلەرنى ئوقۇماقچى بولسىڭىز ئىپتىخار مۇنبىرىگە ۋە تەقۋاجان سالونىغا مەرھەمەت قىلىڭ.

ئىپتىخار مۇنبىرى:www.iptihar.net

تەقۋاجان ئۈندىدار سالونى:Takwajan

## 1 ـ قىسىم خاتىرىدىكى مەزمۇنلار

## ..............مۇقەددىمە..................

ئىنسانىيەت دۇنياسى تېگى تەكتىنى بىلگىلى بولمايدىغان سىرلار بىلەن تولۇپ كەتكەن .

ئەتراپىمىزدىمۇ بىزنى ھاڭ تاڭ قالدۇرىدىغان ئاجايىپ غەلىتە ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.سىز جىن ئەرۋاھلارنىڭ،مەخلۇقلارنىڭ مەۋجۇتلىقىغا ئىشىنەمسىز؟ئەلۋەتتە مەنمۇ بېشىمدىن كەچۈرگەن ئىشلار بىلەن ئىشىنىدىغان بولدۇم.بېشىمدىن كەچۈرگەن بۇ قورقۇنۇشلۇق ئىشلار ماڭا شۇنى چۈشەندۈردىكى دۇنيادا سىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر باركەن.ئادەملەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە. مېنىڭ ئىسمىم ئۆمەر.مەن ناھايىتى غەلىتە مىجەزلىك بالا.يالغۇزلۇقنى خالايمەن.قولۇمدىن كىتاب چۈشمەيدۇ.مەن قانداقتۇر تارىخى قىممىتى بار كىتابلار ئەمەس فانتازىيەلىكى كۈچلۈك.ۋەھىمىلىك كىتابلارنى ۋە كىنولارنى كۆرىمەن.شۇ چاغلاردا مېنىڭ بۇ غەلىتە مىجەزىم مېنى شۇ ۋەھىمىلىك سەپەرگە سۆرەپ كىرگەنىدى .

................................

ــــ قۇتقۇزۇڭلار.....ئا....ئا....ــــ مەن كۈچەپ ۋارقىرايتتىم.كۆز ئالدىمدا قانداق نەرسە ئىكەنلىكى ماڭا نامەلۇم بولغان.بېشىغا قارا پىلاچ ئارتىۋالغان،قىپقىزىل نۇرلۇق ئىككى

كۆزىدىن بۆلەك باشقا يېرىنى كۆرگىلى بولمايدىغان غەلىتە بىر مەخلۇق قۇرۇپ ئىسكىلىت بۇلۇپ كەتكەن قوللىرى بىلەن گىلىمنى كۆچەپ سىقىۋاتاتتى.قانچە ۋارقىرساممۇ بىكا.بۇ قاراڭغۇ ئورماندا كىممۇ مىنى قۇتقۇزغىلى كەلسۇن؟تۇيۇقسىز كۆز ئالدىمدىكى بۇ مەخلۇق نەدىن پەيدا قىلدىكى قولىغا يوغان بىر ئاي پالتىنى ئالدى.ئاھ خۇدا! ئۇمىنى ئۆلتۈرۋىتەرمۇ؟ئۇ سەت ھىجايغىنچە پالتىنى ماڭا قاراتتى.قورققىنىمدىن يۈرەكلىرىم تېز سوقۇپ كىتىپ باراتتى.ئۇ شۇنداق كۆلگىنچە پالتا بىلەن بېشىمنى چاپتى.

— ئا....ئاااا.ئا....

چۆچىگىنىمچە ئويغاندىم.قارىسام ئۆز ئۆيۈمدە ئىكەنمەن.ئۇھ!چۈش كۆرۈپتىمەندە.ھەر كىچىسى شۇنداق ۋەھىملىك كىنو ياكى كىتاب كۆرگەچكىمكىن چۈشۈمگە شۇنداق مەخلۇقلار كىرىدىغان بۇلىۋالدى.گەرچە مەخلۇقلار چۈشۈمگە كىرىپ مىنى ئارامىمدا قويمىسىمۇ مەن يەنىلا كۆرۈشنى ياخشى كۆرىمەن.

بۈگۈن ئەتىگەندىلا سۈيۈملۈك كىتابىمنى كۆتۈرگىنىمچە جىمجىت يەر ئىزدەپ ئۆيدىن چىقتىم.مەھەللىمىزنىڭ چېتىدەرەك بىر ئورمان بۇلۇپ ئەتراپى ئىگىز تۈمۈر تور رىشاتكىلار بىلەن قاشالانغانىدى.ھەر ئون مىتىردا بىر «كىرىش مەنئى قىلىنىدۇ» دىگەن مەنئى تاختىسى بار ئىدى.ئەمەلىيەتتە بۇ مەنئى بەلگىسى

قۇيۇلغىلىمۇ ئۇزۇن بولمىدى.ئىككى يىل ئىلگىرى مەھەللىمىزدىكى سەلىم ئىسىملىك كىشىنىڭ بۇ ئورمان ئىچىدە سىرلىق پاجىئە بىلەن ئۆلۈپ كىتىشىدىن كىيىن بۇ بەلگە ئېسىلغان.مەھەللىمىزدىكى دادام ۋە مىنىڭ يېقىن ئاغىنەم ئىمىن بۇ ئۆلۈمنىڭ سەۋەبىنى بىلىدۇ.بىراق دادام ماڭا قەتتى دەپ بەرمىگەنىدى.شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ ئورمانغا بەكلا قىزىقىمەن.مىنىڭ بۇ ئورمانغا كىرىدىغانلىقىمنىمۇ ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بۇيەرگە كىرىش ئۈچۈن تور رىشاتكىنىڭ ئۆزۈم پاتكىدەكلا يېرىنى قايرىپ كامار ئاچقانىدىن.بۇ يەردىكى تاغ يېنىدا مەن بايقىغان كىچىك ئۆڭكۈر بولۇپ بۇيەرمىنىڭ كىتاب ئوقۇدىغان ئەڭ ياخشى جايىم ئىدى.مەن بۇيەرگە كىرىپ بىر يوغان تاشقا يۆلەنگىنىمچە كىتابىمنى ئوقۇشقا باشلىدىم.تەخمىنەن يېرىم سائەت ئۆتتىمىكى تۇيۇقسىز ئۆڭكۈر ئىچىدىن تاراق قىلغان ئاۋاز بىلەن ئۆڭكۈر ئىچىدىكى تامدىن تاشلار چۈشۈكە باشلىدى.بىردەمدىن كىيىن ئۇيەردە خېلىلا يوغان بىر تۆشۈك ئېچىلىپ قاپتۇ.تۆشۈكتىن بېشىمنى تىقىپ قارشى تەرەپكە قارىدىم.بىر چىغىر يول بۇ تەرەپتىن باشلىنىپ ئالدىدىكى بىر ئورمان ئىچىگە تۇتىشىدىكەن.مەن ئورمانلىقتا سىنچىلاپ قارىدىم.تۇيۇقسىزلا ئۇيەر تەرەپتە ئىككى كىشىنىڭ مەن تەرەپكە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم.ئۇ ياقتىكىلەرنى

پەقەت ئېنىق كۆرەلمىدىم.پەرزىمچە ئادەمكەن دەپ ئويلۇدۇم.توساتتىن.كاماردىن چىققان كۈچلۈك ئاق نۇر كۆزۈمنى چاقنىتىۋەتتى.مەنمۇ قوقىقىنىمدىن كەينىمگە نەچچە قەدەم داچىپ يىقىلىپ قاپتىمەن.نۇر ئاستا ئاستا پەسىيىپ يۇقىدى.نۇر يۇقىدىيۇ كاماردا مەن چۈشۈمدە كۆرگەن كۆزلىرى قىپقىزىل قارا پىلاچلىق بىر مەخلۇق ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.ئۇ كامارنىڭ ئالدىدىلا بولغاچقا قورقىقىنىمدىن ۋارقىرىغىنىمچە ئۆڭكۈردىن چىقىپ ئۆيگە كەلدىم.چىرايىپ تاترىپ كەتكەنىدى.دادام ھالىمنى كۆرۈپ سورىدى .

ــــ ھوي بالام،نىمە بولدۇڭ چىرايىڭ تاترىپ كىتىپتىغۇ؟ــــ مەن بولغان ئىشلارنى قويماي دادامغا سۆزلەپ بەردىم.دادام بۇ گىپىمنى ئاڭلاپ ئاچچىقلاپلا كەتتى .

ــــ ساڭا ئۇ ئورمانغا بارما دىمىگەنمىدىم.مەنئى بىلگىسى كۆزۈڭگە قارشى ئېلىش بەلگىسىدەك كۆرۈنۈپ كەتتىما.نىمىشقا باردىڭ ــــ دەپ كايىپلا كەتتى .

ــــ دادا،ئۇ ئورماننىڭ خەتەرلىكلىكى ھەققىدە ئۇ تاختايدىكى مەنئى بەلگىسىدىن بۆلەك ھىچنىمىنى بىلمىسەم يا ــــ دىدىم مەن .دادام ئۇلۇغ كىچىك بىرنى تىنىپ ماڭا:

ــــ قارا بالام.ساڭا سەلىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرسىنى بېرىمەن.خاتىرنى سەلىمنىڭ جەسدى بىلەن بىللە بايقىغانىدىم.خاتىرنى ئوقىغاندىنكىن ئۇ ئورمانغا بارماسلىق

ھەققىدە ماڭا ۋەدە بېرەمسەن .ـــ دىدى .مەن بىرخىللا قىزىقىپ قالدىمدە ماقۇل بولدۇم .دادام ئىچكىركى ئۆيدىن خۇرۇم تاشلىق بىر خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ چىقتى .قارماققا بۇ دەپتەر ئەمەس كىتابقىلا ئوخشايتتى .مەن خاتىرىنى ئېلىپلا كۆرۈشكە باشلىدىم .خاتىرىنىڭ مۇقاۋىسىدا باشقىچىلا بىر يېزىقتا چوڭ خەت بار ئىدى .1 ـ بېتىدە بىر پارچە رەسىم بار بولۇپ رەسىمدە بىر قەبرە ئالدىدا بىر كىشىنىڭ ئولتۇرغان ھالىتى تۇراتتى .2 ـ بېتىدىمۇ بىر رەسىم بولۇپ چوڭ بىر قەلئە ئىدى .3 ـ بېتىدىمۇ ئوخشاشلا رەسىم بولۇپ قەبرە ئۈستىدى بىر قول چوقچىيىپ تۇراتتى .بۇ رەسىملەر ئادەمنى سۈر باستۇراتتى .كېيىنكى ئىككى بەتتە مۇقاۋىدىكى يېزىقتا بىرمۇنچە خەتلەر بار ئىكەن .5 ـ بېتىدىن باشلاپ سەلىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى يېزىلغانىدى .مەن خاتىرىنى بىر باشتىن ئوقۇشقا باشلىدىم .

(خاتىرەدىكى مەزمۇنلار)

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ياراتقۇچىنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن .كىمكى بۇ سىرلىق ئورمان ئىچىدە بىرە پىشكەللىككە يولۇقسا ئۆز جېنىنى ياراتقۇچىغا تاپشۇرسۇن .بۇ ئورمان زۇلمەت دەرۋازىسىدۇر .بۇيەر شۇنداق بىر جايدىكى بۇجايدا ھەقىقەت ۋە بەخت ئۆز نۇرىنى چاچالماس .بۇيەردە زۇلمەت ۋە ۋەھىمە مەڭگۈ ھۆكۈم سۈرىدىكەن .ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ بۇ نەسباسقۇر جايغا ھەرگىز قەدەم باسماسلىقىنى تىلەيمەن .بۇيەر ھەقىقەتەن زۇلمەت

دەرۋازىسىدۇر.

مەن بۇ ئورمانغا كىرگەندىن تارتىپ ئۆز ئۆلۈمۈمنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى سەزگەنىدىم.دەرۋەقە هازىر جان تالىشىپ تۇرۇپتىمەن.مەن مەهەللىمىزدىكى تاغ قاپتىلىدىكى كىچىك ئۆڭكۈر ئارقىلىق بۇ جايغا كىلىپ قالدىم.بۇيەردە 700مودىن كۆپرەك ئەرۋاهلار

ئورمانلىقى بار بولۇپ تېخىمۇ ئىچكىرسىدە ئەرۋاهلار قەبرىستابلىقى بار.قەبرىستانلىق ئوتتۇرسىدا بىر قەلئە بار.بۇ قەلئە دەل زۇلمەتنىڭ ئۆۋىسى.قەلئە ناهايىتى چوڭ بولۇپ قەلئە ئاستىدا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ يەرئاستى شەهەر بار.يەر ئاستى شەهەر بايلىققا تولغان بولۇپ كىمكى بۇيەرگە كىلىپ قالسا مىسقالچە نەرسىگە چېقىلمىسۇن.يەر ئاستى ناهايىتى ۋەهشى بىرجاي.بۇيە زۇلمەت ماكانىدىن كىتىشنى ئويلىسىڭىز يەرئاستى ئۇيىگە قەدەم باسماڭ.بۇيەرگە قەلئە ئىچىدىكى قۇدۇق ئارقىلىق كىرگىلى بولىدۇ.مەن يەرئاستىدا ئالتۇنلاردىن ئېلىپ كىتىش ئۈچۈن ئورۇنغىنىمدا ناهايىتى ئېچىنىشلىق هالغا كىلىپ قالدىم.يەر ئاستىدا يەنە بىر شارقىراتما بولۇپ سۇيى ئالماستەك سۈزۈك.هەرقانداق يارا بۇسۇدا نەمدەلسا شۇهامان شىپا قىلىدۇ.بىراق بۇسۇندىن ئىچىشكە قەتئى بولمايدۇ.مەن بۇيەرگە قاپسىلىپ قالغاندىن كيىن بىر ئادەمنى ئۇچراتتىم.ئۇ كىشى بىلەن بىرلەشتىم.ئۇمۇ بۇيەرگە قاپسىلىپ قالغىلى ئۇزۇن

بولغانىكەن .ئىككىمىز بىر بىرىمىز گە يار يۆلەك بۇلۇپ بۇيەردىن چىقىپ كىتىش ئۈچۈن تىرىشتۇق .بىراق ئۆزۈمنىڭ دەل شۇنىڭ قولىدا جان بېرىدىغانلىقىمنى ئويلاپ باقمىغانىدىم .شۇنى ئەسكەرتىپ قۇيايكى بۇيەردە ئۆزىمىز ۋە ياراتقۇچىدىن بۆلەك ھەرقانداق نەرسىگە ئىشەنمەسلىكىمىز لازىم .ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ سايىسىغىمۇ گوماندا بولىشىمىز لازىم .قەلئە ئىچىدە ۋە يەر ئاستى شەھەردە مەن ھەربىر يەرگە ئىز قالدۇرۇپ بىشارەت بەردىم .بۇ بىشارەتلەر سىزنىڭ بۇيەردىن چىقىپ كىتىشىڭىزگە ناھايىتى چوڭ ياردەم قىلالايدۇ .ئەمما شۇ بىشارەتلەر ئارقىلىق ماڭغان يولىڭىز ياكى قىلۋاتقان ئىشىڭىز سىزگە خاتادەك تۇيغۇ بەرسە دەرھال ئىشىڭىزنى توختۇتۇڭ .

بەلكىم ئۇ بىشارەتلەر ئەرۋاھلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن بولىشى مۇمكىن .ئەمما ئۇنداق ئاسانلىقچە ئۆزگەرتەلمەيدۇ .بۇنىڭدىن بەكمۇ ئەنسىرەپ كەتمەڭ .يەنە سىزگە شۇنى ئەسكەرتىپ قۇيايكى ئورماندا ئەرۋاھلار ۋە سىزدىن بۆلەك ھىچقانداق ئادەم يوق .سىزگە بىرەر ئىنسان ئۇچراپ قالسا ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇڭ بىراق ھەرگىز قوپاللىق قىلماڭ .ئۇ باشتا ھەمدەمدە بولىدۇ كيىن جېنىڭىزنى ئېلىشى مۇمكىن .ئەرۋاھلار ئورمانلىقىدا مەن ياساپ قويغان ئەڭ بىخەتەر بىر ئۆي بار بۇلۇپ كىچىسى كىرىۋېلىڭ .بۇيەر ناھايىتى بىخەتەر.ئەمما ناھايىتى قاراڭغۇ بۇيەردە ئازراقمۇ يورۇقلۇق يوق .

مەن مەزكۇر خاتىرىگە قالدۇرغان مەزمۇنلارنىڭ ۋە مەن قالدۇرغان بىشارەتلەرنىڭ ياردىمى ناھايىتى چوڭ. شۇڭا قولىڭىزغا بۇ خاتىرە چۈشكەن ھامان چۇقۇم ياخشى ساقلاڭ. خاتىرىدە ھەربىر يول ۋە ئەرۋاھلار ھەققىدە ئېنىق ئىزاھ بەردىم. شۇڭا ئەرۋاھلار خاتىرىنى سىزدىن ئېلىۋېلىش كويىدا بولىدۇ.

— بالام ئۆمەر — دادامنىڭ چاقىرشى مىنى خاتىرىنى ئوقۇشتىن توختاتتى. — كىلە داۋامىنى كىيىن ئوقىۋال ھازىر بېرىپ قويلارنى ئوتلۇتۇپ كەلگىنە — دىدى دادام. مەن:

— دادا، سەن سەلىمنىڭ خاتىرىسىدىكى مەزمۇنلارغا ئىشىنەمسەن — دەپ سورۇدۇم. دادام:

— ئەلۋەتتە بۇنىڭغا سەنمۇ ئىشىنىشىڭ كېرەك. ئەتتىگەن ماڭا دەپبەرگەنلىرىڭ ئىسىڭدە بادۇ. — دىدى دادام. توغرا ئەتتىگەن مىنىڭ كۆرگەنلىرىم. بۇنىڭ دەلىلى ئەمەسمۇ. مەن كۆرگەن ئۇ كىشىلەر ۋە قىزىل كۆزلۈك سەلىمنىڭ خاتىرىسىدە دىيىلگەن ئەرۋاھ شۇمۇدۇ. دۈمبەمگە تەگكەن دادامنىڭ شاپىلىقى مىنى خىيالدىن ئويغاتتى.

— بولە تېز قويلار ئاچ قالدى. — دىدى دام مىنى ئېغىلغا دەۋەت قىلىپ. مەن قويلارنى ئېغىلدىن چىقىرىپ ئوتلاتقىلى ماڭدىم. ئېتىزلىقىمىزنىڭ سول تەرپى كەڭ يايلاق بولۇپ قويلارنى قويۇپ بېرىپ چۆپلۈكتە سوزۇلۇپ يېتىپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدىم.

توۋاھ!راسلا ئەرۋاھلار بارمىدۇ؟سەلىمنىڭ خاتىرسىدىكى ھەقىقى ئىشلارمىدۇ؟مەن ئۇيەرگە بارسام ئۆلۈپ كىتەرمەنمۇ؟ئۇ ئىشلارغىمۇ ئىككى يىل بولدى ھازىر قانداق بۇلۇپ كەتكەندۇ.

توغرا.سەلىم ئۇيەرگە نىمىشقىمۇ بارغاندۇ؟ كاللامدا جاۋاپسىز سوئاللار ھۆكۈم سۈرمەكتە.شۇ ئوي خىياللار بىلەن كەچ كىرىپ كىتىپتۇ.قويلىرىمنى يىغىپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم.ئەتراپ بىراز قاراڭغۇ ئىدى.تۇيۇقسىز ھىلىقى چەكلەنگەن ئورمان تەرەپكە قاراپ ساپتىمەن.رىشاتكىنىڭ ئىچى تەرىپىدى غاردا كۆرگەن ھىلىقى قىزىل كۆز ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.يۈرۈكۈمنى بىر قورقۇنۇش قاپلىۋالدى.قورققىنىمدىن قويلىرىمنى ئىتتىكرەك مىڭىش ئۈچۈن ساۋايتتىم.ئۇ تەرەپتىكى قىزىل كۆزلۈك ئەرۋاھ تىخىچە ماڭا قاراپ تۇراتتى.ئۇ تەرەپكە قاراپ سالماسلىق ئۈچۈن تىرشاتتىم.بىراق ئۆزەممۇ بىلمىگەن ھالدا ئۇتەرەپكە قاراپ ساپتىمەن.ئەمما ئۇ تەرەپتە ھىچكىم يوق ئىدى.گەرچە ئۇ يۇقاپ كەتكەن بولسىمۇ يۈرۈكۈمدىكى قورقۇنۇش تىخى پەسەيمىگەنىدى ئىتتىك مىڭىپ ئۆيگىمۇ كىلىۋالدىم.ئۆيگە كەلگەن بولسامۇ يۈرەكلىرىمدە بىر ۋەھىمە يەنىلا داۋاملىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

## 2 ـ قىسىم ئەرۋاھ كۆلەڭگىسى

مەن قورقۇنۇچ ئىدە ئۆيگە يېنىپ كەلدىم.قويلارنى ئېغىلغا سولىۋېتىپ ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ كەتتىم.بايا بولغان شۇ ۋەھىمىلىك ئىشلارنى ئويلىساملا يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ كىتىدۇ.مۇشۇ كەمگىچە جىن ئەرۋاھ كۆرۈپ باقمىغانىدىم.مانا مۇشۇ كۈنلەدە بۇ ئەرۋاھلارنى بەك جىق كۆرەپ كەتتىم.ئەلۋەتتە ئادەم بولغانىكەنمىز بۇنداق قورقۇنۇچلۇق نەرسىلەرنى بىر ئىككى قېتىم كۆرسەكمۇ ئاز دىگىلى بولمايدۇدە.نەچچە ۋاقىتتىن بېرى پەيدا بولمىغان بۇ ئەرۋاھلارنىڭ ئەمدى چىقىپ قالغىنى قىززىق.سەلمىنىڭ كۈندىلىك خاتېرسىنى قۇلۇمغا ئالدىمدە مۇقاۋىسىدىكى غەلىتە يېزىققا قارىدىم.بۇ يېزىقنى ھىچقاچان كۆرۈپ باقمىغانىدىم.بىراق يېزىقنىڭ بەزى يەرلىرى ھازىرقى زاڭزۇ مىللىتىنىڭكىگە ئوخشاپ قالاتتى.خاتېرىدىكى مۇشۇ خىل يېزىقتا يېزىلغان ئىككى بەتكە قىزىقىپ قالدىم.مەنىسىنى بىلىشكە قىززىقتىم.بەلكىم سەلىم خاتېرسىدە بۇ توغۇرلۇق يازغان بۇلىشى مۇمكىن دىگەن ئوي بىلەن ئوقۇپ كەلگەن يەردىن باشلاپ خاتېرىنى ئوقۇشقا باشلىدىمخاتېردىكى مەزمۇن

ئەرۋاھلار ھەرۋاقىت بۇ خاتېرىنى قولغا چۈشرۈشنىڭ كويىدا بولىدۇ.چۈنكى مەن خاتېرىگە بۇ زۇلمەت ماكانىدىن چىقىپ كىتىش ھەققىدە يېزىپلا قالماي يەنە بۇ زۇلمەتنى ئاخىرلاشتۇرۇش

ھەققىدىمۇ يازدىم.ئۇنىڭ ئۇستىگە سىز ئۇلارنى ۋەيران قىلمىغان تەقدىردىمۇ سىزنىڭ ئۇلار ئارىسىدىن ھايات چىقىپ كىتىشىڭىز ئۇلار ئۈچۈن خەتەرلىك.چۈنكى ئۇلارنىڭ سىرىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئاشكارلاپ قۇيىشىڭىزدىن ئەنسىرشىدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن خاتىرە قولىڭىزغا چۈشكەندىكىن ناھايىتى ئېھتىياتچان بۇلۇپ كىتىڭ.مەيلى سىز قەيەردە بۇلۇڭ خاتىرە ھامان ئەرۋاھلارغا ئورنىڭىزنى بەلگىلەپ بىرەلەيدۇ.ئىسىڭىزدە بولسۇنكى ئۆلۈم ۋە ۋەھىمە سىز بىلەن بىللە.

بۇ گەپلەر مىنى سەل قورقۇتۇپ قويدى.ئەرۋاھلار سەلىم ئۆلگەن ئورماندىلا ئەمەس بۇيەردىمۇ پەيدا بولغان تۇرسا.تېخى باشقىلارغا ئەمەس ماڭا يولۇقتى.ئەجەبا مەن خەۋپ ئىچىدە قالغاندىمەنمۇ؟تۇغرا،ئەرۋاھلار ھەرۋاقىت خاتىرىنى ئېلىۋېلىشنى ئويلايدۇ.ھازىربۇ مىنىڭ قۇلۇمدا شۇڭا يېنىمغا كەلگەن گەپ.ئۇنى ئويلاپ بۇنى ئويلاپ خاتىرىنى تۇتقىنىمچە ئۇخلاپ قاپتىمەن.چۈشىنىڭ خاسىيىتى بىلەن غەلىتە بىر چۈشنى كۆرۈپتىمەن.چۈشۈمدە مەن تاغ ئۆڭكۈردىكى كاماردا كۆرگەن چىغىر يولدا تۇرغۇدەكمەن.ئالدىمدىكى بۇ ئەرۋاھلار ئورمانلىقى قاپقاراڭغۇ ئىدى.تۇيۇقسىز ئالدىمدا سەلىم پەيدا.بولدى.مەن قورقۇشقا باشلىدىم.يۈرۈكۈم جىغىلدايتتى.ئۇ ئالدىمدا تۇرۇپ ماڭا«كەينىڭگە قارا!»دىدى.مەن ئاستا بۇرلۇپ كەينىمگە قارىدىم. كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم.ھېلىقى ئۆڭكۈردىكى

كىچىككىنە كامار ھازىر ناھايىتى يوغىنىپ كەتكەن بولۇپ ئەرۋاھلار بەس بەستە كىرىپ مەھەللەمدە قىرغىنچىلىق چىقارماقتا ئىدى. كىشىلەر ۋارقىراشقىنىچە قاچاتتى. ئەرۋاھلار رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرەتتى. سەلىم ماڭا:

ـــ قارا، ئەرۋاھلار قۇتراۋاتىدۇ. ئۇلار قولۇڭدىكى خاتىرنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولىۋاتىدۇ. قەددىڭنى رۇسلا ئۆز دۇنيارىڭنىڭ مۇشۇنداقلا ۋەيران بولىشىغا قاراپ تۇرامسەن، ئەمدى ھۇشۇڭنى تاپقىن. ئەرۋاھلارنىڭ مەڭگۈ يوقۇلىشى ئۈچۈن جەك قىل. ـــ ئۇ شۇنداق دىگىنىچە تۇتۇنگە ئايلىنىپ غايىپ بولۇپ كەتتى. مەنمۇ ئويغۇنۇپ كەتتىم. چىلىق چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدىم. كۆرگەن چۈشۈم مىنى بىرقىسىملا قىپ قويدى. بۇ بىر بىشارەتمىدۇ ۋەياكى مۇنداقلا كۆرگەن چۈشۈممىدۇ بىلمىدىم. ئىشىك ئىچىلىپ دادام كىرىپ كەلدى:

ـ ئويغۇنۇپسەندە. تۇرە ئەمدى ناشتىا قىلىۋالغىن ـــ دىدى. ۋە يىنىمدىكى خاتىرنى كۆرۈپ:ـــ سەلىمنىڭ خاتىرسىنى ئوقۇپ بولدۇڭمۇ ـــ دەپ سورىدى. مەن:

ـــ ياق دادا. ئوقۇپ بۇلالمىدىم.

ـــ ھە ئەمدى ئۇ ئورمانلىقتا ھەرگىز بارمىغىن. خاتىرنى ئوقۇپمۇ بارماسلىقنى ئويلىغانسەن. ـــ دادامنىڭ بۇ گىپى مىنى تەڭلىكتە قويدى. قانداق قىلىش كىرەك. بىردەم ئويلانغاندىنكىيىن ھەقىقى بىر قارارغا كەلدىم.

— كەچۈرگىن دادا،مەن ئۇيەرگە بارىمەن .— دېدىم دادامغا.بۇ گەپنى ئاڭلىغان دادامنىڭ قاپىقى تۈرلۈپ كەتتى .— بولدى بارمايسەن .ئۆزۈڭنىڭ جېنى بىلەن ئويناشما — دېدى كەسكىن تەلەپپۇزدا.

— لېكىن دادا.بۇنداق ۋەھىمە ئىچىدە ئۆرتىنىپ قورقۇپ ياشامدۇق .ئۇ ئەرۋاھلار ماڭا بىر قېتىم ئەمەس بىرنەچچە قېتىم كۆرۈندى .خاتىرىدە نېمە دەپتۇ؟خاتىرە سەندە بوسال جېنىڭ خەرتەر ئىچىدە دەپتۇ.بۇ خاتىرىدە ئۇلارنى يوقۇتۇش ھەققىدىمۇ بىشارەت بېرىپتىغۇ ئەنە .— دېدىم دادامغا. دادام:

— بالام،بىزمۇ سەندىن ئەنسىرەيمىز.سەن ئۇيەردە بىرە ئىشقا يولۇقساڭ قانداق قىلىمىز.چىدىيالامدۇق بۇ ئازاپقا

— ئۇنداقتا بۇيەر ۋەيران بولسىچۇ؟ئۇچاغدا كىم چىدىيالايدۇ.دادا.رۇخسەت قىل مەن باراي .— دېدىم دادامغا يىلىنىپ.دادام گەپ سۆزسىز چىقىپ كەتتى.دادامنىڭ قوشۇلمىغانلىقىغا ئىچىم ئاچچىق بولدى.مېنىڭ ھەققەتەن بۇ ئىشلارغا خاتىمە بېرىش نىيىتىم بار ئىدى .يېرىم سائەتلەرچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دادام كىردى:

— ماقۇل بالام.بارغىن .ئەمما ئۆزۈڭ يالغۇز بارما.سەلىمنىڭ ئاكىسى بىلەن ئىمىنجاننى ئېلىۋېلىشنى ئۇنۇتمىغىن.ئۇلار بۇھەقتە بىرنىمە بىلىشىدۇ.— دېدى دادام.قارسام دادامنىڭ كۆز گىرۋەكلىرىدە ياش مۆلدۈرلەپ تۇراتتى .نىملا دېمىگەن بىلەن دادا

ئەمەسمۇ.بالىسىنىڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشىغا قانداقمۇ چىدىيالىسۇن.دادامنىڭ قوشۇلغانلىقى مېنى ئالەمچە شادلاندۇردى.ئۇيەرگە ئانچە يىراق بولمىغىنىمىز ئۇچۇن ئەتىلا يولغا چىقماقچى بولدۇم.دادام دىگەندەك مەھەللىمىزدىكى سەلىمنىڭ ئاكىسى ئەلى بىلەن ئىمىننى(ئادەتتە ئۇنى شۇنداق چاقىراتتىم.)يەنە ئادىلنىمۇ ئېلىۋېلىشنى ئويلۇدۇم.

بۈگۈن ھەممە ئىشنى پىلانلىۋالدىم.ئۇيدىكىلەرگە لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ قويۇشنى ئېيتىپ ئىمىننىڭ ئۆيىگە ماڭدىم.ئۆيىمىزنىڭ ئارلىقى سەل يىراق ئىدى.ئۇيەرگە بېرىش ئۇچۇن چەكلەنگەن ئورماندىن ئۆتەتتىم.بۇ ئورماننىڭ ئالدىغا كەلگەندە قەدەملىرىم ئىختىيارسىز توختاپ قالدى.ئازراق قورقۇنۇچ ھېس قىلىۋاتاتتىم.ئورمان تەرەپكە قارىدىم.ئورمان بۇرۇنقىدەكلا تىنىچ ئىدى.دىققىتىمنى يىغىپ يۇلۇمغا راۋان بولدۇم.تۇيۇقسىز كەينىمدىن بىرنەرسىنىڭ ماڭا سۈرلۈكلا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزدىمدە بۇرلۇپلا ئارقىمغا قارىدىم.بىراق ھېچكىم يوق ئىدى.خىيالى تۇيغۇم بولسا كېرەك دەپ ئويلۇدۇمدە شۇنداق ئالدىمغا قارىسام بىر قارا كۆلەڭگە ئالدىمدا تۇراتتى.ئۇنىڭ زادى نىمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم.خۇددى بىر ھەقىقى كۆلەڭگىدەكلا بوشلۇقتا لەيلەپ تۇراتتى.يۈرۈكۈم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالايلا دىدى.مەن قورققىنىمدىن جايىمدىلا يىقىلىپ قاپتىمەن.قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن بىرچاغدا

ئورنۇمدىن تۇردۇم.يىقىلغان يەردە يېتىپتىمەن.ئەتراپ تىنىچ ئىدى.ئورنۇمدىن تۇرۇپ بۇ نەس باسقان جايدىن تېزراق ئۆتۈپ كىتىش ئۈچۈن قەدىمىنى چوڭ ئېلىپ ماڭدىم.ماڭغاچ ئاخىرقى قېتىم ئورمانغا بىر قارىدىم.قارسام بىر دەرەخنىڭ كەينىدىن بىرى مارلاۋاتقاندەك قىلاتتى.دەرھال ئالدىمغا قارىدىمدە يۈگۈرگىنىمچە ماڭدىم.ئىمىننىڭ ئۆيىگە كەلگەندە سەپەر تېخى باشلانماي تۇرۇپلا ئۇنى قورقۇتۇپ قويماي دەپ هازىرقى ئەهۋالنى دىمىدىم.ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ سالاملاشقاندىن كىيىن مەقسىدىمنى دىدىم.ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ جىمىپ قالدى.مەن سۆز ئاچمىسام ئۇ گەپ قىلىدىغاندەك قىلمايتتى.

ــ هەي، چۈشەندۈرەلىدىمۇ يا.بۇ ئىشلارنى ئاخىرلاغتۇرايلى بېشىمىزغا بالا بولمىسۇن دەۋاتىمەن. ــ دىدىم ئۇنىڭغا.ئۇ:

ــ چۈشەندىم.بىراق بىز ئۆلۈپ كىتىشىمىز مۇمكىن.ــ دىدى.

ــ شۇنداق بىراق بىزنىڭ هايات قېلىشىمىزدىمۇ ئۈمۈد زور.مەن بىلەن بارغىن ماقۇلمۇ ــ دىدىم ئۇنىڭغا.ئۇ بىردەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كىيىن ماقۇل بولدى.ئۇنىڭغا ئەتە لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ ئۆيۈمگە بېرىشنى ئېيتىپ كىتىپ قالدىم.ئەمدى ئادىلنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم.هەرنىمە بولسا ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن چەكلەنگەن ئورماندىن ئۆتمىسەمۇ بولاتتى.ئادىلمۇ ناهايىتى چىقىشقاق ئاقكۆڭۈل بالا بولۇپ ئۇ يېڭىلىقلارغا قىزىقىدۇ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا ئامراق. ئۇنىڭ بۇ ئىشقا

قوشۇلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.يولدا كىتىۋېتىپ بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ كەتتىم.نىمىگە پۇتلاشقاندىمەندەپ قارىسام بىر ئىسكىلىت قول تۇراتتى.قورققىنىمدىن ۋارقىرىغىنىمچە ئورنۇمدىن تۇردۇم.كۆزۈمنى بىر يۇمۇپ ئاچسام نە ئىسكىلىت بولسۇن؟ پەقەت بىرتال تاش تۇراتتى.توۋا بايىلا ئېنىق ئىسكىلىت قول كۆرگەنىدىمغۇ.تېخى سەپەرگە چىقماي تۇرۇپلا ھەجەپ نەس باستى ئۆيەرگە بارغامدىن كىيىن نىمە ئىشلار بۇلاركىنتاڭ.خىيال بىلەن بۇلۇپ ئادىلنىڭ ئۆيىگىمۇ كىلىپ قاپتىمەن.ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ گەپنى ئۇدۇللا قىلدىم.ئۇمۇ قوشۇلدى.بىراق ئۇ ئورماندىكى ئەرۋاھلارنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمىگەندەك قىلاتتى.لىكىن نىمنى مەقسەت قىلىپ قوشۇلغانلىقىنى چۈشەنمىدىم.

ئەمدى سەلىمنىڭ ئاكىسى ئەلىنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم.چاتاق يېرى ئەلىنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئۈچۈن چەكلەنگەن ئورماننىڭ قىيپاش ئۇدۇلىدىن ئەگىلىپ ماڭاتتىم.بۇ قېتىم يولنىڭ چېتىدە مېڭىپ بۇ نەسىباسقۇر جايدىن ئازراق بولسىمۇ يىراقلاپ ماڭدىم.بۇيەر ئۇنچە ئۇزۇن يول بولمىسىمۇ ئەمما مەن ناھايىتى تەستە ئۆتتۇم.خۇددى ئورمان ئىچىدە بىرى ماڭا قاراۋاتقاندەكلا تۇيۇلاتتى.شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ بۇ ئورمان ئىچىگە قاراپ باقاتتىم.بىراق ھىچكىمنى كۆرمەيتتىم.ئەگىلىپ كىتىدىغانغا ئىككى قەدەم قالغاندا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم قارىدىم.قارسام مەن ھېلى تۇنجى بۇلۇپ كۆرگەن ئىككى كىشى تۇراتتى.مەن ئۇلارنى

ئىنىق كۆرەلمىگەن بولسامۇ ئادەممىكى دەپ رىشاتكىنىڭ يىنىغا بىرىپ چاقىرىپ باقتىم.بىراق ئۇلار قىقىپ قويغان قوزۇقتەك مىدىرلىماي تۇراتتى.تۇساتتىن كۆڭلۈمگە بىرۋەھىمە كەلدى.ئەجەبا ئۇلار ئەرۋاھمىدۇ؟دەرھال بۇرلۇپ يۇلۇمغا كىتىپ قالدىم.ئەلىنىڭ ئۆيىگىمۇ كەلدىم.ئۇ سىرتقا چىقىش ئۇچۇن تەمشەلگەنىكەن.مىنى كۆرۈپ ھويلىدىكى سۇپىغا داستىخان سالدى.ئۇنىڭغا مەخسىدىمنى سەل ئەگىتىپراق ئىيتتىم.چۈنكى ئۇجايىدا ئۇنىڭ قىرىندىشى جان بەرگەن ئەمەسمۇ؟ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ كۆڭلى بۇزۇلمىسۇن دەپ ئويلۇدۇم.ئۇ گىپىمنى ئاڭلاپ:

ــــ ھىم،ئىنىممۇ بۇ ئورماندا ئۆلۈپ كەتتى،ئۇنى زادى قانداق نەرسە قەست قىلدى بىلمەيمەن.مەيلى نىملا بولسۇن سەن دىگەندەك راسلا بىزگە زىيىنلا بولىدىكەن ئۇنداقتا راسلا ئاخىرلاشتۇرمىساق بولمايدۇ.شۇڭا مەن بىللە باراي.ــــ دىدى.مەن ئەلىنىڭ بۇ كەسكىن تەلەپپۇزىدىن سۆيۈندۈم.شۇنداق قىلىپ مىنىڭ 1 ـ پىلانىممۇ ئەمەلگە ئاشتى. ئەتە ئەتىنگەندە سەپەرگە چىقىدىغان بولغاچقا ئۆيگە تەييارلىق قىلىش ئۇچۇن ماڭدىم.كىتىدىغان چاغدا ھىلىقى ئورمانغا يەنە بىر قىتىم قاراپ ساپتىمەن.يەنە ھىلىقى قىزىل كۆزلۈك ئەرۋاھ يىراقتىن ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.ئۇنى جىق كۆرۈپ كەتكەچكىمىكىن ئانچە قورقمىدىم.ئەمما يۈرۈكۈمدە يەنىلا بىر ۋەھىمە

مىدىرلاۋاتاتتى.قورقۇنچۇمنى خۇشاللىقىم ئىچىگە يۇشۇرۇپ ئۆيگە كىردىم.

هۇجۇرامدا يوغان ساياھەت سومكىسى پومپايغان هالدا تۇراتتى.دادام نىملەرنى سېلىپ قويغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئاختۇردۇم.ئەڭ ئۈستىدە يىمەك ئىچمەك تۇراتتى.ئاستىدا پىچاق،ئارغامچە (تاغقا چىققاندا بېلىگە باغلاپ تۇرۇپ يامىشىدىغان ئارغامچىنى دىمەكچى)ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىسىدىن تۆت دانە،قول چىراق.چاقماق،سەرەڭگە،...دىگەندەك نەرسىلەر تۇراتتى.دادامنى چاقىردىم:

ـــ دادا،چاقماق سەرەڭگە سېلىپ قۇيۇپسەنغۇ ئىككىسى ئوخشاشلا تۇرساــ دەپ سورۇدۇم.دادام:

ـــ بالام خاتالاشتىڭ،ئىككىسى ئوخشاشلا ئوت چىقارغىنى بىلەن ئوت تەركىبى ئوخشمايدۇ بىرى ياغاچتا بىرى گازدا كۆيىدۇ.ئورمانغا بارغاندا نىمىشقا مىنىڭ سەرەڭگىنى سېلىپ قويغانلىقىمنى چۈشەنگەنگە قەدەر چاقماقنى ئىشلەتكىن سەرەڭگىنى ئوبدان ساقلاپ قوي ــ دىدى.مەن ماقۇل بولدۇم.سومكىنىڭ ئەڭ ئاستىدا بىر رەخت بار ئىدى ئۇنى ئالماقچى بۇلۇپ قۇلۇمنى سوزىشىمغا دادام تۇتىۋالدى ـ دە:

ـــ ئۇنى ۋاقتى كەلگەندە ئېلىپ ئىشلەتكىن.هازىر چېقىلما ـــ دىدى.مەن «نىمىشقا؟ئۇ نىمە؟ »دەپ سورسام دادام:

ـــ بۇ تاپانچە ۋە ئوق.يەنە بىرتال بومبىمۇ بار.بۇنى شەھەردىكى بىر

ئاغىنەمدىن ملك تەسلىكتە يالغۇزلۇق ئىلىپ كەلدىم.ئەسقىتىپ قالدۇ.ـــ دىدى.دادامغا ھەقىقەتەن قايىل ئىدىم.مەن يەنە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئىلىپ سومكىغا سىلىپ قويغاندىن كىيىن ئۇبدان جايلاشتۇرۇپ ياتاق ئۆيۈمگە ئەكىرىپ قويدۇم.

ئەتىسى ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ناشتا قىلدىم.ئاڭغىچە ئەلى،ئىمىن ئادىللارمۇ كەلدى.ئۆچەيلەن بىرلىكتە شۇ نەسباسقان ئورمانلىققا قاراپ يولغا چىقتۇق.چەكلەنگەن ئورمان ئىچىگە كىردۇق.ھازىربۇيەر بۇرۇنقىدىنمۇ جىمىپ كەتكەندى.بۇرۇن ھىچبولمىسا قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنىمۇ ئاڭلىيالايتتۇق.ھازىر بۇيەردە بىرە ھاشارەتمۇ يوقتەك قىلاتتى.ئەتراپ شۇنچە مۇدھىش ھەم سۈرلۈك ئىدى.بۇ ئورمانىمىك جىمجىتلىقى بىلەن قوشۇلۇپ بۇجاينى ۋەھىمىگە سۆرەپ كىرمەكتە ئىدى.بىز ماڭغاندا ئايىغىمىزدى خازاڭلارنىڭ دەسسىلىشىدىن چىققان ئاۋازلارمۇ بىزنى ئازراق قورقۇتىۋاتاتتى.ماڭا خۇددى كەينىمىزگە بىرى چۈشۈۋالغاندەكلا تۇيغۇ بىرەتتى.پات پات كەينىمگە قاراپ قۇياتتىم.بىز ئورمان ئىچىدە تاغ قاپتىلىغا قاراپ ماڭدۇق.گەرچە بۇ يول ئۇزۇن بولمىسىمۇ بىز ماڭغانچە ھالىمىزدىن كىتىپ يىتىپ بىرىپ بۇلالمايۋاتاتتۇق.ئادەتتە ئەڭ ئاستا ماڭساقمۇ ئۇ تاغدىكى ئۆڭكۈرگە 20مىنۇتتا بىرىپ بۇلاتتۇق.بىراق ھازىر قانچە تىز ماڭساق شۇنچە بەك ھىرىپ كىتىپ باراتتۇق.ئاخىرى ئەلى ۋە ئادىل

چىدىيالماي بىر چوك دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۋالدى ـ دە:
ـــ ئاغىنىلەر،ھەجەپ بىرىپ بولالمىدۇق ئۇ يەگە.مەن بەك ھېرىپ كىتىپتىمەن بىردەم ئارام ئالايلىچۇ ـــ دىۋىدى.ھەممەيلەن قوشۇلۇپ شۇ دەرەخ ئاستىدا سايىدىغاچ ئولتۇردۇق.تۇيۇقسىز نىرى تەرەپتىكى ئىگىز ئۆسكەن ئوت چۆپلەر مىدىراپ كەتتى.قارغاندا بىر نەرسىنىڭ تەسىرىدە مىدراۋاتاتتى.ئۇيەردە بىرنىمە بار ئوخشايدۇ دەپ ئاستا شۇتەرەپكە ماڭدىم.ئاستا بىرىپ ئوت چۆپلەرنى قايرىدىم .قايرىدىميۇ كۆزۈم ئاغزىدىن قان تامچىپ تۇرغان كۆككۆز بۆرىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچۇرشۇپ قالدى.قورققىنىمدىن «ئەلى، ئادىل،ئىمىن» دەپ توۋلايتتىم.بىراق ئۇلاردىن ھىچ سادا چىقمايتتى.دەرھال ئۇلار تەرەپكە قارىدىم بىراق دەرەخ يىنىدا ھىچكىم يوق ئىدى.ئالدىمدىكى بۇ بۆرە بىر سەكرەپلا مىنى يەردە ياتقۇزۇپ ئۇستۇمگە چىقىۋالدى.ئاغزىدىن ئىقىۋاتقان قان يۈزۈمگە يالىغان ئىدى.قورقۇنۇچ پىشانەمدىن تۆتۈن چىقىرۋەتتى ـ دە ئاخىرى ھۇشۇمدىن كىتىپتىمەن.ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن.بىرچاغدا كۆزۈمنى ئىچىپ ئوك تەرەپكە قاراپ ۋارقىرۋەتتىم.ئوڭ تەرپىمدە ئەلى ئىمىن ئادىللارنىڭ تەنسىز بىشى كۆز ئالدىمدا تۇراتتى.سول تەرپىمدە ھىلىقى قىزىل كۆز مەخلۇق يوغان ئاي پالتىسىنى تاشقا سۈركەپ بىلەۋاتاتتى.ئۇمىنىمۇ ئۆلتۈرۋىتەرمۇ؟ئۇ ئاستا يىنىمغا كىلىپ ئىغىزىنى قۇلۇقۇمغا ياقتى.ئۇنىڭ سوغۇق تىنىقلىرىدىن بەدىنىم

تىترەيتتى ئۇ ئاستا«ئەسلى سەن بۇيەرگە كەلمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى .ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇڭ» دىدە ئاي پالتىسىنى قولىغا ئالدى . ئاھ خۇدا،مەن تېخى بۇ سەپەر ئۈچۈن تۈنجى قەدەمنى باسقانىدىمغۇ؟مەن بىردەمدىلا ، مۇشۇنداقلا ئۆلۈپ كىتەرمەنمۇ؟ئۇ ئەرۋاھ ئاي پالتىسىنى كىلىمغا ياقتى.پالتىنى شۇنچىلىك ئېغىر ھېس قىلدىم.بەلكىم ئۆلۈم ئاغزىدا بولغاشقىكىمىن.بارغانچە نەپسىم قىسىلىشقا باشلىدى .ھىچ قول پۇتلۇرۇمنى مىدىرلىتالمايتتىم.ئاخىرى تىنىقىم توختىدى بولغان خېرقىراشتىن توختاپ جىمىپ قالدىم .

## 3 ـ قىسىم ئەرۋاھلار ئورمانلىقىكى ۋەھىمە

.

قورققىنىمدىن ۋارقىرغىنىمچە تۇرۇپ كەتتىم.مەن ئۆيۈمدە تۇرغۇدەكمەن .دادام كىرىپ كەلدىدە:

ــ ۋوي بالام،قار بېسىپ قالغان ئوخشىمامدۇ،تەرگە چۆمۈلۈپ كىتىپسەن ــ دىدى .دىمەك مەن چۈش كۆرۈپتىمەندە.نىمە دىگەن قورقۇنۇچلۇق چۈش بۇ،ئورنۇمدىن تۇردۇمدە مۇزلۇق سۇدا يۈزۈمنى يۇيدۇم.ھازىر سائەت بەش بولغان بۇلۇپ ئەللەر كېلىدىغانغىمۇ ئىككى سائەت بار ئىكەن.مەن ئازراق ناشتا قىلىۋالغاندىن كىيىن ھۇجرامغا كىرىپ سەلىمنىڭ كۈندىلىك خاتېرسىنى

ئاچتىم.خاتىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىراق سەلىم مۇندەرىجە تۈزۈپ قويغان بۆلۈپ بىشىدا دىگەندەك ھەممە نەرسىگە ئىزاھ بەرگەنىدى.مەسىلەن ئەرۋاھلار ئورمانلىقى ھەققىدە مەزمۇن بولسا ئەرۋاھلار ئورمانلىقى دەپ يىزىپ يىنىغا شۇ ھەقتە مەزمۇن بار بەتنىڭ بەت سانىنى يىزىپ قويغانىدى.سەلىم ھەققەتەن ئەتراپلىق ئويلاپ يىزىپتىكەن بۇ خاتىرىنى.بۇنداق بولغاندا مەنمۇ نىمىنى بىلمەكچى بولسام ئاسان تاپالايدىكەنمەن.مۇندەرىجىنى ئارلاۋىتىپ.«كۆمۈش شەمشەر»دىگەن تىمىغا قىزىقىپ قالدىمدە شۇ نىڭغا ماس بەتنى ئاچتىم.خاتىرىگە مۇنۇلار يىزىلغانىدى:

كۆمۈش شەمشەر ـــ بۇ شۇنداق بىر خىسلەتلىك شەمشەركى،بۇ شەمشەرنى قولغا چۈشۈرگەن كىشى ئەقلىنى ئىشلەتسىلا ھازىيات قىلىپ بۇ زۇلمەتتىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلۇشىدا زور ئۈمۈد بار.يەنى بۇ شەمشەر ئارقىلىق ئەرۋاھلارنى تۈپتىن ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ. شەمشەرنىڭ تۇتقۇچىدا ئەرۋاھلار يىزىقىدا «زۇلمەت ئەلچىسى»ۋە«ئاخىرلاشتۇرغۇچى» دىگەن ئىككى خەت بار.بۇ شەمشەر ئەرۋاھلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى بولغان، ناھايىتى رەزىل بىرىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن «زۇلمەت ئەلچىسى» دىگەن خەت، بۇ شەمشەر ئارقىلىق جانلىقلارنى تۈپتىن يوقاتقىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن «ئاخىرلاشتۇرغۇچى»دىگەن خەت ئويۇلغان. شەمشەر ئەرۋاھلار قەبرىستانلىقىدىكى قەلئەنىڭ ئاستىغا جايلاشقان يەر ئاستى شەھىرىنىڭ ئەڭ ئىچكىرسىدىكى ئالتۇن سارايغا قويۇلغان.

ساراي ئىچىدە ئۈچ ئىشىك بار بولۇپ بۇنىڭ بىرىدىلا شەمشەر بار.قالغان ئىككىسىگە كىرىپ قالسىڭىز ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كېتىسىز.سىزنىڭ بۇيەرگە توغرا كېلىشىڭىز ئۈچۈن ئىشىككە بەلگە قۇيۇپ قويدۇم. شەمشەر بار ئۆيگە كىرسىڭىز ئالتۇن ئۇستەلگە ئۈچدانە شەمشەر قۇيۇلغان.بۇلار ئوپمۇ ئوخشاش.توغرىسىنى تاپالماي باشقىسىنى ئېلىپ سالسىڭىز ئوخشاشلا ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كېتىسىز.شەمشەرنى تاللاشتا چۇقۇم ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ.سىزگە كىچىككىنە بىشارەت بېرەي:ھەقىقى كۆمۈش شەمشەر ھەرگىز پارقىرمايدۇ.

كۆمۈش شەمشەر ھەققىدە پەقەت مۇشۇنچىلىكلا خاتىرلەنگەن ئىدى.دىمەك بۇ شەمشەرنى قولغا چۈشۈرسەم پىلانىمنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا زور ياردىمى بولغۇدەك.ئۇيەرگە بارغاندىن كىيىن بۇ خىسلەتلىك شەمشەرنى ئىزدەشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم.

ئىككى سائەتتىن كىيىن ئۈچەيلەن كەلدى.ئۈچىلىسىلا چوڭ ساياھەت سومكىسىنى يۈدۈۋالغان بولۇپ كۆزىدىن بىرخىل غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى.مەن ئۇلارغا:

ــ سىلەگە نىم بولدى؟ئەجەبا بېرىشتىن قورقىۋاتامسىلەر ياكى بىرە ئىشتىن ئەنسىرەۋاتامسىلەر ــ دىدىم.ئىمىن:

ــ ئۇنداق ئەمەس،ماڭىدىغان چېغىمدا ئاپام يىغلاپ كەتتى ــ دىۋىدى كۆڭلۈم بىر قىسملا بولۇپ قالدى.مەنمۇ سومكامنى

ئېلىپ ئاتا ئانامنىڭ يېنىغا كەلدىم.مەن ئۇلارنىڭ كۆزىدىن پەقەت خاتىرجەمسىزلىكنىلا كۆرەلىدىم.مەندە بىرخىل سىزىم پەيدا بولۇپ يۈرۈكۈمنى مۇجىدى.بىرىپ ئاتا ئانامنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم.بەلكىم بۇ ئاتا ئانامنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قۇچاقلىشىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.كۆزلىرىم ماڭا بويسۇنماي ياش تۆكىۋاتاتتى.ئاپام ماڭا يىغلىغىنىچە:«ئۆزۈڭنى ئوبدان ئاسرىغىن.ئۇيەردە بالانىڭ ھەممىسى بار،خىيالىڭغا كەلگىنىنى قىلما،دىققەت قىلغىن.ئاللاھ سىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن»دەپ يۈزلىرىمگە سۆيدى.دادام: «ئاللاھقا تاپشۇردۇم.ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولغاي.سەلىمنىڭ خاتىرسى بۈيىچە ئىش قىل.ئۇنى چىڭ ساقلا» دىدى.ئاتا ئانامنىڭ يىغلىشىدىن يۈرەكلىرىم ئېزىلىپ كىتىپ باراتتى.ھەتتا بىرىش نىيىتىمدىن يانغۇدەك بولۇپ كەتتىم.ئاتا ئانامنىڭ مىنى بېقىپ مۇشۇنچىلىك قىلغىنى ئۈچۈن ئۇلارنى يىغلىتامدىم؟ئۇلارنىڭ قەلبىگە ئەنسىزلىك ئۇتىنى تاشلاپ قۇيۇپ مۇشكۇل سەپەرگە چىقماقچىمەن.ئىيە مەرھەمەتلىك ئاللاھ،ئاتا ئانامنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن .

كۆڭلۇم يېرىم.يۈرۈكۈم ئاغرىۋاتاتتى.ئىمىننىڭ تارتىشى بىلەن مىھرىبانلىرىم بىلەن خوشلاشتىم.نەچچە رەت كەينىمگە قاريدىم.بۇ مىنىڭ بىرىنجى قېتىملىق ئەلەمدە قالغان ۋاقتىم ئىدى .

ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىمىز پەرىشان ھالەتتە چەكلەنگەن ئورمان ئالدىغا كەلدۇق.ئورمان ئىچى بۇرۇنقىدەكلا تىمتاس.دەرەخلەردە سايراۋاتقان قۇشلار،ئۇياق بۇياقتا يۈگرۈشۈۋاتقان توشقانلار بار ئىدى.ھاۋاسىمۇ ناھايىتى ساپ.شۇنچىلىك گۈزەل بىر ئورمانغا ئەشۇ ئەرۋاھلار ۋەھىمە قالپىقىنى كىيگۈزۈپ قويىدى دىسە.15مىنوتچە ماڭغاندىن كىيىن تاغدىكى ھېلىقى كىچىك ئۆڭكۈرگە كىردۇق. ئۆڭكۈرگە كىرىپلا ھەممىمىز چۆچۈپ كەتتۇق.چۈنكى ئۆڭكۈر ئىچىدە بىر بۆرە بوينى بوغۇزلانغا، قىپقىزىل قانغا مىلەنگەن ھالەتتە كۆزى ئۇچۇق ياتاتتى.مەن بۆرىنىڭ قورقۇنۇچقا تولغان شۇ بىرجۈپ كۆزىگە قاراپ ئەندىشىگە چۈشتۈم.بۇ چاغدا سەلىمنىڭ ئاكىسى ئەلى بۆرىگە قاراپ قېتىپلا قالغاندى.مەن ئۇنىڭغا نىمىش بولدى دىسەم ئۇ:

ــــ مى...مى.مىنىڭ ئىنىممۇ مۇشۇنداق ئۆلتۈرلۈپتىكەن ــــ دىدى دۇدۇقلىغىنىچە.بۇ گەپ پىشانەمدىن تۈتۈن چىقىرۋەتتى.سەلىممۇ مۇشۇنداق ئۆلگەن بولسا،بىز بۇ ۋەھىمىنىڭ ئىشكىنى تېخى ئاچماي تۇرۇپ بۇنداق ئىشقا ئۇچراۋاتىمىز.ئەجەبا بۇ بىزگە ئەرۋاھلار تەرىپىدىن بېرىلگەن بىشارەتمىدۇ؟ئەجەبا ئۇلار بىزنىمۇ بۇخىل ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۋەتەرمۇ؟ياق.بىز بۇيەرگە ھەممىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن كەلدۇق.مەن ئىمىنگە:

ــــ بولدى بۇنىڭغا قارىمايلى.بولقا ئېلىۋالغانمىدىڭ ــــ دىدىم.ئىمىن سومكىسىدىن خېلى يوغان بىر بولقىنى

چىقاردى.مەنمۇ سومكامدىن بولقامنى چىقاردىمدە ھېلىقى كونى مەن كىتاب ئوقۇغىلى كىلىپ ئېچىلىپ قالغان كىچىك تۆشۈكنى ئىمىنغا كۆرسىتىپ:
ــ كىلە،بۇيەرگە كوچەپ ئۆرۈپ توشۇكنى بىز پاتقۇدەك قىلىپ چوڭايتايلى.ــ دىدىم.شۇنداق قىلىپ بىز كوچەپ خېلى ئۇرغاندىن كىيىن تۆشۈكنى بىلىمىز كەڭلىكىدە يوغانتۇق.ھەممىمىز سومكىمىزنى قويۇپ تۇرۇپ ئۆملەپ قارشى تەرەپكە چىقىۋالدۇق.ئەڭ ئاخىردا سەلىم سومكىنى سۇنۇپ بېرىپ چىقتى.مانا بىز سەلىمنىڭ كوندىلىك خاتېرسىدە تىلغا ئېلىنغان «ئەرۋاھلار ئورمانلىقى »ئالدىغا كەلدۇق.بۇ ئورمان كوندۇز بولسىمۇ ئۇنچە يورۇق ئەمەس ئىدى.يەنە تېخى ناھايىتى سۈرلۈك بۇلۇپ ئادەمنىڭ قورقىسىنى كەلتۈرەتتى.ئورماننىڭ ئوتتۇرسىدا ئۇزۇنغىنە چىغىر يول بۇلۇپ خاتېرىدە دىيىلگەن ئەرۋاھلار قەبرىستانلىقىغا تۇتىشىدىغان يول مۇشۇ ئىدى.بىز بۇ 700مودىن كۆپرەك چىقىدىغان ئەرۋاھلار ئورمانلىقىنى كىسىپ شۇ قەلئەگە قاراپ ماڭدۇق.
بىز خېلى ماڭغاندىن كىيىن ئازراق شامال چىقىشقا باشلىدى.بۇ شامالنىڭ تەپتى شۇنچىلىك سوغوق بۇلۇپ ھەر قېتىم بەدىنىمىزنى سىيپاپ ئۆتكەندە ئىختىيارسىز تىترەپ كىتەتتۇق.مەن بۇ يولدا ماڭغاچ ئورماننىڭ ئىچىگە قاردىم.قارسام بىزدىن 50مىترچە نېرىدا بىر كىشى بىزگە قاراپ قول پۇلاڭلىتىۋاتاتتى.ئۇ ھەقىقەتەن

بىر ئىنسان ئىدى .مەن ئەلىلەرنى چاقىردىم .ئەلى ئۇ كىشىگە قاراپ ئىختىيارسىز تووۋلىۋەتتى .

ـــ سەلىم! جىنىم ئۇكام سەلىم ..

ئۇيەردە تۇرغىنى باشقا كىشى ئەمەس دەل سەلىم ئىدى .مەن ھەيرانلىقتا تۇرۇپلا قالدىم .سەلىمنىڭ جەسىدىنىمۇ بۇلار كۆرگەن تۇرسا .ھەم دەپنە قىلغان .بۇيەردە ئۇنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى غەلىتىلىك ئەمەسمۇ؟بۇۋاقىتتا ئەلى ئاللاقاچان ئورمانلىقتىكى سەلىم ئالدىغا قاراپ كىتىپ بولغانىدى .سەلىممۇ ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى .ئۇلار كۆرۈشۈپ قۇچاقلىشىپ يىغلىشىۋاتاتتى .ئىمىن بىلەن ئادىل «بۇ نىمىش» دىگەندەك ھەيرانلىقتا ماڭا قاراۋاتاتتى .تۇيۇقسىزلا سەلىمنىڭ خاتىرىسىدىكى «ئۇ جايدا سىز دىن بۆلەك ھىچقانداق ئىنسان يوق»دىگەن سۆز يادىمغا كەلدى .يۈرۈكۈم قىرتلا قىپ قالدى .ئەجەبا ئۇ سەلىمنىڭ سىياقىغا كىرۋالغان ئەرۋاھمىدۇ؟ ئەمما ئۇنىڭ ئەلىنى كۆرۈپ يىغلاشلىرىدىن ئۇنى كىممۇ ئەرۋاھ دىيەلىسۇن؟سەلىمنىڭ خاتىرىسىدە يەنە «ئەگەر سىزگە راسلا بىر كىشى ئۇچۇرسا ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەڭ بىراق ئۇنىڭغا ھەرگىز قوپاللىق قىلماڭ .باشتا ئۇسىزگە ھەمدەمدە بولىدۇ. كىيىن جېنىڭىزنى ئېلىشى مۇمكىن .»دەپ يېزىلغان .دىمەك ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلساق بولمىغۇدەك .مەن ئادىل بىلەن ئىمىنغا:

ـــ ئاغىنىلەر،سەلىم ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە ئورمانلىقتا بىزدىن بۆلەك

ھەرقانداق كىشىنىڭ يۈقلىقىنى دەپتىكەن .بۇيەردە ئۆلۈپ كەتكەن سەلىم پەيدا بولدى .ئەلى ئۇنى كىرۇپلا خۇددىنى يوقاتتى .بىز بولساقمۇ ئېھتىيات قىلايلى ـــ دىدىم .ئادىل:

ـ نىمىشقا ئۇنى ئۆلتۈرۋەتمەيمىز؟بىزگە زىيان يەتكۈزمىسۇن يەنە ـ دىدى

ـــ ئۇنداق قىلساق قەتتى بولمايدۇ .خاتىردە ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلماڭ دەپ يېزىلىپتۇ .ـــ دىدىم .

بىز شۇنداق سۆھپەتلىشىۋاتقاندا بايا چىققان ئازراق شامال كۈچىيىپ دەرەخلەر قاراسلاپ سۇنۇپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى .شامالنىڭ تەسرىدە توڭلىغاننى ئازدەپ كۆزىمىزنى ئاچالمايۋاتاتتۇق .بىر ئىككى مىنۇت شۇنداق بولغاندىنكىيىن شامال توختىدى .بنراق بىز ھازىر ئاپپاق كىيىملىك چاچلىرى بىلىدىن ئاشىدىغان .بۇرنى يوق ، ئېغىزى يوغان ،چىشلىرى كىنولاردىكى قان شورىغۇچىلارنىڭكىدەك .كۆزلىرى كۆك بىرمۇنچە ئەرۋاھلار ئارىسىدا قالدۇق .ئۇلار ھاۋادا لەيلەپ تۇراتتى .شۇ پەيتتە سەلىم ئاكىسىغا چىك يېپىشقاندى .ھەممىمىز قورقۇنۇچ ئىچىدە قالدۇق .دەل مۇشۇ پەيتتە ئادىل سومكىسىدىن ئۇزۇن بىر قىلىچنى چىقاردى .مەنمۇ سومكامدىن دادام سېلىپ قويغان يوغانراق پىچاقنى ئالدىم .ئىمىن ھازىر جىددىيلىشىپ نىمە قىلارنى بىلەلمەي تۇراتتى .تۇيۇقسىز ئەرۋاھلار ھەرتەرەپتىن بىزگە ھۇجۇم قىلغىلى تۇردى .مەن ئىمىننى ئادىل ئەلىنى، ئەلى سەلىمنى قوغداپ بۇ

ۋەھشى ئەرۋاھلار بىلەن جەك قىلىشىۋاتاتتۇق.قىلىچ پىچاقلىرىمىز بۇلارنىڭ بىرە يېرگە سانجىلسىمۇ ئۇلار ھىچنىمە بولمايتتتى.ئەمما ئۇلارنىڭ بىزنى ھەرقېتىم ئۇرشى جىنىمىز چىققۇدەك ئاغرىتاتتى.دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە نەدىن چىقتىكىن بىر ناخشا چىقىۋاتاتتى.بۇ ناخشا چىقىشى بىلەن بۇ ئەرۋاھلار سەت چىرقىراشقىنىچە غايىپ بولدى.قارسام بۇ ناخشا ئادىلنىڭ يانجۇقىدىن چىقىۋاتاتتى.ئۇنىڭغا تېلفۇن كەلگەندى.ئەمما ئۇ تېلفۇننى ئالماڭ ئېكرانغا قاراپلا تۇراتتى.مەن ئاستا بېرىپ ئۇنى نۇقۇدۇم.ئۇ تېلفۇننىڭ ئېكراننى ماڭا قاراتتى.ئېكرانغا قاراپ يەنە تەشۋىشلىنىشكە باشلىدىم.چۈنكى ئادىلنىڭ تېلفۇننىڭ نۇمۇر كۆر كۆرسىدىغان ئورۇندا «زۇلمەت ئەلچىسى»دىگەن خەت تۇراتتى.ئارىمىزنى بىرمىنۇت سۈكۈت قاپلىدى.ئاندىن ناخشا توختىدى.ئادىل:

— مەنيا تېلفۇنۇمدىكى بىرە نۇمۇرغا زۇلمەت ئەلچىدى دەپ كىرگۈزۈپ قويمىغان تۇرسام.ماڭا زۇلمەت ئەلچىسىدىن تېلفۇن كېلىۋاتىدۇ.بۇ زۇلمەت ئەلچىسى دىگەن كىم بولغۇيدى — دەپ جىددىيلىشىۋاتاتتى.مەن:

— زۇلمەت ئەلچىسى دىگەن ئەرۋاھلارنىڭ ئەك كۈچلۈك كاتتىۋېشى.— دىدىم.سەلىم كىلىپ:

— توغرا دىدىڭ.زۇلمەت ئەلچىسى ئادىلغا تېلفۇن قىلىش ئارقىلىق ئەرۋاھلارنى قاچۇرۇۋەتتى.— دىدى.ئۇنىڭ گەپلىرىدىنمۇ قورقۇپ

ئۇنىڭدىن يىراقلاشتىم.بىر ئۆلۈكنىڭ ئالدىمغا كىلىپ گەپ قىلىشى مىنى ھەقىقەتەن قورقۇتىۋاتاتتى.ئىمىن ۋە ئادىلمۇ ئۇنىڭغا يىقىن كەلمىدى.پەقەت ئەلىلا ئۇنىڭدىن ئايرىلمايتتى.ئۇنىڭ بىلەن مۆڭدىشاتتى.بىز يەنە يولىمىزنى داۋام قىلدۇق.مەن يىنىمىزدىكى بۇ سەلىمگە:

ـــ سەلىم،ماڭا دىگىنە،سىنىڭ جەسىدىڭنىمۇ تىپىپ كۆمۈپ قويغان تۇرساق. سەن بۈيەردە بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرىسەن.بىرە ئەرۋاھ سىياقىڭغا كىرۋالدىمىكىن دىسەك ئۇنىڭغا سەندىن بىرە بىنورماللىق بايقىمىدىم.بۇنى بىزگە بىر چۈشەندۈرۈپ قويغىنا؟ ـــ دىدىم چاندۇرماستىن.ئۇ:

ـــ سىلەنىڭ كۆمگىنىڭلا مىنىڭ سىياقىمغا كىرۋالغان بىر ئەرۋاھ.ئەمەلىيەتتە مەن بۈيەردە ھايات قالغان.ـــ دىدى. مەن:

ـــ ئۇنداقتا سەن شۇنچە يىلدىن بىرى بۈيەردە قانداق ياشاپ كەلدىڭ؟ـــ دىدىم.

ـــ بۇ بەك مۇرەككەپ ئىش سىلەگە كىيىنچە دەپ بىرىمەن.ـــ دىدى.ئاڭغىچە ئىمىنمۇ:

ـــ بۈيەردىكى ئەرۋاھلارنىڭ سىنى قىيىنغانلىقى ھەققىدە خاتىرىگە قالدۇرۇپتىكەنسەن. قانداق قىيىندى.ـــ دىۋىدى سەلىمنىڭ كۆزى چاقناپ كەتتى.ئۇ:

ـــ ھە..تو...توغرا،خا..خاتىرەم ھازىر سىلەدىما؟ ـــ دىدى دۇدۇقلاپ. دەل مۇشۇ پاراڭ بولىۋاتقاندا ئەتراپنى كۆچلۈك بىر

كۆلكە ئاۋازى ئالدى.بۇ كۆلكە ئاۋازى شۇنچىلىك رەزىل ھەلەتتە چىقىۋاتاتتى.بۇ ئاۋازدىن ھەممىمىز ئەتراپىمىزغا قارىدۇق.بىراق ئەتراپتا ھىچكىم كۆرۈنمەيتتى.بۇ ئاۋازمۇ بىردەمدىن كىيىن بېسىقتى.مەن دەرھال سەلىمگە قاراپ دىدىم:

ــــ بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟

ــــ ئەلۋەتتە.چۈقۈم ئەرۋاھلار بىزنى يۇقۇتۇشنىڭ كويىدا.بىزنى قورقىتىۋاتىدۇ.

ــــ ئۇنداقتا ئېيتقىنا.خاتىرەڭگە ئەرۋاھلارنى يۇقۇتۇش ئۇسۇلىنىمۇ خاتىرلەپتىكەنسەن.قانداق قىلساق يۇقۇتالايمىز؟

ــــ ئە...بۇ..

مەن ھەرقېتىم مۇشۇنداق سوئاللارنى سورىسام ئۇ جاۋاپ بېرەلمەي دۇدۇقلاپ قالاتتى.بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ھەقىقي سەلىم ئەمەس ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشەندىم.ئۇ ماڭا:

ــــ قارا، ئۆمەر.بۇيەردە ..... ــــ ئۇ گىپىنىڭ ئاخىرىنى دىمەيلا كۆزلىرى چەكچىيىپ كەينىگەياندى.ئەلى،ئادىل، ئىمىنمۇ كەينىمدە بىر نەرسە باردەك تىكىلىپ قارشاتتى.تۇيۇقسىزلا قۇلۇمنى شۇنچىلىك قاتتىق ھەم سوغۇق بىر قول تۇتتى.چىكەمدىن تەر ئېقىشقا باشلىدى.چۈنكى بوىىل.ھىسىيات چۈشۈمدىكى ۋەقەدە بولغان ھېسيات بىلەن ئوخشاش ئىدى.مەن قۇلۇمنى ئۇنىڭ قولىدىن بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن تارتىم.بىراق ئۇ ناھايىتى چىڭ تۇتىۋالغانىدى.ئۇ ئاستا ئاغزىنى قۇلىقىمغا ياقىتىدە:

ـــ سىلەر بۆيەرگە كەلمەسلىكىڭلار كېرەك ئىدى .ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇڭلار ...ـــ دىدى بوغۇق ئاۋازدا بۇ گەپلەردىن مەن يەنە چۈش كۆرىۋاتقاندىمەنمۇ دەپكەتتىم .ئەتراپىمغا قارىسام ئۇ ئۆچەيلەنمۇ بىرە ئىش قىلار دىمەي قاراپلا تۇراتتى .كەينىمدىكى بۇ ئەرۋاھ چۈشۈمدىكى ئەرۋاھ شۇمىدۇ؟ ئەمدى ئۇ راسلا بىزنى ئۆلتۈرۈۋىتەرمۇ؟؟؟؟؟؟

## 4 ـ قىسىم: ئەرۋاھلار ئورمانلىقىدىكى ياغاچ ئۆي

بەدىنىم غال غال تىترەمەكتە .هازىرمەن قورقۇنۇچ ئىچىدە پەقەت جىم تۇرۇشتىن باشقىنى قىلالمايتتىم .شۇ ئەسنادا سەلىم نىمىش قىلدىكىن .ناهايىتى تىز سۇرئەتتە كەينىمگە ئۇتۇپ كەتتى .دەقىقە ئىچىدە گەجگەمگە قاتتىق بىرنەرسىنىڭ تەگكىنىنى بىلىمەن هۇشۇمدىن كىتىپتىمەن .كۆزۈمنى ئاچسام يەنىلا شۇ يىقىلغان يېرىمدە ئىكەنمە .بېشىمدا سەلىم ماڭا قاراپ تۇرۇۋىتۇ .نېرىدا ئەلى ئادىل ئىمىنمۇ ياتقانىكەن مەن سىلىمگە:

ـــ بايا نىمىش بولدى .بىرى مىنى ئۇرۇۋەتتى دىسە ـــ دىگىنىمچە ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆچەيلەننىڭ يېنىغا باردىم .ئۇلار هۇشسىز ياتاتتى .سەلىم:

ـــ بايا كەينىڭدە بىر ئەرۋاھ تۇرۇۋىتىكەن .قارسام هىچقايىسىڭلار

مىدىرلىيالمىدىڭلار.شۇڭا مەن ئۇنىڭ بىلەن ئازراق ئېلىشتىم ــــ دىدى.بۇگەپنى ئاڭلاپلا شاپپىدە ئۇنىڭغا قارىدىم.ئۇنىڭ ئۇك بىلىكىدە بىرنەرسىنىڭ تىلىشۋەتكەن ئىزىدىن بۆلەك ھىچقانداق يارا ئىزى يوق ئىدى.بايا ئۇ ئۇچەيلەننى مىدىرلاتماي كونترول قىلالىغان ئەرۋاھ سەلىمنى قىلالماسمۇ؟ ياق.بۇ سەلىمنىڭ سىياقىغا كىرۋالغان زادى ئەرۋاھمۇ ياكى ئەرۋاھتىن بۆلەك باشقا مەخلۇقمۇ؟نىمىشقا بىزگە ياردەم بېرىدۇ.خاتېرىگىمۇ باشتا سىلەگە ياردەم بېرىدۇ دەپ يېزىپتۇ.بۇلار خاتېرە بۇيىچە ئىش قىلىمىز دەپ يۈرمەس ھەرقانچە بولسىمۇ.نىمىشقا ياردەم قىلىدۇ؟ توغرا خاتېرىدە بۇتوغۇرلۇق بىرە گەپ يېزىلغان بولىشى مۇمكىن.

مەن شۇخىياللار ئىچىدە تۇرغىنىمدا ئۇچەيلەنمۇ ھۇشىغا كەلدى.ئۇلارمۇ نىمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەيدىكەن.شۇنداق قىلىپ بىز يەنە يولىمىزغا راۋان بولدۇق.ھەممىمىزنىڭ يېنىمىزدىكى بۇ سەلىمدىن سورايدىغان نۇرغۇن سوئاللىرىمىز بولسىمۇ ئەمما ئەلىدىن بۆلەك باشقىمىز بۇنىڭ ھەققىدە سەلىم ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەچكە تۈزۈك بىرنەرسىمۇ سورىيالمىدۇق.ئۇنىڭدىن بۇيەرگە نىمە دەپ كەلدىڭ؟شۇنچە يىل نىمىش قىلدىڭ؟ئەمدى نىمىشقا كەتمەي بىز بىلەن ماڭىسەن؟دەپ سورۇغۇم بولسىمۇ بىراق سەل ئەنسىرەيتتىم.ئالدىنقى قېتىممۇ سورغىنىمدا كىينچە دەپ بېرەي دەپ گەپنى توختاتقاندى.بىزمۇ سۈكۈت ئىچىدە ئالدىمىزغا ماڭماقتىمىز.پەقەت ئەلى بىلەن

سەلىملا قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى.بىرچاغدا ئورمانىنىڭ سول تەرىپىنىڭ ئىچكىرىسىدەرەك بىر ئۆي كۆرۈندى.بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم.چۈنكى بۇ سەلىم ياساپ قويغان ھېلىقى ئەڭ بىختەر ئۆي شۇ بولىشى مۇمكىن ئىدى.شۇچاغدا مەن:

— كۆپچىلىك ئاۋۇيەردىكى ئۆيگە كىرىپ باقايلى — دىدىم ھەممەيلەن قوشۇلدى.بىراق سەلىم:

— ئۇيەرگە بارمايلى.بەلكىم ئەرۋاھلارنىڭ قىلتىقى بولۇشى مۇمكىن — دىدى.ئادىل بۇچاغدا:

— ئۇ سەن يا...— ئۇ «بۇسەن ياسىغان بىختەر ئۆي شۇ دۇ» دىمەكچى ئىدى مەن ئۇنىڭ گىپىنى ئۈزۈپلا:

— بەلكىم ئۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ بىختەر ئۆي بولىشى مۇمكىن — دىدىمدە ئادىلغا قاراپ قويدۇم.ئۇمۇ مەقسىدىمنى چۈشەندى بولغاي:

— ھە توغرا مەنمۇ شۇنداق دىمەكچى ئىدىم...ھە بولدى شۇيەرگە بارايلى.— دەپ ھەممىمىزنىڭ ئالدىدا ماڭدى.بىز ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدۇق.ئىشىككە ئەرۋاھلار يېزىقىدا (كۈندىلىك خاتىرىنىڭ مۇقاۋىسىدىكى يېزىقنى دىمەكچى.ئەمدى بۇ يېزىقنى شۇنداق ئاتايلى)خەت ئۇيۇلغانىدى.بىز قوللىرىمىزغا پىچاق شەمشەرلىرىمىزنى ئېلىپ ئاستا ئۆيگە كىردۇق.ئۆي ئىچى بەكلا قاراڭغۇ ئىدى.بىز قولچىراقلىرىمىزنى ياقتۇق.بۇ پەقەت بىرلا ئېغىز ئۆي بولۇپ تامنىڭ ئۇيە بۇيەلىردە ئەرۋاھلار يېزىقىدا خەت بار ئىدى.ئۇنىڭدىن بۆلەك ئۆي ئىچى قۇپقۇرۇق ئىدى.ئىمىن:

ـــ بىز ماڭغىلىمۇ خېلى بولدى.قورسىقىڭلارمۇ ئاچقاندۇ بۇيەردىن بىرە يېپقۇچى ئىزدىگەچ قورساقنى ئەستەرلەپ ئارام ئېلىپ ئاندىن ماڭساقمۇ بوپتىكەن.ـــ دىدى.مەنمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلدۇم.ئىمىن يېنىمغا كىلىپ ئولتۇرۇپ سۇ ئىچىۋاتاتتى.مەن كۈندىلىك خاتىرنى ئالماقچى بۇلۇپ سومكامغا قۇلۇمنى سالدىمدە كۈندىلىك خاتىرنى تاتتىم.دەل شۇ چاغدا ئىمىن قولۇمنى تۇتىۋالدىدە «خاتىرنى ئالما»دىگەندەك ئىشارەت قىلدى.مەنمۇ خاتىرنى قۇيۇپ قۇيۇپ ئۇنىڭدىن نىمىشقا دەپ سوردۇم.ئۇ بوش ئاۋازدا:

ـ ئېلگىرى داداڭ خاتىرنى ماڭا بېرىپ تۇرغان.خاتىرنىڭ بېشىنىلا ئوقۇيالىغان.ئىدىم.سەنمۇ ئوقۇغانسەن.خاتىرنى ئەرۋاھلار ئېلىۋېلىشنىڭ كۇيىدىلا بولىدۇ.ئەتتىگەنمۇ بۇگەپ چىقىۋىدى سەلىمنىڭ كۆزلىرنى كۆگەنسان ئالتۇن تېپىۋالغاندەك كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.مەن ئويلايمەن مەنچە بۇ سەلىم پۇرسەت كۈتىۋاتقان گەپ.ئۇ هازىر خاتىرنىڭ كىمدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.ئۇ بىزنى ئۆزىگە هەقىقى ئىشەندۇرگەندىنكىيىن خاتىرنى ئېلىۋېلىپ بىزنى بىراقلا يۇقاتماقچى.ـــ دىدى مەن:

ـ بىر ئىش پەقەت كاللامدىن ئۆتمەيدۇ.ئۇ نىمىشقا بىزنى ئۆلتۈرۈتىپلا خاتىرنى ئېلىۋالمايدىغاندۇ؟ ـــ دىدىم.

ـ بەلكىم خاتىردە بىرە گەپ يېزىلغان ئوخشايدۇ.يا خاتىرە بولسا

ئۇلا بىزگە تەگمەيدۇ ياكى خاتىرىدە ئۇلا بىزگە چىقىلسا قانداق قىلىش ھەقتە بىرنىمە بار ئوخشايدۇ.بۇ سەلىم بىزنى خاتىرىنى ئوقۇپ بولدى دەپ ئويلىسا كېرەك شۇڭا بىزگە چىقىلماي پۇرسەت كۈتىۋاتقان گەپ ـــ دىدى ئىمىن .بۇچاغدا سەلىم بىلەن ئاكىسى نان يەۋەتەتتى. ئۈنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئۈنىڭ ئەقلىگە قول قويىدۇم.ئەسلى خاتىرىنى ئوقۇۋىلىپ كەلسەكمۇ بوپتىكەن.ۋاقىتنى تىجەيمىز دەپ ئوقۇماپيۇق.ئەمدى بۇ سەلىمنىڭ دەستىدىن خاتىرىنىمۇ ئوقۇيالمايدىغان بولدۇق.تۇيۇقسىزلا بىرنەرسە ئىسىمگە كەلگەندەكلا بولدۇمدە خاتىرىنى ئالدىم.ئىمىن ماڭا قاراپ «نىمە قىلغىنىڭ بۇ» دىگەندەك قاپىقىنى تۈرۋاتقاندى.مەن خاتىرىنى ئېچىپ ئوقىۋەردىم.يەنى باشتا مەن ئوقۇغان يەرنى ئڭقۇپتىمەن.راستىنلا ئوقۇغىنىمنىڭ ئۈنۈمى بولىۋاتاتتى.سەلىمنىڭ چىرايى تاتىرىپ كىتىۋاتاتتى.مەن توختىماي ئوقىۋەردىم.بۇ چاغدا سەلىم«مەن ھاجەتكە چىقىپ كىرەي» دەپ چىقىپ كەتتى.مىنىڭ بۇ ئامالىم راسلا ئەسقاتتى.ئىمىن بولسا مىنىڭ چۈشەندۈرشۈمنى كۈتۈپ ماڭا قاراۋاتاتتى مەن:

ـــ ئىمىن، سەن دىگەندەك خاتىرىدە يا بۇلا بىزگە چىقىلسا قانداق قىلساق بولىدىغانلىقى ھەقتە گەپ با.ياكى بۇلار بىزدە خاتىرە بولسا بىزگە چىقالالمايدۇ.مۇنداقچە ئېيتقاندۇ بۇلار خاتىرىدىن قورقۇدۇ.شۇڭا مەن بىر سىناپ باقاي دەپ خاتىرىنى ئېچىپلا ئۈنلۈك

ئاۋازدا ئوقۇدۇم .ــــ دېدىم .ئادىل:

ــــ بۇغۇ بولىدىكەن .ئەمما قىززىق يېرى بۇلار خاتىرىدىن قوقسا ئەمسە خاتىرىنى قانداق ئىلىشۋالالايدۇ؟ــــ دېدى .مەن:

ــ توغرا!بۇلار قانداق ئىلىشۋالايلايدۇ؟ــــ دېدىم ھەيرانلىقتا .بۇچاغدا ئەلى بىر ئىغىز تىنماي گىپىمىزگە قۇلاق سىلىپ ئولتۇراتتى .ئىمىن:

ــــ ھەي بولدى سوئالنى كىيىن تەھلىل قىلايلى .بۇ ئالدىمىزغا ئۇچۇرغان سەلىم ھەقتە بىرە نەرسە بامىكەن قاراپ باققىنا ــ دېدى .مەن خاتىرىنىڭ مۇندەرىجىسىگە قاراپ «ئورمانلىقتا ناتونۇش كىشى ئۇچرىسا قانداق قىلىمىز؟»دىگەن تىمىنى تېپىپ خۇشاللىقىمدا دەرھال شۇنىڭغا ماس بەتنى ئاچتىمدە ئۇچەيلەن ئاڭلىغۇدەكلا ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدىم.خاتىرىگە مۇنۇلار يېزىلغاندى:

مەن باشتا دىگىنىمدەك بۇ زۇلمەت قوينىدا سىز ۋە ياراتقۇچىدىن بۆلەك ئادەم يوق.(سىز دىگىنى كەلگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.)ئەگەر سىزگە شۇنداق بىر ناتونۇش كىشى ئۇچۇرسا مەيلى ئۇ قانداق چىراي قانداق كىشىگە ئوخشىسۇن ھەرگىز ئۇنىڭغا بەك ئىشىنىپ كەتمەڭ.ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش ئۇچۈن تىرىشىڭ.ئەگەر يىراقلىششقا ئامالىڭىز بولمىسا بىللە تۇرۇڭ ئەمما ھەرگىز ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلماڭ.بەزى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ سىزگە پايدىسى بولىدۇ.قولىڭىزدا بۇ خاتىرە بولسا ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويۇڭ. ئۇ

سىزگە يېقىن كەلمەيدۇ.ئۇنى ئىلتۋالارمۇ دەپ ئويلىماڭ.ئەگەر ئۇ ئەرۋاھ بولسا ئۇنداقتا ئۇنىڭغا خاتىرىنى كۆرسىتىپ قويىسىڭىز تۈگەشكىنىڭىز شۇ.بۇنىڭغا ئامال يوق ئاللاغا تاپشۇرۇڭ. ئەرۋاھلار خاتىرىنى ئىلتۋىلىشنىڭ كويىدا.ئەگەر ئۇ ئەرۋاھ بولماي باشقا بىرنەرسە بولسا ئۇ خاتىرىگە يېقىن كىلەلمەيدۇ.ئەمما ئۇنىڭغا خاتىرىنى تۇتقۇزماڭ.ئۇنىڭغا ئوقۇتماڭ.ئۇنىڭغا پەقەت ئوقۇپ بەرمەڭ.پەقەت مۇقاۋىسىنى كۆرسىتىپ قويىسىڭىز ياكى ئەرۋاھلار يېزىقى بار بەتلەنى ئېچىپ قويىسىڭىز يېتەرلىك.يەنە بىرقېتىم ئەسكەرتىپ قويۇاي خاتىرىنى ھەرگىز ئوقۇپ بەرمەڭ.

ئوقۇپ بۇيەرگە كەلگەندە مەنمۇ ئىختىيارسىز ئوقۇشتىن توختاپ قالدىم.ئادىل:

ــــ ۋاي خۇدايىم.بۇ نىمە گەپ ئەمدى.ئوقۇپ بەرمە دەيدىغۇ بايا ئوقۇپ بەرگەنىدىڭ.ــــ دەپ قاخشاۋاتاتتى.ئىمىن:

ــــ بولدى.ئاخىرنى ئوقۇغىنا ــــ دىدى مەنمۇ داۋاملىق ئاخىرىنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

ئەگەر ئۇنىڭغا بىلمەستىن ئوقۇپ بېرىپ قويغان بولسىڭىز ئۇ سىزدىن ئايرىلسا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇشقا تەييارلىنىڭ.ئەگەر ئۇ خاتىرىنى ئوقۇپ بەرگىنىڭىزنى ئاڭلاپمۇ سىزدىن نېرى كەتمىسە ھەم بۇرۇنقىدەك سىزگە ياخشىلىق قىلسا ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدىنمۇ بەك ياخشىلىق قىلىڭ.نىمە ئۈچۈن دەمسىز؟ئۇنىڭ مەقسىدى سىزنى ئۆلتۈرۈش بولسا ئۇ ئاڭلىغاندىنكىيىن سىزگە جەڭ ئىلان

قىلىدۇ.ئۇ خاتىرىدىن قورقمايدۇ بەلكى خاتىرىگە يېزىلغان پۈتۈكتىن قورقۇدۇ.ئەگەر ئۇنىڭ مەقسىدى سىزنى ئۆلتۈرۈش بولمىسا سىزگە جەك ئىلان قىلمايدۇ.بۇ ئۇنىڭ سىزدىن تەلەپ قىلىدىغان بىر نەرسىسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ تەلەپ سىز ئۈچۈن ئاسانغا چىقىشتىنمۇ تەس بولىشى ياكى تىرناق ئېلىشتىنمۇ ئاسان بولىشى مۇمكىن.

بۇ توغۇرلۇق شۇنچىلىك يېزىلىپتۇ.بۇنىڭدىن كۆڭلىمىزنىڭ يېرىمى خۇشال بولغان بولسىمۇ يېرىمىدە ئەندىشە تۇغۇلدى.ئەگەر ئۇ جىك ئىلان قىلسا بىزگىمۇ ئامال يوق.مەن ئۈچەيلەنگە:

ــــ ھەر ئېھتىمالغا قارشى قولۇڭلارغا پىچاق قىلىچ دىگەندەكلەنى ئېلىۋېلىڭلا لىكىن يۇشۇرۋېلىڭلا ــــ دىدىم.بۇ گىپىمدىن ئادىل بەك ئەنسىردى بولغاي جىددىيچىلىكتە سومكىسىنى ئاختۇرۇپ تاپانچىدىن بىرنى ئالدى.مەن دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا باردىمدە:

ــــ تاپانچىنى سال.ھازىر بۇنى ئىشلىتىدىغان ۋاقىت ئەمەس.پىچاق يىتەرلىك ــــ دىدىم.ئىمۇ ماقۇل بۇلۇپ ئۇزۇنراق قىلىچتىن بىرنى چىقاردى. ئون مىنۇتچە ئۆتكەندىن كىيىن سەلىم كىرىپ كەلدى.بۇ چاغدا چىكەمدىن تەر چىقىپ كىتىۋاتاتتى.ھازىرغا قەدەر مەھەللىدە ئۇبۇ ئىشلا بىلەن ئۇرۇشۇپ باققان بولسامۇ ئەمما جىن ئەرۋاھ بىلەن ئۇرشۇپ باقمىغانىدىم.ئىمنىمۇ جىددىيلىشۋاتقاندەك قىلاتتى.سەلىم كىرىپلا ھەممىمىزنىڭ چىرايىدىكى ئەنسىزلىكنى،ھەممىمىزنىڭ ئۆرە تۇرۇپ قالغانلىقىمىزنى كۆرۈپ:

ــ ۋوي نىمە بولدى سىلەگە بىرە نەرسىدىن قورقۇپ كەتتىڭلامۇ نىمە دىگىنىچە ئاكىسىنىڭ يىنىغا كەلدى.بۇنىڭدىن ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.دىمەك ئۇنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلىدىغان ئىشى باركەن.مەن قولۇمغا ئالغان پىچاقنى تىزلىكتە سومكىغا سېلىۋالدىم.ئىمىنمۇ سومكىغا سالدى.بىراق ئادىل ئۇزۇن قىلىچ ئېلىۋالغاچقا سومكىغا سېلىۋاتقاندا سەلىم كۆرۈپ قالدى.ئۇ:

ــ قىلىچ؟؟؟ ــ دىۋىدى ئادىل تۇرۇپلا قالدى.بايىقى خاتىرجەملىك ئاللاقاياقلارغا غايىپ بولغانىدى.ئۇ ئاستا ئادىلنىڭ يىنىغا كەلدى.ئۇ:

ــ ئوھوي بۇ قىلىچ ھەجەپ چىرايلىقكەن ــ دىدىگىنىچە قىلىچنى ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى.ئۇھھھ.ھەجەپ قورقۇتتى بۇ سەلىم.ھەممىمىزنىڭ چىرايىغا قايتىدىن كۈلكە يۈگۈردى.ئۇلار قىلىچ ھەقتە پاراڭلىشىپ كەتتى.بىزمۇ ئۇنىڭغا خاتىرىنى ئوقۇپ بىرىپ چاتاق قىلغاندىكىن ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر ئىدۇق.شۇبانادا بۇنىڭ مەقسىدىنىمۇ بىلىۋالغاندۇق.ئۇبۇ پاراڭلار بىلەن كەچمۇ كىرىپ قالغانىدى.بىز بۇ ئۆيدە تۈنەيلى دىيىشىپ ياتقۇدەك ئورۇن سالدۇق.مەن تۇيۇقسىزلا ئەلگە دىققەت قىلىپ قالدىم.ئۇ سەلىم ئۇچۇرغاندىن بۇيان بىزنىڭ بۇيەر ياكى سەلىم ھەقتە دىيىشكەن پاراڭىمىزغا بىر ئېغىزمۇ پىكىر قاتناشتۇرمايۋاتاتتى.ئۇ پەقەت سەلىم بىلەنلا پاراڭلىشاتتى.بىزمۇ

ئاندا مۇندا پاراڭلاشقىنىمىز بىلەن ئۇنىڭ غەلىتە بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.ئۇ ئۇلۇپ كەتكەن ئۇكىسىنى كۆرۈپلا خۇدىنى يۇقاتقانمىدۇ؟شۇنداق قىلىپ مەندىن بۆلەك باشقىلار ئۇخلىدى.مەن كىچىك قول چىراقنى يېقىپ خاتېرىنى ئوقۇشقا باشلىدىم.مۇندەرىجىنى ئارلاۋېتىپ «ئورماندىكى ياغاچ ئۆي»دىگەن تىمىنى كۆرۈپ قالدىم.ۋە شۇنىڭغا ماس بەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

ئورمانلىقتا بىر ئېغىز كىچىك ياغاچ ئۆي بار.سىز بۇيەرگە تۈنجى بولۇپ كەلگەندە چۇقۇم بۇنى مىنىڭ ياساپ قويغان بىخەتەر ئۆي شۇ دەپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.ئەمما بۇ ئەمەس. بۇ ئۆينى پاچاقلىۋېتىشكە قادىر بولالمىدىم ھەم بولالماسلىقىڭىز مۇمكىن.ئۆينىڭ ئىشىكىدىلا «ئۆلۈم»دەپ خەت بار.ئۆينىڭ تاملىرىدىمۇ ئەرۋاھلارنىڭ ئۆلتۈرۈش ئەپسۇنى دىگەندەكلەر بار.ئەگەر بۇيەرگە كەلگەن بولسىڭىز ھەرگىز كىرىپ قالماڭ.كىرىپ بولۇپ ھازىرقى بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقان بولسىڭىز دەرھال ئۆيدىن چىقىپ كىتىڭ.بۇيەردە تۇرغان ۋاقتىڭىز بىر سائەتتىن ئېشىپ كەتسە ئەھۋال خەتەرلىك.ئەگەر راسلا بىر سائەتتىن ئېشىپ كەتكەن بولسا بۇيەردىكى ئەرۋاھ سىزگە چېقىلىدۇ.ئەگەر ئۇنىڭ قولىدىن ساق چىقىپ كىتەلىسىڭىز ياراتقۇچىغا شۈكۈر ئېيتىڭ.

بېشىمدىن بىر چىلەك سۇ قۇيغاندەكلا ئەندىكىپ كەتتىم.بىز

بۇ ئۆيدە تۇرغىلى ھازىر ئۈچ سائەتتىن ئاشتى .ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك .يەنە نىمىشلا بولىدىغاندۇ؟؟؟

## 5 ـ قىسىم:سىرلىق پىلان

ئاھ خۇدا!شۇنچىلىك قورقۇنۇچ ئىچىدە يېنىمدىكىلەنى قانداق ئويغاتقىنىمنى بىلمەيمەن .ئۈلارنىڭ «نىمە بولدى؟»دىگەن سوئالىغىمۇ جاۋاپ بەرمەي ئويغۇتۇپ سىرتقا ئەچىقتىم .سىرت شۇنچىلىك قاراڭغۇ بۇلۇپ قولىمىزدىكى قولچىراقنىڭ نۇرىمۇ ئۇنىمىتىر يەرگە ئاران باراتتى .ھازىر چىغىر يولنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز .قايسى تەرەپكە ماڭساق چىغىر يولغا چىقىمىز؟ كاللام قۇيقۇرۇق .خاتىرىدە چىقىپ كىتەلىسەك ئاللاغا شۈكۈردە دەپتۇ .بۇيەردىن چىقىش شۇنچىلىك مۈشكۈلكەن .ئۈلگۈر .نىمىشقىمۇ ئوقۇپ باقمىغان بولغۇيتتۇم .شۇ دەقىقىدە ئىمىن يۈزۈمگە بىر شاپىلاق سالدى .دە «نىمە ئىش يۈز بەردى؟ نىمىگە جىددىيلىشىپ كەتتىڭ» دىدى .مەن:

ــ بۇيەر ئەسلى سەلىم ياسىغان بىخەتەر دىگەن ئۆي ئەمەسكەن .بۇ ...بۇ.. ئەرۋاھلارنىڭ قىلتىقىكەن . ــ دىدىم .ئىمىن:

ــ نىمە؟ بۇنى ساڭا كىم دىدى؟

ــ خاتىرىگە شۇنداق دەپ يېزىپتۇ ــ دىدىمەن .ھەممەيلەن

جىددىيلىشىپ كىتىۋاتاتتى.بۇ چاغدا پەقەت سەلىملا گىپىمگە قولاق سىلىپ تۇراتتى.ئۇنىڭ چىرايىدىن ھىچ بىر جىددىيچىلىك چىقمىغانىدى.مەن ئۇنىڭ يىنىغا بىرىپ:

ـــ بىرە ئامالىڭ بارمۇ؟ ـــ دىدىم.ئۇ:

ـــ نىمىشقا بۇنداق دەيسەن.مەن يا ئەرۋاھلارنىڭ غوجىسى بومىسام. يا بىرە سىھىرگەن ئەمەسمەن.بۇيەردە ئۇچراشقاندىن تارتىپ ماڭا پەقەت ياخشى مۇئامىلە قىپباقمىدىڭ.ئۆزۈڭگە ئاگاھ بولغىن دەپقۇيايي.ـــ دىدى ماڭا ئاچچىقلاپ.بۇ گەپنى ئاڭلاپ قايتىدىن قورقۇشقا باشلىدىم.مەنلا ئەمەس ئىمىنمۇ سەلىممۇ جىددىيلىشىۋاتاتتى.چۈنكى خاتىرىدە ياخشى مۇئامىلە قىل دىيىلگەن.ئۇ ياخشى مۇئامىلە قىلمىدىڭ دەۋاتسا.ئا خۇدا! بۇنىڭدىنمۇ كۆرۈدىغان ئىش با ئوخشايدۇ. سەلىم چىرايىمنىڭ تىخىمۇ بەك تاترىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئىغىز ئاچتى:

ـــ بىر ئامال بار.بىز ئاۋال بۇيەردىن ئايرىلايلى.ـــ دىدى. ئادىل:

ـــ بىز ھەتتا قايسى يولغا ماڭساق چىقىر يولغا چىقىدىغانلىقىمىزنىمۇ بىلمىسەك ـــ دىۋىدى سەلىم:

ـــ ئەلۋەتتە بىلىمىز.ئىسىڭلادىمۇ؟بۇيەرگە كەلگەندە ئۆيىنىڭ ئىشىكى بىز كەلگەن يولغا قارايتتى.دىمەك ئىشىك قارىغان يۆلىنىشكە ماڭساق چىقىپ كىتەلەيمىز.بولدى قاغان گەپنى بۇيەردىن ئايرىلىپ ئاندىن دىيىشەيلى.بۇلۇڭلا ـــ دەپ يول باشلاپ ماڭدى.ھەممىمىز سومكىللىرمىزنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا

ئەگەشتۇق.دەرۋەقە بىز چىغىر يولغا چىقىۋالدۇق.مەن ئەمدى ئورماندىن چىغىر يولغا بىر قەدەم ئاتلىۋىدىم.كالللامغا شۇنداق قاتتىق بىرنىمە ئۇردى.مەن شۇ جايىمدىلا ھوشۇمدىن كىتىپتىمەن.....

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن.ئەمما قارسام مەن بىر ئۆيدە تۇرغۇدەكمەن.بېشىم شۇنداق قاتتىق ئاغىرۋاتاتتى.ئۆيگە تېخىمۇ سىنچىلاپ قارىدىم.ئۆي خېلى چوڭ بولۇپ مەن تۇرغان ئۆينىڭ ئىچكىرسىدىمۇ بىر ئۆي بار ئىدى.ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىچكىردىكى ئۆيگە قاراپ باقماقچى بولۇپ ئۆيگە كىردىم.ئۆينىڭ تاملىردا ئەرۋاھلار يېزىقىدا بىرمۇنچە خەتلەر تۇراتتى..مەن دىققەت قىلىپ بۇ ئۆينىڭ ھېلىقى ياغاچ ئۆي شۇ ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۇردۇم.ئەمما بىز كەلگەندە پەقەت بىرلا ئېغىز ئۆي ئىدىغۇ؟ شۇ ئەسنادا ئارقامدىن بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.بۇرۇلۇپ قارىدىم.كۆردۈمكى كەينىمدە چۈشلەرىمدە ۋە مەھەللەمدە كۆرگەن قىزىل كۆزلۈك ئەرۋاھ ماڭا قاراپ تۇراتتى.مەن بۇنىمۇ چۈشۈم بولۇپ قالسىكەن دەپكەتتىم.بىراق ئۇ ئاستا ماڭا يېقىن كىلىپ:

ــ بۇيەرگە كەلگىنىڭ ئۈچۈن ئۆلىسەن ــ دىدى.قانداق قىلىشنىمۇ بىلمەيتتىم.ئۇ ماڭا يەنە:

ــ سەن تېخى بىزنىڭ دەۋرىمىزنى ئاخىرلاشتۇرماقچىما؟؟ ــ دىۋىدى شۇ ئەسنادا ئىشىك قاتتىق ئېچىلىپلا سەلىم ئەلى ئىمىن

ئادىللار كىرىپ كەلدىدە ئەرۋاھقا ئېتىلدى.ئەمما ئەرۋاھقا نە قىلىچ ئۆتسۇن.ئىمىن ماڭا بىر قىلىچنى ئېتىپ بەردى.مەنمۇ چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋالدىم.بىز تۆتىمىز (ئەلى بۇ ۋاقىتتا يۇقاپ كەتكەندى) بۇ بىر ئەرۋاھنى ئۆلتۈرەلمەيۋاتاتتۇق.بۇ ئەرۋاھ ھېلى ئىمىننى تۇتۇۋېلىپ ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن بادىنىنى يارا قىلسا ھېلى سەلىمنى ئۇراتتى.دەل مۇشۇ پەيتتە مەن ئەرۋاھنىڭ قاپقارا پىلاچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنى كۆكرىكىدە بىر قىزىل نۇرنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.بەلكىم بۇ ئۇنىڭ يۈرىكى بولىشى مۇمكىن ئىدى.مەن قىلىچنى ئۇنىڭ دەپ كۆكرىكىگە توغۇرلاپ تىقىش ئۈچۈن ئېتىلدىم.بىراق ئۆ بىر كۆتۈرلۈپلا بوينۇمدىن ئالدى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن گىلىمنى قاتتىق سىقىۋاتاتتى.دەل مۇشۇ پەيتتە بار كۈچۈمنى قولۇمغا يىغىپ ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قىلىچ ئۇردۇم.ئۇ مىنى قۇيۇپ بەرمەكتە يوق تېخىمۇ قاتتىق سىقىۋاتاتتى.جېنىم چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى.تۇساتتىن ئۇمۇ بوشاپ قالدىدە تۇتۇنگە ئايلىنىپ غايىپ بولدى.مەنمۇ ئاغرىق دەستىدىن جايىمدىلا يىقىلىپ قالدىم.ئىمىن كىلىپ مىنى يۆلىدى.بىز سىرتقا چىقتۇق.قارسام بۇ راسلا ھېلىقى ياغاچ ئۆي شۇ ئىدى.بىراق بىر ئېغىز ئۆي نەدىن قوشۇلغانلىقىنى بىلمىدىم.ھازىر تاڭ يورۇغان بۇلۇپ ئەتراپ يورۇق ئىدى.بىز چىغىر يولغا كىلىۋالدۇق.بۇ چاغدا ئادىل:

— ھەي توختاڭلا! ئەلى قېنى؟ — دىدى.ھازىر يېنىمىزدا راسلا ئەلى

يوق ئىدى.سەلىم ھېلىقى ئۆيگە قايتا بىرىپ قاراپ بىقىپمۇ كەلدى.بىراق يوق.بۇ ئەلى نەگە يۇقالغاندۇ؟ ئەرۋاھ ئۇنى قەلئەگە ئېلىپ كەتكەنمىدۇ؟ بىز ئەندىشە ئىچىدە يولىمىزنى داۋام قىلماقچى بولدۇق.بەلكىم راسلا قەلئەدە بولىشى مۇمكىن.مەن:

ـــ ھەي بايا نىمىش بولدى.مەن بۇيەردە ئىدىم.بىرى بىشىمغا ئۇرۇۋىدى بىلمەيلا قالدىم.ـــ دەپ سوردۇم.ئىمىن:

ـــ بىزمۇ بىلمىدۇق.سىنى سەن تۇيۇقسىزلا يۇقاپ كەتتىڭ.شۇ ئەسنادا بىزنى بىرنەچچە ئەرۋاھ ئۇسۇلغا سالدى. .ـــ دىدى (چاقچاق ئارلاش ) مەن:

خاتىرىدە بۇيەردە بىر سائەتتىن ئارتۇق تۇرساڭلا بەك خەتەرلىك دەپتىكەن.قۇتۇلۇش شۇنچە تەستەك.بىزگە ئۇنچە تەسمۇ توختىمىدى ـــ دىدىم.بۇنى سەلىم ئاڭلاپ يەنە چىرايى تاتىرىپ كەتتى.مەنمۇ جىم بۇلۇپ قالدىم.بۇ سەلىمنىڭ سىياقىغا كىرۋالغان مەخلۇقمۇ يا جىنمۇ مىشقىلىپ نىمە بولسا مەقسىدىنى ئۇچۇق دىسە بولماسمىدى.ھەي! بىزمۇ يولىمىزنى داۋام قىلماقتا ئىدۇق.خېلى ماڭغاندىن كىيىن ئادىل:

ـ مەن بەك ھېرىپ قالدىم.ئەتتىگەن ناشتىمۇ قىلماي ئا ئەرۋاھلار بىلەن ئۇسۇل ئوينىغانتۇق. بۇيەردە ئولتۇرۇپ بىرنەسە يەپ ماڭايلى ـــ دىدى.مەن:

ـ بولىدۇ.بىراق بەك تېز بۇلايلى.كەچ كىرىپ كىتىشتىن بۇرۇن يا ھېلقى بىخەتەر ئۆيگە ياكى قەلئەگە بىرىپ بولمىساق بولمايدۇ ـ

دىدىم.شۇنداق قىلىپ بىز ئولتۇرۇپ بىرنەسە يىدۇق.ئادىل بىلەن ئىمىن چاقچاقلىشىپ ئادىل ئىمىننى ئىتتىرۋىدى ئىمىننىڭ بېشى كۆكرىكىمگە يىقىلىپ قالدى.بۇ چاغدا ئىمىن بىر نەرسىنى سەزگەندە قۇلىقىنى كۆكرىكىمگە تەككۈزۈپ ئۇزۇندىن ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتى.مەن:

ــ ھەي نىمىش قىلۋاتىسە غىدىقىم كىپ كەتتى تۇرە ــ دىدىم.ئۇ ماڭا قاراپ:

ــ ئۆمەر.... سى...سىنىڭ ــ ئۇنىڭ چىرايى تاترىپ كەتكەندى.مەن:

ــ ھەي دۇدۇقلىماي دىگىنە ماڭا نىم بوپتۇ ــ دىدىم ئۇ:

ــ سىنىڭ يۈرىكىڭ سوقمايدىغۇ ــ دىۋىدى.دەرھال يۈرۈكۈمنى تۇتتۇم.دەرۋەقە يۈرۈكۈمدە ئىنكاس يوق ئىدى.باشقا چاغدا تۇتسام سوقىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.ھازىر يۈرۈكۈم بار جاي جىمجىت ئىدى.ئادىل:

ــ چاقچاق قىمماڭلا مەن تۇتۇپ باقاي يۈرەك سوقمىسا ئەدەم ئۆلمەمدۇ دەيمە ــ دىگىنىچە يۈرۈكۈمنى تۇتتى.قۇلۇقىنىمۇ يېقىپ باقتى.ئۇمۇ يۈرۈكۈمنىڭ سوققانلىقىنى ھېس قىلالمايۋاتاتتى.مەن يەنە قورقۇشقا باشلىدىم سەلىم:

ــ ئەنسىرەپ كەتمە.يۈرۈكۈڭ ساق. سوقىۋاتىدۇ.پەقەت ھېس قىلالمايۋاتىسىلە شۇ ــ دىدى.مەن:

ــ بۇنى ساڭا كىم دىدى ــ دىۋىدىم ئۇ:

ـــ مەن بۇيەردە تۇرغىلى ئىككى يىرىم يىل بولدى. ـــ دىدى .مەن ئاچچىقلاپ ئۇنىڭغا ھەممىنى دەۋىتىشكە ئارانلا تۇردۇم .ئىمىن توسىۋالمىغان بولسا ئۇنىڭغا مۇش ئېتىپ ئۆزىنىڭ سەلىم ئەمەسلىكىنى بىلدىغانلىقىمىزنى دەيتتىم .يۈرۈكۈمنىڭ سوقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمىسام ماڭا ئەلۋەتتە بىر ئىش بولدىدە .ئەلۋەتتە قورقىمەن .

مەن ئىمىننى يېنىمغا تارتىپ:

ـ دىگىنە، قاچانغىچە بۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرۈيمىز .ئۇنىڭغا دەيلى . ئۇمۇ مەقسىدىنى دىسۇن ـــ دىدىم ئۇ ماڭا:

ـ قارا ئۆمەر .بۇنداق قىلما. كۆرمەيۋاتامسەن .بىزنى قۇتۇلدۇرۋاتىدۇ .سەن يۇقاپ كەتكەن كىچىمۇ ئەرۋاھلار چىقىۋىدى بىزمۇ ئۆلگىلى تاسلا قالدۇق .بىزنى ئۇ قۇتۇلدۇردى .ئۇ ۋاقىتنى ساقلاۋاتىدۇ .ئۇندا قىمما دىدى. كۆڭلۈم شۇنچىلىك پەرىشان .پات پات يۈرۈكۈمنى تۇتۇپ قۇياتتىم .ئەمما نەتىجە ئوخشاشلا چىقاتتى .بىزمۇ قوپۇپ يولىمىزغا ماڭدۇق .خېلى ماڭغاندىن كىيىن بىر ئۆينى بايقىدۇق .ئۆي كىچىك بولۇپ شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن ياسالغاندى .بۇ راسلا سەلىم ياسىغان ئۆي شۇ بولىشى مۇمكىن ئىدى .سەلىم:

ـــ بۇ ئۆي ناھايىتى بىخەتەر .كىرەيلى ـــ دىدى. باشتىكى ئۆيگە كىرمەيلى دىگەنىدى .ئۇ راسلا بىزگە ياردەم قىلالايدىكەن ئەمەسمۇ؟ بىز ئۆيگە كىردۇق .ئۆينىڭ توت تېمىدا بىردىن مەشئەل

قادالغان ئىدى .ئادىل:

ـــ بۇ كۈندۈزدە مەشئەل كۆيۈپ تۈگىمىسۇن كەچلىكى ياقامىز ـــ دەپ ئۆچۈردى .ھەممىنى ئۆچۈرۈۋىدى بۇ كۈندۈزدىمۇ ئۆي شۇنچىلىك قاراڭغۇ بولۇپ كەتتى .يورۇقلۇق كىرىدىغان دەرىزىسى بولمىسىمۇ ھىچ بولمىسا ئىشىكتىن بولسىمۇ يورۇقلۇق كىرەي دىمەيتتى .مەن:

ـــ ياقمىن .بۇيەردە يورۇقلۇق يوقكەن .ـــ دىدىم سەلىمنىڭ خاتىرىسىدىكى «ئۆي بەكلا قاراڭغۇ »سىگەن سۆزىنى ئىسىمگە ئېلىپ . ئادىل مەشئەلنى ياقتى .ئۆي بىرخىل ئىللىق ئىدى .شۇ ئەسنادا ئىمىن يېنىمغا كىلىپ بوش ئاۋازدا:

ـــ مەن سەلىمنى بىرنىملەنى دەپ سىرتقا ئەپ چىقىپ كىتەي .خاتىرىدە بۇ ئۆي توغۇرلۇق نىمە بار ئوقۇغىن .يەنە خەتەرگە ئۇچۈرمايلى ـــ دىدىدە . سەلىمگە «بىللە ئەتراپنى چارلاپ كىلەيلى» دەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى .مەنمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ خاتىرنىڭ مۇندەرىجە بېتىنى ئېچىپ «مەن ياسىغان بىخەتەر ئۆي ھەققىدە» دىگەن تىمىنى تاپتىم . شۇنىڭغا ماس بەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم خاتىرىدە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

ـــ بۇ ھەقىقەتەن بىر بىخەتەر ئۆي .بۇ ئۆيگە ئەرۋاھلار ھەرگىز قەدەم باسالمايدۇ .ئەمما مەن باشتا دىگەن ھېلىقى مەخلۇق كىرەلەيدۇ .لىكىن قورقۇپ كەتمەڭ .ئۇ مەخلۇق سىزگە ئاسانلىقچە زىيان سالالمايدۇ .ئەگەر نىيىتى زىيان سېلىش بولغان بولسا سىز بۇ ئۆيەىچە كىلەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن ئىدى . بۇ ئۆي بەك قاراڭغۇ

بۇلۇپ ئۆيدە ئازراقمۇ يورۇقلۇق يوق.ئۆيگە كىرگەندە ئوت ياقىسىڭىز تامامەن بولىدۇ.سىز كىرگەن چېغىڭىزدە ئۆيدە گۈلخان ياكى مەشئەل، شام دىگەندەكلەر ياكى يورۇقلۇق چىقىرىدىغان باشقا نەرسىلەر بولسا ھەرگىز ئۇنى ياقماڭ. بولمىسا ئۆزىڭىزگە يەنە ئىش تېپىۋالىسىز.ئىسىڭىزدە بولسۇن بۇيەر ھەقىقەتەن ۋەھىمە قاپلىغان زۇلمەتنىڭ ئۇۋىسى.(مەن ئوقۇپ بۇيەرگە كەلگەندە ئادىلنى تېز مەشئەللەرنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇدۇم.ئۇمۇ مەشئەلنى ئۆچۈرۈۋېتىپ قولچىراقنى ياقتى.مەن داۋاملاشتۇردۇم)ئۆيگە كەچلىكى كىرۋېلىڭ.كۈندۈزى كۆپرەك ھەركەت قىلىڭ.مەن ياسىغان بۇ ئۆينىڭ 99 ـ خىشى بولسا بىر ساندۇق بولۇپ ئىچىگە كىككى دانە تاش سېلىنغان.تاش خىرۇستالغا ئوخشاش بولۇپ بىرى قىزىل رەڭدە بىرى سۈزۈك تاش. سۈزۈك تاشنى ئېلىۋېلىپ قىزىل تاشنى قويۇپ قويۇڭ.99 ـ خىشى دەل تورۇشنىڭ ئوتتۇرسىغا قويۇلغان بولۇپ پەرىقلەندۇرۋېلىشىڭىز ئۈچۈن كىچىك بىرتال ياغاچچە قاداپ قويغانىدىم.قولىڭىزغا بۇ تاشنى ئېلىۋېلىپ قەلئەگە كىرىڭ.بۇ تاش قەلئەدىكى نۇرغۇن ئىشىكلەرنىڭ ئاچقۇچى.

بۇ ھەقتە مۇشۇنچىلىك يېزىلغانىدى.ئادىل ماڭا:

ـــ ئاۋۇ باشتا دىگەن مەخلۇق دەيدۇ.قانداق مەخلۇقكەن بىلىپ باقىلى قاراپ باقە نىملە يېزىلدىكى ـــ دىدى.مەن مۇندەرىجە ئىچىدىن «غەلىتە مەخلۇق، ئۆمۈچۈك مەخلۇق، بۆرەسىمان

مەخلۇق»دىگەن ئۆچ تىمنى تاپتىم. باشتا تاپقىنىمدەك «غەلتە مەخلۇق دىگەننى ئاچتىم.بۇ ھەقتە مۇنۇلار يېزىلغاندى:

ـــ مەن بۇيەرگە كەلگەندە ماڭا ئادەم سىياقىدا كۆرۈنگىنى دەل غەلتە مەخلۇق ئىكەن.بۇ مەبلۇقنىڭ تۇرقى پەقەت قورقۇنۇچلۇق ئەمەس.پەقەت كۆز قارچۇغى مۈشۈكنىڭكىدەك بۇلۇپ يەنە بۆرىنىڭكىدەك ئاستىدا ئىككى ئۈستىدە ئىككى ئىچى ئۇزۇن. بۇلار ئەرۋاھلار بىلەن دۈشمەن كېلىدۇ.سىزگە بۇ مەخلۇق ئادەم سىياقتا ئۇچۇرغان بولسا ئەھۋال ياخشى،ئەگەر بۆرە مەخلۇق ياكى ئۆمۈچۈك مەخلۇق ئادەم سىياقتا ئۇچۇرسا ئاۋارچىلىق بولىدۇ.بۇ خىل غەلتە مەخلۇقنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قولىڭىزدا كۈمۈش شەمشەر بولىشى كېرەك.بۇلارنىڭ كۈچى ئەرۋاھلار بىلەن ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار شۇڭا دۈشمەن.قولىڭىزدا كۈمۈش شەمشەر بولسا ئاندىن بۇ مەخلۇقنى ئۆلتۈرەلەيسىز.

بۇ مەخلۇقمۇ مۈشۈنچىلىك تونۇشتۇرۇلغان ئىدى.ئادىل ماڭا:

ـــ ئۆمەر،يېنىمىزدىكى بۇ سەلىم راسلا بۇ مەخلۇق ئوخشايدۇ.ئۇلار دۈشمەنكەن.بىز بۇيەرگە ئەرۋاھ يۇقاتقىلى كەلدۇق.چۈنكى بۇيەرگە كىلىشتىن بۇرۇن بۇيەردە ئەرۋاھتىن بۆلەك باشقا نەرسىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتۇق.دىمەك بۇ مەخلۇقنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنى ئەرۋاھلارنى يوقۇتۇش ئوخشىمامدۇ؟ ـــ دىدى.مەن:

ـــ توغرا دەيسەن.گېپىڭنىڭ ئاساسى بار.مەنچىمۇ شۇ بۇ مەخلۇق

شۇنى كۆزلەيدۇ.

ــــ ئەمسە قانداق قىلساق بۇلار.ھەرقانچە بولسىمۇ بۇلارنى ساق قويۇپ كەتمەسمىز؟

ــــ نىملەنى دەيدىغانسەن.بىز بۇلارغا ياردەم قىلىپ ئەرۋاھلارنى يوقاتساق بۇلار بىزنى ساق قويامۇ؟ بۇلار دىگەن مەخلۇق.ئالۋاستى.چوقۇم بىزدىن پايدىلىنىپ بولۇپ ئۆلتۈرۋىتىدۇ.

ــــ سىنىڭ بىرە ياخشى پىلانىڭ بارمۇ؟

ــــ ئەلۋەتتە بار ــــ دىدىمەن كۈلۈپ.مەن بىردەمدىلا بۇ پىلاننى ئويلىنىپ چىقتىم.خاتىرىنى سومكىغا سالغان ئادىلغا:

ــــ مىنىڭ پىلانىم شۇكى بىز بۇلارغا ياردەم بېرىپ ئەرۋاھلارنى يوقۇتىمىز.بىز بىرلىشىمىز.ــــ دىدىم ئادىل:

ــــ ساراڭمۇ سەن. بىردەم بۇلاغا ياردەم بەسەك بىزنى ساق قويامدۇ دەيسەن ئەمدى ياردەم قىلىمىز دەيسىنا ــــ دىدى.شۇ ئەسنادا سەلىم بىلەن ئىمىنمۇ كىرىپ كەلگەندى.ئىمىن مىنىڭ چىرايىمدىكى خۇشلۇقنى كۆرۈپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى.مىنىڭ بۇ قېتىمقى پىلانىمنىڭ ھەقىقەتەن ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

مەن خاتىرىدە دىيىلگەن خىرۇستال تاشنى ئېلىش ئۈچۈن تورۇشتىن ياغاچ سانجىپ قويۇلغان تاشنى ئىزدەشكە باشلىدىم.ئادىل ماڭا بوش ئاۋازدا:

ــــ بۇنى سەلىم كۆرسە بۇلامۇ؟ يەنە بىزگە بالا بولمىسۇن دەيمىنا ــــ دىدى.مەن:

ـــــ ئەلۋەتتە، ئۇ ئەلۋەتتە كۆرىشى كېرەك.قوقسا تېخى ياخشى.ـــــ دىدىم.ئادىل ماڭا قاراپ ھەيران قېلىۋاتاتتى.مەن ئىزدەپ ئاخىرى ئۇ خىشنى تاپتىم.ۋە ئىمىنغا:

ـــ بۇياققا كەلگىنە ئاداش. ئاۋۇ تاشنى ئۇستىدە بىر خىرۇستال تاش باركەن.ئېلىۋالايلى.بىزگە پايدىسى بۇلامىش. سەن مىنى كۆتۈرۈپ تۇرە.ـــــ دىدىم.ئىمىن مىنى كۆتۈرۈپ تۇردى.مەن تاشنى مىڭ تەستە ئۇيەردىن ئاجىرتىپ ئالدىم.ئىچكىرسىدە ئۇزۇنغىنە بىر قارا ساندۇق تۇراتتى.مەن ساندۇقنى ئاستا ئېلىپ ئاچتىم.ئىچىدە راسلا نۇر چېچىپ پارقىراپ تۇرغان قىزىل رەڭدە ۋە سۇزۇك رەكدە ئىككى دانە خىرۇستال تاش تۇراتتى.مەن سۇزۇك رەڭدىكىسىنى ئېلىۋېلىپ ساندۇقنى جايىغا قۇيۇپ قويدۇم.تاشنى سومكامىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويغاندىن كىيىن ئىمىننى شەرەتلەپ سىرتقا چىقتىم ئارقامدىن ئۇمۇ چىقتى.مەن ئۇنىڭغا:

ـــــ ئاداش، مەن خاتىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇپ شۇنداق ياخشى بىر پىلاندىن بىرنى تۈزۈپ چىقتىم. ـــ دىدىم ئىمىن:

ـــ قانداق پىلان ئۇ دىگىنە

ـــ بۇ سەلىمنىڭ سياقىغا كىرۋالغىنى قان شورىغۇچىلاردەك ئالۋاستى ئىكەن.يەنى بۇلار ئەرۋاھلار بىلەن دۈشمەن ئىكەن.بىز بۇيەرگە نىمەدەپ كەلدۇق؟ دەل ئەرۋاھ يۇقاتقىلى.دىمەك بۇلارنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى دەل ئەرۋاھلارنى يۇقۇتۇش. شۇڭا مەن ئويلايمەن بۇلارغا ياردەم قىلماي قۇتۇلالمايمىز ياردەم قىلىپمۇ

قۇتۇلالمايمىز.ھازىر بۇ سەلىم ئارىمىزغا كىرگەن جاسۇس بىلەن ئوخشاش.شۇڭا بىز ھازىردىن باشلاپ ئۆزىمىزنى ئاجىز ئەمەسلىكىمىزنى ناھايىتى كۈچلۈك ئەقىللىق ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلىشىمىز.بۇلار بىزدىن ئېھتىيات قىلىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قۇيىشىمىز كېرەك.ـــ دىدىمەن كەسكىن تەلەپپۇزدا.ئىمىن:

ـــ قېنى دىگىنە، ئەمسە بىز نىمە قىلىمىز؟

ـــ بىز بۇندىن كىيىن بۇ سەلىمگە يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىقىمىز لازىم.بۇندىن كىيىن ئۇ بىزنى ئەمەس بىز ئۇنى قۇتۇلدۇرىمىز، ئۇ بىزگە ياردەم قىلمايدۇ بىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلىمىز.بىز چۇقۇم ئۆزىمىزنىڭ ئۇلاردىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلىشىمىز.كېرەك .

..............

مىنىڭ بۇ ئامالىم ھەقىقەتەن ئويلىغىمنى ئىسپاتلاپ چىقامدۇيۇق بىلمەيتتىم.مەن ئۆزۈمگە بەكلا ئىشىنىپ كەتكەنىدىم.ئەڭ مۇھىمى بىزنىڭ مەغلۇپ بولىش ئېھتىماللىقىمىزنى ئويلاشماپتىمەن .......

## 6 ـ قىسىم خىرۇستال تاش

ـــ ئۆمەر، كۆزۈڭنى ئاچە، تۇرە دەيمە ــ بىرەيلەننىڭ مىنى نۇقۇپ گىپ قىلىشىدىن ئويغاندىم.كۆزۈمنى ئاچسام ئالدىمدا ئىمىن تۇرۇپتۇ.مەن:

ـــ نىمە بولدى ساڭا، ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويماي ـــ دىدىم كۆزۈمنى ئۇۋۇلاپ.ئىمىن:

ـــ هەي.بىز قەيەردە، بىز هېلىقى ئۆيدە ئۇخلىغان ئەمەسمۇ؟ ـــ دىدى.مەن ئەتراپقا قاراپ هەيران قالدىم.بىز بىرمۇنچە قەبرىلەر ئارىسىدا تۇرۇپتىمىز.ئەتراپنىڭ ئوڭ سول هەممە يېرىدە قەبرىلەر تۇراتتى.مەن:

ـــ ۋاي خۇدايىم! بۇ قەيەر بولغۇيدى ئەمدى ـــ دىدىم هەيرانلىقتا.

ـــ هەي بىز ئاخشام ئۇ سەلىم ياسىغان ئۆيدە ئىدىققۇ؟ بۇيەر قەيەر ئەمدى.بىزنى كىم ئەكىلىپ قويغاندۇ؟ـــ ئىمىننىڭ بۇ سوئالىدىن ئەندىكىپ كەتتىم.

ـــ ئەرۋاھ؟؟؟؟ ئەجەبا بىزنى ئەرۋاھلار ئېلىپ كەلگەنمىدۇ؟ ـــ دىدىم قورقۇش ئىچىدە،

ـــــ ئەمسە باشقىلار قېنى؟ بىزنىڭ سومكىمىزچۇ؟

مەن ئەتراپقا قاراۋاتىمەن.بۇيەردە ئىككىمىزدىن بۆلەك هىچكىم يوق ئىدى.ئەتراپنى مۇدهىش مۇهىت قاپلىغان بۇلۇپ بىرخىل ۋەهىمە ئادەمنىڭ ئىنىنى شۇركەندۈرەتتى. بۇيەردىكى قەبرىلەرنىڭ

بەزىللىرى ئېچىلىپ قالغان بولۇپ لەھەت ئىچىدە قۇرۇپ كەتكەن ئادەم ئىسكىلىتلىرى تۇراتتى.ھەربىر قەبرىدىن شۇنداق سېسىق پۇراق كىلىپ بۇرنۇمنى قىچىشتۇراتتى.مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدىم.ئەتراپ ساپلا قەبرە بولۇپ يىراقتا بىر ئىمارەتنىڭ يېرىمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن:

ــــ قارغىنا ئىمىن، ئاۋۇياقتا بىر ئىمارەت تۇرامدۇ نىمە؟ ــــ دىدىم. ئىمىن:

ــــ بېرىپ قاراپباقايلىمۇ؟ ــــ دىدى.مەنمۇ ماقۇل بولدۇم.ئۇياققا ماڭغاچ ئەتراپقا قارايتتىم.خۇددى بىراۋ كەينىمدە ماڭا ئەگىشىۋاتقاندەكلا تۇيغۇ بولدى.كەينىمگە قارسام ھىچكىم يوق.بۇ قەبرىستانلىق خېلى چوڭ بولسا كېرەك.قەبرىلەرنىڭ بەزىللىرى شۇنچە ھەيۋەت سېلىنغان بولۇپ بەزىللىرى شۇنچە كىچىك ھەم پاكار ئىدى.ئۈستى ئېچىلىپ قالغانلىرنىڭ بولسا ئىچىدىكى ئادەمنىڭ ئىسكىلىت قەلبىنى شۈركەندۈرەتتى.مېڭىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئېچىلىپ قالغان بىر قەبرىگە قاراپ ساپتىمەن.ئىچىدە بىر جەسەت بولۇپ تېخى گۆشلىرى قۇرۇپ كەتمىگەندى.يۈز كۆزلىرىنى قۇرت قوڭغۇزلار يەۋاتاتتى.ئۈنى كۆرۈپ قورققىنىمدىن ۋارقىرۋەتتىم.ئىمىن يېنىمغا كىلىپ ئۇمۇ قەبرىگە قاراپ ھاڭ تاڭ قالدى.بۇيەردىكى بارلىق جەسەتلەر قۇرۇپ قاخشال بولۇپ كەتكەن تۇرسا؟ قارغاندا بۇجەسەت بۇيەرگە تاشلانغىلى ئۇزۇن بولماپتۇدە؟ ئىمىن:

ــــ قارىغىنە؟ ئۇنىڭ چىرايىغا؟ ئادىلغا ئوخشاۋاتامدۇ نىمە؟؟ ــــ دىدى.مەنمۇ بۇ جەسەتنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىدىم.دەرۋەقە بۇ جەسەد ئادىل ئىدى.مەن ئىمىنغا:

ــــ ياق ياق! بۇ بەلكىم خىيالى تۇيغۇمىزدۇ؟ ماڭ ماڭ كىتىمىز ــــــدىدىم. كۆزۈمدىن ياش تۆكۈلىۋاتاتتى.ئىمىن ماڭماي قاراپ تۇرىسمۇ مەن ئۇنى زولاپ ئىلىپ ماڭدىم شۇنداق قىلىپ بىز كۆرۈنگەن ئىمارەتنىڭ ئالدىغا كەلدۇق.بۇ بىر غايەت زور قەلئە بولۇپ، ئىشىكىمۇ شۇنچىلىك چوڭ ئىدى.مەن بېرىپ ئىشىكنى چەكتىم.بىراق ھىچ سادا يوق ئىدى.

ــــ ئىمىن، قارغاندا ئادەم يوقكەن بىز ئىشىكنى ئىتتىرىپ باقمايمىزمۇ؟ ــــ دىدىمەن.ئىمىن بىلەن ئىككىمىز ئىشىكنى ئىتتەردۇق.بىراق ئىشىك مىت قىلاي دىمەيتتى.تۇيۇقسىز يانجۇقۇمدىن ئاپپاق نۇر چىقىشقا باشلىدى.مەن يانجۇقۇمغا قولۇمنى سالدىم.يانجۇقۇمدا بىرنەرسە بارئىدى.ئېلىپ قارىسام ھېلىقى خىرۇستال تاش ئىكەن.مەن:

ــــ بۇ تاشنى سومكامغا سېلىۋالغانىدىمغۇ؟ بۇ يانجۇغۇمدا تۇرىدىغۇ؟ ــــ دىدىم ھەيرانلىقتا.دەل مۇشۇ پەيتتە ئىشىكنىڭ سول تەرپىدىنمۇ ئاپپاق نۇر چىقىشقا باشلىدى.مەن خىرۇستال تاشنى ئىشىكنىڭ نۇر چىققان يېرىگە ئاپاردىم.خۇددى ماگنىت باردەك بىرخىل كۈچ تاشنى قولۇمدىن تارتىپ ئېلىپ ئىشىككە چاپلىدى.شۇنىڭلىق بىلەن بۇ چوڭ ئىشىك ھەيۋەت ئاۋاز بىلەن

ئىچىلىشقا باشلىدى .

— قارغاندا بۇ تاش بۇ ئىشىكنىڭ ئاچقۇچى ئىكەندە — دېدى ئىمىن . بىز قەلئەگە كىردۇق .كىرىشتىن بۇرۇن تاشنى ئېلىۋالدىم .بىز قەلئەگە كىرىپ بولۇشىمىزغىلا ئىشىك يەنە ئېتىلىپ قالدى .بۇ قەلئەنىڭ ئىچىمۇ خېلى چوڭ ئىكەن .تاملىرىنىڭ ھەر بەش مېتىر ئارلىقتا بىر كۆچلۈك يورۇقلۇق چىقىرىپ تۇرىدىغان مەشئەل قادالغانىدى . بۇ بىر زال بولۇپ سول تەرەپتە ئۈستىگە چىقىدىغان پەلەمپەي تۇراتتى .ئۇنىڭدىن بۆلەك پەلەمپەينىڭ ئاستىدا بىر كىچىك ئىشىك تۇراتتى .بىز بېرىپ ئىشىكنى ئاستا ئاچتۇق .پەلەمپەي ئاستىدىكى بۇ ئۆيدە بىرتال ساندۇق تۇراتتى .قارماققا بۇ جەسەت ساندۇقىدەك قىلاتتى .ئىمىن:

— ئىچىپ باقايلىمۇ؟ — دىۋىدى مەن سەل ئىككىلىنىپ قالدىم:

— ئىچىدىن موردىلا چىقىپ بىزنى قوقۇتۇپ يۈرمىسۇن يەنە يەنىلا ئاچمايلى — دېدىم . ئىمىن:

— بەلكىم باشقا نەرسە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن .يەنىلا ئىچىپ باقايلى ــ دېدى .مەنمۇ ماقۇل بولدۇم .ساندۇقنىڭ ھېچ بىر تارتىپ ئاچىدىغان تۇتقۇچى يوق ئىدى .پەقەت ئوتتۇرىسىدىلا قولۇمدىكى خىرۇستال تاشنىڭ شەكلىدە كامار بار ئىدى .مەن تاشنى كامارغا قويدۇم .خىرۇستال تاشتىن نۇر چىقىپ ساندۇق ئېچىلدى .بىز سەل .ئەنسىرەپ كەينىمىزگە ياندۇق .ساندۇق ئېغىزى پۈتۈن ئېچىلىپ بولۇنغان بولسىمۇ جىم ئىدى .مەن ئاستا ساندۇقنىڭ

يېنىغا بېرىپ قارىدىم.ساندۇق ئىچىدە بىردانە كىتاب تۇراتتى. مەن كىتابنى ئالدىم.كىتاب شۇنچىلىك مەينەت بولۇپ كەتكەنكى ئۈستىنى بىرقەۋەت توپا بېسىپ كىتىپتىكەن.مەن بىر پۈۋلىۋەتكەندىن كىيىن كىتابنى ئاچتىم.كىتابنىڭ 1 ـ بېتىدە بىر ئەرۋاھنىڭ بىر ئادەمنى بوغۇزلىۋەتكەنلىك سۈرىتى تۇراتتى.2 ـ بېتىدىمۇ بىرپارچە رەسىم بولۇپ رەسىمدە بىر غار ئىچىدە بىر ئەرۋاھنىڭ بىر بۆرىنى بوغۇزلىۋەتكەنلىك ھالىتى تۇراتتى.3 ـ بېتىدىمۇ بىر پارچە رەسىم بولۇپ رەسىمدە بىر قان شورىغۇچى ئالۋاستىنىڭ بىر ئادەمنىڭ قېنىنى شوراۋاتقانلىقى تۇراتتى .4 ـ بەتتە بىر كىشىنىڭ قولىدا بىر نۇرنى تۇتۇپ بىر ئەرۋاھقا تەڭلەۋاتقانلىقى تۇراتتى.5 ـ بەتتە بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمنى بىر شەمشەر نى كۆكرىكىگە تىقىپ ئۆلتۈرگەنلىك ھالىتى.تۇراتتى.كىيىنكى بەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەرۋاھلار يېزىقىدىكى خەتلەر ئىدى.ئىمىن:

ـــ كىتابنى ئەكىلە ــ دەپ قولۇمدىكى كىتابنى ئالدىدە باشتىكى بەتنى ئاچتى:

ــــ قارا، بۇ ئەرۋاھ بۇ ئادەمنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۋېتىپتۇ.ئىكىنچى بەتتىكىگە قارا، بىر بۆرىنى بوغۇزلىۋېتىپتۇ.بۇ بۆرىنى بىز تۈنجى بولۇپ بۇيەرگە كەلگەندە ھېلىقى غاردا كۆرگەن بۆرە شۇ دەپ ئويلىساق بىرىنجى بەتتىكى ئۆلگەن ئادەم سەلىم بولىدۇ.چۈنكى سەلىممۇ مۇشۇنداق ئۆلگەن.ئۈچۈنچى بەتتە بۇ قان شورىغۇچى

ئالۋاستى بۇ كىشىنىڭ قېنىنى شوراپتۇ.ئالدىدىكى رەسىمدىكى ۋەقەلەر بۇلۇپ بولغان . دىمەك شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا بۇ كىيىنكى ئىككى پارچە رەسىم كىيىن بولىدىغان ئىشلار بولىشى مۇمكىن .ـــ دىدى .مەن:

ـــ ئۇنداقتا بۇ كىم بولغۇيدى.دىدىم 3 ـ بەتتىكى رەسىمنى كۆرسىتىپ . ئىمىن:

ـــ بۇ مەنچە ئارىمىزدىكى بىرەيلەن.ياكى بىزدىن كىيىن بىرسى كېلىدۇ.قارا،4 ـ بەتتە بىرەيلەن بىر ئەرۋاھقا بىر نۇرنى تەڭلەپ تۇرۇپتۇ.قارىغاندا بۇ كىشى ئەرۋاھنى بىرنىمە قىلىۋاتقان بولسا كېرەك . .5 ـ بەتتىكى رەسىمدە بىر ئادەم بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپتۇ..دىمەك بۇلار ئارىمىزدىكى ئىككەيلەن.بولىشى مۇمكىن .ـــ دىدى .مەن سەل ئەجەبلىنىپ:

ـــ بۇ رەسىمدىكى ....ئىككىمىز بولىشىمىزمۇ مۇمكىن شۇنداقمۇ؟

ـــ دىدىم.ئىمىن جاۋابەن بېشىنى لىڭشىتتى.مەن:

ـــ بولدى قىلە، بۇ ئەرۋاھلارنىڭ كىتابىكەن.ئەرۋاھلار ئالدىن بىلەلەمدا؟ قۇرۇق گەپ ھەممىسى.بەلكىم بىزنىڭ ئويىمىز خاتا بولىشى بۇ رەسىمدىكى بۇلۇپ بولغان ئىشلار ياكى ئەپسانە بولىشىمۇ مۇمكىن.ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قورقۇتمايلى.ـــ دىدىم.ئىمىن:

ـــ مەيلى نىمە دەپ ئويلىساڭ.لىكىن كىتابنى ئېلىۋالىمەن.ـــ دىدى.شۇنداق قىلىپ ئىمىن كىتابنى قولتۇقلاپ ماڭدى.مەن تاشنى

ئېلىۋالغاندىن كېيىن بىز پەلەمپەيدىن ئىككىنجى قەۋەتكە چىقتۇق.ئىككىنجى قەۋەتتە نۇرغۇن ئۆي بولۇپ خۇددى مېھمانخانىلارنىڭ زالىغا ئوخشايتتى.ئىمىن:

ــ ئىككىمىز بۆلىنىپ بىربىرلەپ ئۆيگە كىرىپ باقايلى ئۆيدىن سومكىمىزنى ياكى ئا ئۇچەيلەننى تاپامدۇق تېخى.ھىچ بولمىسا يەنە باشقا بىرە نەرسلەننى تاپىمىز ــ دىدى.مەنمۇ ماقۇل بولدۇم.شۇنداق قىلىپ مەن بىر ئۆيگە كىردىم.ئۆينىڭ ئوتتۇرسىدا بىردانە زەنجىر تۇراتتى.زەنجىر گە بىرتال.تۇخۇم شەكىللىك يېشىل رەڭدە تاش ئېسىلغان؛ بۇلۇپ چىرايلىق ئىدى.مەن ئۇنى قۇلۇمغا ئېلىش ئۇچۇن ئۇزاتتىم.قۇلۇم تاشقا تىگىشى بىلەن تاشتىن كۆچلۈك نۇر چىقىپ قۇلۇمنى توك سوققاندەكلا بولدى.زەنجىرمۇ قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى.بۇ قېتىم.زەنجىردىن تۇتتۇم.ئۇنى ئېلىپ سىنچىلاپ قاردىم.تاش ئۈستىگئەرۋاھلار يېزىقىدا كىچىككىنە خەت ئۇيۇلغاندى.شۇ ئەسنادا گۈپ قىلغان ئاۋاز بىلەن ئىشىك يېپىلىپ قالدى.مەن ئىشكنى تارتىپ باقتىم، ئۇرۇپمۇ ھەتتا ئىمىن دەپ چاقىرىپمۇ باقتىم.بىراق ئىمىندىن ھىچ سادا كەلمەيۋاتاتتى.شۇ ئەسنادا قولۇمدىكى تاش نۇرچىقىرىپ بىر ئەلئېھرام شەكىللىك ئېكران ھاسىل بۇلدى.خۇددى تېلۋىزوردەك بۇنىڭ ئىچىدىن سۈرەتلەر چىقىۋاتاتتى.قارسام مەن يەردە ياتقۇدەكمەن.ئىمىن بولسا بىر شەمشەرنى كۆكرىكىمگە تىققۇدەك.مەن چۈچۈپ كەتتىم.ئەجەبا ئىمىننىڭ دىگىنى

راسمىدۇ.ئۇ كىتابتىكى ئىككى پارچە رەسىم بىزنىڭ كەلگۈسىمىزما؟ تۇيۇقسىز باشقا رەسىملەر چىقىشقا باشلىدى.سەلىمگە ئوخشاش بىر قان شورىغۇچى مەخلۇق ئەلىنىڭ قېنىنى شوراۋاتاتتى. دىمەك بىزگە كۆرۈنگەن سەلىم سۈرەتلىك ئالۋاستى ئەلىنى ئۆلتۈرگۈدەك.نىمىشقا؟ ئۇنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنى ئەرۋاھلارنى يۇقۇتۇش ئىدىغۇ؟ ئەجەبا ئۇ تەلەپ قىلىدىغىنىغا ئېرىشىپ بولۇپ بىزنى ئۆلتۈرۋەتەرمۇ؟ ئەمسە مىنىڭ پىلانىم ئىشقا ئاشمامدا؟ ئاھ خۇدا! كاللام قاۋمۇپلا كەتتى.مەن ئۆزەمنىڭ ئويلىغىنىنىمۇ ئىشقا ئاشۇرالامدىن ياكى بۇ پەقەت تورزاقمۇ؟ ئالدىمدىكى بۇ ئېكرانمۇ ئۆچتى.ئاندىن ئىشكمۇ ئېچىلدى.مەن بۇ ئۆيدىن چىقتىم.قارسام ئىمىن نېرىراقتىكى بىر ئۆينىڭ ئالدىدا قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ.ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا باردىم.

ـــ ھەي ئىمىن! نىمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىڭ! ـــ دىدىمدە ئۇنىڭ قاراپ تۇرغان ئۆيگە مەنمۇ قاردىم.قاردىميۇ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم.ئالدىمدىكى بۇ ئۆيدە ئەلى بىلەن سەلىمنىڭ جەسىدى ئېسىقلىق تۇراتتى.مەن جىددىيلىك ئىچىدە ئۇلارنى پەسكە چۈشۈرۋالدىم.ئاھ خۇدا! بۇلار قانداق بولۇپ.ئۆلۈپ كەتكەندۇ؟ كىم ئۆلتۈرگەندۇ؟ مەن ئاچچىغىمدا ۋارقىراپ كەتتىم.شۇ پەيتتە كىچىك بىر شامال چىقىپلا ئارقىمىزدا كۆككۆزلۈك بىر ئەرۋاھ پەيدا بولدى.ئەرۋاھ ئىسكىلىتتەك قوللىرىنى بىزگە سۇنىۋاتاتتى.مەن ئۆزۈمنى كونترۇل

قىلالمايۋاتاتتىم.قولۇمنى ئۇنىڭغا بەردىم.ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ مېنى تارتىپ ماڭدى.بارلىق ئەزالىرىم مېنىڭ ئەمەستەكلا ماڭا بويسۇنمايۋاتاتتى.ئەرۋاھ مېنى ئېلىپ ماڭدى.ئىمىن شۇ ئۆيدە ماڭا قاراپ تۇراتتى.يا ئۇمۇ مېنى تارتىۋالاي دىمەيتتى.ئەرۋاھ مېنى تارتىپ ئەڭ ئىچكىردىكى بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى.بۇ ئۆي باشقا ئۆيلەرگە قارىغاندا خېلى يۇغان ئىدى.بۇ ئۆيدە يوغان بىر ئالتۇن كۇرسى يەنى تەخت بولۇپ تەختتە ناھايىتى ھەيۋەت بىر ئەرۋاھ ئىڭكىنى يۆلەپ ئولتۇراتتى. قارماققا ئۇ قېتىپ قالغاندەكلا تۇراتتى.ئەتراپىدىمۇ بىرمۇنچە ئەرۋاھلار بولۇپ ئۇلامۇ قېتىپ قالغاندى. تەختتە ئولتۇرغان ئەرۋاھنىڭ ئوڭ يېنىدا بىر ئورۇن بولۇپ بۇنىڭدا بىر ئەرۋاھ ئولتۇراتتى.بايىقى مېنى بۇيەرگە ئېلىپ كەلگەن ئەرۋاھ سول تەرەپتىكى ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇرۇپ جىمىپ قالدى.قارىغاندا ئۇمۇ قېتىپ قالغاندەك تۇراتتى.مەن ئاستا بېرىپ ئەرۋاھلارنى تۇتۇپ باقماقچى بولدۇم.ئەمما قولۇم ئۇلارغا تېگىشمەي ئۆتۈپ كېتەتتى.توغرا بۇلار ئەرۋاھ ئەمەسمۇ؟ بۇ ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغىنىنى پادىشاھ دەپ قارىساق ئىككى ياندىكى ۋەزىرلەر، ئەتراپتىكى لەشكەرلەر. توۋا! دىدىم ئىچىمدە.ئەرۋاھلارمۇ بۇنداق پادىشاھلىقنى يۈرگۈزىدىكەن ئەمەسمۇ؟ تۇساتتىن يانچۇقۇمدىكى خىرۇستال تاش يېنىشقا باشلىدى.تاشنى ئالدىم.تاشتىن خۇددى قولچىراقتەك نۇر چىقىپ پادىشاھ ئەرۋاھنىڭ كۆكرىكىگە چۈشتى.قولۇمدىكى بۇ ئاق خىرۇستال ھازىر قىزىل رەڭگە كىرىپ

بولغانىدى.بۇ نۇرمۇ كۈچەيگەنسىرى ئالدىمىدىكى بۇ ئەرۋاھ مىدىراشقا باشلىدى.دىمەك بۇ ئەرۋاھ تىرىلىۋاتاتتى.توغرىسىنى ئېيتقاندا بۇ ئەرۋاھنى مەن تىرىلدۈرۋاتاتتىم.مەن بۇيەرگە نىمىشقا كەلگەن؟ ئەرۋاھ يۇقۇتۇش ئۈچۈن كەلدىم ئەمەسمۇ؟ ئەمدى مەن بۇنى تىرىلدۈرۋاتىمەن.ئاھ! مەن نىمىش قىلىۋاتىمەن؟ ئالدىمىدىكى بۇ ئەرۋاھ ئاخىرى دەس تۇردى.ئۇ ئاستا مىنىڭ يېنىمغا كەلدى.ئۇنىڭ بېشىدىكى قاپقارا پىلاچى ئارسىدىن قىپقىزىل نۇر چىقىپ تۇرغان كۆزىنى كۆردۈم.بۇ مەن مەھەللىدە كۆرگەن ۋە چۈشۈمدە كۆرگەن ئەرۋاھ دەل شۇ ئىدى.يۈرۈكۈم قىرتلا قىپ قالدى.ئۇ مىنىڭ قولۇمدىكى تاشنى ئالدىدە يۇقۇرغا كۆتۈرۈلدى.ئۇ تاشنى تورۇستىكى بىر بوشلۇققا سىلىۋىدى.تاشنىڭ نۇرى پۈتۈن ئۆينى قاپلىدى.شۇنىڭلىق بىلەن مانا بۇيەردىكى بارلىق ئەرۋاھلارغا جان كىرمەكتە ئىدى.چىكەمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى.مانا ئەمدىلىكتە بۇيەردىكى بارلىق ئەرۋاھلار تىرىلگەنىدى.

## 7 ـ قىسىم: مىنىڭ سىرلىق چۈشۈم

ـــ ئۆمەر، تۇرە ئورنۇڭدىن. قوپە ـــ بىرسىنىڭ مىنى شۇنداق نوقۇپ تووۋلىشىدىن كۆزۈمنى ئاچتىم.ئىمىن مىنى ئويغاتقانىدى.قارسام ئادىل بىلەن سەلىمۇ تەييارلىنىپ

بوپتۇ.مەن تۇرۇپلا بايا بولغان(چۈشۈمدىكى)ئىشلارنى ئەسلەپ قالدىم.توغرا ئەسلى مەن چۈش كۆرۈپتىمەندە.ئورنۇمدىن تۇرۇپ.ئازراق قورساقنى ئەستەرلىۋالغاندىن كىيىن ئۆز سەپىرىمىزنى داۋام قىلماقچى بولدۇق.ئىمىن ماڭا:

— ئاخشام نىملەنى چۈشەپ چىقتىڭ. كىچىچە جۆيلۈپ.ئۇخلاتمىدىڭ مىنى.— دىدى.مەن سەل خىجىل بولۇپ:

— شۇ چۈشۈم بۇزۇلۇپ قاپتىكەن. سەل تۇرۇپ ماڭغاچ دەپ بېرەي بەك قورقۇنۇشلۇق چۈش — دىدىم.ئىمىن:

— مەنمۇ شۇنداق قورقۇنۇچلۇق چۈش كۆرۈپتىمەن. سەن دەپ بوغاندا دەپ بېرەي دىدى. شۇنداق قىلىپ بىز بىرنەسە يەۋالغاندىن كىيىن بۇ ئۆيدىن چىقىپ يەنە شۇ زۇلمەتنىڭ ئۇۋىسىغا تۇتىشىدىغان چىغىر يولغا چىقتۇق. ئىمىن:

— قېنى دىگىنە، چۈشۈڭدە نىمىش قىپسەن. — دىدى.مەن:

— چۈشۈمدە ئادىل يەنە سەلىم ۋە ئەلى ئۆلۈپ كىتىپتۇ.— دىۋىدىم ئادىل:

— نەدىكى گەپلەنى قىممىغىنا ئەتتىگەندە شۇم ئېغىزلىق قىلىپ.— دىدى.سەلىم:

— بۇندىن كىيىن بۇنداق چۈشلەرنى جىق كۆرىشىڭ مۇمكىن — دىدى.مەن ئۇنىڭغا:

— بۇ نىمە دىگىنىڭ.گىپىڭنى ئۇچۇق قىلە — دىدىم ئاچچىقلاپ.

— بۇيەرگە كەلگەنىنىڭياقى نۇرغۇن ئىشلار چۈش بىلەن

باغلىنىپ قىلىشۋاتقانلىقىنى سەزمەيۋاتامسەن؟ ـــ دىدى .مەن
جىمىپ قالدىم.توغرا بەزى ئىشلار چۈشۈمدىكىدەك بولىۋاتىدۇ.
مەن:

ـــ چۈشۈمنىڭ ئەڭ هالقىلىق يېرى شۇكى ئىمىن بىلەن ئىككىمىز
ئۆيەردىن بىر كىتابنى تاپتۇق.كىتابتا بىرنەچچە پارچە رەسىم
باركەن.كىيىن مەن ئۇ كىتابتا دىيىلگىنى بىزنىڭ مۇشۇ يېقىندا
يۈز بېرىدىغان كەلگۈسىمىز ئىكەنلىكىنى بىلىپتىمەن.ئاندىن
يەنە مەن ئەرۋالارنى تىرىلدۈرۈپتىمەن.ـــ دىدىم
قىسقارتىپلا.ئىمىن:

ـــ ئەتتىگەندەرەك مەن ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا هاجەتكە چىقىپ بۇ
كىتابنى تېپىۋالدىم.ـــ دىدە سومكىسىدىن بىر كىتابنى ئېلىپ
ماڭا سۇندى. مەن كىتابنى ئېچىپ ئىچىدىكى رەسىملەرگە قاراپ
هاڭۋېقىپلا قالدىم.چۈنكى بۇ مىنىڭ چۈشۈمدە كۆرگەن كىتاب
دەل شۇ ئىدى.ئىچىدىكى رەسىملەردىن تارتىپ ئوپمۇ ئوخشاش
ئىدى .مەن:

ـــ بۇ...بۇ... مەن چۈزۈمدە كۆرگەن هېلىقى كىتاب شۇكەن ـــ
دىدىم.ئەندىشە ئىچىدە.

ـــ نىمە؟ ـــ دىدى ئادىل كىلىپ. ـــ قېنى دىگىنە ئەمسە كىتابتا
دىيىلگىنى بىزنىڭ قانداق كەلگۈسىمىزكەن.ـــ دىدى .مەن
كىتابتىكى بەش پارچە رەسىمنى بىرمۇ بىر چۈشەندۈرۈشكە
باشلىدىم.

ــــ بۇ رەسىمدىكى بوغۇزلۇنۇپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشى سەلىم شۇ.
ماۋۇ بوغۇزلانغان بۆرە بىز تۈنجى كەلگەندە ھېلىقى غاردا كۆرگەن
بۆرە.بۇ بولسا ئەلى ئۇنى....ــــ مەن بۇيەردە گەپنى
ئۆزگەرتىۋەتتىم.چۈنكى يېنىمدىكى بۇ سەلىم سۈرەتلىك
مەخلۇقمۇ گېپىمنى تىڭشاۋاتاتتى.ــــ بۇ بولسا ئەلى.ئۇنى بىر قان
شورغۇچى مەخلۇق ئۆلتۈردىگەن.بۇ بولسا مەن.يەنى ئەرۋاھلارنى
تىرىلدۈرۋاتقان ۋاقتىمكەن.ئە ئەڭ ئاخىردىكى بولسا ئىمىن ماڭا
بۇ شەمزەرنى سانچىپ ئۆلتۈرگەن ۋاقتى.
ــــ ۋاي بولدى قىلە.بۇنىڭ نىمىسى راست. ــــ دىدى ئادىل.ــــ
ھەممىسى ئادەم قورقۇتىدىغان نىملەكەن.ئاۋال سەن ئۆزۈڭگە
ئىشەن ھە.بىز چۈقۇم بۇيەردە مەقسىدىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز.
ــــ مەنچىمۇ شۇ ــ دىدى ئىمىن.ــــ قارغىنا رەسىملەرنىڭ
سىزىلىشىغا.ھەممىسى ئەرۋاھلارنىڭ ئىشى.ــــ دىدى.لىكىن ئۇنىڭ
چىرايىدا ئازراق غەمكىنلىك چىقىپ تۇراتتى.سەلىم:
ــــ بۇ كىتاب ئۇنچە ياخشى كىتاب ئەمەس.ئاۋۇ يەرگە
تاشلىۋەتكىنە ــــ دىدى.مەن بۇنىڭ بۇ گېپىدىن ئەجەبلىنىپ
سورۇدۇم.:
ــــ نىمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟
ــــ بۇ كىتابتىكى ئادەم قورقۇتىدىغان نەرسىلەر.ھەممىسى
كىرەكسىز.ــــ دىدى.ئادىل ئۇنىڭ پىكرىنى قوللاپ:
ــــــ راست.قانداق قىلسەن بۇنى ئېلىۋېلىپ.ئەكىلە مەن

تاشلىۋېتەي. ـ دىگىنىچە قولۇمدىن كىتابنى ئېلىپ ئورمان ئىچىگە تاشلىۋەتتى.ئادىلىنىڭ قولىنىڭمۇ خېلى كۈچى باركەن كىتاب خېلى يىراققا چۈشكەنىدى.مەن:

ــ نىمە قىلغىنىڭ بۇ؟ ئۇ كىتابنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى بولىسچۇ ــ دىدىم ئاچچىقلاپ.ئۇ:

ــ ۋاي بولدى قىلە ئاغىنە، سەن ھەدىسىلا مۇشتاق كىتابلاغىلا ئېسىلىسەن.بىزگە سەلىمىنىڭ خاتىرىسى يىتىپ ئاشىدۇ.ماڭامدۇق يا دەپ ئالدىمىزدا يۈرۈپ كەتتى.بوپتۇلا دىدىم ئىچىمدە.مەن:

ــ ئىمىن.قېنى دىگىنە سەن قاندا چۈش كۆرۈپسەن ــ دىدىم ماڭغاچ. ئىمىن:

ــ ھەي! چۈشۈمدە بەك قورقۇپ كەتتىم.ھېلىمۇ سەن ۋارقىراپ ئويغاتمىغان بولساڭ خېلى قىينىلاتتىم.چۈشۈمدە ئىككىمىز بىر قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرسىدىلا كۆزىمىزنى ئېچىپتۇق.قەبرىلەرنىڭ قورقۇچلۇقلىقى تېخى.ئىشقىلىپ خېلى سۈر باستۇردىكەن.كىيىن قەلئەنى ئۇچۇرتۇپتۇق.ئۇيەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە چىقىپتۇق.ئارلىقتا بىر ئىشلا بوغان ئىدى تازا ئىسىمدە يوق.ئەڭ ئۈستىنكى قەۋىتىگە چىقساق ئوردىدەك تونۇدۇم ئەمدى.بىرمۇنچە قېتىپ قالغان ئەرۋاھلار تۇرغۇدەك.ھېلىقى ئا ئۆيدىكى قىزىل تاش باغۇ، ئاشۇ تاش ئەرۋاھلارنى تىرىلدۈردىغان تاش بولىسا كېرەك بىرەيلەن شۇ تاشتا ئەرۋاھلارنى تىرىلدۈرۋاتقۇدەك.

ــ ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلىدىڭمۇ؟

ـــ ياق پەقەت ئېنىق كۆرەلمىدىم.ئەسلى ئۆيەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى بەك قورقۇنۇچلۇق ئىش بولغان. مىنى بىرسى قېينىغاندەك قىلۋىدى پەقەت ئەسكە ئالالمايۋاتىمەن.

ئۇنىڭ بۇ چۈشى مىنى ئەجەپلەندۈردى.ئىككىمىز ئاساسى جەھەتتىن ئوپمۇ ئوخشاش چۈش كۆرۈپتىمىز.ئەگەر ئۇنىڭ ئىسىدىن كۆتۈرلۈپ قالغىنى زادى قانداق ئىش بولغۇيدى؟ ئۇنى كىم قىينىدىكىنا؟ كاللامدا هازىر بۇنداق جاۋاپسىز سوئاللار كۆرمىڭ.هىچقايسىسىغا هىچكىم جاۋاپ بېرەلمەيدۇ.

ـــ هەي كۆپچىلىك ئاياقىقا قاراڭلا ـــ ئادىل شۇنداق دەپ بىزنى ئورمانغا ئىشارەت قىلۋاتاتتى.ئورماننىڭ ئىچكىرسىدە ئىككى قارا سايە بىزگە قاراپ تۇراتتى.ئۇلار هەقىقەتەن ئادەمگە ئوخشايتتى.بىراق زادى ئېنىق كۆرەلمەيۋاتاتتىم.توغرا ئۇلار مەن مەهەللىدىكى چاغلاردا كۆرگەن هېلىقى ئىككەيلەن شۇ ئەمەسمۇ؟ مەن ئىمىنغا:

ـــ بۇ ئىككەيلەننىڭ كىلىپ چىقىشىنى بىلمەيمىز. قانداق مەخلۇقلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيمىز.بۇيەردە بىزدىن بۆلەك ئادەم يوق.شۇڭا يولىمىزغا ماڭايلى ـــ دىدىم.ئادىل:

ـــ ئەگەر ئۇلار يولدىن ئېزىپ بۇيەرگە كىلىپ قالغان كىشلەر بولسىچۇ. ـــ دىدى.مەن:

ـــ خاتىرىدە بۇيەردە بىزدىن بۆلەك ئادەمنىڭ يوقلۇقى دىيىلگەن.ئۇمۇ ئەرۋاھمۇ تېخى كىم بىلىدۇ. يولىمىزغا ماڭايلى.

سەن ھەدىسە خاتىرىدە مۇندا دىگەن، خاتىرىدە ئاندا دىگەن دەپلا يۈرۈيسەن.ئەجەبا سەلىم ھەممىنى بىلگۈچىما.بوپتۇ بۇيەردە 2يېرىم يىل تۇردى دەيلى.ئۇ ئۆلگىلىمۇ 2يىل بولدى.دىمەك تۆتيىل.ئۆلگەن ئىككى يىل ئىچىدە باشقىلا كەممىگەنمىدۇ؟ــــ ئۇ ماشا شۇنداق دەپ كايىۋاتقاندا ئۇ ئىككەيلەننىڭ غايىپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

ــــ قارىغىنە، ئۇلار بىردەمدە يوق ئەنە.ئۇلارمۇ چۈقۇم ئەرۋاھ.ــــ دىدىمەن.

ــــ بوپتۇ.يولىمىزغا ماڭايلى.مەنچە ئۇلار چۇقۇم ئادەم ــــ دىدى ئادىل كۇسۇرلاپ.مەن سەلىمگە:

ــــ سەنچىچۇ؟ ئۇلار ئادەممۇ ياكى ئەرۋاھمۇ؟ ــــ دىدىم.سەلىم سەل جىددىيلىشىپ كەتتىدە:

ــــ مە..مەن.. مەن بىلمەيمەن.كۆرەپ باقماپتىمەن.مە..مەنچە ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلايلى. ــــ دىدىدە تېزلا ھەممىمىزنىڭ ئالدىغا ئۇتۇپ ماڭدى.مەن:

ــــ ئىمىن،قارا بۇ سەلىمنىڭ يەنە خۇدىكى چىقتى.قارغاندا بۇ ئىككەيلەندىن قوقسا كېرەك.ــــ دىدىمەن.

ــــ مەنچىمۇ شۇ.سەلىمنىڭ ئۇنىڭدىن قورقىشى ئۇنىڭ ئەرۋاھمۇ ئەمەس، قان شورىغۇچىمۇ ئەمەس باشقا بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۇ.ــــ دىدى ئىمىن.

ــــ ھە راس، ئادىلغا بىرە ئىش بولغاندەك تۇردۇ سەن بايقىدىڭمۇ؟

ئۇ شۇنداق تەۋەككۇلچى تۇرۇپ مۇشۇ بىركۈندە بەك خۇدۇكسىرايدىغان بولىۋالدى.ـــ دىدىمەن ئادىلنىڭ يىقىنقى ۋە هازىرقى ئەھۋالىدىن ئەجەپلىنىپ.

ـــ ھەئە، بىر ئىش بولدى.ئۇنىڭمۇ يۈرىكى سوقمايۋاتىدۇ.ـــ دىدى.

ـــ نىمە؟ ئۇمۇ مەندەك بوپ قاپتىما؟

ـــ ئۇلا ئەمەس مەنمۇ شۇنداق بوپ قالدىم.

مەن ھەيرانلىقتا ئىمىننىڭ يۈرىكىنى تۇتتۇم.ھەقىقەتەن ئىنكاس يوق ئىدى.مەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىڭشىغان شۇ دەقىقىدە مۆرەمنىڭ بىرسى چىڭ باسقاندەك بولۇپ قالدىمدە كەينىمگە قارىدىم.كەينىمدە ھىچ كىشى يوق ئىدى. بىز يەنە يولىمىزنى داۋام قىلماقتىمىز.مەن ئويلاپ قالدىم.يول بويى خەتەر بىزنىڭ يىنىمىزدىن ئەگىمەيدىكەن.قارغاندا ئەمدى بەكەرەك دىققەت قىلمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

ـــ توختاڭلا! ـــ دىدىمەن توۋلاپ.ھەممەيلەن «نىم بولدى؟»دىيىشكىنچە يىنىمغا كەلدى.مەن سومكامنى ئاختۇرۇپ تۆت دانە سۆزلىشىش ئاپپاراتىنى ئالدىمدە:

ـــ ھىلىھەم بىزدىن خەتەر نىرى بولمىدى.بىربىرمىزدىن ئايرىلمايلى.بۇ سۆزلىشىش ئاپپاراتى.ئەگەر مەلۇم سەۋەپ بىلەن ئايرىلىپ قالساق، لازىم بولىدۇ.ـــ دىدىمدە تارقىتىپ بەردىم.

ـــ سۆزلىشىش ئاپپاراتى ھەرۋاقىت ئۇچۇق تۇرسۇن.ـــ دەپ

جىكىلىدىم. ئادىل:

— بۇ ئاپرات مەلۇم دائىرە ئىچىدىلا ئىشلەيدۇ. بىز بەك يىراققا ئايرىلىپ كەتسەك قانداق قۇبۇل قىلالايمىز گەپنى. سىلە تېلفۇن ئېلىشالمىغانما؟ مەن ئېلىشالىغان، تېلفۇن ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دەپ تېلفۇننى ئالدى.

— هۇ ئەخمەق. ئۇ تېلفۇنىڭدا ئۆيەڭدىكىلە بىلەن ئەھۋاللاشقىن. — دىدىمدە يولۇمغا ماڭدىم. ئۇمۇ مىنىڭ گىپىمنى چۈشەندىدە:

— هە هې هې، بۇيەردە سىگنال يوق هە. — دىگىنىچە كۈلدى. بىزمۇ خېلى ماڭدۇق. تېخىچە بۇ ئورماندىن چىقالمىغاندۇق. توساتتىن يەنە مۆرەمنى بىرسى بېسىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلدىمدە دەرھال مۆرەمنى تۇتتۇم. مۆرەمدە بىرەيلەننىڭ قولى تۇراتتى. بۇ قول شۇنچىلىك مۇزلۇق بولۇپ ئادەمنى شۈركەندۈرەتتى. مەن ئاستا كەينىمگە قارىدىم. كەينىمدە قىپقىزىل كۆزلۈك بىر ئەرۋاھ ماڭا زەھەر كۆزلىرىنى سانجىپ تۇراتتى. مەن «ئا...ئا..! »دەپ ۋارقىراپلا كەينىمگە ياندىم. هەممەيلەن دەرھال يېنىمغا كەلدى. مەن هېچ بىر گەپ قىلالمايۋاتاتتىم. هېلىقى ئەرۋاھ ماڭا قاراپ سوغۇق كۈلۈمسىردى. ئۇنىڭ بۇ كۈلۈمسىرىشىدىن هەقىقەتەن رەزىللىك چىقىپ تۇراتتى. مەن پەقەت قۇلۇمنى شۇ ئەرۋاھقا قارىتىپ ئىشارەت قىلىۋاتاتتىم. ئىمىن:

ـــ ئاداش، نىمىنى كۆردىڭ.ئۇياقتا ھىشنىمە يوققۇ؟ ـــ دەۋاتاتتى.قارغاندا مەندىن باشقىلا بۇ ئەرۋاھنى كۆرەلمىگەندەك قىلاتتى.ئۇ ئاستا قولىنى ماڭا سوزدى. مىنىڭ ئۇنىڭغا سوزۇلغان قوللۇرۇمنى يىغىۋالغۇدەك مادارىم قالمايۋاتاتتى.گەرچە بۇخىل ئىشلار نەچچە قېتىم يۈزبەرگەن بولسىمۇ؟ ئەمما بۇ قېتىم نىمىشقىكىن قورقۇنۇچتىن ھىچ مادارىم يوق.ئۇ مىنىڭ قولىمنى شۇنداق تۇتۇۋدى شۇنچىلىك قورقۇنۇچ ئىچى ئاپپاقچىلىق بىرىيەردە ئۆزۈمنى كۆردۈم.20سېكنۇت ئۆتكەندىن كىيىن بۇ ئاپپاقچىلىق تۈگەپ ئۆزەمنى بىرمۇنچە ئادەمنىڭ ئارىسىدا كۆردۈم.بۇ كىشىلەر توپلىشىپ بىرىيەرگە ماڭىۋاتىكەن.ئۇلارماڭا تىگىشمەي مەندىن ئۆتۈشۈپ كىتەتتى.ئۇلار مىنى كۆرەلمىگەندى.مەنمۇ بۇ كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە ماڭدىم.ئۇلار ماڭا بىر قەبرىستانلىققا كەلدى.قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ھەشەمەت بىر قەبرە تۇراتتى.مەن ئەڭ ئالدىغا ئۆتتۈم.بۇ ھەشەمەت قەبرىگە ھەممەيلەن تازىم قىلىشىۋاتاتتى.بۇ كىشىلەر ئېغىزىنى مىدىرلىتىپ بىرنىملەرنى دەۋاتاتتى.بىراق مەن ھىچ نەرسىنى ئاڭلىيالمىغانىدى.توساتتىن يەنە ئاپپاقچىلىق بۇلۇپ كىيىن ئۆزەمنى بىر شارقىراتما ئالدىدا كۆردۈم.شارقىراتما شۇنچىلىك ھەيۋەتتە شارقىراپ چۈشىۋاتاتتى.چۈشكەننىڭ ئەتراپى زۇمرەتتەك سۈزۈك بىر كۆل ھاسىل قىلغان بۇلۇپ سۈيى نۇر چېچىپ تۇراتتى.تۇيۇقسىز بىر توپ ئادەملەر كەلدىدە بۇيەرنىڭ سۈيىنى

ئۆزىنىڭ ئۆيەر بۆيەرلەردىكى يارىلىلىرىغا سۈرۋاتاتتى. سۇ تەككەن جاي دەقىقە ئىچىدە ئەسلىگە كەلدى. ھەممەيلەن بۇ «خاسىيەتلىك»شارقىراتمىنىڭ سۈيىدە ئۆزىنىڭ يارىسىنى ساقايتىپ كىتىپ قىلىشتى.شۇ ئەسنادا يەنە ئاپپاقچىلىققا يۈزلەندىمدە ئاپپاقچىلىقتىن كىيىن ئۆزۈمنى بىرمۇنچە ئەرۋاھلار ئارىسىدا كۆردۈم.بۇ ئەرۋاھلار چوڭ تەجىتتە ئولتۇرغان ئەرۋاھقا قاراپ تۇرشاتتى.شۇ ئەسنادا ئەرۋاھلارنىڭ تۇرغان بۇ جايدىكى تورۇسنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى قىزىل رەڭلىك تاشنى بىرەيلەن ئېلىۋالدى.قانداق بولۇپ ئېلىۋالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ چىرايىنى بىلەلمىدىم.ئۇ ئۇ تاشنى ئېلىۋېلىپ بۆيەردىن چىقىپ كىتىۋىدى.ئەرۋاھلار جايىدىلا قېتىپ قالدى.

ئارقىدىن يەنە ئاپپاقچىلىق بولۇپ ئۆزەمنى ئىمىن، سەلىم، ئادىلنىڭ يېنىدا كۆردۈم.ئۇلار ماڭا قاراپ تۇرۇشقانىكەن.ئىمىن مىنى قۇچىقىغا ئېلىۋالغان بولۇپ:

— ئۇھ! ئاخىرى ھۇشۇڭغا كەلدىڭ. — دىدى.مەن:

— نىمىش بولدى — دىگىنىمچە ئورنۇمدىن تۇردۇم.بېشىمنى خۇددى بىر قىسقانداق شۇنچىلىك ئاغرىپ كىتىۋاتاتتى.

— بايا سەن تۇيۇقسىزلا بىرسىنى كۆرسىتىپ ھۇشۇڭدىن كەتتىڭ. قېنى دىگىنە، بايا نىمىنى كۆرگەنتىڭ؟ — دىدى ئادىل. مەن:

— بولدىلا كىينچە دەپ بىرەرمەن ھازىر بېشىم بەك ئاغرىپ كەتتى — دەپلا ئۇنىڭ گىپىنى ئۈزدۈم.بېشىمنىڭ بۇ ئاغرىقىدا نەدىمۇ

ئۆلارغا سۆزلەپ بەرگۈدەك ماجال بولسۇن؟ بىز يەنە يولىمىزنى داۋام قىلدۇق .ئاخىرى بۇ ئورمانىنىڭ ئايىغى كۆرۈنۈپ بىر قەبرىستانلىققا ئۇلاشتى .

ــ ئۇھ! ئاخىرى چىقىپتۇقتە بۇ ئورماندىن ــ دىدى ئىمىن . بۇ چاغدا سەلىم يېنىمىزغا كەلدىدە:

ــ توختاڭلار! سىلەرگە گىپىم بار! ــ دىدى .قارسام ئۇ بۇرۇنقىغا قەتئى ئوخشىمايۋاتاتتى .ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۆرىنىڭكىدەك چىشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .كۆزلىرنىڭ قارچىغىمۇ قاپقارا بولۇپ لەۋلىرى قاندەك قىزىل ئىدى .مەن سەل ئەنسىرەۋاتاتتىم .سەلىمنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرۈپ ئۈچىمىز كەينىمىزگە داجىدۇق . سەلىم:

ــ مەندىن قوقماڭلار، ئەمەلىيەتتە مەن ھەقىقىي سەلىم ئەمەس، بۇنى ھەممىڭلار بىلىسىلەر، شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارلىمىدىم.مەن قان شورىغۇچى مەخلۇقلار جەمەتىدىن .تۇرقىمىز ئادەملەرنىڭ تۇرقىغا ئوخشايدۇ.بۇ ھەقتە بىلىسىلەر. قان شورىغۇچىلارنىڭ سىلەدىن سورايدىغان تەلىپى بار. شۇڭا ھازىرغىچە ھايات تۇرۋاتىسىلەر. ــ ئۇ شۇنداق دەۋاتاتتى .ئۇ ئەمدى سەلىم ئەمەس ھەقىقىي بىر قان شورغۇچى ئالۋاستى ئىدى .

ــ سى . .سىنىڭ . .سىنىڭ نىمە تەلىپىڭ بار! ــ دىدى ئادىل تەمتىرەپ .مەن:

ــ نىمىشقا ئەمدىلىكتە ئۆزۈڭنى ئاشكارلايسەن ــ دىدىم .ئۇ:

ــ بىزنىڭ نىمنى تەلەپ قىلىدىغىنىمىزنىمۇ بىلىسىلە.پەقەت

ئەرۋاھلار تېشنى تەلەپ قىلىمىز. نىمىشقا ئەمدى ئۆزۈمنى ئاشكارلىغىنىمنىڭ سەۋەبى مەن بۇ قەبرىستانلىقتا يەنە بۇ قەلئەگە كىرەلمەيمەن.

ـــ ئەرۋاھلار تېشى دىگەن نىمە؟ ـــ دىدى ئىمىن ھەيرانلىقتا.

ـــ ئەرۋاھلار قەلئەسىگە كىرگەندىن كىيىن ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكە چىقساڭلار ئالتۇن تەخت بار ئورۇننىڭ تورۇسىدا بىردانە قىزىل تاش چاقناپ تۇرىدۇ.ئاشۇنى ماڭا ئەكىلىپ بەرسەڭلارلا بولدى.

ـــ ئەگەر مەن قوشۇلمىسامچۇ؟ ـــ دىدىمەن كەسكىن تەلەپپۇزدا!

ـــ ئامالىڭلار يوق.پەقەت ئىككىلا يولۇڭلار بار.بىرى تاشنى ماڭا ئەپچىقىپ بېرىش.بىرى ھازىرلا ئۆلۈش. ـــ دىدى ئۇ.

ـــ ئەمسە ئۇيەرگە كىرگەندىن كىيىن بىزنىڭ بىخەتەرلىكىمىزگە كاپالەتلىك قىلامسەن؟ ـــ دىدىمەن. ئۇ دەرھال غەزەپ بىلەن قاپىقىنى تۈردىدە:

ـــ سىنىڭ ماڭا شەرت قويغۇدەك نىمە ھەققىڭ بار؟ ـــ دىگىنىچە شامال تېزلىكىدە كىلىپ مەيدەمنى تىلىۋەتتى.مەن بىر ۋارقىرغىنىمچە يىقىلىپ قالدىم.ئۇنىڭ تېرناقلىرى ئۇزۇن بولۇپ خۇددى بۆرىنىڭكىدەك.ئىدى.

ـــ مىنى سەلىمگە ئوخشۇتۇپ قېلىشتىڭما؟ ئەمدى بۇنيولدا مېڭىشساڭمۇ مېڭىشسەن! مېڭىشمىساڭمۇ مېڭىشسەن؟ قارشىلىق كۆرسەتسەڭ ئۆلۈشسەن!

ئۇ بىزگە شۇنداق تەھتىت سىلىۋاتاتتى.ئەمدى ھازىردىن باشلاپ ئۆز پىلانىمنى يۈرگۈزىدىغان ۋاقىتنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.شۇ ئەسنادا «پاك»قىلغان ئاۋاز بىلەن ئالدىمىزدىكى بۇ مەخلۇقىقا ئوق تەگدى.ئۇنىڭ ئوق تەگكەن يېرى دەل كۆكرىكى ئىدى.بىراق بۇ مەخلۇقتىن ھىچ قان چىقمىدى:

ـــ بولدى.ئوقۇڭنى زايا قىلماي قەلئەدىكى مورىدىلاغا ئات ـــ دىگىنىچە تېز سۈرئەتتە غايىپ بولدى. مانا ئەمدىلىكتە بىز بۇ زۇلمەت ئۇۋىسى بولغان قەلئەگە كەلگەنىدۇق.

ـــ ئۆمەر، قانداق قىلىمىز، ـــ دىدى ئىمىن.مەن:

ـــ پىلانىم بۇيىچە ئىش كۆرىمىز.ئاۋال قەلئەنىڭ ئاستىدىكى شەھەرگە كىرىپ كۈمۈش شەمشەرنى ئېلىپ چىقىمىز. ـ دىدىمەن. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ ئەمدىكى نىشانىمىز بۇ قەلئە ئاستىدىكى سىرلىق شەھەر ئىدى. بۇ ئارقىلىق يەنە مەن بايا كۆرگەن ھېلىقى ئاپپاق چۈشۈمنىڭ سىرىنى بىلەلىشىممۇ مۇمكىن ئىدى. ئەمدى بىز مانا بۇ قەبرىستانلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق....

## 8 ـ قىسىم: موردىلار بىلەن جەڭ

بىز شۈنچىلىك تەشۋىش ئىچىدە بۇ قەبرىلەر ئارىسىدا ماڭماقتىمىز.بۇ قەبرىستانلىق چۈشۈمدىكىگە قەتئىي ئوخشىمايتتى.پەقەت ئىچىلىپ قالغان قەبرىلەردىكى ئىسكىلىتلار ئوخشايتتى.بۇ قەبرىدىكى ئىسكىلىتلارنىڭ بەزىللىرىنىڭ باش قىسمى، بەزىللىرىنىڭ كۆكرەك پۈتلىرى چىرىپ كەتكەن بولۇپ قارىسا ئادەمنىڭ تىنىنى شۈركەندۈرەتتى.

بىزنىڭ بۇ قەبرىلەر ئارىسىدا مېڭىشىمىزمۇ ئاسانغا توختىمىدى.قەبرىلەر بەك كونا بولغاچقا ھەم بىر بىرىگە يېقىن بولغاچقا ئازراقلا دىققەت قىلمىساق لەھەت ئىچىگە چۈشۈپ كېتىشىمىز ئېنىق ئىدى.شۇڭا بىزمۇ شۈنچىلىك ئاستا ئېھتىيات بىلەن ئىلگىرلەۋاتاتتۇق.

شۇ ئەسنادا بىرنەرسە پۈتۈمغا ئىلىنىشىپ قالدى.مەن دەرھال پۈتۈمغا قاراپ ۋارقىرۋەتتىم.پۈتۈمنى بىر ئىسكىلىت تۇتىۋالغان بولۇپ مىنى بىر تارتىۋىدى سول تەرپىمدىكى قەبرە ئىچىگە چۈشۈپ كەتتىم.قەبرىمۇ خېلى چوڭقۇر قىزىلغانىكەن. مەن يىقىلغان يېرىمدىن ئاستا تۇردۇم.يانچۇقۇمغا سېلىۋالغان كىچىك قول چىراقنى ياقتىم.قەبرە ئادەتتىكىدەك ئىدى.بىراق خېلى چوڭ ھەم چۇڭقۇر ئىدى.توساتتى.بىرنەرسىگە دەسسەپ سالدىم.قارسام بىر ئىسكىلىت جەسەتنىڭ كۆكرىكىگە دەسسىۋاپتىمەن.ئۇنىڭ

كۆكرەك سۆڭىكى دەسسىشىم بىلەن ئىزىلىپ كەتكەندى.ئۇستىدە بولسا ئادىل بىلەن ئىمىن مىنى چاقىرۋاتاتتى.مەن «ھىچ ئىش يوق ھازىر چىقىمەن ئارغامچىا تاشلاپ مىنى تارتىۋېلىڭلار» دىدىم.شۇ ئەسنادا بىرىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ھەم سۇرلۇك تىنىڭ ئاۋازى بەدىنىمنى تىترىتىۋەتتى.بۇ ئاۋاز نەدىن كېلىۋاتىدۇ بىلمەيتتىم.ئوڭدىنمۇ؟ سولدىنمۇ؟ ياكى ئارقىمدىنمۇ؟ ھەممەيەرگە قارىدىم.بىراق ھىچكىم يوق ئىدى.شۇ ئەسنادا يەرگە قاراپ ساپتىمەن.بۇ تىنىق ئاۋازى دەل مەن بايا دەسسىۋەتكەن ئىسكىلىتتىن كېلىۋاتقانىدى.ئۇ قوپۇشقا تەمشىلىۋاتقانىكەن.مەن قورققىنىمدىن ۋارقىرىدىم:

— ئا... ئىمىن تېز بۇلۇڭلار — بۇ قاراڭغۇدا قولچىراقنىڭ ئاجىز نۇرىدا بۇ ئىسكىلىت ماڭا شۇنچە قورقۇنۇشلۇق تۇيۇلىۋاتاتتى. ئۇلار ئارغامچىنى تاشلىدى.مەن ئارغامچىنى تېز بىلىمگە باغلىدىم.ئۇلار مىنى تارتىۋاتقان شۇ پەيتتە بۇ ئىسكىلىت دەس تۇرۇپ بولغانىدى.ئۇ مىنىڭ پۇتۇمدىن تۇتۇپ تارتىۋاتاتتى. مەن ئۇنى تىپچەكلەپ تىپىپ كاللىسىنى ئۈزۋەتتىم.ھەرنىمە بولسا قۇرۇق سۆڭەك بولغاچقا ئاجىز ئىدى.قەبرە سىرتىغا چىقتىم.بۇ تار يەردە ئۇلارمۇ مىنى خېلى تەستە تارتىۋالغانىدى.بايا قەبرىدىن چىققۇچە قولۇم سۇرلۇپ كىتىپ قان چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھىچقانداق ئىش يوق بىخەتەر ھالدا بىز بۇ قەبرىلەر ئارىسىدىن ئۆتىۋالدۇق.قەلئە ئالدىغا كىلىدىغانغا ئىككى قەدەم قالغاندا

نېرىراقتىكى قەبرىەر ئارىسدىن ئىككى غوۋۋا كىشىنى كۆرەپ قالدىم.بۇ ھېلىقى ئىككەيلەن شۇ ئىدى.بۇلارنى پات پات سىرلىق قىياپەتتە كۆرگەچكە ھازىر بەك ئېرەن قىلىپ كەتمەپتىمەن. بىز شۇنداق قىلىپ بۇ زۇلمەت ئىشىكى ئالدىغا كەلدۇق.قەلئە چۇشۇمدىكىگە ئوخشاپ كەتمىسىمۇ ئەمما ھەقىقەتەن چوڭ ئىدى. ئىشىكنىڭ ئادىل كىلىپ ئىشىكنى ئىتتىرىپ باقتى.بۇ چوڭ ئىشىكنى ئادەم كۈچى بىلەن ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.دەپ شۇ پەيىتتە ھېلىقى خىرۇستال تاش ئىسىمگە كىلىپ قالدىدە سومكامدىن ئالدىم. ئىشىككە سىنچىلاپ قاراپ چىقىپ ھېچ بۇ تاشنى پاتۇردىغان جاي تاپالمايۋاتاتتىم.مەن:

ـــ ھەر سىلەرمۇ قاراپ بېقىڭلار. بۇ تاش شەكىلدە بىرە بوشلۇق بارمىكى. ـــ دىدىم. ئىزدە ھېچ بىر تاپالمايۋاتاتتۇق.تۇيۇقسىزلا كۆزۈم ئىشىكنىڭ سول قانىتىنىڭ ئۈستىدەرەك قادالغان بىر تاشقا چۈشتى.بۇ تاشمۇ قولۇمدىكى تاشقا ئوخشايتتى. بۇتاش ئىشىكنىڭ تۈپتۈزلا يېرىگە چاپلاپ قويىغاندەكلا تۇراتتى.مەن دەرھال ئۇڭ قانىتىغا قارىدىم.بۇتەرەپتە بولسا ئۇنداق تاش يوق ئىدى. مەن ئىككى تاشنى ئۈدۈل قىلىپ مۆلچەرلەپ قۇلۇمدىكى تاشنى مۆلچەرىمدىكى جايغا تەككۈزدۈم.تاش بولسا شۇجايدا مىت قىمماي چاپلىشىپ تۇرۇپ قالدى.بىراق بۇ ئىشىك ئېچىلاي دىمەيتتى.

ـــ ھەي بۇتاش بۇ ئىشىكنىڭ ئاچقۇچى ئەمەس ئوخشىمامدۇ؟ ـــ

دىدى ئىمىن .مەن:

ــ ئۇنداق ئەمەستۇ.ئەسلى ئىشىك ئېچىلىشى كېرەكتى .ــ دىدىم .

ئادىل:

ــــ هەي هەي! بۇنداق قاراپ تۇرما، ئۆمەر سەن ئاۋۇ تاشنى تۇتۇپ تارت مەن ماۋۇنى تارتاي .بەلكىم ئىشىكنىڭ مىخانىكىسىدا مەسىلە كۆرۈلگەن ئوخشايدۇ تەڭ تارتايلى هە ـــ دىدى كۈلۈپ .

ئىككىمىز ئىككى تاشتىن تۇتۇپ تەڭلا تارتتۇق .دەرۋاقە بۇ ئىشىك ئېچىلىۋاتاتتى . بىز ئىشىكنى ئۆزىمىز پاتقۇدەك قىلىپ ئاچتۇق .

ــــ دىدىمغۇ بىرە مىخانىكىسىدىن كاشىلا چىقتى دەپ. هە مانا ئېچىلدى . ـــ دىدى ئادىل . ئىمىن:

ـــ توختاڭلا.بۇدىگەن ئەرۋاھلارنىڭ ئۇۋىسى.ئىككى قۇلۇڭنى ساڭگىلتىپ بۇ ئەرۋاھلارغا ئوزۇق بوغىلى كىرەمدۇق؟ قولىڭلاغا ئەسكى چالما بوسىمۇ ئېلىۋېلىڭلا ـــ دىدە سومكىسىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.مەنمۇ سومكامدىن تاپانچامنى ئېلىپ بىلىمگە قىستۇرۋالدىم.قولۇمغا بىلەك ئۇزۇنلىقىدىكى خەنجەرنى ئېلىۋالدىم. ئادىل بولسا بىر تاپانچىنى چىقاردى . مەن:

ـــ هەراس سەندىن سوراپباقاي تاپانچىنى نەدىن تاپتىڭ .

ـــ هە بۇ مىنىڭ گۆهرىم.ئۈچ يىل ئىلگىرى بىرتاغلىق رايۇنغا بارغاندا بىر ئوۋچى هەدىيە قىلغانىدى.قارا بۇ قىلىچىنمۇ هەدىيە قىلغان .ـــ دەپ هېلىقى ئۇزۇنقىلىچنى كۆرسەتتى .

ــــ قىلىچنى ئېلىۋېلىپ تاپانچاڭنى تىقىپ قوي . ۋاقتى كەلگەندە

ئىشلىتىمىز. داملاتمىساڭمۇ ئۇنىڭدىن نوچىسى بار بىزدە ـــ دىدى ئىمىن سومكىسىن پەچەت بىر تاپانچىنى چىقاردى .ئادىل:

ـــ ئوھۇي .نەدىن تاپتىڭەي بۇنى ـــ دىۋىدى ئىمىن:

ـــ دادام ئەكەپتىكەن .ساپىقىنى سورىما بولدى .ماڭايلى .ـــ دىدى .مەن ئۆزۈم ئەكەلگەن خىرۇستال تاشنى ئېلىۋالدىم .شۇنداق قىلىپ بىز قەلئە بوسۇغىسىدىن ئاتلىدۇق .قەلئەگە كىرىپ بولىشىمىزغىلا ئىشىك تاقىلىپ قالدى .

ـــ ئۆلگۈر، بىز بىلەن ئۇيۇن ئويناۋاتامدۇ نىمە؟ ـــ دىدىمەن ئاچچىقلاپ. بۇ قەلئەنىڭ ئىچى يورۇق ئىدى .چۈشۈمدىكىدەك ھەر بەش مىتىرغا بىر مەشئەل قادالغانىدى .بۇ 1 ـ قەۋەتتىمۇ نۇرغۇن ئۆيلەر بارئىدى .ئادىل:

ـــ كىرىپ قاراپ باقمايلىمۇ بىرە نەرسە تاپامدۇق تېخى ـــ دىدى .مەن:

ـــ ياق، بىزنىڭ ئىزدەيدىغىنىمىز بۇيەردە ئەمەس. بۇ قەلئەنىڭ ئاستىدا. تېز ئىزدەڭلا بىيەردە بىرە قۇدۇق بارمىكىن . ـــ دىدىمەن . ھەممەيلەن بۆلۈنۈپ ئەتراپنى ئىزدەشكە باشلىدۇق .بىراق ھىچيەردە بىرە قۇدۇق يوق ئىدى .ئەلۋەتتە يەر ئاستىغا كىرىدىغان بولغاچقا 1 ـ قەۋەتتە بولىشى كېرەك . ئىمىن:

ـــ قارغاندا ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ بىرەرسىدە بولسا كېرەك .ـــ دىدى .مەن:

ـــ ئەگەر بۇ .ئۆيلەرگە توزاق قۇيۇلغان بولسا چاتاق . دىدىمەن .

ـــ ئەمسە قانداق قىلىمىز ـــ دىدى ئادىل .

ــــ ئاۋال خاتىرىگە قاراپ باقايلى .

ــــ ساراڭمۇسەن .بۇ دىگەن ئەرۋاسلارنىڭ ئۇۋىسى .بۇيەردە خاتىرىنى ئالساڭ تۇگىشىسەن . ــــ دىدى ئىمىن .

ــــ ئۇغۇ شۇ.لىكىن ئامال قانچە.قارسام ئەرۋاھلار يوقتەك قىلىدۇ.بىر ئوقۇپ باقىلى. بۇ ئۆيلەرگە توزاق قۇيۇلغان بولسا ئوقۇمىساق توزاقفا چۈشۈپ ئىكلىمىز.ئوقۇساق ئەرۋاھقا تۇتۇلۇپ ئۆلىمىز ياكى ھىچ ئىش بومايدۇ.شۇڭا يەنىلا خاتىرىگە قاراپ باقىلى. ـ ــــ دىدىمدە خاتىرىنى ئالدىم.خاتىرنى ئىلىشىمغا شۇنداق سوغۇق شامال يۈزۈمنى سىيپاپ ئۆتتى.مەن مۇندەرىجىدىن «ئەرۋاھلار قەلئەسى»دىگەن تىمنى تىپىپ ئاچتىمدە ئوقۇشقا باشلىدىم. خاتىرىدە مۇنۇلار يىزىلغانىدى:

ــــــ بۇ قەلئەگە كەلگەن ۋاقتىڭىز سىزنىڭ ئەرۋاھلار بىلەن ھەقىقىي تۇردە تۇتىشىپ قالىدىغانلىقىڭىزدىن دىرەك بىرىدۇ.سىزگە ئۇچۇرغان كىشىلەرمۇ ئۆزىنى ئاشكارلىغان بولىدۇ.بۇيەرنىڭ دەرۋازىسىدىن ئاتلىغان بولسىڭىز ئۇنداقتا ھازىردىن باشلاپ بىلىڭىزنى مەھكەم باغلاڭ. بۇيەرگە قانداق كىرگەن بولسام شۇنداق چىقىپىنكىتىمەن دەپ خىيال قىلىپ قالماڭ.بۇيەرنىڭ چوڭ دەرۋازىسى كىرىش ئىشىكى، چىقىش ئىشىكى ئەمەس.بۇ قەلئە 20قەۋەتلىك بۇلۇپ قەلئەنىڭ 20 ـ قەۋىتى ئەرۋاھلار ئوردىسى. قالغان قەۋەتلىردە ئوخشاشلا ۋەھىمە ۋە خەتەر بار. قەلئەدىن چىقىپ كىتىش ئۈچۈن چۈقۇم.يەر

ئاستى شەھىرىگە كىرىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ.بۇيەرگە كىرىش ئۈچۈن 20 ـ قەۋەتكە چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.20 ـ قەۋەتكە چىقىش ئۈچۈن خەتەرلىك تونىلدىن ئۆتىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ.شۇ تونىلدىن ئۆتكەندىن كىيىن ئاندىن پەلەمپەي بار جايغا بارالايسىز.بۇ تونىل 1 ـ قەۋەتتىكى 19 ـ ئۆيدە. تونىل ئىچىدە تىرىك جەسەتلەر بولۇپ مۇنداقچە ئېيتقاندا قاخور موردىلاردۇر.موردىلار سىزگە ھۇجۇم قىلغاندا قاق پىشانىسىگە ھۇجۇم قىلىڭ. موردىلارنىڭ ئاجىزلىقى شۇيەردە.موردىنىڭ كاللىسىنى ئۈزىۋەتسىڭىزمۇ ئۇ ئۆلمەيدۇ، پەقەت پىشانىسىگە قىلىچ ئۇرغىنىڭىزدا يەرگە يىقىلىدۇ.بۇ تونىلدىن ئۇتۇقلۇق ئۆتكەن بولسىڭىز ئۇنداقتا پەلەمپەي ئارقىلىق ئەڭ ئۈستىنكى قەۋەتكە چىقىڭ.شۇنى ئەسكەرتىپ قۇيايكى قەلئەنىڭ 10 ـ قەۋىتىگە ئامال بار چىقماڭ.بۇيەردىن ناھىتى تېزلىك بىلەن ئۆتۈپ 20 ـ قەۋەتكە چىقىۋېلىڭ.

بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلار مۇشۇنچىلىك ئىدى. مەن كىتابنى يېپىپ سومكامغا سالدىم.

ـــ ئەمدى موردىلار بىلەن ئۇرۇشقىدەكمىزدە! بۇيەردە ئەرۋاھلارنىلا بارمىكى دىسەم ئالۋاستىلار جىققەن ئەمەسمۇ! راسلا ئىسمى جىسمىغا لايىق زۇلمەتنىڭ ئۇۋىسىكەن بۇ ـــ دىدى ئىمىن. مەن:

ـــ تاپانچاڭلانى ئېلىڭلار، بۇ موردىلارنىڭ مىڭىسىگە ئاتمىساق ئۆلمەيدىكەن ـــ دىدىم. ھەممەيلەن تاپانچىمىزنى تەييار قىلدۇق.

ـــ ھەي 19 ـ ئۆي دىگەن قايسىسى بولغىيدى .ـــ دىدى ئادىل .

قايسىسى بۆلاتتى بۇيەردە 19ئۆي باركەن ئەلۋەتتە ئەك ئىچكىرسىدىكى بولىدۇدە ـــ دىدىمەن ئەك ئىچكىردىكى بىر ئۆينى شەرەتلەپ.شۇنداق قىلىپ بىز ئاشۇ ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدۇق .مەن:

ـــ ناھايىتى جىددى تۇستە تۇرۇۋۇڭلار.ئۇچكىچە ساناپ ئىشىكنى ئاچىمەن .ئەگەر ئىچىدە موردىلارنى كۆرسەڭلار ئوققا تۇتۇڭلار ھە ـــ دىدىمدە ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتتۇم .

ـــ بىر، ئىككى، ئۈچ ـــ شۇنداق دەپلا ئىشىكنى تاتتىم.ئىشىك ئېچىلدى .ئەمما تىمتاس ئىدى .بۇيەر ھەقىقەتەن ئۇزۇن بىر تونىل ئىدى .كەڭلىكىمۇ 30مېتىرچە كىلەتتى .ئىچى سەل قاراڭغۇ بۇلۇپ قارشى تەرەپتىكى يورۇقلۇقنى غۇۋا كۆرەلىگەنىدۇق .بۇيەردە نە موردا بولسۇن؟

ـــ ھەي! بۇ يەردە ھىچ موردا يوققۇ؟ ـــ دىدى ئادىل .

ـــ بالدۇر قارار چىقارما؟ ئىچىگە كىرگەندە تامنى تىشىپ چىقامدۇ تېخى ـــ دىدى ئىم. شۇنداق قىلىپ بىز بۇ تونىلغا كىردۇق .قول چىراق بىلەن ئەتراپنى يۇرۇتاتتۇق .كىرىپ ئۈچ مىتىر ماڭمايلا يىردە سۇنايلىنىپ ياتقان بىرمۇنچە جەسەتلەرنى كۆردۇق .قىززىق يېرى شۇكى جەسەتلەر قۇرۇپ كەتمىگەن بۇلۇپ بەزىللىرىنىڭ قولى،بەزىللىرنىڭ پۇتى رىيەنە بەزىللىرنىڭ كاللىسى چانىۋېتىلگەنىدى .يەنە بەزىللىرنىڭ يۈز تېرىسى شىلىۋېلىنغا

بۇلۇپ ناھايىتى ئىچىنىشلىق ھالەتتە ياتاتتى .بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ئىدى .بىز بۇلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ مېڭىۋاتاتتۇق .شۇ ئەسنادا ئادىلنىڭ ۋارقىرىشىنى ئاڭلاپ كەينىمگە قاردىم .ئادىلنى بىر مۇردا تۇتىۋالغانىدى .«پاك»قىلغان ئاۋاز بىلەن تەك مۇردىنىڭ پىشانىسىگە ئوق تەگدى .ئۇنىڭ پىشانىسى چۇۋۇلۇپ كەتكەن بۇلۇپ قانلار ئادىلنى بويىغانىدى .ئوقنى ئىمىن ئاتقانىدى .ئەتراپقا قارسام يەردە ياتقان بۇ مۇردىلار بىربىرلەپ ئورنىدىن تۇرۇشىۋاتاتتى .بۇ مۇردىلار شۇنچىلىك جىق بۇلۇپ ھازىر بىز مۇردىلارنىڭ قورشاۋ ئاستىدا قالغانىدۇق .

ــ ئاغىنىلەر! قېنى بىر بىرمىزگە كەينىمىزنى قىلىپ چەمبەر تۈزەپ ئوق ئاتايلى .ئوق ئاتقاچ قارشى تەرەپكە ئىلگىرلەيلى .ــ دىدىمەن .بۇ مۇردىلارمۇ ئادەمنىڭ قوققىسىنى كەلتۈرگىدەك ئاۋاز چىقىرىپ بىزگە قاراپ كىلىۋاتاتتى . شۇنداق قىلىپ بىز مۇردىلارغا ئوق چىقىرىشقا باشلىدۇق .ئاتە ئات بۇ مۇردىلارنىڭ ئاخىرى تۈگەي دىمەيتتى .بىزنىڭمۇ ئالدىغا ئىلگىرلىشىمىز قېيىنغا توختاۋاتتى .مەنمۇ بۇ دەلدەڭشىپ تۇردىغان مۇردىلارغا ئوق ئېتىۋاتتىم .بەزىللىرىنىڭ پىشانىسىگە تەگكۈزسەم بەزىللىرىنىڭكىگە تەككۈزەلمەيۋاتتىم .ئارىمىزدا ئىمىن دەل جايىغا تەككۈزۈپ ئېتىۋاتتى .مۇردىلار بىزگە قاراپ كەلمەكتە ئىدى .شۇ چاغدا مىنىڭ ئوقۇم تۈگەپ قالدى .

ــ ئاغىنىلەر مىنى قوغداپ تۇرۇڭلار .ئوقۇم تۈگىدى .ئوق

قاچىلىۋالاي .ــــ دىدىمدە ئىككەيلەننىڭ ئارىسىغا قىسىلدىم .ئالدىراشچىلىقتا بەك جىددىيلىشىپ قېلىۋاتتىم .قولۇم تىترەپ سومكامدىن داق قىلىپ بىز قەلئەگە كىرىپ تۇنجى خەتەرنى يېڭىپ چىقتۇق .
ــــ ۋاييەي نىمداق سېسىق بۇ موردىلارنىڭ قېنى ــــ دىدى ئىمىن بۇرنىنى تۇتۇپ .
ــــ شۇنى دىگىنە كىينىلىرىمگىمۇ چاچراپ كەتتى قانلىرى ــــ دىدى ئادىل . بىز شۇ پاراڭلار بىلەن پەلەمپەيدىن چىقىۋاتتۇق .پەلەمپەي ناھايىتى ھەشەمەت بولۇپ ھەم بەك چوڭ ھەم بەك ئۇزۇن ئىدى .بىز ئىككىنجى قەۋەتكە چىقتۇق .بۇ قەۋەت ئۇزۇن كارىدور بولۇپ مەن چۈشۈمدە ئەرۋاھلارنى تىرىلدۈرگەن قەۋەتكە ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى .
 بۇ قەۋەت مەن چۈشۈمدە كۆرگەنگە ئوپمۇ ئوخشاشكەن .ــــ دىدىمەن .
ــــ ھەي بولدى ماڭايلى ئوخشاش بولسا بوپتۇ ــــ دىدى ئادىل .مەن چۈشۈمدە مۇشۇيەردىن تېپىۋالغان ھېلىقى زەنجىر بار بولىشى مۇكىن دەپ ئويلىغانىدىم .
ــــ سىلەر مۇشۇيەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار.ــــ دىدىمدە بۇ قەۋەتتىكى كارىدۇرغا چىقتىم .
ــــ توختا، مەنمۇ سەن بىلەن بىللە باراي ــــ دىدى ئىمىن يېنىمغا كىلىپ . ئادىل:

ــــ ۋايجان، نىمە بار ئۇيەردە دەيمەن ــــ دىگىنىچە پەلەمپەيدە تۇرۇپ قالدى.مەن چۆشۈمدە شۇ زەنجىرنى تاپقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم.بىراق ئۆيدە ھىچنىمە يوق ئىدى.بەلكىم ئورنى ئالماشقاندۇ.چۈشۈم ئەمەسمۇ دەپ ئويلاپ ھەربىر ئۆيگە بىر قېتىم.كىرىپ چىقماقچى بولدۇم.

ــــ بۆلۈنۈپ كىرەيلى.بىرە ئۆيدە بىردانە زەنجىر بولسا ئېلىپ چىققىن. ــ دىدىمەن.شۇنداق قىلىپ بىز ئۇ زەمجىرنى ئىزدەپ ھەربىر ئۆيگە كىرىپ چىقتۇق.تاكى مەن ئەرۋاھلارنى تىرىلدۈرگەن ھېلىقى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگۈچە زەنجىرنى تاپالمىدۇق.ئەڭ ئاخىرقى ئۈمۈد بىلەن بۇ ئىشىكنى ئاچتۇق.ئۆي باشقىلىرغا قارىغاندا خېلى يوغان بولۇپ تورۇستىن يەرگىچە بىر يىپ ئېسىلغاندى.يىپقا بىر زەنجىر ئېسىلغان بولۇپ بۇ زەنجىر دەل مەن چۈشۈمدە كۆرگەن زەنجىر شۇ ئىدى.مەن زەنجىرنى تارتىۋىدىم بۇ ئۈزۈن يىپمۇ بىللە ئۈزۈلدى.شۇ ئەسنادا يىپ ئېسىلغان جايدىن كۆك رەڭلىك تۈتەك چىقىشقا باشلىدى.دىمەك بىز ھازىر تۇزاققا چۈشكەنىدۇق.....

## 9 ـ قىسىم:يەر ئاستى شەھىرىگە كىرىش

دىمەك بىز ئەرۋاھلارنىڭ تۇزىقىغا چۈشكەنىدۇق.شۇ ئەسنادا بىزكىرگەن ئىشىك تاقىلىپ قالدى.تۆت تەرەپتىكى تامدىن نۇرغۇن كامار ئېچىلىپ كامارلىن ئوقيا ئوقلىرى بىزگە قارىتىلدى.تورۇستىمۇ ھەرە چىسىدەك ئۇچلۇق تاشلىق سىمنۇت تاشلار ئاستا پەسكە چۈشىۋاتتى.ئۆيىنىڭ ئەڭ ئىچكىرسىدە بىر شام بولۇپ شامنىڭ ئۈستىدىن بىر تانا بارئىدى.تانىڭ بىر ئۇچى تامغا يەنە بىر ئۇچى تورۇسقا قىستۇرۇلغانىدى.مەن:

ــ ئەھۋال خەتەرلىك، ئاۋۇ تانىنى تارتىپ چىقىرۋىتەيلى ــ دىدىمدە تانىنىڭ يىنىغا باردىم.ئىككىمىز تورۇسقا ئېسىلغان تەرپىنى كۈچەپ تارتىۋىدۇق يىپ بىلەن بىللە تورۇستىكى بۇ ئۇچلۇق ھەرە چىشلىق تاشلارمۇ تەڭ چۈشۈشكە باشلىدى.قۇيۇپ بىرۋىدۇق بۇرۇنقىدەك ئاستا چۈشىۋاتتى.

ــ ھەي بۇنى تارتساق بولمىغۇدەك ــ دىدى ئىن.

ــ ئۇھ بۇداغا شۈكرى تام تەرەپنى تارتماپتىمىز بولمىسا ئوقيا بىزنى قىيما قىلىۋىتەكەن. ــ دىدىممەن.ھازىر قانداق قىلىشنى بىلمەيتتۇق.ئۆلىمىز يىنىمىزدىلا ئىدى.ئەگەر تورۇستىكى تاشلار كىلىپ بۇ يىپقا تىگىشسىلا ئوقيا ئېتىلىپ كىتەتتى.مەن:

ــ قارا بۇ شامغا. شامغا ئوت يىقىلسا تانىنى ئۈزۋىتىدۇ.زۇنىڭ بىلەن بۇمۇ توختايدۇ ــ دىدىمدە قىلىچنى چىقىرىپ تانىغا كۈچەپ ئۇردۇم.بۇ ئۇرشۇم بىلەن بىزدىن 5مىتىر نېرىدىكى تامداكى ئوقيالار

ئېتىلىپ ئوت يېقىلدى .تورۇستىكى تاشلارمۇ چۈشۈپ كەتكەندى .

— ھەي ئۇنداق قىلساق بولمىغۇدەك ھېلىمۇ ئوقيا ئېشىك يېنىدىن تەرتىپ بىلەن ئېتىلدىكەن .تاس قالدۇق ئۆلگىلى — دىدى ئىمىن .ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا ناھايىتى جىددىيلىشىۋاتاتتى .

— ئوت ياقمىساق بولمىغۇدەك — دىدى ئىمىن .شۇنداق قىلىپ مەن سومكامدىن چاقماقنى چىقاردىمدە شامغا ئوت ياقتىم .بىراق شامنىڭ پىلىكى كۆيەي دىمەيتتى .

— ئاھ خۇدا! بۇ شام نىمىشقا كۆيمەيدىغاندۇ؟ — دىدىمەن .بىز بۇيەردە ئۆلۈپ كېتەرمىزمۇ؟ تورۇستىكى ئۇچلۇق تاشلارمۇ يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. شۇ ئەسنادا دادامنىڭ «سەرەڭگەنى نىمىشقا سېلىپ قويغانلىقىمنى بىلگەنگە قەدەر چاقماق ئىشلەتكىن، سەرەڭگەنى ياخشى ساقلاپ قوي»دىگەن سۆزى ئېسىمگە كەلدىدە سومكامدىن ئاختۇرۇپ سەرەڭگىنى تاپتىم .جىددىيچىلىك ئىچىدە قۇلۇم كالۋالىشىپ ئالدىرغانچە سەرەڭگىنىمۇ تۇتاشتۇرالمايۋاتتىم .

— ئەكىلە مەن قىلاي — ئىمىن شۇنداق دىگىنىچە قۇلۇمدىن سەرەڭگىنى ئالدىدە يېقىپ شامغا تەگكۈزدى .شامىمۇ شۇئان تۇتاشتى .جېنىم دادام ھېلىمۇ سەرەڭگە سېلىپ قويۇپتىكەن دىدىم ئىچىدە .ئالدىرغانچە شامىمۇ ئاستا كۆيۋاتتى .شام ئوتىنىڭ تەسىرىدە تانىمۇ ئېرىۋاتتى . ئۈستىدىكى تاشلار بېشىمىزغىچە كەلدى .تاشلار تانىغا تەگىشكە بەش سانتا قالغاندا تانا ئۆزۈلۈپ ئۆز ئۇچى بار

تەرەپكە كىرىپ كەتتى.ئەسلى تانا ئىككى تەرەپكە تارتىشىپ تۇرغان بۇلۇپ تانىنى تارتسا توزاق قوزغۇلىدىكەن.ئىشىكمۇ ئېچىلدى.بىز ئىشىكتىن چىقتۇق.بۇ ئەرۋاھلارمۇ بو توزاقنى ھەجەپ ئەتراپلىق قۇرۇپتۇ.

ــ ھەي ساڭا نەدىن كەلگەن ئەقىل بۇ؟ ــ دىدى ئىمىن ھەيران بۇلۇپ. مەن:

ــ دادام سەرەڭگىنى مۇھىم دەپ سېپ قۇيۇپتىكەن ئىشلىتىپ باقايلى دىدىمشۇ ــ دىدىم.ئادىل پەلەمپەيدە ئېغىنى يكلەپ ئولتۇرغانىكەن.مەن بېرىپ مۆرىسگە ئۇردۇمدە:

ــ ھەي! نىمىگە ئېڭىكىڭنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭ.ــ دىدىم.ئۇ:

ــ ئا ئاي.نىمدا ئەدەم قورقىتىسە، مۆرىۋىتىپ كەلسەڭ بولمامدۇ ــ دىدى ئاچچىقلاپ.

ــ ھە نىمىنى ىيال قىلۋاتقان بۇنچە ئاياغ تىۋىشىنىمۇ تۇيمۇغۇدەك.دىدى ئىمىن.

ــ بولدىلا يولىمىزغا ماڭايلى.نىمىش قىلدىڭلا ئۇيەدە شۇنچە ئۇزۇن ــ دىدى ئادىل.

ــ ئەزرائىل بىلەن ئېلىشتۇق.تاس قالدۇق.ئىككى قېتىم جېنىمىزدىن ئايرىلغىلى. ــ دىدىمەن.

ــ نىمە؟ ئەرۋاھ بامىكەن؟

ــ ياق، شۇ ئەرۋاھلار قىلتاق قۇرۇپتىكەن.ئولجىسى بوغىلى تاس

قالدۇق .

ــــ نىمىشقا بارغان ئەمسە؟

ــــ شۇ بۇنىڭ ئۇچۇن ــــ دىدىمدە زەنجىرنى چىقاردىم .ئۇ:

ــــ ۋاھ! ھەقەپ چىرايلىق زەنجىركىنا؟ قىز دوستۇمغا سوغا قىلاي دىدىڭما؟ ــــ دىدى ئۇ زەنجىرنى قولىغا ئېلىپ .ــــ قانداق بىلدىڭ ئۇيەدە زەنجىر بارلىغىنى؟

ــــ چۈشۈمدە كۆرگەنىدىم . ــــ دىدىمەن .

ــ نىمە؟ چۈشۈڭدىما؟ ئالدىن بىلەر بوپ كىتىپسەندە موللا تاپقاق .

ــــ دىدى ئادىل زەنجىرنى ماڭا بەرگەچ كۈلۈپ .

بىز شۇنداق قىلىپ پەلەمپەيگە چىقتۇق . 3 ـ قەۋەتكە چىققاندا بۇ قەۋەت شۇنچىلىك جىمجىت بۇلۇپ شۇنچە مۇدھىش مۇھىتتا ئىدى .شۇ ئەسنادا سوغۇق بىر شامال چىقىپ بەدىنىمىزنى تىكەنلەشتۈرۋەتتى .

ــــ تېزراق ماڭايلى بۇ قەۋەتمۇ خەتەر بىلەن تولۇپتۇ .ــــ دىدى ئىن .شۇنساق قىلىپ بىز پەلەمپەيدە يۇگرەپ 20 ـ قەۋەتكە چىقماقچى بولدۇق .يۇگرەپ ھەاسىراپ 10 ـ قەۋەتكە چىقاي دەپ قالغاندۇ بۇ قەۋەتتىن «قۇتقۇزۇڭلار! ئادەم بامۇ؟ مىنى قۇتقۇزۋېلىڭلار! »دىگەن ئاۋاز كىلىشكە باشلىدى .

ــــ ئاڭلاڭلار باللا! بىرسى قۇتقۇزۇڭلار دەۋاتامدۇ نىمە؟ ــــ دىدىمەن .ھەممىز بىردەم سۈكۈتتىب تۇرۇپ قۇلاق سالغاندىن كىيىن ھەقىقەتەن بۇ ئاۋازنىڭ 10 ـ قەۋەتتىن كەلگەنلىكىنى

ھېس قىلدۇق.

ــــ ئاڭلاڭلار! تېخىمۇ زەن قويۇپ ئاڭلارلار! بۇ ئاۋاز ئەلىنىڭ ئاۋازىدەك قىلامدۇ نىمە؟ ــ دىدى ئادىل. بىز تېخىمۇ زەن قويۇپ ئاڭلاپ بۇ ئاۋازنىڭ راسلا ئەلىنىڭ ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۇردۇق.

ــــ ئەلىنى راسلا ئەرۋاھلارنىڭ ئېلىپ كەتكىنىنى بىلەتتىم.يۈرۈڭلا ئۇنى قۇتۇلدۇرايلى.ــــ دىدى ئادىل.مەن:

ــــ توختا! خاتېرىدە بۇ قەۋەتنىڭ ئالدىدىنمۇ ھەزىر ئەيلەڭلا! يۈگرەپ ئۆتۈپ كىتىڭلا دەپتۇ. راس بەك خەتەرلىك بولىشى مۇمكىن. ــــ دىدىمەن ئەندىشە ئىچىدە.

ــــ ئۇنداقتا دوستىمىزنى قۇتۇلدارماي كىتىپ قالامدۇق.بىز بىللە كەلگەن. بىللە كىتىمىز.ــــ دىدى ئادىل.توغرا.بىز بىللە كەلدۇق.ئەلۋەتتە. بىللە كىتىشىمىز لازىم.

ــــ ئۇنداقتا ئېھتىيات قىلايلى.ــــ دىدىمدە 10 ـ قەۋەتكە چىقتۇق.بۇيەر شۇنچىلىك ئازادە كەڭ بولۇپ بىراق ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق ئىدى.تاملىردا بىراۋلارنىڭ قانلىرى، ئۆتكۈر تىرناق بىلەن تاتىلانغا ئىزلار تۇراتتى.بۇلۇڭ بۇلۇڭلاردا ئۆمۈچۈك تورلىرى بولۇپ ئۆمۈچۈكلەرنىڭ مىدىراپ تورلىرنى لىڭشىتىشلىرى خۇددى شۇياقتا ئەرۋاھ باردەك تۇيغۇ بېرىپ بىزنىڭ قورقۇنچىمىزغا ۋەھىمە قوشاتتى. بىز ئاستا ئىچكىرلەپ كىرۋاتتۇق.ئەلىنىڭ ئاۋازىمۇ ئەڭ ئىچكىردىن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى.بىز بۇ قەۋەتنىڭ ئەڭ ئىچكىرسىگىمۇ كەلدۇق.بىراق بۇيەردە بىرتاللا ئىشىك بار بولۇپ

ئەلىنىڭ ئاۋازى بۆيەردىن چىقماي ئىشىك بار تەرەپتىن 10مېتىر يىراقراقتىكى تامنىڭ كەينىدىن چىقىۋاتتى .

ــــ بەلكىم بۇ ئۆي شۇنداق چوڭ بولىشى مۇمكىن.كىرىپ باقايلى .ــــ دېدى ئىمىن .شۇنداق قىلىپ ئادىل ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئاشتى .قولىمىزدا قىلىچ ، خەنجەر، بىلىمىزدە تاپانچە بار ئىدى .ئۆي ئىچى شۇنداق يورۇق بولۇپ تۆت تامدا بىردىن مەشئەل بار ئىدى .ئۆي ئىچىدە بىردانە ساندۇقتىن بىلەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى .بىز بۆيەرگە كەلگەندە ئەلىنىڭ ئاۋازىمۇ جىمىپ قالدى .

ــــ ساندۇقنى ئېچىپ باقايلى . ــــ دېدى ئىمىن . بىز ساندۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ ساندۇقنىڭ ھېچ تارتىدىغان يېرىنى تاپالمىدۇق .شۇ چاغدا چۈشۈمدىكى ساندۇقنى ئاچقان ئۇسۇل ئېسىمگە كەلدىدە ساندۇقنىڭ ئۈستىگە قارىدىم .ساندۇقنىڭ ئۈستىدە ھەقىقەتەن مەندىكى خىرۇستال تاش شەكىلدە بىر بوشلۇق تۇراتتى .مەن تاشنى چىقاردىمدە شۇ بوشلۇققا قويدۇم.قۇيىشىمغىلا ساندۇق ئېچىلدى .ساندۇق ئىچىدە بىر ئەر جەسەت بولۇپ قۇرۇپ كەتمىگەن نۇددى تىرىك ئادەمدەكلا ئىدى . قولىدا بىرتال كۆك رەڭلىك تاش بولۇپ مەندىكى خىرۇستال تاش بىلەن ئوخشاش ئىدى .مەن ئۇنى قولىدىن تارتىپ ئېلىۋالدىم .ئۇنى ئېلىۋېلىشىمغىلا بۇ جەسەتنىڭ گۆشلىرى توزۇپ سۆڭەكلا قالدى .

ــــ نىمىشقا ئېلىۋالىسەن؟ ــ دېدى ئادىل .

ــــ بەلكىم لازىمى بولار.ــــ دېدىمەن .شۇنداق قىلىپ بىز بۇ

ئۆيدىن چىقىپ كەتتۇق.بۇ ئۆيدىن چىقىشىمىزغىلا ئەلىنىڭ «قۇتقۇزۇڭلار»دىگەن ئاۋازى چىقىشقا باشلىدى. ئۇ ئاۋاز تامنىڭ ئۇ تەرپىدىن كىلىۋاتتى.

ـــ ئەلى! سەن قەيەردە؟ جاۋاپ بەر! ـــ دەپ ۋاقىردى ئادىل.ئۇنىڭ گىپىگە جاۋابەن:

ـــ مىنى قۇتقۇزۇڭلار مەن بۇيەردە! ـــ دىگەن گەپ كەلدى.

ـــ بۇيەرگە قەنداق كىرمىز! ـــ دەپ ۋاقىردى ئادىل.

ـــ سول تەرەپتىكى ئۆيدە بىرساندۇق بار! ساندۇقتا بىر جەسەتنىڭ قولىدا تاش بار. تاشنى ئېلىپ ساندۇقنىڭ ئۈستىدىكى شۇ تاش شەكىلدىكى بوش يەرگە قۇيۇپ قويساڭلار مەن چىقىمەن.ـــ دىدى ئەلى.بۇ گىپى مىنى سەل ئەجەپلەندۇردى.

ـــ بولە ئاۋۇ تاشنى ئا ساندۇققا قۇيايلى.ـــ دىدى ئادىل.

ـــ ياق توختا! ـ دىدى ئىمىن.ـــ ئويلاپ باقمامسەن.ئۇ ساندۇقنىڭ تۈپىگە قۇيۇپ قويساڭلار مەن چىقىمەن دەۋاتىدۇ.بۇ ئەلى ئەمەس ئاشۇ جەسەتمۇ تېخى.

ـــ ئىمىن توغرا دەيدۇ.ـــ دىدىمەن ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ.ئادىل:

ـــ سىلەنىڭ ئەزەلدىن ئەلى بىلەن كارىڭلا بۇلۇپ باقمىدى.ئۇ ئەلىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىمىدىڭمۇ تېز بول تاشنى ماڭا بەر ـــ دىدى ئادىل ماڭا ۋارقىراپ.مەن ئامالسىز تاشنى ئۇنىڭغا بەردىم.ئۇ ساندۇق بار ئۆيگە كىرىپ كەتتى.بىزمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن

ئەگىشىپ كىردۇق.ئادىل تاشنى ساندۇق ئۈستىگە قويۇۋىدى.تاشتىن كۈچلۈك بىر نۇر چىقتىدە بايىقى جەسەت ئەسلىگە كېلۋاتاتتى.ئۇ پۈتۈنلەي ئەسلىگە كىلىپ كۆزىنى ئاشتى.ئادىلمۇ قورقۇپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى.جەسەت ئورنىدى تۇرۇپ ساندۇقتىن چىقتىدە:

ــــ رەھمەت! مانا مەن چىقتىم.ــ دەپ بىزگە قاراپ سوغۇق كۈلۈمسىردى .

ــــ سە...سە..سەن...سەن زا..زادى كىمۇ؟ ــ دىدى ئىمىن قورقۇنۇچ ئىچىدە .

ــ ھا ھا ھا!!!! .ــ ئۇ شۇنداق رەزىللەرچە كۈلەىنچە يۇقۇرغا كۆتۈرلۈپ چاقماق تېزلىكىدە ئۇچۇپ ئۆيدىن چىقىپ غايىپ بولدى .

ــــ ئوبدان بولدىمۇ؟ ئۇ ئەلى ئىدىغۇ؟ بىزنىڭ ئەنسىرشىمىز يوغرىمىكەن .ــــ دىدىمەن ئادىلغا كايىپ .ئادىل:

ــ بوپتۇ خاتالىق مەندە.لىكىن بىزگە ھىچ ئىش بولمىدىغۇ مانا ــ دىدى .

ــ ھىچ ئىش بولمىدىما! قارا ئۇ ئەگەر باشقا تۈردىكى ئالۋاستى بولسىچۇ.كىيىن بىزنى ئۆلتۈرەمدۇ تېخى.تەييار ئۆلگەن مەخلۇقنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويدۇق . ــ دىدىمەن .

ــــ بولدى قىلىڭلار! بولغۇلۇق بولدى.ئەمدى تەگشكىنىڭلارنىڭ نىمە پايدىسى.مۇھىمى ئۇ بىزگە چېقىلمىدى.بۇيەردىن تېزراق

كىتىۋالايلق.ــ دىدى ئىمىن. شۇنداق قىلىپ بىز بۇيەردىن چىقتۇق.10 ـ قەۋەتتىن چىقىپ پەلەم بار يەرگە كەلدۇق.

ــ 10 ـ قەۋەتنى خەتەرلىك يىقىن كەلمەك دەپ ئەسكەرتىش بىرىپتۇ تىخى خاتىرىدە.نىرى خەتەرلىك ھىچ ئىش بولمىدىغۇ ئەنە ــ دىدى ئادىل غۇدراپ.ئۇنىڭ بۇ گىپى ئاچچىقىمنى كەلتۇرۇپ پىشانەمدىن تۇتۇن چىقىرۋەتتى.

ــ خەتەرلىك ئەمەسمىكەن.بىر ئالۋاستىنىڭ چىقىشى خەتەرلىك ئەمەسمىكەن.ئۇ بىزنى ئۆلتۈرۋىتىشى مۇمكىن ئىدى.ــ دىدىمەن ۋارقىراپ.

ــ بىردەم بولدى قىلىشاڭلار قانداق! ــ دەپ ۋارقىردى ئىمىن.ــ كىچىك بالىمۇ ھەقاسىڭلار! بولدى بەس! يىتەر ئەمدى.ماڭايلى.

مەنمۇ ئىمىننىڭ بۇ گىپىدىن جىمىپ قالدىم.بۇ قىتىم ئۇنىڭ قىلغان بىخەستىلىكى ھەقىقەتەن ئاچچىقىمنى كەلتۈرگەنىدى.مۇنداقچە ئىيتقاندا ئادىلنىڭ «سىلەرنىڭ ئەزەلدىن ئەلى بىلەن كارىڭلار بۇلۇپ باقمىدى» دىگەن سۆزىگە قوسۇقۇم كۆپكەنىدى. بىز شۇنداق قىلىپ 15 ـ قەۋەتكىمۇ چىقتۇق.15 ـ قەۋەتتە نۇرغۇن ئالتۇن تەڭگىلەر نۇر چىچىپ تۇراتتى.بۇنى كۆرگەن ئادىلنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.ھەتتا مەنمۇ بۇنچىلىك كۆپ ئالتۇننى كۆرۈپ باقمىغاچقا ئالتۇنغا قاراپ تۇرۇپ قاپتىمەن.

ــ ھەي! ھەي! ھەي! مىڭىڭلار دەيمەن.ــ دىدى ئىمىن بىزنى

تارتىپ . ئادىل:

ـــ قاراڭلار! نىمەدىگەن كۆپ مال دۇنيا بۇ! بىر ئۆمۈر خەجلىسەكمۇ خەجلەپ بۇلالمايمىز .ئازراق ئېلىۋالايلى . ـــ دىدى .مەن:

ـــ يەنە نىم بولدۇك .بايىقى بىخەستىلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ بۇمۇ ئەرۋاھلارنىڭ قىلتىقى خاتىرىدە ئالتۇنلارغا چېقىلماڭلار .دىيىلگەن .ـــ دىدىم كايىپ .

ـــ ھە دىسە خاتىرىدە مۇندا دىيىلگەن ،ئاندا دىيىلگەن دەيدىكەنسىز .ئۇ سىنىڭ ماياككىڭدەك (ماياك) . ـــ دىدى ئۇ .

ـــ ھازىر ھەقىقەتەن خاتىرە بىزنىڭ ماياكىمىز.ـــ دىدى ئىمىن .بولدى ماڭايلى .ـــ دىدى .شۇنىڭ بىلەن بىز بۇيەردىنمۇ ئايرىلدۇق .بۇ قەۋەتتىن تاكى 20 ـ قەۋەتكە چىققۇچە ھەممىسىدە ئالتۇن چېچىلغان بۇلۇپ چۇقۇم بۇمۇ مەرۋاھلارنىڭ قىلتىقى بولىشى مۇمكى . ئىدى .بىز 20 ـ قەۋەتكە چىقتۇق .بۇيەر ھەقىقەتەن بىر خان ئوردىسىدەك ئىدى .بۇيەرنىڭ ئىچكىرسىدە ئالتۇن تەخت بۇلۇپ ئىككى يېنىدا كىچىك تەختلەر تۇراتتى .ئەمما بۇيەردە ئىنسۇ جىن يوق ئىدى.مەن تەختنىڭ ئۈستىدىكى تورۇسقا قارىدىم.بۇيەردە ھەقىقەتەن بىر قىزىل ئالماس نۇر چېچىپ تۇۋاتتى .بۇ دەل ھېلىقى سەلىمنىڭ قىياپىتىگە كىرۋالغان قان شورىغۇچى مەخلۇقنىڭ تەلەپ قىلغان تېشى شۇ ئىدى . بۇيەرنىڭ تاملىرمۇ ئالماستەك پارقىراپ تۇراتتى.بىز بۇيەردىن قۇدۇقنى ئىزدەۋاتتۇق .

ــــ هەي بۇياقتا كىلىۋاتقان قۇدۇق بۇيەردىكەن .ــــ دىدى تەستىنىڭ كەينىدە تۇرغان ئىمىن. بىز دەرھال ئىمىننىڭ يېنىغا باردۇق.بۇيەردە ھەقىقەتەن بىر قۇدۇق بار ئىدى.مەن ئەتراپتىن بىر كىچىك تاشنى تاپتىمدە قۇدۇققا تاشلىدىم. قۇدۇق خېلى چوڭقۇر بولسا كېرەك ئۇزۇندىن كىيىن تاشنىڭ يەرگە چۈشكەنلىك ئاۋازى چىقتى. مەن:

ــــ قۇدۇق بەك چوڭقۇركەن، قانداق چۈشسەك بولا ــــ دىدىم.

ــــ 20 ـ قەۋەتتىن يەر ئاستىغا تۇتىشىدىغان قۇدۇق ئەلۋەتتە چوڭقۇر بولىدۇدە ــــ دىدى ئىمىن.

ـــــ مەن بىر ئارغامچا ئېلىۋالغان.مەخسۇس تاغقا يامىشىدىغاندا ئىشلىتىدىغان.بەك قۇلاي.ــــ دىدىمدە سومكامدىن ئارغامچىنى چىقاردىم. ــــ بۇ ئارغامچاك يەتمەسلىكى مۇمكىن، 20 ـ قەۋەت ئەمەسمۇ! شۇڭا مىنىڭ ئارغامچام بىلەن ئۇلارپ پەسكە چۈشەيلى.ــــ دىدى ئىمىن.

ــــ مەنمۇ ئارغامچا ئېلىۋالغان.بۇ ئارغامچە بەك چىڭ.ــــ دىدى ئادىل سومكىسىدىن بىر ئارغامچىنى چىقىرىپ.شۇنداق قىلىپ بىز ئۈچ ئارغامچىنى ئۇلاپ مۇزۇن قىلدۇق.ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى بۇيەردىكى بىر تۈۋرۈككە باغلىدۇق.شۇنىڭ بىلەن بىربىرلەپ چۈشمەكچى بولدۇق. 1 ـ بولۇپ ئادىل چۈشتى.2 ـ بولۇپ مەن چۈشمەكچى بولدۇم.ئارغامچىنى بىلىمگە چىگىپ قۇدۇققا چۈشتۇم.ئاستا سېيرىلىپ پەسكە چۈشۈۋاتاتتىم.تاغقا

يامىشىدقىغامدا ئىشلىتىدىغان ئارغامچا بولغاچ بەلگە مەھكەم باغلىۋالساق بەك قولاي ئىدى.مەن قۇدۇق ئاستىغا چۈشكەنچە قارەڭغۇ بۇلۇۋاتتى.مەن يانجۇقۇمدىن كىچىك قولچىراقنى ئالدىمدە ياندۇرۇدۇم.ياندۇرۇپلا قورققىنىمدىن ۋارقىرۋەتتىم.چۈنكى قۇدۇق تاملىرىدا ئادەمنى قورقۇتقۇدەك قورقۇنۇشلۇق ئادەم سۈرەتلىرى تۇراتتى.رەسىملەرنىڭ بەزىللىرى يىرىمى چىپىلغان كىشلەر بولسا بەزىللىرى ئەرۋاھلار تەرپىدىن يۈركى سۇغۇرۇلغان كىشلەر ئىدى.

ـــ بىرە ئىش يوقتۇ! ـــ دىدى ئىمىن ۋارقىرغىنىمنى ئاڭلاپ.

ـــ ھىچ ئىش يوق.ـــ مەن شۇنداق دەپ قويغۇنۇمچە پەسكە چۈشىۋاتتىم. ئاخىرى يەرەىمۇ چۈشىۋالدىم.ئادىل قولچىراق تۇتۇپ تۇرغانىكەن.20ـ قەۋەتتىن يەر ئاستىغىچە دىگەب بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنچىلىك دەرىجىدە چۇڭقۇر ئەمەسكەن بۇ قۇدۇق. شۇنىڭ بىلەن كەينىمىزدىن ئىمىنمۇ چۈشۈپ كەلدى.قارساق ئالدىمىزدا يەنە پەسكە چۈشىدىغان پەلەمپەي بۇلۇپ ئەمدى پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشۈشكە توغرا كىلەتتى.ئەمدى بىز مانا ھەقىقىي تۇردە يەر ئاستى شەھىرىگە قەدەم قويدۇق.....

## 10 ـ قىسىم:يىغا ئاۋازى

قۇدۇقتىن پەسكە چۈشتۇق. ئالدىمىزدا بىر پەسكە چۈشىدىغان پەلەمپەي تۇراتتى. بىز پەسكە پەلەمپەي ئارقىلىق يەنە پەسكە چۈشتۇق.بۇ پەلەمپەي ئۇنچە ئۇزۇن ئەمەس ئىدى.پەسكە چۈشكىنىمىزدە بىر ئاچا يولغا كەلگەنىدۇق.ئەتراپتىكى تاملاردا ئوخشاشلا مەشئەل قادالغانىدى.بۇ ئاچا يولدا ئۈچ يول بۇلۇپ بىرى تۈز ئۇدۇل يول، يەنە بىرى پەلەمپەي ئارقىلىق پەسكە چۈشىدىغان يول يەنە بىرى سەل تىكراك كەلگەن يول ئىدى.

ـــ هەي! ئەمدى قايسى يولغا ماقمىز؟ ـــ دىدى ئادىل.

ـــ خاتىرىدە بۇ توغۇرلۇق گەپ يېزىلىپتۇمۇ كۆرەپ باقمايمىزمۇ؟

ـــ دىدى ئىمىن. مەنمۇ بۇ يوللارغا قاراك قانداق قىلىشنى بىلەلمىگەنىدىم.ھەقىقەتەن خاتىرىنى ئوقۇۋشقا توغرا كىلەتتى.مەن خاتىرىنى ئېچىپ «يەر ئاستىدىكى قەدىمى شەھەر»دەپ بىر تىمىنى تاپتىم.شۇ ئارلىقتا شۇ تىمىنىك ئاستىغا يېزىلغان «ئەرۋاھ قەلئەسى ئاستىدىكى ئالتۇن شەھەر»دىگەن تىمىنىمۇ كۆرۈپ ھەيران قالدىم.

ـــ قاراڭلار! خاتىرىدە ئىككى شەھەر يېزىلىپتۇ.بۇيەردە يەنە باشقا يەر ئاستى شەھىرى بار ئىكەن.ـــ دىدىم مەن.ئادىل:

ـــ ۋايجان! تەھلىلىڭنى كىيىن قىلە مۇشۇ يەر ھەققىدىكىنى ئوقۇغىنا! ـــ دىدى.مەنمۇ «ئەرۋاھ قەلئەسى ئاستىدىكى ئالتۇن

شەھەر»دىگەن تىمىغا ماس بەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.خاتىرىدە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

بۇ شەھەرگە كىرگىنىڭىزدە ئەتراپىنىڭ پۈتۈنلەي ئالتۇن بىلەن تولغانلىقىنى كۆرىسىز.ھەتتا بەزى ئىمارەتلەرنىڭ تېمىمۇ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن.شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شەھەرنى «يەر ئاستىدىكى ئالتۇن شەھەر»دەپ ئاتىدىم.شەھەرگە مەن كىرگەنىمدە بەكلا قېينالغانىدىم. نەچچە قىلتاقلارغا چۈشتۈم.ئالتۇنلارغا چېقىلغىنىمدا قولۇمدىن ئايرىلدىم.شۇنىڭ ئۈچۈن بۇيەرگە كەلگىنىڭىزدە ھېچقانداق بىرنەرسىگە چېقىلماڭ.ئېلىپ كەلسىڭىز ئېلىپ كىتىڭ،بارنەرسىگە چېقىلماڭ.

بۇيەردە ھەركىسەلگە شىپا زۇمرەت شارقىراتمىسى بولۇپ، بۇ شارقىراتمىنىڭ سۈيىنى جاراھىتىڭىزگە سۈرسىڭىز شۇ ھامان ساقىيىدۇ. مەن خاتىرىنىڭ بېشىدىمۇ بۇ ھەقتە دىگەنىدىم.ئېچىپلا قالسىڭىز قىرىنىلىپ ئۆلۈپ كىتىسىز.

شەھەرنىڭ ھەر بىر ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە بەلگە سېلىپ قويدۇم.يەنى خاتا بەلگىسى قويۇلغان يەرگە كىرمەڭ، ئۇيەردە قىلتاق ياكى خەتەر بار. توغرا بەلگىسى ئۇرۇلغان يەردە خەتەر يوق، ئەمما مەندىن كىيىن ئەرۋاھلار ئۆزگەرتىۋەتكەن بولىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا بۇيەرگە كىلىپ قالغان بولسىڭىز ھەرگىز باشقا ئۆيلەرگە كىرىپ قاراپ يۈرمەڭ.ئەرۋاھلار ئۆي ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىز

ئۆيىنى مارىلىغانلارنى يامان كۆرىدۇ. ئىسىڭىزدە بولسۇنكى بۇيەرگە كىرگەندىن كىيىن چىقىپ كىتمەن دىسىڭىز كۇمۇش شەمشەرنى قولغا ئېلىڭ.

بۇيەردىن چىقىپ كىتىشىڭىز ئۇچۇن كۇمۇش شەمشەر لازىم بولىدۇ. ھەرقەدەمدە بىر خەتەر ئۇچرىشى مۇمكىن.كۇمۇش شەمشەرنى قولغا چۇشۇرگەن ۋاقتىڭىز سىزنىڭ ئەرۋاھلار بىلەن ھەقىقىي جەڭ قىلىدىغان ۋاقتىڭىزدۇر. كۇمۇش شەمشەرنى ئېلىپ بولغاندىن كىيىن شەمشەر قويۇلغان ئۆيدىن چىقىپ كىتىڭ.ئۆيدىن چىققىنىڭىزدا ئەتراپ قاراڭغۇ كۆرۈنسە ئۇنداقتا شەمشەرنى مەھكەم ساقلاڭ.ئەگەر ئەتراپ يورۇنقىدەك بولسا تۆۋەندىكى يول ئارقىلىق چاپسان چىقىپ كىتىڭ.

شەمشەر قويۇلغان ئۆيىسىن چىقىپ ئالدىڭىزغا تەخمىنەن 200مىتىرچە ماڭسىڭىز ئوڭ تەرەپتە بىر ئۆي بار.ئۆي كەپىگە ئوخشاش بىر ئېغىز.ئىشىكنى تۆت قېتىم چېكىپ بېقىڭ.ھىچقانداق ئىنكاس بولمىسا كىرىڭ.ئۆيدە بىر ساندۇق بۇلۇپ ساندۇقنى يۆتكىۋەتسىڭىز ئاستىغا چۈشىدىغان يول بار.پەسكە چۈشكەندىن كىيىن شۇ يولنى بويلاپ مېڭىۋەرسىڭىز سىز دەسلەپتە كەلگەن يەنى قەلئە ئىچىدىكى قدۇق ئارقىلىق چۈشكەن جايغا كېلىسىز. قۇدۇقتىن ئۇستىگە چىققاندىن كىيىن كۇمۇش شەمشەرنى تەخىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىنجىپ قويۇپ شۇ تەىقت ئۇستىدىكى تورۇسغا قادالغان قىزىل رەڭلىك خىرۇستال

تاشنى ئېلىۋېلىپ قۇدۇقتا قايتا چۈشۈك.ئىككىنجى قېتىم كىرەننىڭىزدە ئالدىڭىزغا ئۈچ ئاچا يول ئۇچرايدۇ.بۇنىڭ ئۈستىگە قارايدىغان تىك يول ئارقىلىق بۇيەردىن چىقىپ كىتەلەيسىز. ئىسىڭىزدە بولسۇن قۇدۇقتا ئىكىنجى قېتىم ئادەم چۈشسە يول ئۆزگىرىدۇ..

بۇ ھەقتە مۇشۇنچىلىك يېزىلغانىكەن. ئەگەر خاتېرىدە دىيىلگەندەك 2 ـ قېتىم قۇدۇقتا چۈشسە يول ئۆزگىرىدىغان ئىش بولسا دىمەك بىزنىڭ ئالدىمىزدا بىرى چۈشكەن گەپ.

ــــ ھەي! خاتېرىنىمۇ ئوقۇدۇق.ھازىر خەتەر بىلەن قۇتۇلۇش يولى ئېچىلدى.قانداق قىلىشنى ئويلىدىڭ.ــــ دىدى ئىمىن ماڭا. مەن:

ــــ پىلان بويىچە ئىش كۆرىمىز.يەر ئاستى شەھىرىگە كىرەيلى.ــــ دىدىم.

ــــ قارغاندا بىزنىڭ ئالدىمىزدا بىرى كىرگەن ئوخشايدۇ ھە ــــ دىدى ئادىل.

ــــ شۇنداق، بەلكىم ئەلى بولىشى مۇمكىن.ــــ دىدىمەن.

ــــ سەلىم بىر كىرىپتىكەنغۇ شۇ پېتى تۇرغان بولسىچۇ ــــ دىدى ئادىل.

ــــ شۇنداق.ئۇ بىر قېتىم ئەمەس ئىككى قېتىم كىرگەن.شۇڭا ئۇ بۇ ئىككىنقى قېتىم كىرگەندىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىلەلىدى.ــــ دىدىم. بىز پەسكە چۈشىدىغان يول ئارقىلىق. ئالتۇن شەھەرگە كىردۇق.ھەقىقەتەن بۇيەردىكى ئىمارەتلەر ئالتۇندىن ھەل

بىرىلگەن بۇلۇپ پارقىراپ تۇراتتى.كوچا كوچىلاردا دۈۋلەنگەن ئالتۇن تىللالار.بار ئىدى .شۇ ئەسنادا ئىمىن:

ـــ توختاڭلار! ئۈستىگە قاراپ بېقىڭلار! ـــ دېۋىدى ئۈستىگە قارىدۇق.ئۈستىمىزدە ئاسمان تۇراتتى.كۆپكۆك ئاسماندا ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى .

ـــ توغرا ئەمەسقۇ! ـــ دىدىمەن ھەيرانلىقىمنى باسالماي.ـــ بىز دىگەن يەر ئاستىغا چۈشتۇق.نەدىكى ئاسمان بۇ

ـــ توغرا! بۇ.. بۇمۇ ئەرۋاھلارنىڭ قىلتىقىنىڭ بىر قىسمىمۇ يە ـــ دىدى ئادىل .

ـــ ئۇنداق ئەمەس! بۇ ئاسمان ئەمەسكەن . قاراپ تۇرۇڭلا ھە ـ دىدى ئىمىن تاپانچىسىنى ئالغاچ.ئۇ تاپانچىنى ئېلىپ بىز ئاسمانغا ئوخشىتىۋاتقان بۇ تورۇسقا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئېتىۋىدى خۇددى ئەينەك چېقىلغاندەك ئاۋاز بىلەن سۇپسۈزۈك ئەينەكنىڭ پارچىللىرى يېنىمىزغا چۈشتى .

ـــ بۇ ئەينەككەن.ئەرۋاھلار بىر ئىشلانى قىلىپ ئاسمانغا ئوخشىتىپتۇ دە ـــ دىدىمەن .

ـــ شۇنداق! قارغاندا بۇلامۇ يورۇقلۇقنى خالايدىغان چېغى.ـــ دىدى ئىمىن .

شۇنداق قىلىپ بىز ھازىر قەلئە ئاستىدىكى شەھەرگە چۈشكەندۇق.بۇيەر ھەقىقەتەن بىر چوڭ شەھەر ئىدى. ھەممە ئىمارەتلەر پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇراتتى .

ـــ ھەي! شەھەرنىڭ ئىچكىرسى دىگەن ئوڭمۇ سولمۇ ياكى ئۇدۇلـمىزمۇ؟ ـــ دىدى ئادىل .

ـــ توغرا! بىز ھازىر قايسى تەرەپكە ماڭساق ئاندىن شەھەر ئىچكىرسىگە كىرەلەيمىز؟ ـ دىدى ئىمىنمۇ.مەن:

ـــ مىنىڭچە ئۇدۇل ماڭساق بولامىكىن.چۈنكى ئىمارەتلەر ئوڭ سول بۇلۇپ سىلىنىپتۇ.ئوتتۇر يول ئۇدۇلغا قاراپ سوزۇلغاندىكىن ئۇدۇل ماڭايلى.ـ دىدىم.شۇنىڭ بىلەن بىز يەر ئاستى شەھەردىكى سەپىرىمىزنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باستۇق.ئىئەتراپلارنىڭ ھەممىسى ئالتۇن بولغاچقىمىكىن ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ بېرىپ تۇتۇپ باققۇسىنى،ئىپلىشۋالغۇسىنى كەلتۈرەتتى .

ـــ بۇلار بەك بايكەن جۇمۇ؟ قارا ئاۋۇيەردە تۆكمە بۇلۇپ كىتىپتۇ ئالتۇنلا ـــ دىدى ئادىل.ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى بىرنەرسە كۆرۈپ باقمىغاندەك چاقناپ كەتكەنىدى.شۇ ئەسنادا قىرتلا قىپ بىرنەرسىگە دەسسىۋالدىم.شۇنىڭ بىلەن تەڭلا كۆڭلۈممۇ بىرقىسمىلا بۇلۇپ ۋەھىمىگە چۆمگەنىدى. مەن ئاستا پۇتۇمغا قاردىم. ئايىغىمنىڭ ئاستىدا بىر قارا نەرسە مىدىرلاپ تۇراتتى.مەن ئاستا پۇتۇمنى كۆتۈرۈپ قاردىم.كۆردۈمكى بۇ شۇنچىلىك بەتبەشرە بىر قۇرت ئىكەن.مەن ئۇنى دەسسىپ مىجىقنى چىقىرۋىتىپتىمەن.بۇ قۇرتمۇ ئادەمنىڭ قورقىقىسىنى كەلتۈرگۇدەك يوغان ئىكەن ئەمەسمۇ؟

ـــ ئاپلا! ـــ دىدى ئىمىن يېنىمغا كىلىپ.ـــ قاراۋراق ماڭساڭ

بولماسمىدى .بۇ قۇرت بېشىمىزغا بالا بولمىسىلا بۇلاتتىغۇ .

ـــ بالا؟ ـــ بۇ گەپنى تەكرارلىدىم .خۇددى تۇيغۇن بىرنەرسىنى سەزگەندەك بولىۋاتاتتى .خۇددى تۆت ئەتراپتىن بىرسى كېلىدىغاندەك قارايتتىم .بۇ خىل ئەندىشە تۇيغۇسى ماڭا قەيەردىن كەلدى بىلمەيتتىم .ئەمما ئەتراپتا بىرسى باردەكلا تۇيلىۋاتاتتى .

ـــ بىرەر نەرسىنى سەزدىڭمۇ نېمە؟ ـــ دىدى ئىمىن ماڭا ھەيران بولۇپ قاراپ . ئاڭغىچە ئادىلمۇ يېنىمغا كەلدىدە ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى .

ـــ قاراڭلا ئاۋۇ نېمە؟ ـــ دىدى ئادىل ئوڭ تەرەپتىكى بىر ئۆينىڭ .ئارقىسىدىن بىزنى ماراپ تۇرغان بىر قارا سايىنى كۆرسىتىپ .بۇ ئۇشتۇمتۇت ئىشتىن ھەممىمىز قورقۇپ كەتتۇق .ئۇ ئۆينىڭ كەينىدىن بىرسى بىزنى ماراپ قاراۋاتتى .ئۇ ئاستا مېڭىپ يېنىمىزغا كېلىۋاتاتتى . مەن ئۇنىڭدىن ناھايىتى بوش ھالەتتە يىغلىغان ئاۋازنى ئاڭلىدىم .ئۇ يېقىن كەلگەنسېرى بىز كەينىمىزگە ياناتتۇق .ئۇ يېقىن كىلىپ بايا مەن دەسسىۋەتكەن قارا قۇرتنى قولىغا ئالدى .بۇ قۇرت ئاللاقاچان ئۆلگەندى .ئۇنىڭ قۇرتنى ئالغان قولى ھەقىقى بىر ئىنسان بالىسىنىڭ قولى يەنى كىچىك بىر بالىنىڭ قولى ئىدى .ئۇ قۇرتنى قولىغا ئېلىپ ماڭا شۇنداق بىر بۇرۇلۇپ قارىۋىدى قورقۇنۇچتىن كەينىمگە داجىپ كەتتىم .ئۇ ماڭا قارىغاندا ئۇنىڭ چىرايىنى ناھايىتى ئېنىق

كۆرگەنىدىم.ئۇ ھەقىقەتەن ئۇماق بىر ئادەم بالىسى ئىدى.ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ بايىقى ئۆيىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ غايىپ بولدى. ئۇنىڭ ماڭا بىر قارىشى مىنى شۇنچىلىك قورقىتىۋاتتى.شۇ ئەسنادا ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىنىڭ ناھايىتى ئېغىر سوقىۋاتقانلىقىنى سەزدىمدە دەرھال قولۇمنى مەيدەمگە ئاپاردىم.ھەقىقەتەن يۈرۈكۈم سوقىۋاتتى.بىراق شۇنچە ئەنسىز قورقۇنۇچ ئىچىدە سوقىۋاتتى.

ـــ ئۇ نىمىدىگەن قورقۇنۇچلۇق بالا ـــ دىدى ئادىل. مەن دەرھال ئىككەيلەننىڭ يۈرىكىنى تۇتۇپ باقتىم.ئۇلارنىڭ يۈرىكىمۇ سوقىۋاتتى.

ـــ بۇ نىمىش؟ ئەجەبا ئەشۇ بالىنىڭ بىر قارىشى بىلەنلا يۈرۈكۈمنىڭ سوققانلىقىنى ھېس قىلالىدىمما؟ ـــ دەۋەتتىم خۇشلۇقۇمدا.

ـــ توغرا! مەنمۇ بەك ھەيران. راسلا يۈرۈكۈمنىڭ سوقىۋاتقانلىقىنى سەزدىم.ـــ دىدى ئىمىنمۇ.شۇ ئەسنادا بايىقى ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىن گەۋدىلىك بىرى چىقتى. بۇمۇ ئوخشاشلا قارا پىلاچ ئارتىۋالغانىدى.ئۇ ئاستا يېقىن كەلمەكتە ئىدى.بايىقى خۇشاللىقىمىزدىن ئەسەرمۇ يوق بىردەمدىلا يۈرىكىمىز ۋەھىمىگە تولغانىدى.بۇ گەۋدىلىك قارا پىلاچلىق كىشى مىنىڭ يېنىمغا كەلدى.ئىككىمىزنىڭ ئارلىقى بەش سانتىمۇ كەلمەيتتى.ئۇنىڭ ئارتقان پىلاچى چىرايىنىمۇ ياپقانىدى.ئۇ قۇلىقىمغا يېقىن كەلدىدە:

ــــ ئەسلى سىلە بۇيەرگە كەلمەسلىكىڭلار كېرەك ئىدى .ئەمدى ئۆلىسىلەر! ئۆلىسىلەر! ــــ دەپ پىچىرلىغىنىچە مەندىن يىراقلىشىپ كەلگەن جايىغا قايتىپ كەتتى .بۇ گەپنى ئوڭۇمدا 2 ـ قېتىم ئاڭلىشىم .

ــــ ئۇ ...ئۇ بايا ئۆلىسىلەر دىدىما ــــ دىدى ئادىل يېنىمغا كىلىپ .ئۇنىڭ چىرايىدىمۇ قان قالمىغانىدى .

ــــ شۇنداق! ئۇ شۇنداق دىدى .ئەمما بىز ئۇنچە بوشاڭ ئەمەس .بىز چۇقۇم بۇيەردىن هايات چىقىپ كىتىمىز.ــــ دىدىمەن . شۇ ئەسنادا يەنە بىر ۋەهىمە باشلاندى .قايەردىندۇر بىرىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى كىلىشكە باشلىدى .بۇ يىغا ئاۋازى بايىقى بالىنىڭ يىغىسىغا ئوخشىشىپ قالاتتى .بۇ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغانچە ئادەمنىڭ يۈرىكىنى قورقۇنۇچقا چۆمدۈرەتتى .

ــــ ۋايجان! كىمدۇ بۇ يىغلاۋەرگەن .ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ ــــ دىدى ئادىل . ئۇنىڭ بۇ گىپى تۈگىشى بىلەنلا بۇ يىغا ئاۋازى تېخىمۇ بەك كۈچىيىۋاتاتتى .

ــــ بولدى! بۇ ئاۋاز بىزنى توسۇپ قالالمايدۇ.يولىمىزنى داۋام قىلايلى .ــــ دىدىمدە ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم .ئىككەيلەنمۇ مەن بىلەن تەڭ مېڭىۋاتتى . قەدەملەرنى شۇنچە تەستە ئېلىپ ماڭدۇق .بۇ يىغا ئاۋازىمۇ توختاي دىمەيتتى . بىزمۇ ۋەهىمە ئىچىدە خېلى ماڭدۇق .

ــــ ئۆلگۈر! نىمە يىغلاۋېرسەن! ئاغزىڭنى يۇم .يامان بولساڭ قېنى

چىقماسەن! ـــ ئادىل بۇ يىغىدىن زېرىكتىمۇ ياكى بەك قورقتىمۇ شۇنداق دەپ ۋارقىراۋاتتى. ئۇنىڭ گەپلىرى ئەكس سادا بولۇپ يانغاندى. شۇ ئەسنادا بۇ يىغا ئاۋازىمۇ ئۇشتۇمتۇت توختاپ قالدى.

ـــ ھى! ھالى شۇنچىلىك. يىغلاپ ئادەم قورقۇتقىلى بوغان بىلەن يەڭگىلى بومايدۇ. ـــ دىدى ئادىل. ئەمما ماڭا بۇ ئاۋازنىڭ مۇشۇنداقلا توختاپ قېلىشى غىلىتە بىلىنىۋاتتى. شۇ ئەسنادا قەيەردىندۇر قاغىلارنىڭ بوش قاقىلدىغان ئاۋازى كىلىشكە باشلىدى. بۇ ئاۋازمۇ بارا بارا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

ـــ قاراڭلا! ـ دىدىمەن ئۇدۇلنى كۆرسىتىپ. ئالدىمىزدا نۇرغۇنلىغان قاغىلار قاقىلدىغىنىچە بىز تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتتى.

ـــ ۋاي خۇدايىم! ـــ دەۋەتتى. ئادىل. بۇ قۇشلار شۇنچىلىك كۆپ ئىدى.

ـ قانداق قىلىمىز ئۇلا يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ ـــ دىدى ئادىل جىددىيلىشىپ. مىنىڭ كاللامۇ قۇيقۇرۇق ئىدى. بۇلار يا ماڭىدىغان ئەرۋاھ يا ئالۋاستى ئەمەس. تاپانچا ياكى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈپ بوغىلى بولمىسا ئاھ خۇدا مۇشۇيەرگە كەلگەندە قۇشلارغا يەم بۇلامدۇق؟ قۇشلار يېقىنلاپ كېلىۋاتتى.

ـ نىمىگە قاراپ تۇرىسىلا. ئۇلا بىزنى قىيما قىلىسۇنما بۇياققا مېڭىڭلار. ـــ دىدى ئىمىن. سول تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ ئەرقىغا

يوگروپ.بىزمو شو تەرەپكە ماڭدۇق.چاتاق يېرى بو قوشلارمو يۆنىلىشنى بىز تەرەپكە قاراتتى.

ـــ بىرە ئۆيگە كىرىپ يوشۇرنۇالساق ياخشى بولاتتى.ـــ دىدى ئىمىن.

ـــ لىكىن قايسى ئۆيگە يوشۇرنىمىز.قارا! بويەردىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكنىڭ ھەممىسىدە خاتا بەلگىسى باركەن.ـــ دىدىمەن ئۆيلەرنىڭ ئىشىكنى كۆرسىتىپ. بويەردىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە خاتا بەلگىسى تۇراتتى.

بىزنىڭ ھازىر ھىچقانداق بىر ئامالىمىز يوق. كەينىمىزگە يانساقمو قوشلار يەنىلا بىزگە يىتىشىۋالىدۇ.

ـــ توغرا! مەن تاپتىم.ـــ دىدى ئىمىن.ئۇ سومكىسىنى ئاختۇرۇپ ئەڭ ئاستىدىن ئۇزۇن بىر ئىنچىكە قۇرالنى ئالدى.سومكىسىنىڭ يانچۇقلىرىدىن ئۇزۇن تاياقچىدەك بىرنەرسىنى ئالدى قۇرالنىڭ تۆشىكىگە تىقىپ قويدى.ۋە:

ـــ چاقماق ئېلىڭلا بولۇڭلار ـــ دەپ ئالدىراتتى.مەن يانچۇقۇمدىن چاقماقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردىم.ئۇ چاقماق ئارقىلىق قۇرالنىڭ ئۇچىغا ئوت ياقتى ۋە يولنىڭ ئوتتۇرسىغا ئۆتۈپ:

ـــ تېز يېنىمغا كىلىڭلار! كەينىمگە ئۆتىۋېلىڭلار ـــ دىدى.ئادىل بىلەن ئىككىمىز ئىمىننىڭ دىگىنىچە قىلدۇق.قاغىلار كىلىشى بىلەن ئىمىننىڭ قولىدىكى بو قۇرالدىن گۈلخەن كەبى ئوت چىقىۋاتتى.ئەتراپىمىز قاغىلار بىلەن تولغاندى.قۇرالدىن

چىققان ئوتتا قاغىلار ئېچىنىشلىق چىرقىرغىنىچە كۆيۈپ يەرگە چۈشەتتى.

— بومباڭ يەنە بارمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئىمىن ماڭا.

— شۇنداق بار — دىدىمەن. ئۇ

— بىرتالىنى ئال — دىدى. مەن سومكامدىن بىرتال بومبىنى ئالدىم.

— قاغىلارغا قارىتىپ ئات — دىدى. مەن بومبىنىڭ پىلىكىنى تارتىۋەتتىمدە قۇيۇق قۇشلارغا قارىتىپ ئاتتىم. گۇم قىلغان ئاۋاز بىلەن بومبا ھاۋا بوشلۇقىدا قۇشلار ئارىسىدىلا پارتىلىدى. بۇ بومبىمۇ خېلى قۇشلارنى يۇقاتقاندى. قالغان ئۆلمەي قالغان قۇشلار ئىمىنىنىڭ ئوت قۇرالى ئارقىلىق يۇقالدى. شۇنداق قىلىپ بىز بۇ قۇشلار توپىنى مەغلۇپ قىلدۇق.

— ھەجەپ ئېسىل نەسلە باكىنا سەندە. — دىدى ئادىل.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ نەدىن تاپتىڭ سەن. ھازىرغىچە كۆرەپ باقمىغانمەن بۇندا قۇرالنى — دىدىمەن. ئىمىن:

— بولدى قىلىڭلار. مۇھىمى ئامان قالدۇق. يولىمىزغا ماڭايلى. يەنە بدشقا خەتەرگە ئۇچرىغۇچە قىلچىنى تېپىۋالايلى. — دىدى. بىزمۇ يولىمىزغا راۋان بولدۇق. شۇ ئەسنادا ھېلىقى يىغا ئاۋازى يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— ئائاي. بىردەم ئارام تاپمامدۇق. ئاغزىڭنى يۇم! بۇياققا چىقە قېنى — دەپ ۋارقىردى ئادىل. مەنمۇ ھەقىقەتەن بۇ ئاۋازدىن بىزار بولغاندىم.

ــــ بولدى قىل. تولا ۋارقىراۋەرمە ــــ دىدى ئىمىن.ــ ئۇ كىم بولىشىدىن قەتئىي نەزەر يىغىدىن توختىشى بىزگە ئاۋارچىلىق بولىدىكەن .يىغلاۋەرسۇن .بىزمۇ يولىمىزغا ماڭايلى.

بىز يەنە بۇ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغاچ سەپىرىمىزنى داۋام قىلماقتا ئىدۇق.بۇ ئاۋاز خۇددى يېنىمىزدىن چىقىۋاتقاندەك بىزدىن يىراقلىشاي دىمەيتتى. بۇ يىغا ئاۋازى بىزنىڭ يۈرىكىمىزنى ئېغىتاتتى. ھەر بىر قېتىم چىڭقىلىپ يىغلىنىغىنىدا بىر ئەندىكىپ كىتەتتۇق. شۇنچىلىك ۋەھىمە ئىچىدە يولىمىزنى داۋام قىلماقتىمىز.

شۇ ئەسنادا توغرا بەلگىسى قۇيۇلغان بىر ئىشىككە كۆزۈم چۈشتى.بۇ ئۆي خېلى چوڭدەك قىلاتتى.

ــــ قاراڭلار، ئاۋۇ ئۆينىڭ ئىشىكىگە يوغرا بەلگىسى سىزىلىپتۇ.ــــ دىدىمەن شۇ ئۆينى ئىشارەتلەپ.

ــــ بولدى يولىمىزغا ماڭايلى.توغرا بەلگىسى قۇيۇلغىنىغىمۇ ئامال بار كىرمەڭ دەپتىكەن. ــــ دىدى ئىمىن. شۇ ئەسنادا ئەلىنى ئەسلەپ قالدىم.ئەگەر ئۇ ئۆيدە ئەلى بار بۇلۇپ قالسىچۇ؟ توغرا خېلى بولدى ئەلى يۇقاپ كەتكىلى.ئۇ ھازىر قەيەردە؟ نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ھەجەپ باشتا بۇلارنى ئويلىماپتىمەن.

ــــ ئەگەر.ئۇ.ئۆيدە.ئەلى بۇلۇپ قالسىچۇ؟ ــــ دىدىمەن قەدىمىمنى توختىتىپ.بۇ گەپتىن ئىككەيلەنمۇ توختىدى.

ــــ ئەلى يۇقاپ كەتكىلىمۇ خېلى بولدى.ھازىرغىچە يوق.راسلا

ئۆيەردە بولسىچۇ ــ دېدى ئادىلمۇ؟

ــ ئەلى .ئۆيەردە نىمىش قىلىدۇ؟ بەلكىم قورقۇپ ئۆيىگە كەتكەندۇ ــ دېدى ئىمىن .

ــ بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن .ئۇ يالغان سەلىمنى ككرۇپ ھۇشىنى يۇقاتقان تۇرسا قانداقمۇ كىتىپ قالىدۇ. مەنچە ئۇيەرگە كىرىپ باقمىسىمىز تۇزۇك ــ دېدىممەن .ئادىلمۇ پىكرىمنى قوللىدى .شۇنىڭ بىلەن ئىمىنمۇ قوشۇلدى .بىز ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق . مەن خاتىرىدە دىيىلگەندەك بۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تۆت قىتىم .چەكتىم. ھىچ ئىنكاس يوق ئىدى .قولىمىزنى تۇلۇق قۇراللاندۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتىم .ئىشىكنى ئىچىشىمغىلا بىر قوڭغىراق جىرىڭلاپ كەتتى .قوڭغىراقنىڭ جىرىڭلىشى بىلەن بايىقى يىغا ئاۋازىمۇ توختاپ قالدى ......

## 11 ـ قىسىم: قىلتاق

يىغا ئاۋازىنىڭ توختاپ قېلىشىنى بىزنى يەنە ئەندىشىگە سالغانىدى .

ــ بىر قوڭغىراق جىرىڭلاۋاتىدۇ، ئۆيدە قىلتاق بولسا كېرەك . ــ دېدى ئىمىن .ئۆي سەل قاراڭغۇ ئىدى .سىرتتىن كىرگەن يورۇقلۇق بىلەن ئۆيىنىڭ خىلى چوڭلىقىنى بىلدۇق .مەن ئەتراپتىن بىر كىچىك ياغاچنى تاپتىمدە ئۆيىنىڭ ئىچىگە كۆچەپ ئاتتىم.

تاياقچىنىڭ يەرگەچۈشكەندىكى ئاۋازىدىن بۆلەك ھىچ ئىش بولمىغاندى .

ــ قارغاندا قىلتاق يوق ئوخشايدۇ ــ دىدى ئادىل .بىز ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆيگە كىردۇق .قولچىراقلىرىمىزنى يورۇتۇپ ئۆينى كۆزەتتۇق .ئۆي قەدىمى ئۆيلەردەك بىزەلگەندى .بۇنىڭدىن ئەرۋاھلارنىڭ ئەمەس بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى .

ــ مەنچە بۇيەر ئەرۋاھلارنىڭ يېرى ئەمەستەك قىلىدۇ جۇمۇ ــ دىدىمەن .

ــ توغرا دەيسەن .ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ لازىمەتلىكلىرىكەن .قارىغىنا بۇلارغا ــ دىدى ئىمىن . ئۆيدىكى كەبزلەرنى كۆرستىپ .

ــ بۇلار پەقەت تەرەققى قىلمىغان مىللەتكەن .نىمە دىگەن بۇرۇنقى نىملە بۇ ــ دىدى ئادىل .

ــ

بۇ ئۇلانىڭ تەرەققى قىلمىغانلىقىنى ئەمەس ،ئۆز مەدەنىيتىنى قوغداپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .ئەجەبا تەتەققى قىلدۇق دەپ مەدەنىيتىنى ئەبجەش قىلسا شۇنى تەرەققىيات دەمدۇق

ــ بۇياققا كىلىڭلار ــ دىدى ئىمىن . بىز دەرھال ئىمىننىڭ يېنىغا باردۇق .ئالدىمىزدا بىر كىچىك ئىشىكسىز ئۆي تۇراتتى .ئۆي ئىچىدە قازان قۇمۇشلار تۇراتتى .

ــــ قارغاندا بۇ ئاشخانىسىكەندە.ــــ دىدى ئادىل.بىز كىرىپ قاچىلارنى تۇتۇپ باقتۇق.مەن بىرتال ساپال قاچىنى قولۇمغا ئالدىمدە قورققىنىمدىن يەرگە تاشلىۋەتتىم.

ــــ هەي نىمىش قىلىۋاتىسەن.ــــ دىدى ئىمىن.

ــ بۇ بۇ قاچا هۆل تۇرىدىغۇ ــــ دىدىمەن.قاچىنى قۇلۇمغا ئالغىنىمدا خۇددى بىرى هازىرلا يۇيۇپ قويغاندەكلا هۆل تۇراتتى. مىنىڭ يەرگە ئېتىشىم بىلەن قاچا پارچىلىنىپ كەتتى.شۇ ئەسنادا ئادىل ۋارقىراپ تاشلىدى.

ــــ ساڭا نىم بولدى ئەمدى.ــ دىدى ئىمىن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ.مەنمۇ ئۇنىڭ يېنىغا باردىم.ئادىل بىر قازانغا قاراپ تۇرغانىكەن.

ــــ نىم بولدۇڭ قازاندا موردا بارمىكەن.ــ دىدى ئىمىن. ئادىل گەپ قىلماي تۇراتتى.مەن:

ــــ هې هې، بىرە ئادەمنى قايىنتىۋاتقان بولسا قورقۇپ كەتكەن گەپ دىدىمەن چاقچاق ئارلاش كۈلۈپ. زادى ئادىلنى بۇنچە قورقۇتقىدەك قازاندا نىمە بار بولغۇيدى دىگەن ئوي بىلەن قازاننىڭ تۈۋىقىنى ئاچتىم. هەممىمىز قازانغا قاراپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدۇق.بىر ۋەهىمە يەنە قەلبىمىزنى چىرماشقا باشلىغانىدى.قازاندا ئۇنچە قورقۇنۇچلۇق نەرسە بولماستىن هورى كۆتۈرلۈپ تۇرغان سۇيۇق ئاش تۇراتتى. بۇيەردە هىچكىم يوق دەپ يۈرسەك قازاندا تېخى ئىسسىققىنا ئاش تۇرسا قورقىمامدۇ كىشى.

ـــ يورۇقلا يورۇقلا چىقىپ كىتەيلى.دىدى ئىمىن بىزنى تارتىپ بىز ئىتتىك مىڭىپ ئاشخانىدىن چىقتۇق.ئۆيدىن چىقىپ كىتىدىغاندا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاشخانىغا شۇنداق قارىۋىدىن ئىشىك ئالدىدا ھېلىقى قارا پىلاچلىق كىشىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرۈكۈم ئېغىپ كەتتى.ھەممەيلەندىن بۇرۇن ئۆيدىن چىقتىم.ھەقىقەتەن قورقۇنۇچلۇق ئىدى.مەن ئۆيدىن چىقىپمۇ خۇددى شۇ قارا پىلاچلىق كىشى ئەگىشىپ چىقىدىغاندەك خەنجىرىمنى تۇتۇپ ئىشىككە قاراپ تۇراتتىم.بىراق ئۇ چىقمىغانىدى.

ـــ ئۆ..ئۆمەر.. ـــ ئىمىن مىنى شۇنداق دەپ نۇقۇشلاۋاتتى.ـــ ئاياقىقا قارىغىنە

مەن كۆزۈمنى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ ئىمىن كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ھەيران قالدىم.ئالدىمىزدا ماگما ئېقىپ تۇرغان دەريا تۇراتتى.بۇ مادما دەرياسىنىڭ ئۈستىگە تاش كۆۋرۈك سېلىنغانىدى.

مەن دەرھال ئەتراپىقا قارىدىم.بىز بىر ئۆڭكۈر ئىچىدە تۇرغاندەك قىلاتتۇق.بۇيەردە ھازىر بىز چىققان ئۆيمۇ بىر كىچىك ئۆيگە ئۆزگەرگەن بولۇپ بۇنىڭدىن بۆلەك ھىچقانداق ئۆي يوق ئىدى.تېخى ئىشىكگە خاتا بەلگىسى سىزىلغانىدى.

ـــ بىز ...بىز خاتا ئىشىكتىن چىقىپ قالدۇقمۇ نىمە؟ ـــ دىدى ئىمىن.

ـــ بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن.ئېنىقلا كىرگەن ئىشىكتىن

چىققانىدۇققۇ ـــ دىدى ئادىل.توغرا بىز ئىنىقلا كىرگەن ئىشىكتىن يىنىپ چىقتۇ.

ـــ مىڭىڭلا ئۆيگە كىرىپ قاراپ باقىلى راسلا خاتا چىقتىقمۇ يا باشقا ئىشىك بامۇ ـــ دىدى ئىمىن.

ـــ بىراق قارا! ئىشىكتە خاتا بەلگىسى باركەن.

ـــ بۇ..بۇ. ھەي!

ـــ مەيلى! كىرىپ باقىلى.ـــ دىدى ئىمىن. بىز ئاستا ئىشىكنى ئاچتۇق.باشتىكىدەكلا بىر قوڭغىراق جىرىڭلاپ توختىدى.قولچىرقىمىزنى ئۆيگە تۇتتۇق.ئۆي يەنىلا باشتا بىز كىرگەندەك تۇراتتى.ئۆيگە كىرىپ باشقا يەرلەرگىمۇ قاراپ باقتۇق.ئەمما بۇ ئىشىكتىن بۆلەك باشقا چىقىش ئىشىكى يوق ئىدى.بىز يەنە بۇ ئۆيدىن يىنىپ چىقتۇق.ئالدىمىزدىكى بۇ ئوت دەرياسىدا ماگىلار چاچراپ ئاقماقتا ئىدى. ھاراتتى شۇنچىلىك قىززىق بۇلۇپ ھەتتا بىز ئۆيەردىن 10مىتىر يىراقتا بولساقمۇ ئىسسىپ تەرلەپ كىتىپ باراتتۇق.

ـــ ئاھ! بۇيەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ كۈلىمۇ قالمىغۇدەك ـــ دىدى ئادىل.

ئەمدى قانداق قىلساق بۇلا ـــ دىدىمەن.

ـــ ھازىر بىزنىڭ باشقا ماڭىدىغان يولىمىز يوق.شۇڭا ئالدىمىزغا ماڭايلى ـــ دىدى ئىمىن. ـــ ھەممىسى ئىككىڭلانىڭ ئىشى.ئەنە ئۇ ئۆيدە ئەلى بامىكەن. مانا بىزنىڭ ھالىمىز.

ـــ شۇ ئەنسىردۇق. ئەجەبا قېرىندىشىمىزدىن ئەنسىرگىنىمىز يامان ئىشمىكەن.نىمىشقا بۇنداق گەپ قىلىسەن سىنىڭ ئەلىدە ئۆچۈڭ بارمىتتى ـــ دىدى ئادىل ئاچچىقلاپ.

ـــ بولدى قىلىڭلا.ئەمدى تەگەشكەنىنىڭ نىمە پايدىسى ـــ دىدىممەن ئىككەيلەنىنىڭ ئارىسىغا ئۆتۈپ. ئىمىن قايىل بولماي يەنە ئېغىز ئاچتى:

ـــ ئەنسىردۇق؟؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەنسىرمىدىڭغۇ.ئەلى يۇقاپ كەتكەن كۈنى نىمە دىدىيىشتىڭلا بەلكىم ئەرۋاھلا قەلئەگە ئەكەتكەندۇ دىيىشتىڭلا.ئەرۋاھلا بىرە ئىش قىلغانمىدى دىيىشمىدىڭلا. شۇ چاغدا ھەقەپ ئەنسىرمىگەن كىشى...

ـــ بولدى بەس! ـــ دىدىممەن ئىمىنىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.ـــ يىتەر ئەمدى. نىمانداق ھەممە گۇنانى ئىككىمىزگە ئارتىسەن.سەنمۇ بارئىدىڭغۇ ئارىمىزدا بولدى قىلىڭلا ئەمدى. بۇنىڭ ھەممىسى قىلتاقكەن.ئەرۋاھلارنىڭ بىزگە قۇرغان قىلتىقى بۇ.

ـ نىمە؟؟ قانداق قىلتاقكەن؟ سەن يەنە بىرە نەرسىنى بىلىپ قالغان ئوخشىماسەن ـ دىدى ئادىل مىنىڭ چۈشەندۈرشۈمنى كۈتكەندەك ماڭا قاراپ.

ـــ شۇنداق، مەن بىرنەسىنى بايقىدىم.ئەلى يۇقاپ كەتكەندە مىنىڭ يۈرەك سوقۇشۇم توختاپ قالدى.ئىككىڭلانىڭ كىيىن توختاپىقالدى.يۈرەك دىگەن جاننىڭ تۈگۈنى.ئۇ يەنە ھېسياتنى ھېس قىلالايدۇ.ئەلنى ئەرۋاھلار قەستەن يوشۇرۇپ قويىدى. چۈنكى

تاكى بىز بۆيەرگە كەلگەنگە قەدەر ئەلىدىن ئەنسىرەش تۇيغۇسى بىلەن كىتىپ قالمىسۇن ياكى باشقا ئىش قىلمىسۇن دەپ.بىز بۆيەرگە كەلگەندە ھەممەيلەننىڭ يۈرىكى تەڭلا ئەسلىگە كەلدى.شۇ ئارىدا يېنىمىزدا يوق قېرىنداشىمىزدىن ئەنسىرەش تۇيغۇسى بولدى.بۇ دەل ئەرۋاھلارنىڭ ئۇيۇنىنىڭ بىرقىسمى.بىز ئەلىدىن ئەنسىرەپ ئەشۇ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ئۆيگە كىرىپ مانا بۆيەرگە كىلىپ قالدۇق.مىنىڭ چۈشەنچەم شۇ. ـــ دەپ چۈشەندۈردۈم.

ـــ ناھايىتى ياخشى ئويلاپسەن.توغرا دىگىنىڭنىڭ ئاساسى بار.مەنچىمۇ شۇنداق ـــ دىدى ئىمىن.

ـــ ئەمدىكى مەسىلە ئەرۋاھلار بىزنى نىمىشقا بۆيەرگە ئەكەلدى؟ بۆيەردە بىرلا يول باركەن.شۇڭا بىزنىڭ بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئۇدۇل مېڭىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ـــ دىدىممەن.ھەممەيلەن پىكرىمنى قوللىدى.شۇنداق قىلىپ بىز ئۇدۇل مېڭىش قارارىغا قالدۇق.كۆۋرۈك ئالدىغا كىلىپلا يەنە قەدىمىمدىن قالدىم.ئادىل كىلىپلا قەددەم ئالاي دىۋىدى:

ـــ توختا! بىۋمۇ بىر قىلتاق ـــ دىدىممەن ئۇنى توسۇپ .

ـــ يەنە نىم بولدى ـــ دىدى ئادىل.

ـــ كۆۋرۈككە ئوبدان قاراڭلا ـــ دىدىممەن. كۆۋرۈك كاتەكچە كاتەكچە تاشلار بىلەن ياسالغان بۇلۇپ ھەربىر كاتەكچىدە بىر شەكىل بۇلۇپ بەزىللىرىنىڭ بىر بىرىگە ئوخشايتتى.دىمەك بۇبىر

قىلتاق ئىدى .
ــ بىر قەدەمنى خاتا ماڭساق تۈگىشىمىز . ــ دىدىمەن .
ــ ئەمسە قانداق ماڭىمىز. قايسىسىغا دەسسەك بىخەتەر.ــ دىدى ئىمىن .
مەن ئەتراپتىن بىرتال تاشنى تاپتىمدە كۆۋرۈككە ئېتىپ باقماقچى بولدۇم . شۇ چاغدا ئىمىن قولۇمنى تۇتۇۋالدىدە:
ــ توختا! ئۇنداق قىلما. ئەگەر خاتا تاشقا چۈشسە كۆۋرۈك گۈمۈرلۈپ كىتىشى مۇمكىن .ئۇچاغدا بىزنىڭ يولىمىز قالمايدۇ . ــ دىدى . مەن:
ــ ئەمسە قانداق قىلاتتۇق .توغرا چۈشۈپ قالسا قايسىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى بىلەلەيمىز.ئۇنداق قىلمىساق ئوخشاشلا يولىمىز يوق بولىدۇ .ــ دىدىم .
ــ بۇ كۆۋرۈكلا ئەمەس.پۈتۈن ئۆڭكۈر گۈمۈرلۈپ كەتسىچۇ.ــ دىدى ئىمىن .
ــ هەي هەي هەي! بولدى.ئاتماڭلا راس گۈمۈرلۈپ كەتسە تۈگىشىمىز.ــ دىدى ئادىل .
ــ بۇيەردە بۇنداق ئامالسىز قاراپ تۇرغاندىن خۇداغا تاپشۇرۇپ تەلەي سىنىغان ياخشى. ــ مەن شۇنداق دىگىنىمچە قولۇمدىكى تاشنى كۆۋرۈككە قارىتىپ ئاتتىم . ئىمىن بىلەن ئادىل تەڭلا «ياق! »دىيىشكە ئۈلگۈرگەندى.تاش كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغىلا چۈشتى.بىراق هىچ ئىش بولمىدى .

ـــ مانا ئاۋۇ تاش چۆشكەن كاتەكتىكى شەكىل بىخەتەركەن ــ دىدىمەن خۇشال بولۇپ شۇ ئەسنادا يەرتەۋرەشكە باشلىدى. ئۈستىمىزدىن توپا تاشلار چۈشۋاتاتتى.شۇنىڭ بىلەن كۆۋرۈك ئۈستىدىن يوغان بىر تاش چۈشتىدە كۆۋرۈك ماگما دەرياسىغا گۈمۈرلۈپ چۈشۈپ ئېرىپ ماگملا بىلەن بىللە ئېقىپ كەتتى.ھەر قېتىم ماگمىغا تاش چۈشسە شىددەت بىلەن ماگملار چاچراپ چىقاتتى.بىز ئۈستىمىزگە تاش چۈشۈشىدىن ئېھتىيات قىلىمىز دەپ، ماگملارنىڭ چاچراپ كىتىشىدىن ئېھتىيات قىلىمىزدەپ ئاۋارە ئىدۇق.كۆۋرۈك تامامەن بۇزۇلۇپ بولغاندا يەرتەۋرەشمۇ توختىدى.ھازىر پەقەت كۆۋرۈكلا يوق بولدى.بىز ھايات قالغاندۇق.

ــ ئىككىنجى قېتىم بىخەستىلىك قىلىشىڭ ــ دىدى ئىمىن ماگا.

ـــ خاتالاشتىڭ.مەن ناھايىتى توغرا قىلدىم.

ـــ مۇشۇ توغرا قىلغىنىڭما؟ قارا بىز ئۆلگىلىمۇ تاس قالدۇق ماڭىدىغان يولىمىزمۇ يوق بولدى.

ـــ كىم شۇنداق دەيدۇ. مانا يولىمىز بار قارا ـــ دىدىمەن كۈلۈپ. سومكامدىن ئارغامچىنى چىقىرىپ ـــ ئارغامچىنى ئاۋۇ تاشقا باغلايمىز.بايا كۆۋرۈك گۈمۈرلۈپ چۈشكەندە كۆرگەندىم. ـــ دىدىمەن دەريانىڭ ئوتتۇرسىدا تومۇم شەكىلدە پەيدا بولۇپ ئوتتۇردا بىر كامار بولۇپ قالغاندى. ـــ بىز ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىغا شۇ كاماردىن ئۆتكۈزۈپ بىر ئۇچۇنى بىلىمىزگە باغلاپ

بۇيەردىن ئۆتۈپ كىتىمىز. ـــ دىدىمەن.

ـــ قانداق كىرگۈزىمىز ئۇ كامارغا ـــ دىدى ئادىل.

مەن ئەتراپتىن سەل چوڭراق ئۇزۇنچاق بىر تاشنى تاپتىمدە ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىغا باغلىدىم. ئاندىن چۆگىلىتىپ تۇرۇپ ئاشۇ كامارغا قارتىپ ئاتتىم.ئەمما كىرگۈزەلمىگەنىدىم.تېز تارتىۋالمىغان بولسام ئارغامچىنىڭ يېرىمى ماگمىغا چۈشۈپ كۆيۈپ كىتەتتى.2 ـ قېتىم قايتا ئاتتىم.بىراق بۇ قېتىم شۇ كامارنىڭ يېنىغا تىگىپ ئارغامچا ئۇچىغا باغلانغان تاش پارچىلىنىپ كەتتى.

ـــ ئەكىلە مەن قىلاي ـــ دىدى ئىمىن قولۇمدىن ئارغامچىنى ئېلىپ. ئۇ بىرتاشنى ئارغامچا ئۇچىغا چىگىپ ئۇچنى پېرقىرتىپلا ئاتقانىدى ئۇ كامارغا دەللا كىردى. ـــ ئەمدى قانداق قىلىمىز.ھەقانچە بولسىمۇ مۇشۇنداقلا سەكرىمەسمىز.ـــ دىدى ئىمىن .مەن:

ـــ ئەلۋەتتە بۇنداق سەكرىمەيمىز. ـ دىدىمەن سومكامدىن ئۇزۇنراق يۇمىلاق سولياۋ ياغاچنى چىقاردىم. بۇ ئەن ئىلەرى شەھەردىن ئېلىپ كەلگەن قاتلانغان كىچىك كالتەك بولۇپ رادىئونىڭ ئانتىناسىدەك ئىچىگە قاتمۇ قات بولۇپ كىرگۈزۈلگەن.تارتقاندا خېلى ئۇزۇن تاياقچە بولاتتى.مەن ئاۋال ئارغامچىنى ناھايتى ئاستا سىرىپ تاش چىگىلىپ كاماردىن ئۆتكۈزۈلگەن قىسمىنى پەسلەتتىم.ئاندىنبۇ ئۇچىنى ئىمىنغا

بىرىپ تاياقچىنى ئۆزارتتىمدە قىرغاققا يېقىن بىرىپ تاش چىگىلگەن ئۇچىنى كۆچەپ ئۈردۈم. بۇنداق بولغاندا تاش ئېغىرى بىلەن ئارغامچە ئالدى كەينىگە پولاڭلايتتى.شۇنىڭ بىلەن مىنىڭ تۇتىۋىلىشىممۇ ئاسانغا چۈشەتتى.نەچچە قېتىم قايتا قايتا ئۈرۈپ ئۇ ئۇچىنى خېلى بەك لىڭشاتتىتىم.ماگمىنىڭ هارارىتىدە چىلىق تەرلەپ كەتكەندىم.ئاخىرى ئارغامچىنىڭ ئۇ ئۇچىنى قولۇمغا ئالدىمدە يەنە بىر ئۇچىنى سىرتماق قىلىپ كىرگۈزۈپ چەگدىمدە كۆچەپ تارتتىم.ئەمدى بۇ ئارغامچا ئۇستىدىكى كاماردا ناھايىتى مۇقۇم تۇراتتى.

— بولدى بىربىرلەپ ئۆتەيلى. ئارغامچىنى چىڭ تۇتۇپ.ئۆزىمىزنى تەۋرىتىپ قارشى قىرغاققا ساكرىسەك بولىدۇ. — دىدىمدە ئارغامچىنى ئىمىنغا سۇندۇم.— سەن ئاۋال ئۆت

— ئاۋۇ تاش مۇقۇم بولسا بۇلاتتىغۇ. يەنە ماۋۇ ئارغامچا .. دىدى ئادىل.

— ئەنسىرمە ئارغامچىدە بىز قۇدۇقتىن چۈشكەن.تاشنى بىرنىمە دىيەلمەيمەن ئەمما خېلى قىلىنكەن مەنچە ھىچ ئىش بولمايدۇ. — دىدىم.ئىككەيلەن سەل ئىككىلىنىپ قېلىشۋاتتى.ئەمەلىيەتتە ئاغزىمدا بۇنداق دىگىنىم بىلەن مەنمۇ قورقىۋاتتىم. بۇ تاش چۈشۈپ كەتسە بىراقلا بۇ ماگمىغا چۈشۈپ كىتىش ئېھتىماللىمىزمۇ بارئىدى.

— بولىدۇ.ئاۋال ئەن ئۆتەي. — — مەن شۇنداق دىدىمدە ئارغامچىنى

چىلك تۇتۇپ ئارقامغا ئازراق ياندىم.«بىسمىللاھ» دېگىنىمچە يۇگۇرۇپلا ئۆزۈمنى ئاتتىم.ماگما ئۇستىدىن ئۆتۈپ كىتىۋاتقان مۇشۇ دەقىقىدە ئىسسىق ھارارەت بىلەن قوشۇلۇپ خۇددى ئۆزۈمنى پەسكە چۈشۈپ كىتىدىغاندەك ھېس قىلغاندىم.ھەرنىمە بولسا قارشى قىرغاققا بىخەتەر ئۆتىۋالدىم.

ــــ ئارغامچىنى تۇتىۋېلىڭلا ــــ دىدىمدە كۈچەپ بىر ئۇچىنى ئېتىپ بەردىم.ئىمىن ئارغامچىنى تۇتىۋالدى. ئۇمۇ كەينىگە ئازراق يېنىپ سەكرەپلا بۇ قىرغاققا ئۆتتى.ئەمدى ئادىللا قالغاندى.ئۇ سەل قورقىۋاتتى.

ــــ ھىچ ئىش بولمايدۇ؟ ئەنسىرمەي تېز ئۆت ــــ دەپ ۋارقىردىمەن.ئىمىن ئارغامچىنى ئۇنىڭغا ئېتىپ بەردى. ئۇمۇ ئاستا كەينىگە يېنىپ ئۆزىنى ئاتتى.بەك قورقۇپ كەتتىمۇ قانداق ئۇ بەك كۈچىيەلمەي ماما دەرياسى ئوتتۇرسىدىلا لىڭشاپ قېلىۋاتتى.ئاھ خۇدا!

ــــ ئارغامچىنى چىلك تۇتۇتۇپ كۈچۈپ بۇيەرگە لىڭشىتقىن.بىز تەرەپكە ــ ـ دەپ ۋارقىردى ئىمىن. ئادىل قورقۇنۇچ ئىچىدە شۇنداق قىلىۋاتتى.ئۇ لىڭشىپ پۇلاڭلاپ بۇ قىرغاققا يېقىن كەلگەن شۇ دەقىقەدە قولى سېيرىلىپ ئازراق پەسكە سېيرىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا يۈركىمىز ئاغزىمىزغا تىقىلىپ قالايلا دىگەندى. ئۇ ئاخىرى بىر سەكرىدى. ئەمما قىرغاققا سەكرىيەلمىگەندى. ئۇ قىرغاقنىڭ قىرنى مەھكەم تۇتىۋېلىپ ۋارقىرايتتى:

ــــ ئاااا.. تېز مېنى تارتىۋېلىڭلا

بىز كىلىپ ئۇنى تارتتۇق.قىرغاقىقا ئەچىقىۋالغان شۇ دەقىقىدە ئۇ تەڭپۇڭلىقىنى يۇقاتتىدە تاسلا قالدى كەينىچىلەپ ماگما ئارسىغا شۇڭغۇغىلى .شۇئاردا چاپسانلىق بىلەن.تۇتىۋالدىم.

ــــ ئۇھ! ھەجەپ تەسكە توختىدى.جىم تۇر ئاران تارتىۋالغاندا تاس قالدىڭ يەنە چۈشۈپ كەتكىلى.ــــ دىدى ئىمىن.

ــــ ھە .. كەچۈرۈڭلا، تەڭپۇڭلۇقۇمنى ساقلىيالمىدىم.. ھە ھېچ ئىش يوق.مەن بەك باتۇر تۇرسام، ئازراقلا قىلىق چىقىرىپ قويدۇم خالاس ــــ دىدى ئۇ ئوڭايسىزلانغان ھالدا..مەن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

ــــ ماڭا قارا

ئىسىڭدە بولسۇن.باشقىلارنى ئەنسىرتىش بەدىلىگە ئۆزۈڭنىڭ باتۇرلۇقۇڭنى ئىسپاتلىما، باتۇر كىشلە باشقىلانى بۇلۇپمۇ سىنى ياخشى كۆرىدىغانلانى بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىشى لازىم. چۈشەندىڭمۇ.؟ ــــ دىدىم.ئۇ:

ــ ئە..مە. ماقۇل.چۈشەندىم.ــــ دىدى خىجىل بۇلۇپ. شۇنداق قىلىپ بىز ئالدىمىزغا قاراپ ماڭدۇق.ئىچكىرلەپ ماڭغانچە قاراڭغۇلىشىپ كىتىپ باراتتى.بىز قولچىراقلىرمىزنى يېقىپ داۋاملىق ماقماقتىا ئىدۇق. شۇ ئەسنادا ئالدىمىزدە بىر پەلەمپەي ئۇچىردى.پەلەمپەي يۇقىرغا قارەپ چىقىدىغان قىلىپ ياسالغاندى.بىز پەلەمپەيدىن چىقىشقا باشلىدۇق.پەلەمپەيدىن

چىقىپ قارساق چوڭ بىر زالغا كىلىپ قاپتىمىز.بۇيەردە تامنىڭ ھەر بەش مىتىردا بىر مەشئەل بولۇپ ئۇچۇرۇلگەنىدى .

ــ مەشئەللەرنى يىقىپ كۆزىتىپ باقىلى.ـــ دىدىممەن. ئادىل يانجۇقىدىن چاقماكنى چىقىرىپ مەشئەلگە يىقىۋىدى مەشئەل تۇتاشمىدى .

ـــ بۇ مەشئەللەر كۆيمەمدۇ نىمە؟ ـــ دىدى ئۇ. مەن:

ـــ ئۇنداق ئەمەس .ــ دىدىمدە سەرەڭگىدىن بىرتال يىقىپ بىر مەشئەلنى تيتاشتۇردۇم. بۇ مەشئەلنى تامدىن قۇمۇرۇپ ئىلىپ باشقا مەشئەللەرنىمۇ ياقتۇق.شۇنداق قىلىپ بۇيەر يورىدى.ئەتراپتا تۇرۇكلەر بارئىدى.ھەربىر تۇرۇكتە ھەرخىل ئويما رەسىملەر تۇراتتى. شۇ ئەسنادا بىرىيەردىكى تاش ئىشىكنى بايقىدىم.بۇ تاش ئىشىكتە يوغان قىلىپ ئەرۋاھلار يىزىقىدا خەت يىزىلغان بولۇپ ئوتتۇرسىدا ھىلىقى خىرۇستال تاش شەكىلدە كامار تۇراتتى.مەن تاشنى ئىلىپ شۇ كامارغا قويدۇم.ھەيۋەت ئاۋاز بىلەن بۇ تاش ئىشىك ئىچىلدى.ئەمما بۇ بىرە ئۆينىڭ ئىشىكى بولماستىن پەقەت كىچىك بىر بوشلۇقنىڭ ئىشىكى ئىدى.بۇ بوشلۇقتا بىر ساندۇق تۇراتتى .

ـــ ياۋۋۋ! شۇنچىلىك يوغان تاش بىلەن يىپىپ قويغان بۇ ساندۇقتا نىمە بار بولغۇيدى ـــ دىدى ئادىل. قارسام ساندۇقنىڭ ئۈستىدە كىچىك بىر كامار باركەن.ئۇنىڭدىن بۆلەك ئاچىدىغان تۇتقۇچى يوق ئىدى.بۇ كامارغا خىرۇستال تاشمۇ پاتمىسا ئەمسە بۇ نىمە

ئارقىلىق ئېچىلىدىغاندۇ؟؟

ــ ھەي بۇ ساندۇقنى قانداق ئاچىمىز ــ دىدىمەن ئىككەيلەنگە.ئىمىن ساندۇقنا قاراپ ھېلىقى كامارغا بارمىقىنى تىقىپ باقتىدە:

ــ ھېلىقى قىزىل كىچىك تاشلىق زەنجىرنى ئاغىنە شۇ ئارقىلىق ئېچىلىشى مۇمكىن . ــ دىدى . مەن زەنجىرنى ئېلىپ قىزىل تاشنى كامارغا سالدىم.ھەقىقەتەن قىزىل نۇر چىقىپ ساندۇق ئېچىلدى.ساندۇق ئىچىدە بەك ئالاھىدە بىرنەرسە بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدىم.پەقەت بىرتال خەرىتە تۇراتتى.مەن خەرىتىنى قۇلۇمغا ئالدىمدە:

ــ شۇنچە مەخپى قىلغۇدەك نەنىڭ خەرىتىسى بولغۇيدى بۇ ــ دىدىمەن.ئىمىن قولىغا ئېلىپ بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كىيىن بىرنەرسىنى سىزگەندەك سوغۇق كۈلۈمسىردىدە:

ــ ئەرۋاھلارنىڭ خەرىتىسى ــ دىدى . مەن ھەيران بۇلۇپ خەرىتىگە قايتا قاردىم.خەرىتە ھەقىقەتەن ئەرۋاھلارنىڭ ئۇلۇم پەرىشتىسى ئىدى .

داۋامى بار....

## 12 ـ قىسىم: بۆرىلەر توپى

خەرتىنى قولۇمغا ئالدىم. خەرتىدە خىرۇستال تاش ۋە كۈمۈش شەمشەرنىڭ ئەك چەتتە رەسمى تۇراتتى. ئوتتۇرلىرىدا ئەگرى بۈگرى يول سىزىقلىرى بىلەن قاپ ئوتتۇرسىدىكى بوشلۇقتا كۈمۈش شەمشەر ۋە خىرۇستال تاش ئاندىن يەردە ياتقان بىر ئەرۋاھ تۇراتتى. بۇنىڭغا قاراپ ئىمىن مۇنداق چۈشەمچە بەردى:

ـــ مۇنداقچە ئېيتقاندا خىرۇستال تاش بۆيەردە يەنى بىزنىڭ قولىمىزدا. بۇ كۈمۈش شەمشەر ئىكەن. ئۇ يەرئاستى شەھەرنىڭ ئەك ئىچكىرسىدە. دىمەك بىز بۇ ئىككىسىنى بىريەرگە ئەكىلەلىسەك قارا ما ئەرۋاھلارنى يۇقىتالايمىز دىگەنگەپ.

ـــ قان شورىغۇچىلارنىمۇ يوقىتالايمىزمۇ؟ ـــ دىدى ئادىل.

ـــ ئەلۋەتتە بۇدىگەن يىلتىزدىن ئۆلتۈردىغان خىسلەتلىك قىلىش تۇرسا. ـــ دىدىمەن.

ـــ قاراڭلا، بۇ خەرىتە ئارقىلىق كۈمۈش شەمشەر بار يەرگە بارالىغۇدەكمىز. ـــ دىدى ئىمىن بۇشاللىقىدۇ. مەن سەل ئەپسۇسلاندىمدە:

ـــ بىراق... بىراق بىز ھازىر قەيەردە؟ بىزنىڭ ئورنىمىز خەرىتىدە بارمۇيوق؟ ـــ دىدىم. ئىمىن خەرىتىگە بىردەم قارىغاندىن كىيىن:

ـــ خەرىتىدە بۇنداق جاي يوقتەك تۇردۇ. ـــ دىدى.

ـــ دىمەك بىزنىڭ بۇ خەرىتىنى تاپقىنىمىزنىڭ ئەھمىيىتى

يوقكەندەــــ دىدى ئادىل . مەن ئۇنىڭ گېپىگە رەدىيە بېرىپ:

ــــ ئەلۋەتتە ئەھمىيىتى بار.بىز بۇخىرىتنى تېپىپ خىرۇستال بىلەن كۈمۈش شەمشەر بىريەرگە كەلسىلا ئاندىن قۇدرىتىنىڭ نامايەن بولىدىغانلىقىنى بايقىدۇق.مانا بۇ خەرىتىنى تاپقانلىقىمىزنىڭ ئەھمىيىتى .ــــ دىدىم .

ــــ ھەي ھەي! ھە بوپتۇ. بىراق بىز ھازىر قەيەردە؟ بۇيەردىن قانداق چىقىپ كىتىمىز مۇھىمى شۇدە؟ ــــ دىدى ئادىل .

توغرا! ھازىر بىز بۇيەردىن قانداق چىقىپ كىتىشىمىزنى بىلمەيتتۇق .بۇيەردە يا باشقا يول يوق ئىدى .كەينىمىزگە يانساقمۇ بەربىر چىقىپ كىتەلمەيتتۇق . شۇ ئەسنادا ئىمىن:

ــــ ئاۋۇياققا قاراڭلار! ــــ دەپ ئۇدۇلىمىزدىكى تامنى كۆرسەتتى .بىز يېقىن بېرىپ قارىدۇق.نۇرغۇن رەسىملەر تۇراتتى.بەزى رەسىملەردە ئادەملەرنىڭ بۆرە ئۆلتۈرگەنلىكى، ئەرۋاھلارغا تازىم قىلىۋاتقانلىقى،قەبرە ئالدىدا تۇرغان ۋاقىتلىرى، قىرغىن قىلىشىۋاتقان ۋاقىتلىرى ..... ئىشقىلىپ بۇيەردىكى پۈتۈن تامدا ھەرخىل سۈرەتلەر بار ئىدى .رەسىملەرگە قاراۋېتىپ بىر ئادەمنىڭ بىر نەرسىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان رەسىمگە كۆزۈم چۈشتى.بۇ رەسىمدىكى ئادەمنىڭ قولى تۇرغان يەرنىڭ ئۈستىدىلا خىرۇستال تاش شەكلىدە كامار تۇراتتى.

ــــ بەللى! ئىشنىڭ بۇيەردىكەندە! ــــ دىۋەتتىم خۇشلۇقۇمدا.

ــــ بۇياققا كىلىڭلا! چىقىش ئېغىزى بۇ تەرەپتىكەن ــــ دەپ

ئۇلارنى چاقىردىم. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن خىرۇستال تاشنى چىقاردىمدە شۇ كامارغا تىقتىم.شۇنچە ھەيۋەت ئاۋاز چىقىشقا باشلىدى.بىز تېخى بۇيەردىن ئىشىك ئېچىلىدىغان بولدى دەپ خۇشال بولۇپ كىتىپتۇق.بىردىنلا بۇيەر گۈمۈرلۈشكە باشلاپ ئۈستىدىن تاشلار چۈشۈشكە باشلىدى.

ــ بۇ نىمىش بوپ كەتتى ئەمدى ــ دىدى ئادىل.

ــــ ئەجەبا بۇ ئىشىك ئەمەسمىكىنا ــــ دىدىم مەن ئەنسىرەپ. شۇ ئەسنادا ئىمىن:

ــــ بۇياققا كىلىپ قاراڭلا! بۇيەردىمۇ بىر كامار باركەن ــــ دىدى.

مەن دەرھال بېرىپ تاشنى شۇيەرگە سالدىم.بىردىنلا بۇ كامار يېرىلىپ ئىشىكتەكلا ئېچىلىپ يوغان بوشلۇق ھاسىل قىلدى.مەن تاشنى ئېلىپ ماڭدىم.ھەممەيلەن بۇيەردىن كىرىپ بولىشىمىزغىلا بايىقى بوشلۇقما ئېتىلىپىنقالدى.ناھايىتى تومراق بىرتاش ئايرىپ تۇرغان بولسىمۇ ئېچىدە يەرتەۋرەپ گۈمۈرلىۋاتاتتى.بۇيەر جىمجىت ئىدى.ئەمدى بىزنىڭ چىقىپىنقالغان يېرىمىز بىر ئورمانلىق بولدى.قۇيۇق ئۆسكەن دەرەخلەر ئارىسىدىكى ناھايىتى چوڭ بىر قۇرام تاشتىن چىقىپتىمىز. ئەتراپ ناھايىتى جىمجىت ھەم سۈرلۈك ئىدى.

ــ بىز يەنە ئەرۋاھلار ئورمانلىقىغا كىرىپ قالمىغاندىمىز ھە؟ ــــ دىدى ئىمىن. دىمىسىمۇ بۇيەر ئەرۋاھلار ئورمانلىقىغا ئوخشاپراق كىتەتتى.

ــــ شۇنى دەيمەن. ئەمدى قاياققا ماڭساق بولا؟ ــــ دىدىمەن.

تۇيۇقسىزلا بىر ئورمانىنىڭ قاپ ئوتتۇرسىغا كىرىپ قالساق ئەلۋەتتە نەگە بېرىشىمىزنى بىلمەيمىزدە! قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمەي تۇرغان شۇ دەقىقىدە ئاستا ئاستا شامال چىقىشقا باشلىدى.بۇ شامال بارغانچە كۈچىيىپ كۈچلۈك بوران ھاسىل قىلدى.بورانمۇ شۇنداق كۈچلۈك چىققان بولۇپ كۆزىمىزنىمۇ ئاچالماي ئاران تۇراتتۇق.باشتىكىدەكلا بۇ بورانمۇ 10مىنۇتچە چىقىپ ئاستا توختاپ قالدى.ئەمما ئىش تامامەن باشقىچە ئىدى.كۆز ئالدىمىزدا خېلىلا چوڭ بىر بۆرە كۆكۈچ كۆزلىرى بىلەن بىزگە زەھىرىنى چېچىپ خىرىس بىلەن تىكىنىنى سانجىپ تۇراتتى.

ــــ ئەھۋال چاتاق! ــــ دىدىمەن نىمە قىلارىمنى بىلەلمەي.

ــــ كۈپچىلىك، قاچساقمۇ ئوخشاشلا تۇتلۇپ قالىمىز.بۇ بۆرىنىڭ بەستىدىنلا يامانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.شۇڭا يەنىلا جەڭ قىلايلى ــــ ئىمىن شۇنداق دىگىنىچە قىلىچىنى چىقاردى.ئادىل بىلەن ئىككىمىزمۇ شەمغىرىمىزنى چىقىرىپ بۆرىگە قاراپ تۇردۇق.چاتاق يېرى شۇكى بۇ بۆرە ھىچ بىزگە ئېتىلاي دىمەيتتى.خۇددى قېتىپ قالغاندەك بىزگە قاراپلا تۇراتتى.

ــــ ھەي! ئۇ ھەيكەل ئەمەستۇ! ــــ دىدى ئادىل.

ــــ كالۋا! ئۇ قانداقمۇ ھەيكەل بولسۇن.قارىمامسەن ئۇ تىنىق چىقىرۋاتامدۇ ئەنە ــــ دىدىمەن.

ــــ بۇرادەرلە، ئۇ شۇنداق قاراپ تۇرىدىغان ئوخشايدۇ بىزمۇ

يولىمىزغا مېڭىپ بۇنىڭدىن يىراقلىشايلى ــ دېدى ئىمىن .

ــ بىراق قەيەرگە ماڭىمىز ــ دېدى ئادىل .

ــ ئاۋۇ تەرەپكە ــ ئىمىن شۇنداق دەپ كەينىمىزنى كۆرسەتتى.شۇنداق قىلىپ بىز كەينىمىزگە قاراپ ماڭدۇق.بۇ بۆرىمۇ جايىدىلا قالدى.ئۇنىڭ شۇ كۆكۈچ كۆزلىرىگە قارىغىنىمدا بەدىنىمنى تىترەك بېسىپ كەتتەتتى.ۋۇجۇدۇم بىرخىل ۋەھىمىگە تولاتتى. بىز ئۇنىڭدىن خېلى ئۇزىغان بولساقمۇ ئۇ بۆرە يەنىلا شۇ جايىدا قىمىرلىماي تۇراتتى .

ــ ھەي ئۇ بۆرە جايىدىلا تۇرىدىغۇ؟ ــ دېدىمەن ھەيران بولۇپ . ئىمىن:

ــ تۇرسا تۇرمامدۇ .ــ دىگىنىچە بۆرە تەرەپكە قاراپ ھەيران قالدى . چۈنكى ئۇ تەرەپتە ھېلىقى بۆرە يوق تۇراتتى.مەن كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم.تېخى ھازىرلا شۇيەردىتتى.بىز ئالدىمىزغا شۇنداق قارىشىمىزغىلا ئۇ بۆرە يەنە كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولدى.بىز قورققىنىمىزدىن بىر ۋارقىراپلا كەينىمىزگە يېنىپ كەتتۇق .

ــ ئۆلگۈر بۆرە ھەجەپنقورقۇتتىنا! بوينۇڭنى ئۈزۈپ تاشلىمىسام.ــ ئادىل شۇنداق دىگىنىچە قىلىچىنى چىقىرىپ بۆرىنىڭ يېنىغا باردى.بىراق ئۇ بۆرە ئادىلغا قاراپمۇ قويماي ئىككىمىزگە قاراپلا تۇراتتى.ئادىل جان ئاچچىقىدا بۆرىنىڭ بوينىغا بىر قىلىچ ئۇردى.ھەيران قالارلىقى شۇكى بۆرە خۇددى بوشلۇقتا قويۇپلىغان رەسىمدەكلا قىلىچ ئۇنىڭ قىسمىدىن ئۆتۈشۈپ كىتىۋاتاتتى .

ــ ھەي! بۇ ئالۋۇنمۇ نىمە؟ ــ دىدى ئىمىن. ئادىل ھەيرانلىقتا ئۇنى تۇتۇپ باقماقچى بولدى بىراق ئۇ بۆرىنى تۇتالمىغاندى.ئۇنىڭ قولى بىكرە قىسمىدىن ئۆتۈشۈپ كەتتى.

ـــ بولدىلا بۇ راسلا بىر ئالۋۇنكەن. يولىمىزغا ماڭايلى.قورقىدەك ئىش يوق.ـــ دىدىمەن.شۇنداق قىلىپ بىز بۇ بۆرىنى قۇيۇپ مېڭىشىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق.بۆرىمۇ ھەر 100مىتىردا بىر بىزگە ئەگىشىپ كىلىپ بىزنى قورقۇتۇپلا يۈردى.بىز خېلى ماڭغاندىن كىيىن:

ــ كۆپچىلىك بۇ نىمىشتۇ! بەك ھېرىپ ئۇيقۇم كىلىۋاتىدۇ.ــ دىدى ئادىل.توغرا ھازىر مەنمۇ شۇنداق ھېرىپ كىتىۋاتاتتىم. شۇ ئەسنادا ئىمىن:

ــ قارغاندا بىز ئەرۋاھلار ئورمانلىقىدا ئەمەسكەنمىز! باشقا يەردىكەنمىز. سائەتكە قاراڭلا ھازىر 12بوپتۇ. بىز قەلئەگە كىرگەندە ئەتتىگەن سائەت 11لەر بولغاندى.تاكى بۈيەرگە كەلگۈچە ئارانلا بىر سائەت ئۆتكەنىدۇ؟ ــ دىدى. ئادىل تېلفۇنىنى چىقاردىدە:

ــ ئۇنداق ئەمەس ھازىر كەچ سائەت 12بوپتۇ ــ دىدى.بۇنى ئاڭلاپ ھەممىمىز قورقۇشقا باشلىدۇق.ئەتراپ شۇنچە يورۇق تۇرسا.

ـــ ئەھۋالدىن قارغاندۇ بىيەردە قاراڭغۇ بولمايدىغان ئوخشايدۇ ـــ دىدىمەن.

ـــ كونىلادا سائەت 1دە جىن ئەرۋاھلار چىقىدۇ دەيدىغان گەپلە

بولىدىغان . ھازىر . . .ــــ دىدى ئادىل سەل ئەندىشە ئىچىدە .

ــــ يوقگەپ .ھازىر كەچ بوپتۇ .ھەممىمىز ھاردۇق .بىريەرنى تېپىپ ئارام ئالايلى . ــــ دىدىمەن .شۇ ئەسنادا ئالدىمدا ھېلىقى بۆرە تۇيۇقسىزلا پەيدا بۇلۇپ مىنى قورقىتىۋەتتى .ئاچچىقىمدا ئۇنىڭ بىرنى ئۇراي دەپ قۇلۇمنى شىلتىدىم .لىكىن بەربىر ئۇرالمايمەندە . يوغانراق بىرتۇپ دەرەىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــــ كىلىڭلا، بۇيەردە ئارام ئالايلى .قارسام بۇ بۆرىدىن بىكلەك قورققىدەك ئىش يوقكەن ــــ دىدىمەن .شۇنداق قىلىپ بىز بۇيەرگە كىلىپ ئولتۇردۇق .دەرەخكە يۆلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇخلاپ قاپتىمەن . ئۇخلاپ چۈش كۆردۈم .چۈشۈمدە بايىقى بۆرە بىزگە خىرىس قىلىپ ئېتىلىپ كىلىۋاتقۇدەك .بىز قېچىپتىمىز .ئۇ بۆرە بىزگە يىتىشۋېلىپ بىزنى يارلاندۇرۇپتىدەك .كىيىن بىر ئامال بىلەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپتۇق .مېڭىپ يۈرۈپ بىر كۆلگە كىلىپ قاپتىمىز .كۆلنىڭ سۈيى شۇنچىلىك سۈزۈك بۇلۇپ .ئادەمنىڭ ئىچكۈسىنى كەلتۈرەتتى .بىز ئەمدىلا سۇدىن ئىچەي دەپ تۇرشىمىزغا بىر قارا سايە مىنى ئىمىن ۋە ئادىلدىن ئايرىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە ئەكىرىپ كەتتى .قانچىلىك ۋاقىت ئۇخلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن .بىرچاغدا چۈچۈپ ۋارقىرىغىنىمچە ئويغاندىم .قارسام يەنە شۇ جايىمدا ئىكەنمەن .يېنىمدا ئىككەيلەن خورەكنى بۇلىشىغا تارتىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ .ئىمىننىڭ سائىتىگە قارىسام سائەت 8بولغاندى .ئۇلارنى ئويغاتتىم .ئۇلارمۇ

ئەسنىگىنىچە كۆزلىرنى ئۇۋلاپ ئورنىدىن تۇرۇشتى.بىز قورسىقىمىزغا ئازراق بىرنەرسە يەۋالغاندىن كېيىن يەنە يولىمىزنى داۋام قىلىپ يولغا چىقتۇق .

ـــ ھەراس! ھېلىقى بۆرە كۆرۈنمەيدىغۇ؟ـــ دىدى ئادىل.راسلا ئۇ بۆرە ھىچيەردە يوق ئىدى. ئىمىن:

ـ ھە قارغاندا بىز كەچ كىرگەننىمۇ بىلمەي بەك مېڭىپ كىتىپ چارچىغىنىمىزدىن كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ كەتكەن چېغى.مانا بىر ئۇخلاپ قوپتۇق ئەمدى يوق. ھازىر بىز بىخەتەر بولدۇق ـــ دىدى. بىردىنلا كۆز ئالدىمىزدىكى ئادىلنىڭ چىرايىدا ئۆزگىرىش بولدىدە:

ـــ مە...مەنچە... مەنچە تېخى بالدۇركەن. بىز خەۋىپ ئىچىدە ـــ دىدى دۇدۇقلىغىنىچە.بىز ئۇنىڭ گىپىنى ئاڭقىرالماي تۇرغاندا ئۇ بىزنىڭ ئارقىمىزنى ئىشارەت قىلدى.شۇنداق بۇرۇلۇپ قارىشىدۇق كۆز ئالدىمىزدا 100دىن ئارتۇق بۆرىلەر بىزگە خەنجەر كەبى كۆزلىرىنى تىكىپ سۇر بىلەن قاراپ تۇرۋاتاتتى.ئەجەبا چۈشۈم ئەمەلىيەتكە ئايلانغانمىدۇ؟ ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلارمۇ؟ سەل قورققان بولسامۇ بۇنىمۇ بىر ئالۋۇن دەپ ئويلىدىمدە:

ـــ بۇ...بۇ بۇمۇ بەلكىم ئالۋۇن قاراڭلا ھە ـــ دىدىمدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاستا ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم.بۆرىگە يىقىنلىششقا بىرمىتىرچە قالغاندا بۆرە ماڭا قاراپ خىرىس بىلەن شۇنداق ئېتىلىۋىدى نىمە قىلارىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم.بىر بۆرە بىر سەكرىگىنىچە مىنى يىقىتىپ ئۈستۈمگە چىقىۋالدىدە

شۇنداق ھۆركىرشىگە «پاك» قىلغان ئاۋاز بىلەن پىشانىسىدىن قىپقىزىل قان چىقىپ ئۇستۇمگە يىقىلدى.مەن ئۇ بۆرىنى نېرى ئىتتىرۋىتىپ ھاسىرغىنىمچە ئىمنىنىك يېنىغا باردىم.بۆرىنى ئىمىن ئېتىۋەتكەن بولۇپ.قاق پىشانىسىگە تەگكەنىدى.

ــــ قارغاندا بۇ قېتىم ئەھۋال چاتاق. شۇڭا بۆرىلەر بىلەن جەڭ قىلىساق بولغۇدەك.بۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلىسا ئوق بىلەن دەل تەككۈزۈپ ئېتىشىمىز تەس.شۇڭا قىلىچلىرىمىز بىلەن كاللىسىنى چېپىپ تاشلايلى.ــــ دىدى ئىمىن. شۇنداق قىلىپ بىز بۇ بۆرىلەر توپىغا جەڭ ئېلان قىلدۇق. بۆرىلەر ئەمدىلىكتە بىزگە قاراپ يېقىنلاشماقتا ئىدى.

ــــ تەييار بولدۇڭلارمۇ؟ ــــ دەپ ۋارقىرىدىمەن. ــــ جاۋاپ كىلىپ بولغۇچە بۆرىلەر قەدىمىنى تېزلىتىپ بىزگە ئېتىلدى.مەنمۇ ئالدىمغا كەلگەنلىكى بۆرىنىڭ ئۇدۇللا كەلگەن يېرىگە ئۇزۇن شەمشىرىمنى تىقىپ بۆرىلەرنى ئۆلتۈرۋاتقان ئىدىم.بەزىللىرى ئۆلمەي قايتىلاتىن ۋەھشىيلىشىپ ھۇجۇم قىلاتتى. بارغانچە بۆرىلەر قەبىھلىشىپ بىرەيلەنگە ئىككى ئۈچتىن چىقىپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.بىز بىرنى ئۆلتۈرگىچە بىرى كىلىپ ئۇدۇل كەلگەن يېرىمىزنى ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن تاتلاپ يارا قىلاتتى. دىمىسىمۇ ئۈچ ئادەم قانداقمۇ بۇنچىۋالا قىق بىكرە توپىغا تەڭ كىلەلىسۇن. شۇ ئەسنادا ئادىلنىڭ ئېچىنىشلىق ئېگرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.ئەھۋال شۇنچىلىك جىددىي ئىدى.شۇنداق ئەھۋال

ئاستىدا بىر بۇرادىرىمىزنى بىرتوپ بۆرىلەر بېسىۋالدى.جان ئاچچىقىمدا شۇنچىلىك قاتتىق ئېلىشىۋاتاتتىم.بەدىنىمدىكى يارىنىڭ ئاغرىقلىرىنىمۇ ئاچچىققا تولدۇرۇپ بۆرىلەر بىلەن ئۇرۇشىۋاتاتتىم.بىراق مەنمۇ ئاخىرى بۇ قەبىھ بۆرىلەرگە تەڭ كىلەلمەي يەرگە يىقىلدىم.شۇ ئارىدا ئىمىن ھېلىقى ئوت چىقىرىدىغان قۇرالىنى چىقىرىپ بۆرىلەرنى ئوت بىلەن قورقىتىپ يېنىغا كەلتۈرمەي ئادىلنى بېسىۋالغان بۆرىلەرنى كەتكۈزۈۋەتتى. بىر بۆرە كىلىپ بىلىكىمنى شۇنداق قاتتىق چىشلىۋىدى ئاغرىق مىڭەمگە چىقىپ قايناپ كەتتى.ئىمىن ئادىلنى سىرىگىنىچە يېنىمغا كىلىپ بۆرىلەرنى قورقىتىۋاتاتتى.قارسام ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ئۇنچىدەك ياشلار چىقىۋاتتتى.ئاھ خۇدا! بىز بۇ بۆرە توپىدا بۆرىگە تالىنىپ ھالاك بۇلارمىزمۇ؟ مەنمۇ بارلىق ئاغرىقنى يۈتۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.ئادىل كۆزىنى يۇمۇپ جىممىدىلا ياتاتتى.ئۇنىڭ بەدىنى خېلىلا ئېغىر يارلانغانىدى.

— بىز بۇنداق كىتىۋەرسەك ھالاك بولىمىز! — دىدىمەن.ئىمىن:

— سىنىڭ باشقا ئامالىڭ بارمۇ؟ بۇ تاپانچىنىڭ ئوتىمۇ چەكلىكلا — دىدى بۆرىلەرگە ئوت پۈركۈپ قورقۇتقاچ. مەن قەتئىيلىك بىلەن:

— مىنىڭ بىر ئامالىم بار! بىزنىڭ دۇنيانىڭ قۇراللىرى بىلەن تەڭ كىلەلمىسەك ئەرۋاھلار دۇنياسىدىكى قۇراللارنى ئىشلىتىمىز. — دىدىمدە يانچۇقۇمدىن خىرۇستال تاشنى چىقاردىم.

— بۇ تاشنىڭ پايدىسى بارمىدۇ — دىدى ئىمىن .

— قىنى بىر ئىشلىتىپ باقىلى — دىدىمدە تاشنى بۆرىلەرگە قاراتتىم.بىراق تاشتا ياكى بۆرىلەردە ھىچقانداق ئىنكاس يوق ئىدى .

— قارغاندا پايدىسى يوقكەن — دىدى ئىمىن.قارسام تاپانچىنىڭ .ئوتىمۇ ئاجىزلاۋاتتى.مەن دەرھال زەرنجىرنى چىقىرىپ بۆرىلەرگە قاراتتىم.شۇ ئەسنادا زەنجىردىكى تاشتىن نۇر چىقىشقا باشلىدى.ئۇنۇمى بولىدىغان بولدى دەپ خۇشال بولغان شۇ دەقىقىدە بۇ نۇرمۇ ئۆچۈپ قالدى. مانا نۇرنىڭ ئۆچىشىنى ئاز دەپ تاپانچىنىڭ ئوتىمۇ تۈگىدى. بۆرىلەر بىزنىڭ يولىمىز قالمىغانلىقىنى بىلدى بولغاي مەككارلارچە ئاستا قەدەم بىلەن بىزنى چەمبەر شەكىلدە قورشىۋالدى .

— ئەمدى قانداق قىلامىز! — دىدى ئىمىن .

مەن زەنجىردىكى تاشنى خىرۇستال تاشقا تەككۈزدۈم.شۇ تەككۈزشۈمدە شۇنچىلىك كۈچلۈك نۇر چىقتىكى كۆزۈمنى ئاچالمايلا قالدىم.تاش بىلەن زەنجىرمۇ قڭلۇمدىن چۈشۈپ كىتىپ نۇرمۇ ئۆچتى.بۆرىلەر بىزنى قىستاپ كىلىۋاتاتتى.مەن قايتىدىن تانى ۋە زىنجىرنى قولۇمغا ئېلىپ كۆزۈمنى يۇمدۇمدە ئۆزئارا ناھايىتى مەھكەم ھالەتتە تەككۈزدۈم.شۇ ئارىدا بۇ نۇرمۇ كۈچىيىپ توختىدى.بىردەمدىن كىيىن كۆزۈمنى ئېچىپ ھەيران قالدىم.بىزنى ھازىر قىپقىزىل بىر نۇر خۇددى يېرىم شاردەكلا بىزنى

ئوراپ مۇھاسىرە چەمبىرىكى ھاسىل قىلغانىدى.ئاھ خۇدا! كىنولاردىكىدەكلا بولدى . بۇ بۆرىلەرمۇ بۇ چەمبەردىن ئۆتۈپ بىزگە يېقىنلىشالمايۋاتتى. قايسى بىر بۆرە بۇ چەمبەرگە تەگسىلا كۆچلۈك بېسىم بىلەن توك سوقۇپ جېنىدىن ئايرىلاتتى .

ـــ ۋاھ! قالتىن خاسىيەتلىك نىمىكىنا بۇ! ـــ دىدى ئىمىن كۆزلىرىگە ئىشەنمەي . قولۇمدىكى ئىككى تاش بىربىرەگە چىك چاپلىشىپ سۇس نۇر چېچىپ تۇراتتى.بىز ئادىلنىڭ يېنىغا كەلدۇق .ئۇ ھۇششىز ياتاتتى.ئۇنىڭ قولى، پۇتى، دۈمبىسى، مەيدىسى، ھەتتا يۈزلىردىن تارتىپ يارلانغانىدى .

ـــ خېلىلا ئېغىركەن، قانداق قىلساق بولا! ـــ دىدى ئىمىن . مەن بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كىيىن شۇنداق ياخشى ۋە خەتەرلىك چاردىن بىرنى تاپتىمدە:

ـــ بىر ئامال! بۇ ئامال بىز ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى.بىراق بەك خەتەرلىك بولىشى مۇمكىن .ـــ دىدىم .

ـــ ۋايىۋۇي .ئاغىنىمىز جان تالىشىۋاتسا خەتەرلىك بولسا بولمامدۇ؟ بەك بولسا ھەممىمىز بىللە ئۆلەرمىز! قېنى دىگىنە قانداق ئامال ئۇ؟ ـــ دىدى .مەن:

ـــ بىز يەر ئاستى شەھىرىدىكى خىسلەتلىك شارقىراتما بار جايغا بېرىشىمىز كېرەك ـــ دىدىم .ئۇ:

ـــ نىمە شارقىراتما؟ نىمىشقا ئۇيەرگە بارىمىز؟ ـــ دىدى .

ـــ خاتېرىدە دىيىلىشچە بۇ شارقىراتمىنىڭ سۇيىدە ھەرقانداق بىر

يارا ئېغىزىنى سۈرتسەك شۇ ھامان ئەسلىگە كېلەمىش ـــ دېدىم.

ئىمىن:

ـــ ئۇنداقتا ئۇيەرگە قانداق بارىمىز؟ دېدى.مەن سومكامدىن خاتىرىنى ئالدىمدە شارقىراتما ھەققىدە بىرە نەرسە تاپارمەن دەپ ئىزدىدىم.نەچچە رەت قارىغان بولسامۇ مۇندەرىجىدە شارقىراتمىغا مۇناسىۋەتلىك گەپ يوق ئىدى.

ـــ خاتىرىدە شارقىراتما توغۇرلۇق گەپ يوقكەن ـــ دېدىمەن.

ـــ ئۇنداقتا ئۇ شارقىراتمىنىڭ بارلىقىنى نەدىن بىلدىڭ؟

ـــ خاتىرىنىڭ بېشىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ قۇيۇپتىكەن.

ـــ بەلكىم بىرە ئىشلا ئىسىڭدىن چىقىپ قەلغاندۇ شۇيەرنى قايتا ئوقۇغىنا ـــ دېدى.ئىمىن.مەن خاتىرىنىڭ بېشىنىراق ئېچىپ شارقىراتما توغرىسىدىكى كىچىك بىر جۈملىنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

يەر ئاستىدا يەنە بىر شارقىراتما بۇلۇپ سۈيى ئالماستەك سۈزۈك.ھەرقانداق يارا بۇسۇدا نەمدەلسا شۇھامان شىپا قىلىدۇ.بىراق بۇسۇندىن ئىچىشكە قەتئى بولمايدۇ.

ـــ مانا مۇشۇنچىلىكلا يېزىلىپتىكەن. ـــ دېدىمەن ئوقۇپ بۇلۇپ.

ـــ ۋيەي شۇنچىلىكلىما؟ ئۇيەرگە قانداق بېرىش ھەققىدىمۇ گەپ يوقمىكەن.؟ ـ دېدى ئىمىن ھەيران قېلىپ.مەن:

ـــ مۇنداق بولسۇن، بىز ئاۋال ئۆزىمىزنىڭ قەلئە ئاستىدىكى شەھەر ئىچىدە ئىكەنلىكىمىزنى جەزملەشتۈرۋالايلى. ئاندىن راستلا شۇيەردە بولساق ئۇنداقتا شارقىراتما مۇشۇ ئەتاپتا دىگەن گەپ. ـــ

دىدىم
ــ ئۇنداقتا قانداق قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ يەرئاستىدا ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلايمىز
ــ ئاۋال بىر پاي ئوق ئېتىپ باقىلى ئاسمەنغا شۇندىلا بىلەلەيمىز.ــ دىدىمدە تاپانچىنى چىقىرىپ ئۈستىگە قارىتىپ ئاتتىم.بىراق بىزنى قوغداپ تۇرۋاتقان يېرىم شار شەكىللىك مۇھاسىرى نۇرىدىن ئوق ئۆتەلمىگەنىدى.
ــ خېلى كارامىتى باركەن ھە بۇنىڭ ــ دىدى ئىمىن. قارا.ئەتراپىمىزدىكى بۆرىلەرمۇ بىزگە يېقىن كىلەلمەي قاراپ تۇرۋاتىدۇ.بىز قانداق قىلىپ بۇ مۇھاسىرىدىن چىقىمىز؟ چىققان تەقدىردىمۇ بۆرىگە تالىنىپ ئۆلىمىز؟ مۇھاسىرنۇرىنى بىز بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭغىلى بولامۇ؟ ــ دىدى.
ــ راست! مەن بىر سىناپ باقاي ــ دىدىمدە مۇھاسىرە چەمبىتكىنىڭ يېنىغاراق باردىم.ھەقىقەتەن بۇ مۇھاسىرە چەمبىركى مەن بىلەن بىللە يۆتكەلدى.
ــ ئەمدى ياخشى بولدى.ئادىلنى كۆتۈرۋېلىپ ئۇدۇلىمىزغا قاراپ مېڭىۋېرەيلى ــ دىدىمەن.شۇنداق قىلىپ باشتا ئادىلنى ئىمىن كۆتۈرۈپ ماڭدى مەن خىرۇستال تاش بىلەن زەنجىرنىڭ ئاجراپ مۇھاسىرنىڭ بۇزۇلۇپ كىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ماڭدىم.بىز خېلى ئۇزۇن ماڭدۇق.بۆرىلەرمۇ بىزگە ئەگىشىپ يۈرۈپ بىزگە چېقىلالماي كىتىپ قېلىشتى.بىرچاغدا قۇلىقىمىزغا يېنىككىنا

سۈنى شارقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنى.بىز بۇشاللىقىمىزدا ئاسانلا شارقىراتمىنى تېپىۋالدۇق دەپ ئويلاپ قەدىمىمىزنى تېزلەتتۇق.ئەمما بىز خاتالاشقانىدۇق....

## 13 ـ قىسىم:چۈش ئىچىدىكى سىرلار

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئالدىمىزدا سۈنىڭ سارقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.بىزمۇ ئاسانلا تېپىۋالدۇق دەپ ئاۋاز ئاڭلانغان تەرەپكە زور ئۈمىد بىلەن ماڭدۇق. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن بىر دەريا ئالدىغا كەلدۇق.ئەمما بۇيەردە ھېچ شارقىراتما يوق ئىدى.دەريا سۈيى يۇقۇردىن تۆۋەنگە قاراپ ئېقىۋاتاتتى.

ــــ ھەي! ھېچ شارقىراتما يوققۇ؟ ــــ دىدى ئىمىن.مەن:

ــــ شارقىراتمىنىڭ يوقلىقى ئەلۋەتتە بۇيەرنىڭ خىسلەتلىك شارقىراتما ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈردۇ. ــــ دىدىم.

ــــ ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟

ــــ ئاۋال بۇيەردە ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ يەنە ئىچىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك سۇ ئېلىۋالايلى.

ئەمما .. ئەمما بۇ سۈنى ئىچسەك چاتاق چىقماس ھە!

ــــ ئەمما بىزدىمۇ ئامال يوق.ئاۋال سۇدىن ئېلىۋېلىپ يېنىمىزدىكى سۈنى ئىچەيلى.بىزنىڭ سۈيىمىز تۈگىگىچە بۇسۇنىڭ ئامەت ياكى ئاپەتلىكى ئېنىقلىنىپ قالار.

ـــ ئەمسە بولىدۇ. ـــ ئىمىن ماقۇل بۇلۇپ قۇرۇق بوتۇلكىلارغا سۇ ئالدى.قارسام بۇيەرنىڭ مەنزىرىسى خېلى گۈزەل ئىكەن. ئەمما ھېچ جانجانۋار يوق ئىدى.

ـــ بىز ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ سۇنىڭ يۆنىلىشى بۇيىچە ماڭايلى.ـــ دىدىمەن.

ـــ بىراق سۇنىڭ يۆلىنىشىگە قارشى تەرەپتىن ماڭساق ياخشىمىكىن دەيمەن.چۈنكى سۇ يۇقۇردىن پەسكە ئېقىپتۇ.بۇنداق بولغاندا بىزنىڭ يەرئۈستىگە چىقالىشىمىزدا ئۈمىد بار.ـــ دىدى ئىمىن گىپىمگە قوشۇلماي.مەن:

ـــ بىز يەر ئۈستىگە چىقمايمىز! بەلكى يەر ئاستىغا چۈشۈپ كۆمبىش شەمشەرنى ئىزدەيمىز. يەنە تېخى شارقىراتمىنى تاپساق ئادىلنىڭ يارىسىمۇ ياخشىلىنىدۇ.قارا ئۇ تېخىچە ھۇشسىز.ـــ دىدىم كەسكىنلىك بىلەن.

ـــ مەن دىمەكچى، بىز يولنى بىلمىگەندىكىن.يەر ئۈستىگە چىقىۋېلىپ قەلئە ئارقىلىق قايتا كىرسەكمىكىن دىگىنىم. شۇنداق بولغاندا بەك يول مېڭىپ كەتمەيتتۇق.

ـــ سەن ئۇ يولنىڭ يەر ئۈستىگە تۇتىشىدىغانلىقىنى قانداق بىلىسەن؟

ـــ بۇمىنىڭ پەرزىم خالاس.ئەگەر خالىمىساڭ سۇنىڭ يۆنىلىشى بۇيىچە ماڭايلى.

مەن ئۇنىڭ بۇ تەكلىبىدىن نارازى ئىدىم.شۇنداق قىلىپ بىز

سۇنىڭ يۆنىلىشى بۇيىچە يولغا چىقتۇق. خېلى ماڭغان بولساقمۇ بۇ دەريانىڭ ئايىقى تۈگەي دىمەيتتى.ئارلىقتا ئادىل ھۇشىغا كەلدى.ئەمما ئەھۋالى ناچار بولغاچ ئېنىق بىرنەرسە دىيەلمەيۋاتاتتى.ئۇنى يۆلەپ مېڭىپ كىتىپ باراتتۇق.شۇ ئەسنادا بىريەردىن بىرقۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ــــ ئىمىن، ئاڭلىغىنە بىرقۇش سايراۋاتامدۇنىمە؟ ـــــ دىدىمەن. ئىمىن:

ــــ شۇنداقكەن! قۇشنىڭ سايرىغانلىقىنى ئاڭلىدىم.ــــ دىدى زەن قويۇپ ئاڭلىغاندىن كىيىن.

ــــ بىراق بۇيەردە قۇشنىڭ بولىشى تازا نورمال ئەمەستە!

ــــ توغرا دەيسەن. مەنچە بىز يەنە خەتەرگە يولۇقىدىغاندەك قىلىمىز.

ــــ ئۇنداقتا.... ــــ گېپىمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيلا نەدىندۇر بىر قۇش كىلىپ بىردەرەختكە قونۇپ داۋاملىق سايراشقا باشلىدى.بۇ قۇشنىڭ پەيلىرى ئاپپاق ئىدى.

ــــ قارىغىنا ئاۋۇ قۇش بەك غەلىتە ئىكەن.ــــ دىدىمەن.ئىمىن:

ــــ بولدىلا كارىمىز بولمىسۇن! يولىمىزغا ماڭايلى ـــــ دىدى.بىز يولىمىزغا مېڭىۋەردۇق.ئەمما ئۇمۇ بىزگە ئەگىشىپ ئۇچماقتا ئىدى. ئىمىن بىلەن ئىككىمىز ئادىلنى نۆۋەتلىشىپ كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتاتتۇق.بۇ قۇش ئەگىشىپ مىنى بەك بىزار قىلىۋەتكەنىدى.نۆۋەت ئىمىنغا كەلگەندە ئادىلنى ئۇنىڭغا يۈدۈپ

قۇيۇپ خاتىرىنى ئاچتىم.خاتىرە مۇندەرىجىسىدە «ئايغاقچى قۇش»دىگەن خەتنى كۆرۈپ قىزىقىپ قالدىمدە بەلكىم بۇ قۇشتىن قۇتۇلدىغان چارە باردۇ دەپ ئىچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

— ئايغاقچى قۇش ئەرۋاھلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ئىش ھەركەتلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئارقىسىغا سىلىپ قويىدىغان بىرخىل ئاق رەڭلىك قۇش بولۇپ ئەگەر ئۇشبۇ قۇش ئارقىڭىزغا چۈشۈۋالسا ئۇنى چۇقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىڭ. ئۇنىڭ جېنى ئەرۋاھلارنىڭكىدەك چىڭ ئەمەس.ھەرقانداق نەرسە بىلەن ئۆلتۈرەلەيسىز.ئەمما ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ قانتىغا ياكى پۇتىغا ياكى بوينىغا قاراپ بېقىڭ بىرنەرسە ئىسىلغانمۇ يوق.ئەگەر بىرنەرسە ئىسىلغان بولسا ئۇنىڭغا قاراپ ئىسقىرتىپ قولىڭىزنى كۆتۈرۈپ تۇرسىڭىز كىلىپ قونىدۇ.ئىسىلغان نەرسىنى ئېلىپ قارسىڭىز سىزگە زىيانلىق نەرسە ياكى پايدىلىق نەرسىنىڭ بارلىقىنى كۆرىسىز.ئىسىڭىزدە بولسۇن زىيانلىق نەرسە بولسا ناھايىتى زور دەرىجىدە زىيانلىق.پايدىلىق بولسا زور پايدىسى بار.ئۇچۇر ئېلىپ كەلگەن قۇشنى قۇيىۋېتىڭ. سىز قولىڭىزغا خەت ياكى باشقا نەرسە ئالغان ۋاقتىڭىزدا ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈڭ..

خاتىرىدە مۇشۇنچىلىك يېزىلغاندى.مەن تېزلا قۇشقا سەپسېلىپ قارىدىم.ئۇنىڭ بوينىغا ھەقىقەتەن بىرنەرسە ئىسىلغاندى.

— ئىمىن توختىغىنا، ئاۋۇ قۇش بىزگە بىرنەرسە ئېلىپ كەپتۇ — دىدىمەن ئىمىننى توختىتىپ. مەن خاتىرىدە دىيىلگەندەك

ئىسقىرتقاندىن كېيىن قولۇمنى كۆتۈرۈپ تۇردۇم.قۇش كېلىپ قولۇمغا قوندى.مەن ئۇنىڭ بويىنىدىكىنى ئېلىۋېلىپ ئۇنى قويىۋەتتىم.ئۇمۇ كىتىپ قالدى.

ــ ھەي! نىمىكەن ئۇ ــ دىدى ئىمىن. ئەسلى قۇش بويىنغا ئېسىۋالغىنى بىردانە كىچىك تاش ئىدى.

ــ بۇ بىر تاشكەنغۇ؟ ــ دىدىمەن ھەيران قېلىپ.ــ خاتىرىدە زىيانلىق بولسا بەك زىيانلىق، پايدىلىق بولسا بەك پايدىلىق نەرسە ئەكېلىدۇ دەپتىكەن.بىراق مەن ھازىر بۇنىڭ پايدىلىق نەرسە ياكى زىيانلىق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

ــ بۇ... ئەمسە قانداق قىلىمىز.ئەگەر زىيانلىق نەرسە بولسا چاتاقنىڭ چوڭى ئىكەنغۇ بۇ.ــ دىدى ئىمىن.مەن:

ــ بولدىلا ئاۋال يولىمىزغا ماڭايلى.قېنى قاراپ باقارمىز.ــ دىدىم.شۇنداق قىلىپ بىز يەنە داۋاملىق ماڭدۇق.مېڭىپ ئاخىرى كەلگەندە بىرتاغ ئالدىغا كەلدۇق.دەريا سۈيى تاغنىڭ ئەك ئاستىدىكى كاماردىن پەسكە ئېقىپ چۈشۈپ كىتىۋاتاتتى. بىز بۇيەردىن ئايرىلىپ تاغ يېنىنى بويلاپ خېلى ئۇزۇن ماڭدۇق.شۇنداقتىمۇ بۇ يولنىڭ ئاخىرى چىقاي دىمەيتتى.بىرچاغدا تۇيۇقسىزلا بىرى مۆرەمنى تۇتتى.مەن تېزلا كەينىمگە قارىدىم.بىراق ھېچكىم يوق ئىدى.يەنە ئالدىمغا قاراپ ماڭغىنىمدە مۆرەمنى بىر قول يەنە بىرقېتىم تۇتتى.بۇ قېتىم كەينىمگىمۇ بۇرۇلماستىن مۆرەمنى تۇتقان شۇ قولنى تۇتىۋېلىش

ئۈچۈن قۇلۇمنى مۆرەمگە سۇندۇم.بىراق مۆرەمدە ھېچ نەرسە يوق ئىدى.مەن كەينىمگە قاراپ ئەتراپنى بىرقۇر كۆزەتتىم.شۇ ئەسنادا ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرسىدەرەك ھېلىقى قىزىل كۆزلۈك ئەرۋاھنىڭ ماڭا قاراپ رەزىللەرچە ھىجىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىمدە ئىمنىغا:

— ھەي ئىمىن ئاۋۇياققا قارىغىنا — دىدىم.ئىمىن مەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى.

— كۆردۈڭمۇ؟ ئاۋۇ ئەرۋاھ بىزگە قاراۋاتىدۇ.— دىدىمەن بىزگە قاراپ كۈلىۋاتقان ئەرۋاھنى كۆرستىپ.ئىمىن:

— مەن ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدىمغۇ؟ — دىدى.

— ئەجەبا سەن ئاۋۇ ئەرۋاھنى كۆرەلمىدىڭما؟

— ئۆمەر، ئۇيەردە ھېچنەرسە يوقكەنغۇ

— ئېنىقراق قارىغىنا ئاۋۇياققا

— شۇ ئەسنادا بايا يىراقتىن ماڭا قارىغان ئەرۋاھ دەقىقە ئىچىدە كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى.ئاھ خۇدا! ئۇنىڭ كۈلۈشلىرىدىن بەدىنىم تىترەپ كىتىۋاتاتتى. ئۇ ئاغزىنى قۇلۇقۇمغا يېقىن ئەكىلىپ يەنىلا بۇرۇنقىدەك:

— سەن بۇيەرگە كەلمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى.ئەمدى ئۆلىسەن! ئۆلىسەن! — دەۋاتاتتى.چىرايىمدا قان قالماي تاتىرىپ كەتتى.ئۇنىڭ ھەربىر گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك قورقۇپ كەتكەنىدىم.ئىمىن بولسا ماڭا قاراپ ھاڭۋېقىپ

قىلىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئەرۋاھمۇ غايىپ بولدى.مەن جايىمدىلا ئولتۇرۇپ قالدىم.

ـــ ئۆمەر، ساڭا بىرە ئىش بولمىغاندۇ؟ ـ دىدى ئادىلنى يەردە ياتقۇشۇپ قويغاندىن كىيىن يېنىمغا كىلىپ. مەن:

ـــ سەن بايىقى ئەرۋاھنى كۆرەلمىدىڭ، ئۇ يېنىمغا كىلىپ ئۆلسەن دىدى.ـــ دىدىم.

ـــ قارا ئاداش، بىز چۇقۇم بۇيەردىن هايات چىقىپ كىتەلەيمىز.بىزگە چۇقۇم بىر ئىش بولمايدۇ.ـ ئىمىن شۇنداق دەپلا «ئا»دەپ قالدى.ئۇنىڭ چىرايىدىكى بايىقى خاتىرجەملىكتىن ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇ يەرگە يىقىلدى.مەن نىمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئىمىنغا:

ـــ ئىمىن، نىمە بولدى. مىنى قوقۇتما ـــ دەۋاتاتتىم.شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى بىرخەنجەرنى كۆرۈپ قالدىم.ئۇنىڭ دۈمبىسگە بىرخەنجەر سانجىلغان بۇلۇپ قان سىرغىپ ئېقىۋاتاتتى.بۇنى كۆرۈپ بېشىمدىن بىرچېلەك سۇ قۇيغاندەك بۇلۇپ كەتتىم.ئاه خۇدا! ئىمىن كۆزى ئۇچۇقلا جان بەردى.ئۇ مۇشۇنداقلا ئۇلۇپ كىتەمدۇ.ئاچچىقىمدا ۋارقىراشقا باشلىدىم:

ـــ نوچى بولساڭ چىقىشماسەن! ئەرۋاھ بۇلامسەن ئالۋاستىمۇ چىقىشە .....!

ئەڭ يېقىن ئاغىنىسىنىڭ ئۆلمىگە قاراپ تۇرۇپ ئامال قىلالماسلىقتىن ئارتۇق ئازاپ بارمىدۇ؟ كۆزلىرىمدىن ياش

ئېقىۋاتتى.كۆز ئالدىمدا بۇ خەتەرگە مەن سۆرەپ ئەكەلگەن دوستلىرۇم تۇراتتى.ئادىلمۇ قېينىلىپ جان تالىشىۋاتىدۇ. ھازىر نىمە قىلارىمنى بىلەلمەي ئولتۇراتتىم.مۇنداقچە ئېيتقاندا خاموش بولۇپ قالدىم.كاللام قۇپقۇرۇقلا.شۇ ئەسنادا بىر كىشى نەدىن پەيدا بولدىكىن ئالدىمغا كەلدىدە:

ـــ قايغۇرما، ئۆلۈم ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا بار. بۇيەردە ئۆلۈپ كىتىش ئۇنىڭ تەقدىرى. ـــ دىدى. مەن ئەندىشە ئىچىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

ـ سەن كىم؟ ـــ دەپ سورىدۇم.سوئالىم جاۋاپسىز قالدىدە ئۇ قولىنى ماڭا قاراتتى.تۇيۇقسىزلا كاللامدا ئۇنىڭغا ئەگىشىش ئېڭى پەيدا بولدى.ئۇ ئالدىمدا ماڭدى.مەن كەينىدىن ئەگىشىۋاتاتتىم.ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر قەبرىستانلىققا كەلدۇق. قبرىلەر ئوتتۇرسىدا ھەيۋەتلىك سىلىنغان بىر قەبرە تۇراتتى.ئۇ ماڭا:

ـــ زۇلمەت قاپلىغان دۇنيانىڭ تۈگۈنى مانا بۇيەردە! ـــ دەپ قەبرىنى ئىشارەت قىلدى.

ـــ مەن ھىچنىمىنى چۈشەنمىدىم.ئېنىقراق دەپبېرەمسىز! ـــ دىدىمەن.

ـــ سەن كۈمۈش شەمشەرنى ئالغاندىن كىيىن!بۇ زۇلمەتنى ئاخىرلاشتۇرسەن.سىنىڭ نىشانىڭمۇ شۇ.

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى قەتئىي ئاڭقىرالمايۋاتاتتىم.

ــــ نىملەنى دەپ يۈرۈيسىز؟ سىز زادى كىم؟ مەن چۈشىنەلمىدىم؟

ــــ بۇ شەھەرنى قۇتقۇلدۇرغىن ــــ ئۇ شۇنداق دىگىنىچە قولىنى بىر شىلتىۋىدە قەبرىنىڭ ئۈستى ئېچىلدى .

ــــ بارغىن! دوستلىرىڭدىن ئەنسىرىمىگىن ــــ دەپلا غايىپ بولدى .

ــــ ھەي! قېنى سىز؟ توختاڭ! ماڭا قانداق قىلىشنى ئېيتىپ بېرىڭ .

ــــ مەن شۇنداق دەپ ۋارقىراۋاتتىم. شۇ ئەسنادا ھاۋادىن ئاۋاز كەلدى :

ــــ قىزىل رەڭلىك خىرۇستالنى ئال!! ــــ دىگەن ئاۋازنى ئاڭلىدىم. مەن زور ئۈمۈد بىلەن سەكرەپلا لەھەت ئىچىگە چۈشتۈم.يانفۇقۇمدىن كىچىك قول چىرىقىمنى ياندۇردۇم.ئۇدۇل تەرىپىمدە بىر يول بار ئىكەن . مەن شۇ يولنى بويلاپ ماڭدىم.خېلى ماڭغاندىن كىيىن بىر كەڭرىچىلىككە چىقتىم.بۇيەرنىڭ ئوتتۇرسىدىلا بار تاختا بۇلۇپ ئۈستىدە بىر قىزىل رەڭلىك خىرۇستال تاش پارقىراپ تۇراتتى.مەن ئاستا كەلدىمدە خىرۇستالنى ئالدىم.خىرۇستالنى ئېلىشىمغىلا كۈچلۈك بىر نۇر چىقىپلا سول تەرپىمدە يەنە بىر يول پەيدا بولدى.مەن يەنە شۇ يولغا قاراپ ماڭدىم.بۇيولدىنمۇ مېڭىپ بۇلۇپ يەنە بىر بوشلۇققا چىقتىم.بۇيەردە بىردانە شەمشەر تۇراتتى .

ــــ كۈمۈش شەمشەر مۇشۇ ئىكەندە ــــ دەپ ئويلۇدۇمدە شەرمشەرنى قولۇمغا ئالدىم. شەمشەرنىڭ تۇتقۇچى بار يەرگە قاريدىم.ئالدى كەينىدە خۇددى خاتىرىدە دىيىلگەندەكلا خەت بارئىدى. ھازىر

قولۇمدا قىزىل رەڭلىك خىرۇستال بىلەن كۈمۈش شەمشەر بار. بىراق يەنە باشقا يول ئېچىلمىغانىدى.قارغاندا چىقىپ كىتىدىغان ئوخشايمەن دەپ كەينىمگە ياندىم.ئاخىرى بايا كىرگەن ئېغىز ئارقىلىق قەبرىدىن چىقتىم.كۆزئالدىمدا ھېلىقى كىشى تۇراتتى.ئۇ:

ـــ ناھايىتى ياخشى قىلدىڭ.ئۇنى ماڭا بەر ـــ دىدى. مەن شەمشەر بىلەن خىرۇستالنى ئۇنىڭغا بەردىم.ئۇ سەت ھىجايغىنىچە بايىقى تۇرقىدىن ئۆزگىرىپ بىر قان شورىغۇچى ئالۋاستىغا ئايلاندى.

ـــ ھا ھا ھا ھا! ساڭا كۆپ رەھمەت.ـــ دەپ كۈلىۋاتاتتى.

ـــ سەن ...سەن ..ھۇ ئەبلەخ.ـــ مەن ئامال قىلالمايۋاتاتتىم.قول پۇتلىرىمنى باغلاپ قويغاندەك مىدىر قىلالمايۋاتاتتىم.شۇ ئەسنادا تېخى بايىلا جان ئۈزگەن ئىمىن كەلدى.قان شورىغۇچى مەخلۇق كۈمۈش شەمشەرنى ئۇنىڭغا بەردى.ئۇ يېنىمغا كەلدىدە كۈمۈش شەمشەرنى كۆكرىكىمگە تىقىۋەتتى.

ـــ ئا....ئا...

ۋارقىرغىنىمچە يەرگە يىقىلدىم.ئەمما ھىچ ئاغرىق تۇيۇلمايۋاتاتتى.كۆزۈمنى يۇمۇۋالغانىدىم.كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام بىر ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرۇپتىمەن.ئۆيگە زەن سېلىپ قاراپ بۇ ئۆينىڭ دەل ئۆزۈمنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.ئۆي ئىچىدىن ئاپام چىقتى.ھاياجاندىن يۈرۈكۈم ناھايىتى تېز سوقۇپ كەتتى.ئۇ ماڭا قاراپ ناھايىتى ئىللىق تەبەسسۇم قىلىۋاتاتتى.

ـــ ئاپا! ـــ دەپ ۋارقىردىم مەن.كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلىۋاتاتتى.مەن ئاپامغا قاراپ يۈگۈردۈم.بىراق ئاپام مىنىڭ كەينىمدىكى بىر بالىغا قاراپ كۈلگەنىكەن.مىنىڭ ئاپامنى قۇچاقلايمەن دەپ سوزغان قوللىرىم قۇرۇق قالدى.كەينىمدىكى بۇ بالا دەل مەن بولۇپ مىنىڭ كىچىك ۋاقتىم ئىدى. ناھايىتى تېزلا كەچ بولۇپ كەتتى. تۇيۇقسىزلا ئۆزەمنى ئۆزۈمنىڭ ياتاق ئۆيۈمدە كۆردۈم. ئاپام مىنىڭ كىچىك ۋاقتىمنى ياتقۇزۇپ ئۇنىڭغا مۇنداق ھېكايە سۆزلەپ بېرۋاتاتتى:

ـــ بۇرۇنقى زاماندا بىر كەنىت بولۇپ ئۇيەر شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەن.ئادەملىرىمۇ ناھايىتى ئاقكۆڭۈل بولۇپ تۇرمۇشى باي باياشات ئۆتىدىكەن. كەنتتىكىلەر مال دۇنياغا تويغان كىشىلەر بولۇپ ئۆي ئۆيلىرىدىن تارتىپ ئالتۇن ئىكەن. ئۇلار شۇنداق خۇشال ئۆتىۋاتقان كۈملەرنىڭ بىرىدە تۇرمۇشىغا قارا بولۇت سايە تاشلاپتۇ. يەنى ئۇ كەنتتىكى بىر ئادەمنىڭ مەڭگۈلۈك ھايات ياشاش ئۈچۈن تەتقىق قىلىپ ياسىغان بىر دورىسى بۇ كەنتنى ھالاك قىپتۇ.ئۇ ياسىغان دورىنى ئىچكەنلەر سېكنۇت قالماي جان بېرىپتۇ. ئەمما بىر ھەپتىدىن كىيىن باشقىچە ئادەم بولۇپ تىرىلدىكەن.

ـــ ۋايجان ئاپا ۋاشقا ھېكايە ئېيتقىنە قورقۇپ كەتتىمەن.

ئاپام ھېكايە سۆزلەپ مۇشۇيەرگە كەلگەندە مىنىڭ كىچىك ۋاقتىم ئاپامنى توختىتىپ قويدى.

شۇ ئەسنادا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆزۈمنى يەنە شۇ ئەرۋاھلار

قەلئەسىنىڭ ئىچىدە كۆردۈم. بۇيەردە ئۆزۈممۇ تۇراتتىم.قارسام مەن ئەرۋاھلارنى تىرىلدۈرۋاتقانىكەنمەن.ئۆزۈمنىڭ يىدنىغا بېرىپ ئۇنى تۇسۇپ باقتىم.ئۇمىنى كۆرەلمىگەنىدى.قېتىپ قالغان ئەرۋاھلار بىردەمدىلا تىرىلىپ ئورنىدىن تۇرۇشتى. يەنە كۆزنى يۇمۇپ ئاقۇچە ئۆزەمنى بايا ئىمىن ئۆلۈپ كەتكەن جايدا كۆردۈم.ئۇيەردە بايىقى مىنى قەبرىگە ئېلىپ بارغان كىشى ئىمىننىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان مىنى ئېلىپ كەتتى.مەن ئىمىنغا قاراپلا قالدىم.بىردەمدىن كىيىن ئىمىن ئورنىدىن تۇرۇپ دۈمبىسىگە سانجىلغان خەنجەرنى ئېلىۋىتىپ رەزىللەرچە كۈلگىنىچە ئادىلنى بوغۇزلىۋەتتى.بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ يۈرۈكۈم ئېغىپ كەتتى. بۇ ئىمىن ئەمەس دەپ ئويلىدىممەن.شۇ قورقۇنۇچ ئىچىدە ئادىلنىڭ بوغۇزلانغانلىقىغا قاراپ ۋارقىراپ كەتتىم.

ـــ ئۆمەر! ساڭا بىر ئىش بولمىغاندۇ؟ ـــ يېنىمدا ئادىل ماڭا قاراپ تۇراتتى.ئۇنى كۆرۈپ تېخمۇ قورقۇپ كەتتىم.يېنىمدىن خەنجىرىمنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تەڭلەيتتىم.ئادىل يەردە ياتقانىكەن.

ـــ ئۆمەر! ساڭا نىمە بولدى؟ بۇ مەن ئىمىن؟ ـــ دىدى ئىمىن.

ـــ سەن زادى كىم؟ ئىمىننىڭ سىياقىغا كىرۋاپسەن! ـــ دەۋاتاتتىممەن.ممەن بايا بولغان ئىشلانى تېخى راست دەپ ئويلىغانىدىم.ئەسلى مەن چۈش كۆرگەنىكەنمەن.

ـــ ئۆمەر ساڭا زادى نىمە بولدى.ـــ دى ئىمىن. مەن خەنجىرىمنى

**تاشلاپ ئىمىنغا:**

**ـــ مەن شۇنداق قورقۇنۇچلۇق چۈشتىن بىرنى كۆردۈم.بەك قورقۇنۇشلۇق چۈش. ـــ دىدىممەن.يۈرۈكۈمدىكى ۋەھىمە تېخچە پەسەيمىگەندى.ئىمىن مەندىن قانداق چۈش كۆرگەنلىكىمنى سورىدى.مەن چۈشۈمنى ئۇنىڭغا ئەينەن دەپ بەردىم.ئۇ:**

**ـــ چۈشۈڭ ئەمەلىيەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.يەنى بىز ئەرۋاھلارنى يوقۇتىدىغان قىزىل خىرۇستال ۋە شەمشەرنى تاپقاندىن كىيىن ئۇنى قان شورىغۇچىلارغا تارتقۇزۇپ قويىمىز.شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مىنى سىنى ئۆلتۈرگۈزىدۇ.سىنىڭ ئاپاڭ سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىنى ئىلگىرى ماڭا بوۋاممۇ سۆزلەپ بەرگەن.ئەمما ھېكايىدىكى شەھەرنىڭ بۇيەرلىكىنى بىلمەپتىمەن.يەنە شۇنى جەزىملەشتۈرەلەيمەنكى ئەگەر بىز شەمشەر ۋە خىرۇستالنى تارتقۇزۇپلا قويساق مەن سىنى ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرى سەن ئەرۋاھلارنى تىرىلدۈردىكەنسەن.بۇ مىنىڭ شەخسىي ئويۇم. ـــ دىدى. مەن:**

**ـــ دىگىنىڭىنىڭ ئاساسى بار.ئۇنداقتا ھۇشيار بولايلى.قېنى ماڭا دىگىنە ئاشۇ ھېكايە زادى قانداق ھېكايە؟ ماڭا شۇنى سۆزلەپ بەر.بەلكىم بۇ شەھەر ھەقتە بىرنەرسىگە ئېرىشەرمىز ـــ دىدىم.ئىمىن ھېكايىسىنى باشلىدى....**

## 14 ـ قىسىم: ۋەھىمە باسقان يېزا

(ئىمىننىڭ بوۋىسىنىڭ ھېكايىسى:)

مىنىڭ كىچىك ۋاقتىلىرىم .تەخمىنەن 10 ـ 11ياش ۋاقتىلىرىممىكى، شۇۋاقىتلاردىمۇ بوۋامغا ھېكايە ئېيتقىلى سالاتتىم.ئۇچاغلاردا بوۋامىمۇ بەك ياشىنىپ قالغاچقا ماڭا ھېكايە ئېيتىپ بەرگۈدەكمۇ ھالى يوق ئىدى.ئاپام دادام بوۋاڭنى ئاۋارە قىلما دىسىمۇ ئۇنىمايتتىم. شۇڭا دادام بوۋامغا مىنى قورقۇتۇپ قويۇشنى دەپ ئەمدى ھېكايە ئېيتقىلى سالمىسۇن دەپتىكەن.شۇڭا بوۋام ماڭا بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەن.بەلكىم تەقدىر بولسا كىرەك.شۇ ھېكايىدىكى دەل مۇشۇ شەھەر بولسا كىرەك. بوۋام مۇنداق دىگەن:

ــ ئىلگىرى بىزنىڭ كەنتىمىزنىڭ ئارقا تەرپىدىكى ئېگىز تاغنىڭ كەينىدە شۇنداق ئاۋات باياشات كەنت بولىدىغان.ئۇيەرنىڭ كىشىللىرىمۇ شۇنچىلىك دوستانە ئىكەن.ئۇيەردە بىر كىشى بۇلۇپ شۇ كەنتنىڭ ئالىمى ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنىڭ كەشىپ قىلغان مىخانىك قۇراللىرى كىشىلەرگە نۇرغۇن پايدىلىقلارنى ئېلىپ كەپتۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئادەملەرنى مەڭگۈ ياشىتىدىغان يەنى ئۆلمەيدىغان بىرخىل دورا ياساشقا باشلاپتۇ.ئۇ نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى ئىشلەپ قايتا قايتا مەغلۇپ بوپتۇ.كىشىلەر ئۇنى ساراڭ بۇلۇپ قاپتۇ دەپ ئۇنىڭدىن

ئاستا ئاستا يىراقلىشىپتۇ. ئۇ ئالىم ھەممە تەجرىبىللىرىدە ئوخشاشلا مەغلۇپ بولۇپ مەيۈسلەنگىنىدە تەسەللى بىرىدىغان بىرمۇ كىشى يوق ئىكەن.شۇڭا ئۇ كۆڭلىگە ئاچچىقنى تولدۇرۇپ ھەرقانداق ماتىرىياللارنى ئىشقا سېلىپ تەجرىبىسىنى داۋام قىپتۇ.شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى بۇخىل دورىنى ياساپ چىقىپتۇ.تۇنجى قېتىم ئۇ بۇ دورىنى بىر جەسەتكە سىناق قىپتۇ.سىناقتىن كېيىنكى بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى جەسەت ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. بۇ ئالىم ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۇتتۇق قازانغانلىقىنى بىلىپ پەخىرلىنىپتۇ.تىرىلگەن ئادەمگە كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.ئەمما ئۇ ھېچنىمىنى ئەسلىيەلمەيدىكەن . ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ تىرىلگەن ئادەم يەنىلا ئۆلۈپ قاپتۇ.ئالىم ياسىغان بۇ دورىنىڭ كۈچىنىڭ مەڭگۈلۈك بولمىغانلىقىنى چۈشىنىپنقايتىدىن ياساشقا كىرشىپتۇ.شۇ ئارىدا ھېلىقى تەجربە قىلىنغان كىشى قايتىدىن تۇرۇپتۇ.بۇ قېتىم ئادەمدەك ئەمەس ئاجايىپ بىر مەخلۇق بولۇپ تۇرۇپتۇ.ئۇ كۆرگەنلا ئادەمنى چىشلەيدىكەن. ئۇنىڭ بۇ تەجرىبىسى بۇ كەنتكە ھالاكەت ئېلىپ كەپتۇ.كېيىن بۇيەردىكى كىشلەرنىڭ ھەممىسى تىرىك موردىغا ئايلىنىپ قاپتۇدەك.بىرنەچچە يىلدىن كېيىن بۇيەرگە ھەققىي زۇلمەت ئىگىسى بولغان ئەرۋاھلار كەپتۇ.ئەمما ئەرۋاھلارنىڭ دەۋرىمۇ ئۇزۇنغا بارماپتۇدەك.چۈنكى موردىلار بۇرۇنقى ئىشلىرىنى ئەسكە

ئالالاپتۇ.موردىلارنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسكە ئالالىشى ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئۆز نەسلىنى بىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئالىم يەنە تەجربە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بۇيەردىكى كىشىلەرنى قانىورغا ئايلامدۇرۇپ قويۇپتۇ.بۇ قانخورلار قان ئىچمىسە بولالمايدىكەن. ئەرۋاھلار بۇيەرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن كەلگىنىدە بۇ قانخورلار ئۇلارغا پۈتلىشىپتۇ.شۇنىڭ بىلەن ئەرۋاھلار ئارىسىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك بولغان تۆت دانە خىرۇستال تاش مەيدانغا كەپتۇ.خىرستال تاش شۇنچىلىك كارامەت تاش بولغانلىقى ئۈچۈن قانىور مەخلۇقلار ئەرۋاھلارغا ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ.كىيىن ئەرۋاھلار يەنە بىر شەمشەرنى ئوتتۇرغا چىقىرىپتۇ.بۇ شەمشەر خىرۇستال تاشلار ئارىسىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك بىرتاش بىلەن بىرلەشكىنىدە ناھايىتى زور كۈچنى ھاسىل قىلىدىكەن.باشقا خىرۇستال بىلەن بىرلەشسمۇ يامان ئەمەس كۈچ ھاسىل بولىدىكەن.شۇنىڭ بىلەن قانخورلار تېخىمۇ ھەسرەتتە قاپتۇ. ئەرۋاھلار بۇ ۋەھىمە باسقان كىچىك يېزىنى ئىككىگە بۆلۈپ بىرىنى يەر ئاستىغا بەنت قىلىپ ئۈستىگە قەلئە سالدۇرۇپتۇ.قەلئە ئىچىگە نۇرغۇن مىخانىك تۇزاقلارنى قۇرۇپتۇ.بۇنىڭغا ھېلىقى ئالىم ياردەملەشكەنىكەن. يېزىنىڭ يەنە بىر بۆلىكىنى يەر ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئەمما بۇ ئىككى يېزىنىڭ كىرىش ئىشىكى بىرلا يەردە بولۇپ يەنى قەلئە ئاستىدا ئىكەن.قەلئە ئاستىغا ئورۇنلاشقىنىنى پۈتۈن قىلتاققا

تولدۇرۇپتۇ.بۇنىڭ ھەممىسى قىزىل رەڭلىك خىرۇستالنىڭ قۇترىتىكەن.كېيىن قانخورلار بىر ئاماللارنى قىلىپ كۆك رەڭلىك خىرۇستال تاشنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ.شۇنىڭ بىلەن ئەرۋاھلارنى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا بەنت قىلىپ قويغانىكەن.بىراق خىرۇستال تاشنىڭ كۈچى ئۆز ئىگىسىگە قارشى ھۇجۇمدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۈچى قانخورلارنىمۇ ئوخشاشلا ئۇيقۇغا بەنت قىلىپ قۇيۇپتۇ.شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ كەنت زۇلمەت ئۇۋۇسى بۇلۇپ قاپتۇ.ئەگەر كۆك، قىزىل،ئاق، يېشىل رەڭلىك تۆت خىرۇستال تاش بىرىيەرگە كەلسە بارلىق زۇلمەتنى ئويغىتىپ ۋەھىمىنى قايتىدىن يورۇتامىش.كېيىن ھايات قالغان بەزى ئەرۋاھلار ۋە قانخورلار بۇ يېزىنى ئىككى تاغ ئارىسىغا بەنت قىلىپ ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق قىپتۇ.بىرىدە قىزىل خىرۇستال ۋە شەمشەر، بىرىدە كۆك خىرۇستال بولغانلىقى ئۈچۈن بىر بىرىنى مەغلۇپ قىلالماپتۇ.لىكىن شەمشەرۋە خىرۇستال بولغان ئەرۋاھلار قانخورلارنى يۇقىتالمىسىمۇ ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرۇپتۇ.شۇ تەرىقىدە يىللار ئۆتۈپ بۈگۈنمىزگە كەلگەندە بۇ زۇلمەت قايتىدىن يورۇپتۇ. كەنتىمىزدىن بىر كىشى چىقىپتۇدە ئاشۇ زۇلمەت ئۇۋۇسىغا بۆسۈپ كىرىپتۇ.بۇيەردىكى ئەرۋاھ ۋە قانخورلار بۇ ئىنساندىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆزىگە بوي سۇندارماقچى بۇلىشىپتۇ.بىراق بۇ ئىنسان بۇيەرالىكى «سىرلىق پۈتۈك»نى تېپىۋاپتۇ.بۇ سىرلىق پۈتۈك بولسىلا ئۆزىگە باشقىلارنىڭ زىيان

زەخمەت يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپتۇ.ئۇ شۇ پۈتۈك ئارقىلىق ئاق خىرۇستالنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ.ئاق رەڭلىك خىرۇستال خىرۇستاللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاجىز تاش بولسىمۇ بىراق بۇ ئىنسانغا ئاز بولمىغان ياردەملەرنى ئېلىپ كەپتۇ.شۇنىڭ بىلەن ئەرۋاھلار شەمشەرنى ئىشلىتىپ بۇ ئىنساننى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.ئىنسان ئۆزىنىڭ بۇيەردە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى پەملەپ خىرۇستالنى ۋە پۈتۈكنى يۇشۇرۇپ قويغانىكەن.غۇنىڭ بىلەن ئەرۋاھلار ئاخىرغىچە پۈتۈكنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپتۇ.ئەرۋاھلارنىڭ قۇدرەتلىك شاھى ۋە باشقا يامان ئەرۋاھلار ئۇيقۇغا بەند قىلىنغاچقا ئۇششاق ئەرۋاھلار ئامال قىلالماپتۇ.قانخورلارمۇ ئەرۋاھلارغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە قاپتۇ.شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېشىل رەڭلىك خىرۇستال ئوتتۇرغا چىقىپتۇ.يەنى بىر ئەرۋاھ يېشىل رەڭلىك خىرۇستالنىڭ كۈچىدە بۇيەردىكى يېزىدا ئېقىۋاتقان شارقىراتمىنىڭ سۈيىنى خىسلەتلىك شارقىراتمىغا ئۆزگەرتىپتۇ.شارقىراتما سۈيى ھەرقانداق يارىنى ساقايتارمىش.ئەسلى ئەرۋاھلار ئۇيقۇغا بەند قىلىنغان قەۋىمداشلىرىنى ئويغىتىشنى مەقسەت قىلغانىكەن.ئەمما بۇ شارقىراتمىنىڭ سۈيىنىڭ ئۇنىڭغا پايدىسى بولماپتۇ.قانخورلارمۇ بۇ سۇغا ئېھتىياجى چۈشمەپتۇ.كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كىتىۋېرىپتۇ.شۇنىڭدىن كىيىن ئۇ يېزا شۇنداق «زۇلمەت ئۇۋىسى»بولۇپ قېلىۋېرىپتۇ. بۇنداق بىرجاينىڭ بارلىقىمۇ

ئىنسانلار ئارىسىدىن ئۆنتۈلۈپ كىتىپپىۇ...

ــ بوۋام مانا مۇشۇنداق قىلىپ سۆزلەپ بەرگەن.شۇ ھاكايىنى ئاڭلاپ مەنمۇ سەل قورقۇپ قالدىم.كىين بوۋاممۇ ئۆلۈپ كەتتى.مەن تاكى سەلىمنىڭ پاجىئەسى يۈزبەرگەنگە قەدەر بۇ ھېكايىنى توقۇلما دەپ بىلەتتىم.ئۇ ئىش يۈزبەرگەندىن كىينمۇ ھېكايىدىكى شەھەرنىڭ بۇيەر ئىكەنلىكىنى پەقەتلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. مەنچە ھېكايە بۇيىچە تەھلىل قىلساق ئۆنداقتا ھازىر بىزدە ئەڭ ئاجىز بولغان ئاق رەڭلىك خىرۇستال تاش بار.شۇڭا بىز... ــ مەن ئىمىننىڭ گىپىنى ئۈزدۈمدە:

ــ توختا توختا.ھېكايىدىكى ۋەقەلىك ۋە خاتىرىدە يېزىلغانلار، ئاندىن بىز كۆرگەن ئىشلار ھەجەپ زىت بۇلۇپ قالدىغۇ.خاتا سۆزلىمىگەنسەن ھە؟ ــ دىدىم. ئىمىن:

ــ ھە؟ قانداق زىت بۇلۇپ قاپتۇ؟ ــ دىدى.مەن:

ــ قارا، ھېكايىدە تۆت خىرۇستال بار دەپتۇ.ئۆنداقتا بىزنىڭ كۆرگىنىمىزنى سانىساق قىزىل رەڭلىكتىن ئىككىسى بار. ئاق رەڭلىكتىن ئىككىسى بار. بۇ زىت بۇپ قاپتىغۇ ئەنە ــ دىدىم.

ــ توغرا ھېلىقى ئۆيدىكى قىزىل رەڭلىك تاش.قەلئەدىكى بىرتاش.ئاق رەڭلىكى ئىشكىتىمۇ بىرسى باركەنتۇق. راسلا ھېكايە بىلەن ئوخشىمايدىغان چىقتىغۇ.

ــ مەنچە بۇ يەنىلا بىر ھېكايە.بوۋاڭ ئالدىن بىلەمدا؟ بۇنداق بىر يەنىڭ بارلىقىنى قانداق بىلدۇ؟ مەنچە سىنى قوقۇتۇش ئۈچۈن

توقۇپتۇ.

ــ ھە بوپتىلا ئەمسە ھېكايىگە ئىشەنمەمدۇق؟ سەنمۇ بۇ ھېكايىنى چۈشۈڭدە كۆرگەن تۇرساڭ.

ــ ھەمە چۈشۈمدە كۆردۈم.بىراق ئازراقلا.ئەگەر داۋاملىق كۆرگەن بولسام سەب سۆزلىگىنىڭگە ئوخشمايدىغان بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىنتى.بىز يەنىلا خاتىرە بۇيىچە ئىش كۆرەيلى ھە.

ــ ھەي راست! خاتىرىدىمۇ «سىرلىق پۇتۇك» ھەقتە گەپ بارغۇ. ئالدىنقى قېتىم ئوقۇغاندا دىيىلگەن.ھېكدىيدىمۇ شۇنداق.

ــ ھە بەلكىم بۇيېرى ئوخشاش چىقىپتۇ.يەنىلا خاتىرىدىن ئىزدەپ باقاي. ــ مەن شۇنداق دەپ خاتىرىنى ئاچتىم.خاتىرىنىڭ مۇندەرىجىسىدە بۇ توغۇرلۇق بىرنەرسە يوق ئىدى.

ــ خاتىرىدە پۇتۇك ھەقتە ئىزاھ بېرىلمەپتۇ. ــ دىدىمەن.

ــ نىمە؟ يېقىندىن بۇيان نىمىنى ئىزدىسەك شۇ چىقمايۋاتىدۇ بۇ خاتىرىدىن. ــ دىدى ئىمىن.

ــ توغرا! خاتىرىدە ھەممە نەرسىگە ئىزاھ بەردىم دەپ يېزىپتىكەن.شۇچە چوڭ شارقىراتما ھەقتىمۇ يوق. بۇ پۇتۇك ھەقتىمۇ يوق. بۇ.. بۇ ئەرۋاھلارنىڭ ئۆيۈنى ئەمەستۇ ھە؟ ــ دىدىم. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىمىننىڭ چىرايىمۇ تاترىپ كەتتىدە:

ــ خاتىرىنى ئەرۋاھلار ئۆزگەرتىۋەتكەنمىدۇ؟ ــ دىدى.

ــــ ياق ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس.ئۇلار ئاسانلىقچە ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇلار خاتىرىنى ئېلىۋېلىشنىڭ كويىدا تۇرسا.ئېلىۋالماي نىمىشقا

ئۆزگەرتىۋەتكۈدەك . ـــ دىدىممەن قەتئىيلىك بىلەن .

ـــ ئۇلار نىمىشقا خاتىرنى ئېلىۋالماقچى بولىدۇ؟ پەقەتبخاتىرىدە ئەرۋاھلارنى يۇقۇتۇش ھەقتە گەپ بارلىقى ئۈچۈن .قىنى خاتىرنى ۋاراقلاپ باقە ئەرۋاھلارنى يۇقۇتۇش ھەقتە گەپ بارمىكى .قارا. بىز ھېلىقى ئۆيدىكى ۋاقىتتا خاتىرنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا پۈتۈكنىڭبخاتىرىدە ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان .بىراق بىز بەك ئېرەن قىلماپتىمىز. ھېكايىدە ئۇلار پۈتۈكنى ئېلىۋېلىشنى ئويلايدۇ دىيىلگەن .دىمەك ئەرۋاھلارنىڭ ئالماقچى بولغىنى خاتىرە ئەمەس خاتىرىدىكى پۈتۈك .

ـــ بۇ..ئۇنداقتا نىمىشقا خاتىرىدە بۇ ھەقتە گەپ يوق؟

ـــ دۆتمۇ سەن .بايا ئۆزۈڭ دىدىڭغۇ ئەرۋاھلارنىڭ ئۆيۈنى دەپ .

ـــ ئەمسە خاتىرىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى بىزنى ئازدۇرۇش ئۈچۈنمىدۇ؟

ـــ ئۇنى بىرنىمە دىگىلى بولمايدۇ .بىراق ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ .لىكىن پۈتۈك خاتىرنىڭ قەيىرىدە؟ بۇ دەسلەپكى مەسىلە .

ـــ مەن قاراپ باقاي قېنى.ـــ مەن خاتىرنى ۋاراقلاپ ھىچ بىر پۈتۈكتەك قەغەز لەنى تاپالمىدىم .

ـــ قارا بەلكىم بۇ پۈتۈك ئالاھىدە بولماستىن بىرتال ۋاراققا يېزىلغاندۇ. خاتىرىدە ئالاھىدە بىرە بەت يوقمىكەن .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خاتىرىدىكى ئەرۋاھلار يېزىقىدا يېزىلغان ئىككى بەت كاللامغا كەلدى دە شۇ بەتنى ئېچىپ ئىمنغا

كۆرسەتتىم .ئىمىن:

ــــ بەلكىم بۇ دەل شۇ پۈتۈك بولىشى مۇمكىن .ــــ دىدى .مەن:

ــــ ئۇنداقتا قانداق قىلساق بۇلا؟ ــــ دىدىم .

ــــ بىز يەنىلا شارقىراتمىغا بارايلى .ــ دىدى ئىمىن .

ــــ ئەجەبا بۇ سىنىك پىلانىڭما

ــــ سەن نىمىنى كۈتكەنتىڭ .ئەجەبا ئادىلنى مۇشتاق كۆتۈرۈپبىۋرەمدۇق .ئاۋال شارقىراتمىغا بارمايمىزمۇ؟

ــــ هە بولىدۇ .مېڭىۋېرەيلى . بىراق قاچانمۇ بارارمىز؟

ــــ سەن ئۇنچە بوشۇشۇپ كەتمە .بىز ئەڭ ئاۋال شەمشەرنى قولغا چۈشۈرەيلى .هازىر بىزگە هەممە نەرسە گۇمانلىق .ئەمدى خاتىرە بۇيىچە ئىش كۆرمەيلى . ئۇمۇ گۇمانلىق .ــ دىدى ئىمىن . مەن:

ــــ ئۇنىڭبىياردىمىدە بۇيەرگە كىلەلىگەندىمىز؟ ــــ دىدىم .ئۇ:

ــــ ئۇنداقتا پايدىلىق دەپ قارىساق شۇ بۇيىچە قىلارمىز .ئىشقىلىپ يەنىلا ئېهتىيات قىلغانغا يەتمەيدۇ .شۇڭا تېخىمۇ هۇشيار بولىغىنىمىز تۈزۈك .

ــــ بۇرۇن بىز هۇشيار ئەمەستەكلا گەپ قىپ كەتتىڭا؟

ــــ هازىر تېخىمۇ بەك هۇشيار بۇلايلى دەۋاتىمەن .بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز بەك كۆپ بۇلۇپ كەتتى ئەمەسمۇ؟

بىز يولىمىزنى داۋام قىلدۇق .خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كىيىن تاغدا بىر ئۆڭكۈرنى ئۇچۇرتۇپ قالدۇق .ئۆڭكۈر ئىچى شۇنچىلىك قاراڭغۇ بۇلۇپ بىرە نەرسىنى ئېنىق كۆرگىلىمۇ بولمايتتى .

ـــ مۇشۇ تەرەپكە مېڭىپ باقايلىمۇ؟ ـــ دېدىمەن ئىمىنغا قاراپ. ئىمىنمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قوشۇلدى. قولچىراقلىرىمىزنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئالدۇق. ئەمما قولچىراقنىڭ تكى قالمىدىمۇ ياكى بۇزۇلۇپ قالدىمۇ يانمايۋاتاتتى.

ـــ قارا خېلى ئىشلەتتۇق بۇ قولچىراقنىمۇ شۇڭا توكىمۇ قالمىغان ئوخشايدۇ. ـــ دېدى ئىمىن. مەن ئۆزۈمنىڭ كىچىك قولچىرىقىمنى ئېلىپ ياقتىم. ھەرنىمە بولسا شۇ بولسىمۇ يانغاندى. ئىمىنمۇ ئەتراپتىن ياغاچ ئېلىپ كىلىپ ياغاچنىڭ چوققىسىغا بىرنەچچە پارچە لاتا چىگىپ مەشئەل قىلدى. شۇنىڭلىق بىلەن بىز ئادىلنى يۆلىگىنىمىزچە بۇ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە كىرىپ كەتتۇق. بۇ ئۆڭكۈر تاغ ئاستىدا بولغاچقىمىكىن بەك ئۇزۇن ئىدى. ئالدىمىزدا قارشىبتەرەپكە ئۆتىدىغان يول بارمۇ يوق ئۇنىمۇ بىلمەيتتۇق. شۇنداقتىمۇ يەنىلا مېڭىۋاتىمىز.

ـــ ۋايجان!!!

ئىمىنىنىڭ ئېچىنىشلىق ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇيەردە ۋايۋايلاپ يېتىۋاتاتتى. يۈدىۋالغان ئادىلنى يەردە ياتقۇزۇپ قويۇپ ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ قارىسام دۈمبىسىدە ناھايىتى چوڭ تاتلىغان تىرناق ئىزى تۇراتتى. مەن:

ـــ ساڭا نىمە بولدى؟ ـــ دېدىم ئۇ:

ـــ بۇيەردە بىرسى باركەن

ـــ نىمە؟ ئەرۋاھمىكەن؟

ـــــ شۇ بۇلۇش ئېھتىماللىقىمۇ بار؟ دۇمبەمنى تاتلىۋالدى .

شۇ ئەسنادا بىرسى كاپلا قىلىپ مۈرەمنى ناھايىتى چىڭ سىقىۋالدى .قولۇمدىن قول چىراقمۇ چۈشۈپ كەتكەندى .قاراڭغۇلۇقتا ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم .پەقەت ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىق بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم .ئاغرىقتىن مىدىرلىيالمايۋاتاتتىم .ئۇ تىرناقلىرىنى مۈرەمگە پاتۇرۇۋەتكەندى .شۇ ئەسنادا بىرى بۇ مەخلۇقنى ئۇردىمۇ؟ ئىشقىلىپ غەلىتە ئاۋاز چىقارغىنىچە غايىپ بولدى .مەنمۇ ئاغرىق دەستىدىن يەردىلا يېتىپ قالدىم .تۇيۇقسىز يەردىكى قولچىراقنى بىرى قولىغا ئېلىپ ماڭا ياقتى .ئىمنىمىكىن دىسەم ئۇ يېنىمدا ئادىلمىكەن دىسەم ئۇ ھۇشسىز تۇرسا .ئۇ ئاستا يېنىمغا كىلىپ قولىنى سوزدى .بۇ دەل ئادىل ئىدى .مەن تەسلىكتە ئورنىمدىن تۇردۇم .ئادىلنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەندى .ئۇ گەپ قىپ بولغۇچە ھالسىزلىنىپ يەنە يىقىلىپ قالدى .ئىمنىمۇ نىم بولدىكىن ھۇشسىزلا ئىدى . قولچىراقنى ئېلىپ مۈرەمگە ياقتىم .مۈرەم خۇددى يىرىڭداپ قالغاندەك ئاپپاق سۇيۇقلۇق چىقىۋاتاتتى .شۇ ئەسنادا ئەتراپىمدا بىرى باردەك تۇيۇلدى .توغرا راستلا يېنىمدا بىرى بارئىدى .بايىقى مەخلۇق تېخىچە كەتمىگەنىدى .ئاھخۇدا بۇ قاراڭغۇچىلىقتا ئۆزەم يالغۇز قانداقمۇ قىلارمەن؟

## 15 ـ قىسىم شارقىراتما ئۈستىدىكى ئالۋاستى دەرەخ

ئەتراپ ناھايىتى قاراڭغۇ.شۇتاپتا يۈركۈم ئەنسىز سوقماقتا ئىدى. كەينىمدە بىرىنىڭ ئېغىر تىنىق ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى.شۇ بارلىق كۈچۈمنى يىغىپ جۈرئەتلىك بىلەن يېنىمغا قىستۇرۇۋالغان كىچىك خەنجىرىمنى ئاستا چىقاردىم. ئاڭلىماققا ئۇ مېنىڭ كەينىمدىدەكلا قىلاتتى.مەن دەرھاللا بۇرلۇپ خەنجەرنى شىلتىدىم.بىراق قاراڭغۇ بولغاچقا خەنجەرنىڭ ئۇ ئەرۋاھقا تەگكەن ياكى تەگمىگەنلىكىنى بىلمەيتتىم.شۇتاپتا ئۇنىڭ يەنىلا تىنىق ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى.تېزلىك بىلەن يەردىكى يېنىپ تۇرغان قولچىرىقىمنى ئېلىۋالدىم.ئۇيان بۇيانغا قارىتىپ يورۇتۇۋاتاتتىم.تۇيۇقسىزلا قولچىراقنىڭ نۇرى قىزىل كۆزلۈك ئەرۋاھقا چۈشۈپ قالدى.ئۇنىڭ ماڭا قاراپ خىرىس قىلىشلىرىدىن بەدىنىم تىترەپ كىتىپ باراتتى.شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى تەستە ئوڭشاپ خەنجەرنى ئۇنىڭغا قارىتىپ تىقتىم.ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئاۋاز بىلەن ئۇ قەيەرلەرگىدۇر غايىپ بولدى. پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىمىنىنىڭ يېنىغا باردىم.ئۇ تەستە كۆزىنى ئېچىپ ماڭا قارىدى.

ــ ماڭا ئالغۇدەكسەنمۇ؟ ــ دىدىممەن. ئۇ بېشىنى لىڭشىتتىدە ئاستا ئورنىدىن تۇردى.مەن ئادىلنى كۆتۈرۈپ ئىمىنىنىمۇ ئۆزۈمگە تاياندۇرۇپ يۈرۈپ مىڭىۋاتاتتۇق.ھېلىقى ئەرۋاھمۇ بارمۇ يوق

بىلمەيتتىم .كاللامدا پەقەت بۇ ئۆچكۈردىن قارشى تەرەپكە چىقىپ كىتىشلا بارئىدى .ئاخىرى قارشى تەرەپتە يورۇقلۇق كۆرۈندى .ھەقىقەتەن ئالدىمدا چىقىش ئېغىزى بار ئىدى .ناھايىتى تېز قەدەم ئېلىپ مېڭىۋاتاتتىم .مۆرەمنىڭ ئاغرىقىمۇ پىشانەمدىن تۆتۈن چىقىرۋاتاتتى .ئاخىرى بۇ يەردىنمۇ چىقىۋالدۇق . ئالدىمىز يەنىلا ئورمانلىق ئىدى . تېزلىك بىلەن ئىمىن ۋە ئادىلنى يوغان بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆچكۈر تەرەپكە قارىدىم .ئۇ تەرەپ ناھايىتى تىنىچ بولۇپ ئەرۋاھمۇ كىتىپ قالغاندەك تۇراتتى .

ـــ قانداقراق ئەھۋالىڭ ـــ دىدىمەن ئىمىنغا . ئۇ ماڭا قاراپ «ھىچ ئىش يوق»دىگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى . چۈنكى ھازىر ئۇنىڭدا گەپ قىلالىغۇدەك مادارمۇ يوقتى .ئادىل بولسا بايا ئورنىدىن تۇرغانىدى .ئەمما يەنىلا يىقىلىپ قالدى .ئۇنىڭ ئەھۋالى ھەممىمىزنىڭكىدىنمۇ بەكرەك ناچار ئىدى . ئۇلارغا قاراپ ناھايىتى ئىچىم ئېچىشۋاتاتتى .ھالىمىز بەكلا ناچار .بۇ نەسىباسقۇر جايدا يا ئۆلمەي بەك قېينىلىپ كىتىپ باراتتۇق .

ـــ ئۆمەر! ئاۋۇ تەرەپتىن سۇنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتىدۇ .ـــ دىدى ئىمىن ئورماننىڭ ئىچكىرسىنى ئىما قىلىپ . مەن زەن قويۇپ ئاڭلاپ ھەقىقەتەن شۇ تەرەپتىن سۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانىدىم .

ـــ بۇ قېتىم چۇقۇم خىسلەتلىك شارقىراتما بولىشى مۇمكىن . بېرىپ باقايلى . ـــ دىدىمدە ئادىلنى كۆتۈردۈم .ئىمىنمۇ ئورنىدىن

قوپتى.بىز ئەشۇ سۇنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتقان جايغا قاراپ مېڭىۋاتاتتۇق.ئۇزۇن ماشايىلا بىر ئۇچۇقچىلىقتا چىقتۇق.ئالدىمىزدا ئېگىز تاغدىن چۈشىۋاتقان زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ پەستە كىچىك كۆل ھاسىل قىلىپ ئالماستەك چاقناپ تۇراتتى.بۇ سۇ ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى سۈزۈك ئىدىكى قارساق كۆلنىڭ ئاستىنى كۆرەلەيتتۇق.

ــ قارىغىنا راسلا كەپتىمىز ــ دىدىمەن. بىز ناھايىتى خۇشال بولۇپ ھاياجاندىن كۆلنىڭ يېنىغا باردۇق.

ــ سۇنى قەتئىي ئاغزىمىزغا يېقىن ئەكەلمەيلى.يارىمىزغىلا سۈرەيلى.ــ دىدىم ئىمىنغا. شۇنىڭ بىلەن مەن سۇدىن ئۇچۇملاپ ئالدىمدە مۆرەمگە قۇيدۇم. مۆرەم خۇددى تۇز قۇيغاندەك تەسۋىرلىگۈسىز ئېچىشىپ كەتتى.ھەتتا بۇ ئېچىشىشتىن يەردە يېتىپمۇ قالدىم.

ــ ساقا بېرەئىش بولمىغاندۇ؟ ــ دىدى ئىمىن مىنىڭ ۋايۋايلىشىمدىن ئەنسىرەپ. بىر ئازدىن كېيىن بۇ ئېچىشىشمۇ توختاپ يارام ئەسلىگە كەلدى.

ــ ۋايجان! ئۇھ! ھەجەپ ئېچىشتا، قارغاندا باشتا ئاغرىقتا تويغۇزۇپ ئاندىن ساقايتىدىغان سۇكەندە بۇ ــ دىدىم. ئىمىننىڭ مايكىسىنى سالدۇردۇم. ئۇ:

ــ ئاۋال ئادىلغا سۈرگىنە ئۇ بولالماي قالدى. ــ دىدى. مەن ماقۇل بولۇپ ئادىلنىڭ مايكىسىنى سالدۇرۇپ قارىدىم.ئۇنىڭ بەدىنى

كۆرگىسىز بۇلۇپ كەتكەندى.مەيدىسى دۇمبىسى، پۇتى ئىشقىلىپ يارلانمىغان يېرى قالمىغاندى.سۇدىن ئېلىپ ئۇنىڭ يارىسىغا تېمىتتىم.ھېلىمۇ ئۇ ھۇشسىز بولغاچ ئاغرىقنى سەزمەيتتى.ئۇنىڭ مەيدىسى ۋە دۇمبىسىگە سۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بەدىنى ناھەئايىتى تېزلا ئەسلىگە كەلدى. ئۇنىڭ يارلانغان پۇتىغا سۇ تېمىتاي دىگۇچە ئادىل ۋارقىرغىنىچە كۆزىنى ئاچتىدە:

ـــ ۋايجان! ۋايىيەي! ـــ دەپ ئېڭراپ كەتتى.

ـــ نىمىگە ۋارقىرايسەن ـــ دىدىمەن.

ـــ نىمىش قىلىۋاتىسەن!

ـــ ياراڭنى داۋالاۋاتىمەن جىم يات ھە ـــ مەن شۇنداق دىگىنىمچە ئادىلنىڭ پۇتىغا سۇ تېپىتتىم .ئۇ ناھايىتى ئېچىنىشلىق ۋارقىراپ يارىسى ساقايغىچە ۋايۋايلاپ كەتتى.

ـــ خېلى كارامىتى باركىنا بۇ سۇنىڭ ـــ دىدى ئۇ ھەيران بۇلۇپ.

ـــ شۇ. شۇڭا سەنمۇ ساق قالدىڭ. ـــ ئەمدى مەن ئىمىننىڭ دۇمبىسىگە سۇ سۇرۇش ئۇچۇن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم.ئەرۋاھ تاتلىۋالغانغىمۇ ھۇشىدىن كىتەمدىكىن دەپتىمەن.ئەسلىدە ئىمىننىڭ يارىسىمۇ خېلى ئېغىر بۇلۇپ يارا ئېغىزى چوڭقۇر ئىدى.سۇنى ئۇنىڭ يارىسىغا تېمىتتىم.ئۇمۇ ئوخشاشلا ئېڭراپ كەتتى.ئەركىشى بولغان بىلەن بۇنىڭ ئاغرىقىغا گەپ توغرا كەلمەيتتى.ھەقىقەتەن بەكلا ئېچىشتۇراتتى. شۇنداق قىلىپ مانا

ھەممەيلەن ساقىيىپ كەتتۇق.

ــ يىگىتلەر! ئەمدى دەس تۇرۇپ سەپرىمىزنى داۋام قىلايلى.تېخى شەمشەرنى تاپالمىدۇق. ــ دېدىم مەن ئىككەيلەنگە.

ــ قاياققا ماڭىمىز ئەمدى؟ ــ دېدى ئادىل.

ــ شۇنداق! ئەمدى قايسى تەرەپكە ماڭارمىز؟ ــ دېدى ئىمىنمۇ.مەن:

ــ بىلمەيمەن.ئەمما بىز چوقۇم بىر تەرەپكە مېڭىشىمىز كېرەكتە.ــ دېدىم. ئادىل:

ــ ئاۋۇ شارقىراتمىغا قاراڭلار! شارقىراتمىنىڭ ئارقىسىدا بىر ئۆڭكۈر تۇرامدۇ قانداق! ــ دەپ شارقىراتما تەرەپنى كۆرسەتتى.مەن سەل يېقىنراق بېرىپ سىنچىلاپ قارىدىم.ھەقىقەتەن شارقىراتمىنىڭ كەينىدىلا بىر ئىككۈر تۇراتتى. مەن:

ــ مەن بېرىپ قاراپ باقاي.قارشى تەرەپكە ئۆتكىلى بولامدۇ يوق.ياكى باشقا نەرسىلەر بارمۇ؟ ئاندىن سىلەرنى چاقىرىمەن. ــ دېدىمدە شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.تاغنىڭ يېنىنى بويلاپ مېڭىپ يۈرۈپ شارقىراتمىنىڭ يېنىغا كەلدىم.سۇمۇ دەھشەت بىلەن چۈشۈۋاتاتتى.چاققانلىق بىلەن سۇنىڭ ئىچى تەرەپكە ئۆتۈپ ئۆڭكۈرگە كىرىۋالدىم.ئۆڭكۈر ئىچىگە سىرتنىڭ ئازغىنە يورۇقى چۈشەتتى.ئىچكىرسى يەنىلا قاراڭغۇ ئىدى. مەن قولچىرىغىمنى چىقىرىپ ئىچى تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.قولچىراقنى تاملارغا قارىتىپ قارىسام تامنىڭ ھەر بەش مېتىردا بىر مەشئەل تۇراتتى.شۇنىڭغا

قاراپ بۇيەر چۇقۇم بىرە يەرگە تۇتىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.دەرھال كەينىمگە يېنىپ ئىمىن بىلەن ئادىلنى چاقىردىم.ئۇلارمۇ كىردى .

ـــ بۇ يول چۇقۇم بىرەيەرگە تۇتىشىدۇ قاراڭلار تامدا مەشئەللەر بارئىكەن . ـــ دىدىممەن تامنى ئىشارەت قىلىپ . ئادىل:

ـــ مىنىڭ سومكامنى قايسىڭلار ئېلىۋالغان؟ ـــ دەپ سورىۋىدى جىمىپ قالدۇق .توغرا! ئۇنىڭ سومكىسى كۆرۈنمەيتتى .

ـــ سىنىڭ سومكاڭ چۇقۇم بۆرىلەر بىلەن ئۇرۇشقان جايدا قېپ قالغان ئوخشايدۇ . ـــ دىدى ئىمىن .

ـــ بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن! مەن ئۇ چاغدا سومكامنى مۆرەمدىن ئايرىمىغان تۇرسام! مەن ھۇشۇمدىن كەتكەندە سومكامنى ئېلىۋەتكەنمىدىڭلار! ـــ دىدى ئادىل . ئىمىن:

ـــ سىنى باشتىلا مەن كۆتۈرگەن. كۆتۈرگەن ۋاقتىمدا راسلا سومكاڭ يوق ئىدى .ـــ دىدى .

ـــ بولدى قىلىڭلار.بەرىبىر چۇشۇپ قاپتۇ.ئەمدى تەگەشكەنگە تېپىلىپ قالمايدۇ.شۇڭا ئاۋال ھازىر يولىمىزنى داۋام قىلايلى.ۋاقىت ئۇزىراپ كەتمىسۇن. ـــ دىدىممەن گەپكە قوشۇق سېلىپ.شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ ئۆڭكۈردە ئىچكىرلەپ كىرىپ كەتتۇق.ئىمىن:

ـــ ھەي! بىز تېخى بايىلا مۇشۇ تاغنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئۆڭكۈردىن بۇيەرگە كەلگەن تۇرساق! بۇياقتىن چىقساق يەنە كەلگەن يولىمىزغا چىقىپ قالامىز؟ ـــ دىدى . مەن:

— بەلكىم ئۇنداقمۇ بولماس! قېنى مېڭىپ باقايلى.— دىدىم تامدىكى بىر مەشئەلنى يېقىپ. مەشئەلنى تامدىن ئاجىرتىۋالدىمدە يەنە ئىككىسىگە يېقىپ ئىمىن بىلەن ئادىلنى ئېلىۋېلىشنى ئېيتتىم.شۇ تەرىقىدە ئىچكىرلەپ كىرىپ كىتىپ باراتتۇق.ئاخىرى بۇيەرنىڭمۇ ئاخىرى چىقتى. بىراق بىز ئويلىغاندەك بولمىدى. بۇيەرنىڭ ئاخىرىدا چىقىش ئېغىزى يوق بۇلۇپ بىر تام ئىدى.

— بىكارلا بىرمۇنچە يولنى مېڭىپتىمىزدە مانا! — دىدى ئادىل ئەپسۇسلىنىپ. مەن:

— ئۇنداق ئەمەس.مەنچە چۇقۇم باشقا يول بار. بولمىسا بۇ قۇرۇق ئۆڭكۆرگە مەشئەل قاداپ قۇيامتى. — دىدىم قەتئىيلىك بىلەن.چۈنكى مەن بۇيەردە بىر يولنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتىم.

— ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئىككى چەتتە كەينىمىزگە ماڭايلى.بەلكىم ئىشىك ياكى بىرە ئېغىز تام تەرەپتە بولسا قاراڭغۇدا كۆرمەي قالغان بولىشىمىزمۇ مۇمكىن. — دىدىم.شۇنىڭ بىلەن ئادىل يەنە بىرچەتتە ماڭدى.مەن بىلەن ئىمىن بۇ چەتتە ماڭدۇق.دەرۋەقە ئويلىغىنىم راست ئىدى.مەن تەرەپتىكى تامدا بىر ئىشىكنى بايقىغاندىم.ئىشىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا خىرۇستال تاشنىڭ شەكلىدە كامار بار ئىدى.دىمەك بۇ ئى؛شىكنىڭ ئاچقۇچىمۇ يەنىلا شۇ خىرۇستال تاش ئىدى.مەن تاشنى چىقىرىپ شۇ كامارغا قويدۇم.ئىشىك بولسا يۇقۇرغا كۆتۈرلۈپ ئاچتى.ئىشىك كەينىدە بىر يول بولماستىن بەلكى

ئۆستىگە چىقىدىغان پەلەمپەي بار ئىدى.بىز پەلەمپەيگە چىقىپ ئۆستىگە چىقماقتىمىز.پەلەمپەي ئەگمە شەكىلدە تاغنى تېشىپ ئويغان بولۇپ ناھايىتى چىرايلىق ئۇيۇلغانىدى.بۇنداق قىلىن تاغ قاتلىمىنىڭ ئارىسىغا بۇنداق سىپتا پەلەمپەينى ئويۇشمۇ ئەلۋەتتە ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەستە. بۇ پەلەمپەينى بىرە ئۆيگە ياكى باشقا يولغا تۇتىشامدىكىن دەپتىمەن.بىراق بۇ پەلەمپەي پەقەت تاغنىڭ ئۆستىگە چىقىش ئۈچۈن ياسالغانىكەن.بىز تاغنىڭ ئۆستىگە چىقتۇق.ئەمما بۇيەر بۇل باراقسان ئورمانلىق ئىدى.

ـــ ھېي! غەيرى ئىش! تاغ ئۆستىدىمۇ ئورمان بۇلامدۇ ئەمدى! ــ دىدى ئادىل ھەيران بۇلۇپ. مەن:

ـــ بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نىمىسى با! مەن پەقەت ھەيران بولمىدىم.بۇ دىگەن ئەرۋاھلارنىڭ ئۇۋىسى تۇرسا. ھەرقانداق ئىشنىڭ بۇلۇش مۇمكىنچىلىكى زور. ـــ دىدىم.

ـــ ماڭاۋە! ھەرقانداق ئىشنىڭ ئەمەس! ئۇلانىڭ بىزگە زىيان يەتكۈزمەسلىكىنىڭ مۇمكىنچىلىكى نۆلدە نۆل. ـــ دىدى ئادىل.

ـــ ھەي بولدى قىلىڭلار. بىز ئەمدى زادى شەرىققە ماڭىمىزمۇ غەرىپكىمۇ؟ ـــ دىدى ئىمىن.ئوڭ سولنى كۆرسۈتۈپ. ئادىل:

ـــ مىنىڭچە بىز شەرىققىمۇ ئەمەس، غەرىپكىمۇ ئەمەس يەنىلا ئوڭ تەرەپكە ماڭايلى.ـــ دىدى چاقچاق قىلىپ.شۇ پاراڭ ئەسناسىدا ئۇدۇلىمىزدىكى بىر تۈپ دەرەخ مىدراشقا باشلىدى.بىردىنلا ئۇنىڭغا جان كىرىپ شاخلىرئۇزىراپ بىز تەرەپكە قاراپ ئېتىلماقتا ئىدى.

ــــ بۇرادەرلە! قارغاندا يەنە بىرقېتىملىق خەتەرگە دۇچ كەلگۈدەكمىز.دەرھال ئۆزىمىزنى چەتكە ئالايلى ــــ دىدىمەن.ئۈۋەيلەن ئوك تەرەپكە قاراپ يۈگۈرمەكتىمىز.بىراق شۇ تەتەپتىكى دەرەخلەرگىمۇ جان كىرىپ بىزگە ئېتىلماقتا ئىدى.

ــــ بولدى ئاغىملەر! بۇلا ناھايىتى مىدىرلىيالايدىغان ياغاچ خالاس! شۇڭا قىلىچلىرمىز ئالدىدا ھامان باش ئەگمەي قالمايدۇ.قىلىچلىرمىز بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە چاپايلى! ــــ دىدىم قىلىچىمنى چىقىرىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا بۇ رەزىل دەرەخلەرگە ئېتىلىپ.شۇنداق قىلىپ ئىمىن بىلەن ئادىلمۇ ئۈشبۇ دەرەخلەرگە ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى.مەن ماڭا سوزۇلغان دەرەخ شاخلىرىنى چاپاتتىم.قىلىچىمنىڭ ئۆتكۈر بىسىدا دەرەخ شاخلىرى بىر چىپپىشمىغىلا ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشەتتى.ھەر قېتىم دەرەخلەرنىڭ بىرە شېخىنى كىسىپ تاشلىغىنىمدا ئۇ دەرەخ خۇددى ئاغرىقنى سەزگەندەك ھەيۋەت بىلەن تېخىمۇ بەك كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى.ئاخىرى بۈيەردىكى بارلىق دەرەخلەرگە جان كىرىپ بىزگە ئېتىلغىلى تۇردى. بۈيەردە كەم دىگەندىمۇ بىرە يۈزچە دەرەخ بار ئىدى.ئۇلارنىڭ ھەربىرىن تكت بەشتىن شاخلىرى بىزگە ھۇجۇم قىلسا بىز ئۈچەيلەننىڭ بۇلارنى يىڭىشىمىز ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايتتى.شۇ ئەسنادا ئىمىننىڭ «قۇتقۇزۇڭلار! »دىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ شۇ تەرەپكە قارىدىم.بىر دەرەخنىڭ شاخلىرى ئۇنى چىڭ چىرمىۋالغان بولۇپ مىدىرلىيالمايلا قالغانىدى! مەن دەرھال ئىمىن

تەرەپكە يۆگۈردۈم.ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئارلىقىمىز ناھايىتى 10مېترچە بولسىمۇ قەدىم بەك ئاستا ئىدى.ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالدىمدا نەچچە دەرەخلەر توسۇۋاتاتتى.مەن ئۇنىڭ يېنىغا ئاخىرى كەلدىمدە بىر سەكرىگىنىمچە ئىمىننى سىقىۋالغان دەرەخ شېخىنى غەزەپ بىلەن چېپىپ تاشلىدىم.ئارلىقتا مانا منى يەنە بىر دەرەخ شېخى سىقىپ ئىسكەنجىگە ئالدى.بۇ دەرەخ سىقىسىمۇ ئوبدانلا چىڭ سىقىدىكەن.بەدەنلىرىم سىقىلىپ ئۇستىخانلىرىم سۇنۇپ كەتكۈدەك ئاغرىپ كىتىۋاتاتتى.ئارلىقتا ئادىلمۇ، ئىمىنمۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى دەرەخلەر بىلەن تىركەشمەكتە ئىدى.مەن بولسام مىت قىلالماي ھالسىزلىنىۋاتاتتىم.شۇ ئەسنادا بۇ دەرەخلەر ئۆز ئورنىللىرىدىن مىدىراشقا باشلىدى.سەل يىراقتى دەرەخلەرمۇ قوزغۇلۇپ بىز تەرەپكە سۈرۈلمەكتە ئىدى.ئاخىرى ئىمىن منى باغلاپ تۇرغان بۇ دەرەخ شېخىنى كىسىپ تاشلىدى. بىز ئۈچىمىز يەنە داۋاملىق دەرەخلەر بىلەن ئېلىشماقتا ئىدۇق.بىراق بارا بارا بىزنىڭ كۈچىمىز ئاجىزلىششقا باشلىدى.دەرەخلەر كۆپىيىپ ئىمىننى، ئادىلنى ئاخىرىدا مىنىمۇ ئىسكەنچىگە ئالدى.شۇ ئەسنادا ئادىلنى تۇتىۋالغان دەرەخنىڭ ئوتتۇرى ئېچىلىپ خۇددى بىر ئالۋاستىنىڭ ئاغزىدەك بولۇپ ئېچىلدى.ئۇ ئادىلنى ئاغزىغا سېلىپ يەۋەتتىدە شاخلىرمۇ ئەسلىگە كىلىپ جىمىپ قالدى.ئادىل يەقەت «ياق!! »دىيەلىگەندى.ئاھ خۇدا! ئۇ دەرەخ ئادىلنى يەۋەتتى.شۇ ئەسنادا منى تۇتىۋالغان دەرەخنىڭمۇ ئاغزى ئېچىلدى.ئۇنىڭ

ئېچىلغان ئاغزى قاپقاراڭغۇ بولۇپ بىرخىل زۇلمەتنىڭ، ۋەھىمىنىڭ ھىدى كىلىپ تۇراتتى.مەن تېخىمۇ كۈچەپ تىركىشىشكە باشلىدىم.قولۇمدىكى قىلىچنى ئالقىنىمدا مىدىرلىتىپ بولسىمۇ بۇ دەرەخكە تىقاتتىم.بىراق ھىچ ئىنكاس بولمايۋاتاتتى.مەن بارا بارا بۇ قاراڭغۇلۇققا كىرىپ كىتىپ باراتتىم. تۇيۇقسىزلا يۇرۇكۈمدىن بىرخىل كۈچ ئۇرغۇپ چىقتى.يانچۇقۇمدىكى ھىلىقى زەنجىر ئۆزىچىلا يانچۇقمدىن چىقىپ كۈچلۈك نۇر چېچىشقا باشلىدى.شۇندىلا بۇ دەرەخ مىنى قويىۋەتتى.بىراق مەن شارقىراتمىغا چۈشۈپ كەتكەنىدىم.شۇنچە ئېگىزلىكتىن سۇ بىلەن بىللە چۈشۈپ كىتىۋاتقانلىقىمنى ھىس قىلىۋاتاتتىم. ئاخىرى مەن شارقىراتمىدىن ئېقىپ كۆلگە چۈشتۇم.شۇنچىلىك زور بىسىم بىلەن چۈشكەنىدىم.سۇمۇ ئاغزىمغا كىرىپ ئۆپكەمگە كەتكەندى.شۇ ئەسنادا مىڭ بىر جاپادا سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىپ قالدىم.بىر قېتىملا نەپەس ئالدىمدە كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ يۇمۇلۇپ قالدى....

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى بىلمىدىم.بىراق بىر چاغدا كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، مەن بىر دەريا بويىدا يېتىپتىمەن.مەندىن بەش مىتىر نېرىراقتا بىرى دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بىر نەرسىنى ئوقۇۋاتاتتى.مىنى ھەددەپ يۆتەل تۇتىۋاتاتتى.ئۆزۈمنى تۇتىۋالالماي يۆتىلىپ كەتتىم.مىنىڭ يۆتەلگىنىمنى ئاڭلىغان بايىقى كىشى يىنىمغا كەلدى.

ــــ قانداقراق تۇرىسەن! ــ دىدى ئۇ.مەن يۆتەلدىن ئاران توجتاپ بۇ ئاۋازنىڭ شۇنچىلىك تونۇش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ دەرھال ئۇنىڭ چىرايىغا سەپ سېلىپ قاربدىم.كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم.ئالدىمدا تۇرغىنى دەل ئەلى ئىدى. مەن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدىمدە:

ــــ كەچۈرەن ئاغىنەم! سىنى ياخشى قوغدىيالمىدۇق.ــــ دىدىم.كۆزلىرىمدىن ىۇشاللىق ياشلىرى قۇيۇلماقتا ئىدى.

ــــ ھەي بولدى! مەن ياخشى. ــــ دىدى مىنى بەزلەپ. مەن:

ــــ مەن بۇيەردە تۇرىمەنغۇ! ــــ دىدىم ھەيران بۇلۇپ. ئەلى:

ــــ قارسام سەن بۇ كۆلدە لەيلەپ ئېقىپ كىلىۋاتىسەن! شۇڭا سىنى سۇزىۋالدىم. قاغانلا قېنى؟ ــــ دىدى.مەن ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋاللارنى دەپ بەردىم.

ــ قېنى دىگىنە! سەن تۇيۇقسىزلا يۇقاپ كەتتىڭغۇ! سىنى بىرە ئەرۋاھ ئېلىپ قاچتىما؟ ــ دەپ سورىدىم قايتىلاپ!

ــــ شۇنداق! مىنى بىرى ئېلىپ قاچتى.ھەممىنى قىلغان ھېلىقى سەلىمنىڭ سىياقىغا كىرىۋالغان مەخلۇق. بولدى بۇ گەپلەرنى كىيىن دىيشەيلى! مۇھىمى ھازىر سىنىڭ كىسىلىڭنى داۋالاش! ــ دىدى ئۇ. مەن ھەيران بۇلۇپ:

ــــ كىسەل؟ نىمە كىسەلكەن ئۇ؟ ناھايىتى شۇ شارقىراتمىدىن چۈشۈپ كەتتىم! ــ دىدىم.

ــــ مەن سىنى سۇزىۋالغاندىن كىيىن سەن سۇ ياندۇرۇپ

چىقتىك .بۇ سۇ دىگەن خىسلەتلىك شارقىراتمىنىڭ سۈيى .ئىچسەڭ بولمايدۇ. سەن هازىر خەتەر ئىچىدە! ـــ دىدى . توغرا مەن سۇغا چۆشۈپ كەتتىم .بۇ ئىچىشكە بولمايدىغان سۇ شۇنىڭلىق بىلەن ئاغزىمغا كىرىپ كەتتى . مەن ... مەن ئەمدى يەنە نىمە كۆرگۈلۈك كۆرەمەن!

## 16 ـ قىسىم ساختا ئەلى

ـــ بۇ سۇنى ئىچسەڭ بولمايتتى .ئەمدى بۇنى سەندىن كۆرسەكمۇ بولمايدۇدە .شۇڭا سۇنىڭ زىيانلىق ئالامىتى كۆرۈلۈشتىن بۇرۇن بىز چۇقۇم يىشىل رەڭلىك خىرۇستالنى تېپىشىمىز كېرەك . ـــ دىدى ئەلى ماشا. تۇۋا! بۇ ئىمىن دىگەن هېكايىدە تىلغا ئېلىنغان يىشىل رەڭلىك خىرۇستال تاشنى دەۋاتىدىغۇ .بىز ئۇنى پەقەت هېكايە رىۋايەت دەپ ئىشەنمىدۇق . بۇ ئەلى ... توختا! ئەگەر كۆز ئالدىمدىكى بۇ ئەلى هەقىقىي ئەلى بولماستىن ئەرۋاھ بولسىچۇ؟ ئۇنىڭ بىر ئېغىز گىپى كاللامدا چىگىش خىياللارنى پەيدا قىلىپ قويغاندى .ئۇ راستلا ئەلىمىدۇ ياكى ئەمەسمۇ بۇنىسىمۇ نامەلۇم .مەن ئۇنى گەپكە سىلىپ بىقىشنى ئويلىدىمدە:

ـــ سەن يىشىل خىرۇستالنى قانداق بىلىسەن بىرەرسى دەپبەردىما؟

ـــ دەپ سورىدىم . ئۇ ماشا:

ــــ نىمە دىدىڭ؟ ئەجەبا سەن مەندىن گۇمانلىنىۋاتامسەن؟ سەن مىنىڭ ئەلى ئىكەنلىكىمدىن گۇمانلىنىۋاتقان ئوخشىمامسەن؟ ھەي! بوپتۇ.گۇمانلىنىشىڭمۇ توغرا ئەمەسمۇ؟ ئەمما مىنىڭ كۆزۈمگە قارا دوستۇم!مەن راسلا ئەلى! ــــ ئۇنىڭ گەپلىرى مىنى تېخىمۇ گۇمانغا سېلىۋاتاتتى.ئۇ ئەزەلدىن ماڭا بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ باقمىغان .

ــــ سە سەن راسلا ئەلىما؟ ــ دىدىمەن ھەيرانلىقىمنى باسالماي . ئۇ:

ــ ئاھ خۇدا! سەن يەنىلا ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ بىزنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدىكى ئىشلانى دەپ بېرەيمۇ؟ بىز بىللە سۇ ئۈزەتتۇق ،بېلىق تۇتاتتۇق.يەنە كيىن مىنىڭ ئىنىم سەلىم تۇغۇلدى .ئۇنىڭ بىلەنمۇ شۇنداق خۇشال ئويناتتۇققۇ! ئىسىڭدىمۇ بىر قېتىم سەن كۆلنىڭ چۇڭقۇر يېرىگە بېرىپ چىقالمىغانىدىڭ .ئۇچاغدا سەن بەك كىچىكتىڭ ھەم سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىۋاتقان كۈنلىرىڭ بولغاچقا ......

مەن ئەلىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدىم.ئۇ توختىماي ماڭا سۆزلەۋاتاتتى.شەخسەن ئۇنىڭ قارشىدا كىچىك ۋاقتىمىزدا بولغان ئىشلارنى سۆزلەۋاتاتتى.بىراق بىز ھىچقاچان ئۇنىڭ دىگەن ئىشلىرنى قىلىپ باقمىغاندۇق.ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى ئاڭلىغىنىمدا بىرەخىل قورقۇنۇچ مىنى چىرمىۋالاتتى.ئۇنىڭ ماڭا يالغان ئۆتمۈشنى سۆزلەۋاتقىنىنى ئاڭلىغىنىمدا ئۇنىڭ ئەلى ئەمەسلىكىنى جەزىملەشتۈردۈم.بىراق كاللامدىن ئۆتمىگىنى ئۇ

بۆنداق گەپلەرنى قىلسا ئەلۋەتتە ئاشكارلىنىپ قالىدۇ.ئۇنىڭ مەقسىدى زادى نىمە بولغۇيدى؟ ئۇ داۋاملىق ماڭا سۆزلىمەكتە ئىدى.بىراق ئۇ دىگەن ئىشنىڭ بىرىنىمۇ بىز قىلىپ باقمىغان.مەن ئۇنىڭ گىپىنى بۆلدۇمدە:

ـــ توختا! توختا! بىلدىم.ئىسىمگە كەلدى. ئۇ ئىشلانى قۇيۇپ ماڭا سەن ئۆزەڭنىڭ نىمىشقا بۇيەرگە كىلىپ قالدىڭ! نىمىشقا ئارىمىزدىن تۇيۇقسىز يۇقاپ كەتتىڭ؟ نىمىشلا بولدى؟ مۇشۇ سوئاللارنى ماڭا يىشىپ بەر ـــ دىدىم. ئۇ:

ـ هە بولىدۇ! بىراق هازىر كەچ سائەت 11بولدى مانا قارا ـــ دىدىدە قولىدىكى سائەتنى ماڭا كۆرسەتتى.سائەت هەقىقەتەن 11نى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ:

ـــ بۇيەردە كەچ بىلەن كۇندۇزنى ئايرىغىلى بولمايدىكەن.مىنىڭ بەك ئۇيقۇم كىلىپ كەتتى.ئەتە سۆزلەپ بەرسەم قانداق دەيسەن. ـــ دىدى. مەنمۇ ماقۇل بولدۇم.ئۇ دەرەخكە يۆلىنىپ يىتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى.ئۇنىڭدىن ئازراق بولسىمۇ يىراقلىشىش ئۇچۇن مەن يەنە بىر دەرەخنىڭ يىنىغا بىرىپ ياتتىم.ئەسلى قىچىپ كىتىشنىمۇ ئويلىغاندىم.بىرغىق بۇ ئەلى بولمىغاندىكىن.هەم ئۇنىڭ ماڭا دىگەن گەپلىرىدىن باشقا ئۇچۇرلارنى بىلىشىم مۇمكىن دەپ ئويلىدىم.مىنىڭ هازىر پەقەتلا ئۇيقۇم كەلمىگەنىدى.ئادىل بىلەن ئىمىننى ئويلاپ قالدىم.ئۇلار زادى قانداقراق تۇرۋاتقاندۇ.نىمىش قىلىۋاتقاندۇ؟ شۇ ئەسنادا كەينىمدە بىرى باردەكلا هىس قىلىپ

قالدىم.ئاستا ئورنىمدىن تۇردۇمدە دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ قارىدىم بىراق ھىچكىشى يوق ئىدى.شاپپىدە قىلىپ بىرىنىڭ كەينىمدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىمدە تېزلا ئارقامغا قارىدىم. مەن ئاخىرى ھەقىقەتەن بۇيەردە باشقىلارنىڭ بارلىقىنى جەزەملەشتۈردۈم.ھازىر يېنىمدا ھىچقانداق بىر قورال يوق ئىدى.شۇ ئەسنادا بىرى قولىمنى چىڭ تۇتىۋالدى.مەن قورققىنىمدىن تەرلەپ كەتكەنىدىم.قولۇمنى تۇتقان قول بىر ئادەمنىڭ قولىدەك تۇراتتى.مەن ئاستا ئۆرلۈپ قارىدىم.كەينىمدە يۈزى قانغا بويالغان،بىر كۆزى ئۆيىۋېتىلگەن، يەنە بىر كۆزى پولتىيىپ چىقىپ قالغان بىلىكىدە گۆش يوق پەقەت قانلىق سۆڭىكىلا كىكرۈنۈپ تۇرغان بىرى ئاغزىنى ئېچىپ ماڭا قاراپ تۇراتتى.مەن قورققىنىمدىن ۋارقىراپ تاشلىدىم.ئەلى بولسا ياتقان يېرىدىن قوپماي خورىكىنى تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى.كۆز ئالدىمدىكى بۇ قورقۇنۇشلۇق سىما ماڭا تونۇشتەك تۇيۇلىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا:

ـــ ئۆمەر! قوقما! بۇ مەن ئىمىن. ـــ دىدى.ئۇنىڭ ئېغىزىدىنمۇ قان ئېقىپ تۇراتتى.مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ بىر موردىغا ئايلىنىپ بولغانىدى.مەن ئۇنىڭدىن تەسلىكتە قولۇمنى بوشاتتىمدە دەرھال ئەلىنى تۈرتۈپ ئويغاتتىم.ئۇ ماڭا قاراپ:

ـــ نىمە بولدۇڭ؟ نىمىشقا ئويغىتىسەن! ـــ دىدى.مەن جىددىيچىلىك ئىچىدە ماڭا زەھەر كۆزى بىلەن قاراپ تۇرغان بۇ موردىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــــ سەن ككرمەيۋاتامسەن ئۈنى ــــ دىدىم.ئۇ مەن ككرسەتكەن تەرەپكە قارۋەتكەندىن كيىن:

ــــ ئۆمەر! سىنى قار بېسىپ قاپتۇ. يېتىپ كۆزىڭنى جىم يۇمغىن ھە. ئەگەر ئۇخلىيالمىساڭ سومكاڭ ئاۋۇيەردە! بىللە ئېقىپ كەلگەندى.شۇنىڭدىكى قىلچىڭنى بېشىڭغا قويۇپ ياتقىن ــــ دىگىنىچە يەنىلا بېشىنى قويۇپ ياتتى.ئەمدى بۇ ئەلىدىن ئۈمۈت كۈتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدىمدە دەرھال سومكامدىن قىلچىمنى ئالدىم.كۆز ئالدىمدىكى بۇ موردا:

ــــ سەن مىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچىمۇ؟ مەن سىنىڭ دوستۇڭ ــ دەۋاتاتتى.بىراق ئامال يوقتە. ئۇ بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەيكەن.مەن قىلچنى كۈچەپ بۇ موردىنىڭ قاق پېشانىسىگىلا تىقىۋەتتىم.ئۇ تۈتۈنگە ئايلىنىپلا غايىپ بولدى.كەينىدىنلا بىرمۇنچە موردىلار پەيدا بولۇپ قالدى.ھەر بىرى شۇنچىلىك قورقۇنۇچلۇق ئىدىكى قارغانلا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئىلشتۈرەتتى.ھازىر ئۆزۈم يالغۇز قانداقمۇ بۇ موردىلار بىلەن ئېلىشارمەن؟ بۇ موردىلار بىر قەدەم، بىرقەدەمدىن ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.مەن بەربىر ئېلىشسامۇ ئۇتخشالا يېڭىلەتتىم.قورقۇنۇچ يۈرىگىمنى باسماقتا ئىدى.شۇ ئەسنادا خىرۇستال تاش بىلەن زەنجىر ئېسىمگە كەلدىدە ئۈنى ئالدىم.بۇ ئىككىسىنى بىر بىرىگە چىڭ يېپىشتۇردۇم.بىراق بۇ قېتىم ھىچبىر مۇداپىئە چەمبىركى ھاسىل بولمايۋاتاتتى.ئۇلار ئاخىرى ماڭا يېقىنلاپ كەلدى.بىر موردا قولىنى سوزۇپ ماڭا

تەگكۈزمەكچى بولىۋىدى ئۈنىڭ قولى مىنىڭدىن ئۆتۈشۈپ كەتتى .يەنى ئۈمىنى تۇتالمىدى .ناھايىتى ھەيران قالغان بولسامۇ يەنىلا خۇش بۇلىۋاتاتتىم .بۇ مورددىلارنىڭ ھىچقايىسىسى ماڭا زەرەرچىلىك زىيان سالالمىدى .يېرىم سائەتلەرچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كىيىن مىنىڭمۇ ئۇيقۇم كېلىۋاتاتتى .شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىزلا بۇ مورددىلار غايىپ بولدى .مەنمۇ خاتىرجەم ھالدا ئۇيقۇمنى ئۇخلىدىم .

بىرچاغدا مىنى ئەلى تۇرتۇپ ئويغاتتى .

ـــ تۇرە تۇرە . بەك ئۇخلاپ كەتتىڭ .ھازىر ئەتتىگەن سائەت 9بۇپ كەتتى . ـــ دىدى .مەنمۇ تەستە كۆزۈمنى ئېچىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم .

ـــ سومكاڭدا يىگۇدەك نەرسىمۇ قامماپتۇ .مەندىمۇ ھەم يوق .شۇڭا بۇگۈن ئاچ قالىدىغان بولدۇقدە ـــ دىدى ئەلى .ئۈنىڭ بۇ گىپى ھەيرانلىقىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى:

ـــ ئەمسە سەن نەچچە ۋاقىتتىن بىرى نىمە يىدىڭ . ھە توغرا مۇشۇنىڭغا قوشۇپ ھېكايەڭنى سۆزلەپ بەر. ـــ دىدىم .ئۇ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

ـــ ئۇكۇنى ، يەنى مەن يۇقاپ كەتكەن كۇنى . مەن ئەتتىگەندىلا ئورنۇمدىن تۇرغان . بىز ياتقان ئۈيدىن سىرتقا چىقتىم .چىقىشىمغىلا كۇچلۇپ بوران چىقىپ كەتتى .كۆزلىرىمنى ئاچالمايلا قالدىم .شۇ ئەسنادا كاللامغا بىرى قاتتىق بىرنى ئۇرىۋىدى ھۇشۇمدىن كىتىپتىمەن .بىرچاغدا كۆزۈمنى ئېچىپ ئەتراپقا قارىسام كۆز ئالدىمدا بىرمۇنچە قانىورلار

تۇرىدۇ.ئۇلار مىنى ئاز قېپىنىمىدى.ئىشقىلىپ دىمىسەمۇ بىلىسەن ئالۋاستىلار ئارىسىدا يالغۇز ئامالسىز قالسا ئۇبدانلا قېپىنىلىدىكەن.شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى قىپ بۇنى قىپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قەلئە بار يەرگە بېرىپ قالدىم.ئەمما قەلئەنىڭ ئىشىكنى ئاچالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن كەينىمگە يېنىپ بۇيەردىن كەتمەكچىمۇ بولدۇم.ئارىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر لەھەت ئىچىگە چۈشۈپ كەتتىم.لەھەت ئىچى خېلى چوڭقۇر بولۇپ ئۇيەردە يول باركەن.مەن شۇ يول ئارقىلىق قەلئە ئىچىگە كىرەلىدىم.قەلئە تىپتىنىچ ئىدى.ئاندىن مەن قەلئەنىڭ 10ـ قەۋىتىدە بىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىمدە سىلەر بولىشىڭلار مۇمكىن دەپ شۇ قەۋەتنىڭ ئىچكىردىكى ئۆيگە كىردىم.ئۆيدە ھىچكىم يوق ئىدى.ئەمما بۇيەر قىلتاقكەن.مەن ئۆيگە كىرشىمگىلا ئىشىك تاقىلىپ قالدى.كىيىن تامدىن ئىگىلغان ئوقيالار چىقىپ ماڭا قارىتىلدى.شۇ چاغدىلا ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ قانداق قىلىشمنى بىلەلمەي تۇرغىنىمدائۆينىڭ ئىچكىرسىدىكى يەر ئاستىغا چۈشۈدىغان بىريەرنى كۆرۈپ قالدىم.دەرھال شۇيەرنى ئېچىپلا سەكرىدىم.بۇيەردە نۇرغۇن مەشئەللەر بولۇپ ھەممىسى يېنىقلىقكەن.ئالدىمغا قاراپ مېڭىۋەردىم.بىرچاغدا بىرى مۆرەمنى تۇتتى.بۇ قول شۇنچىلىك سوغۇق ئىدىكى ھارارىتى پۈتۈن بەدىنىمگە تاراپ كەتتى.ئاستا كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىسام

ناھايىتى بەتبەشىرە بىر ئەرۋاھ ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىپ تۇرغان ئىككى قىپقىزىل كۆزىدىن بۆلەك چىرايىنى كۆرگىلى بولمايتتى. قورققىنىمدىن غال غال تىترەيتتىم. شۇ ئەسنادا ئۇ ماڭا «سەنمۇ ئۆلىسەن! ئىنىڭغا ئوخشاشلا ئۆلىسەن» دېگەن ئىككى ئېغىز گەپنىلا قىلدى. قورققىنىمدىن ئۇنىڭدىن يۇلقۇنۇپ چىققىنىمدە دەرھال يۈگرۈپ قاچتىم. ئۇنىڭ كەينىمدە ناھايىتى رەزىللەرچە كۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. كېيىن مەن بۇيەرنىڭ ئىچكىرسىدىن ئۈستىگە چىققىدىغان پەلەمپەينى كۆردىم. ئۇيەردىن ئۈستىگە چىقسام ئالدىمدا يەنە پەسكە چۈشىدىغان پەلەمپەي ئۇچىرىدى. ھەي! ئۇ ۋاقىتتا بەك تېرىككەنتىم. قانداق لەقۋا ئەرۋاھ لاھىيەلىگەن يول بۇ دەپ كەتتىم. كېيىن ئۇ يولنى لاھىيەلىگەن ئەرۋاھنىڭ ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. پەسكە چۈشىدىغان پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئالتۇن شەھەرگە كىردىم. بىلەمسەن بۇيەرنىڭ ھەممىلا يېرى ئالتۇنكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇيەدىن ئازراق ئالتۇن ئېلىۋالاي دەپ يانچۇقلىرىمنى تولدۇردۇم. كېيىن چىقىپ كىتىدىغان يولنى تاپالمىدىم. ئەتراپىمدا نۇرغۇنلىغان ئەرۋاھلار پەيدا بولدى. ئۇلار مىنىڭ ئوڭ قولۇمنى كىسىۋەتتى. شۇنچىلىك قىينالدىم. ئۇلار ناھايىتى ۋەھشىي بولۇپ مىنىڭ ئېچىنىشلىق ۋارقىراشلىرىمغا قاراپ كۈلۈشەتتى. ئەمما مەن ئۇلارنىڭ يېنىپ تۇرغان كۆزى ۋە پىلاچىدىن بۆلەك يەنە ئىسكىلىتتەك قوللىرىدىن

بۆلەك باشقا يېرىنى كۆرەلمىگەنىدىم. ئۇلار مېنى نىمجان قىلىپ قۇيۇپ بىر كونا قەبرىگە تاشلاپ قويدى.ئەلۋەتتە مېنى قاچالمايدۇ دەپ ئويلىدىمۇ ياكى قېچىپ كەتسۇن دىدىمۇ مېنى قاماپ قويمىدى ياكى باغلاپ قويمىدى.مەنمۇ ئۆزۈمنى ئاران سۆرەپ يۈرۈپ مانا مۇشۇيەرگە كەلدىم.ئاندىن بۇ سۇ ئارقىلىق ساقايدىم. ـــ ئەلى شۇنداق دەپ ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇردى.مەن:

ـــ سەن ئۇچ كۈنىڭىياقى شۇنچىلىك ئىشنى باشتىن كەچۈردىڭما؟ بۇ دىگەنلىرىڭ ۋاقىت ئېنىقلىمىسىغا توغرا كەلمەيدىغۇ؟ ـ دىدىم.ئۇ:

ـــ نىمە؟ نەدە توغرا كەلمەيدۇ؟ ئەجەبا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىشقا ئۇچۇرسام بۇلامتى؟

ـــ مەن ئۇنداق دىمەكچى ئەمەس. سەن ئۇچكۈنىڭىياقى مۇشۇ ئىشقا يۇلۇققان بولساڭ ناھايىتى ئاستا بولدىما بۇ ئىش؟ دىمەكچىمەنكى بۇ ئىشلار ئەڭ كۆپ دىگەندىمۇ ئىككى كۈندە يۈز بېرىپ بولىدىغۇ؟ ـــ دىدىممەن.مىنىڭ بۇ گېپىممۇ ئۆزۈمگە سەل غەلىتە تۇيۇلۇپ قالدى.بۇ گەپنى خۇددى باشقىلار ماڭا ئۇگىتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالغاندىم.ئەلى ئىنىڭ گېپىمنى چۈشەنمىدىمۇ بىردەم ماڭا قاراپ تۇرغاندىن كيىن:

ـــ ئۆمەر! سۇنىڭ كىسەللىك ئالامىتى كۆرۈلۈشكە باشلىدىمۇ نىمە؟

ـــ دىدى. بىنىڭ گىپى مىنى چۈچۈتتى:

ـــ نىملەنى دەپ يۈرۈيسەن! مەن شۇنداق نورمال.ـــ دىدىم

ئاچچىقلاپ.يىپىمدىكى بۇ مەخلۇق ئەمدى مىنى نىرۋا كىسەل قاتارىدا كىرىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ قالدىم.ئۇ:

ــــ ئۆمەر، بىز سۈرئەتنى تىزلىتىپ دەرھال يىشىل رەڭلىك خىرۇستالنى تاپمىساق بولمايدۇ. بولمىسا كىسىلىك ئىغىرلاپ كىتىدۇ.ــــ دىدى نەرسە كىرەكلەرنى يۇغۇشتۇرغاچ. مەن ئۇنىڭغا:

ــــ ماڭا قارا ئەلى.بىز ئالدى بىلەن ئادىلنى ۋە ئىمىننى تاپمىساق بولمايدۇ.مەن ھازىر ناھايىتى نورمال. ــــ دىدىم زەردە بىلەن. ئۇ ماڭا خۇددى مىنى تۇنجى كۆرىۋاتقاندەك ھەيرانلىقتا بىر قارىۋەتكەندىن كىيىن:

ــــ بولىدۇ، بىراق ئۇلارنى تىپىشقا نىشانىمىز بارمۇ؟ ئۇلار قەيەردە؟ بۇنى بىلمەيمىز! ئەمما يىشىل خىرۇستالنىڭ نەدىلىكىنى بىلىمىز.ئۇنى تىپىپ بولغاندىن كىيىن ئىزدىسەكمۇ بولىدۇ.بۇنداق بولغاندا بىزدە ئۈچ خىرۇستال تاش بولىدۇ.دىمەك ئۇلانى تاش ئارقىلىقلا تاپالايمىز. ــــ دىدى.

ــــ سەندە باشقا خىرۇستال تاش بارما؟

ــــ ياق.سەندە ئىككىسى بارغۇ؟

ــــ مەندە پەقەت سۈزۈك رەڭلىكى بار.

ــــ خاتالاشتىڭ.سەندە يەنە سىرىق رەڭلىك تاش بار.يەنى ھىلقى زەنجىرشۇ.

ــــ سەن مەندە زەنجىرنىڭ بارلىقىنى قانداق بىلىسەن؟

ــــ ئاخشام سەن مىنى ئويغاتقاندا كۆردۈم.ئۇ چاغدا سەن قىلچىنى

تاشنى زەنجىرنى تۈتۈۋېلىپ دەرەخلەگە قورقۇمسىراپ قاراپ تۇردۇق.خۇددى ئۇ دەرەخلەر سىنى يەيدىغاندەك.كىيىن ئۇخلاپ قالدىڭ شۇ.

ـــ ئاخشامقىسى دەرەخ ئەمەس موردا ئىدى.

ـــ قارا ئۆمەر، ھېلىتىن كىسىلىك ئەۋجىگە چىققىلى تۇردى.كىيىنلىكىڭنى ئويلىغىن. ماقۇلمۇ.بەلكىم ئۇ ئىككەيلەنمۇ ئەشۇ قەدىمىي شەھەردە بولىشى مۇمكىن. ـــ دىدى ئەلى.ئۇ ئەمدى مىنى ھەقىقىي ئاغرىق قاتارىدا كۆرىۋاتاتتى.بوپتۇ.ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىپ تاشنى قولغا چۈشۈرۋالاي دەپ ئويلىدىم.

ـــ ماقۇل، تاشنى ئاغىلى بارايلى. ـــ دىدىم.شۇنداق قىلىپ ئەلىنىڭ باشلامچىلىقىدا كىتىپ باراتتىم.مەنمۇ ئۆزۈمدىن سەل گۇمانلىنىپ قالدىم.راسلا سەل غەلىتە بۇلۇپ قالغاندىم.ئەجەبا راسلا ئەلى دىگەندەك كىسەللىك ئالامىتى كۆرۈلۈشكە باشلىغانمىدۇ؟ ئەمما خاتىرىدە ئېچىنىشلىق ئۆلىدۇ دەپ يېزىلىپتىكەنغۇ؟ كاللامدا جىگىش خىياللار كېپىيىپ كىتىپ باراتتى.بىز داۋاملىق ماڭماقتامىز.شۇ ئەسنادا بىز بۇ ئورمانلىقتىن چىقىپ چەكسىز كەتكەن قۇملۇقىا يۇلۇقتۇق. مەن:

ـــ ئەلى، بۇيەردە قۇملۇق بارلىقى ھەققىدە خاتىرىدە بىرە گەپ يېزىلىپتىكەنمۇ؟ ـــ دەپ سورىدىم. ئۇ:

ـــ ياق. ئۇنداق دەپ يېزىلمىغان.ھەم بۇيەردە قۇملۇقمۇ يوق.ـــ

دىدى. ئۇنىڭ گېپى مېنى ھەيران قالدۇرۋەتتى.ئەجەبا ئۇ بۇ قۇملۇقنى كىرمەيۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ يەنە مېنى كىسىلىك ئېغىر دىمەسلىكى ئۈچۈن قۇملۇقنى كۆرگەنلىكىمنى ئېيتمىدىم.نىمە ئۈچۈنكىن تاڭ بۇ ئەلنىڭ سىياكئىقىغا قىرۋالغان مەخلۇق مەن نىمىنى كۆرسەم شۇنى كۆرەلمەيتتى.بىز قۇملۇقتا ئېڭىشقا باشلىدىق.ئۇنىڭ خۇددى ئورماندا مېڭىۋاتقاندەك دەرەخ شاخلىرىدىن ئېڭىشىپ ماڭغىنىدەك مېڭىشلىرى كۈلگۈمنى كەلتۈرسىمۇ ئۆزۈمنى زورۇقتا بېسىۋالاتتىم.شۇ ئەسنادا پۇتۇم قۇمغا كۆمۈلۈپ قالدى.خۇددى بىرى مېنى تارتىۋاتقاندەك قۇم ئاستىغا ئاستا سۈرئەت بىلەن كىرىپ كىتىۋاتاتتىم.

## 17 ـ قىسىم سىر ئىچىدىكى «سىر»لار

ئەلى بولسا ماڭا قاراپ تۇرۇپلا قالدىدە:

ــــ ھەي نىمىگە ئۇيەدە تۇرسەن ماڭە ــــ دىدى.ئۇ ھەقىقەتەن بۇ ئەھۋاللارنى كۆرمىگەندى.مەن بولسام بارا بارا قۇم ئاستىغا كىرىپ كىتىۋاتىمەن.ئاخىرى بۇنداق بۇلىۋەرسە چاتاق بولىدىغانلىقىنى پەملىدىمدە:

ــــ ئەلى! مېنى تارتىۋال ــــ دىگىنىمچە ئۇنىڭغا قولۇمنى سوزدۇم.ئۇ قولۇمنى تۇتۇپ ئالدىغا تارتتى.مەن ئۇنىڭغا يېقىنلىدىم.بۇ قۇم مەن بىلەن بىللە سۈرۈلگەندى.بۇ مېنىڭ خىيالى تۇيغۇممۇ ۋەياكى ئەلى راسلا كۆرمەيۋاتامدۇ بىلمەيتتىم.قىززىق يېرى شۇكى

ئەلى بىلەن ئىككىمىز يېقىن بولساقمۇ قوّم مىنى پەسكە سۆرەۋاتاتتى.ئەلى بولسا بىمالال تۇراتتى.مەن ئاخىرى بۇنى بىر خىيالى تۇيغۇ دەپ ئويلاپ قەدەم ئېلىش ئۇچۇن تىرىشىۋاتاتتىم.بىراق مىدىرلىيالمىدىم.

ــــ ئۆمەر! ساڭا بىرە ئىش بولمىغاندۇ؟ ــــ دىدى ئەلى.مەن:

ــــ مەن مىدىرلىيالمايۋاتىمەن. بەدىنىم قېتىپ قالغاندەكلا تۇردۇ

ــــ دىدىم.ئۇنىڭغا قۇملۇقنىڭ گېپىنىمۇ دىمىدىم.ئۇ:

ــــ ۋاي ئاللا، بۇيەدە ئەرۋاھلار بارمۇ نىمە؟ ــــ دىدى.بۇ گەپ ئەندىشەم ئۇستىگە قورقۇنۇچنى قويدى.

ــــ بىز بۇيەردە بۇنداق تۇرىۋەرسەك بولمايدۇ.كىلە مەن سىنى يۇدىۋالاي. ــــ ئەلى شۇنداق دىگىنىچە مىنى يۇدىۋالدى.ھەرنىمە بولسا كۆز ئالدىمدىكى قۇمدىن ئاجىردىم.مىنىڭ سومكامنىمۇ خېلى ئېغىر مەنمۇ ئۇنچە يېنىك ئەمەس.گەرچە بۇ ھەقىقىي ئەلى دەپ ھېسابلىمىسامىمۇ ئۇنىڭ ھارغانلىقىنى سىزىپ ئىچىم ئېچىشىۋاتاتتى.بىز بىر ھازا ماڭغاندىن كيىن تۇيۇقسىزلا كۆزۈمنى بىر يۇمۇپ ئېچىشىمغىلا ئۆزۈمنى ئورماندا كۆردۇم.ئورمانلىق شۇنچە قۇيۇق ئۆسكەن دەرەخلەر بىلەن بىزەلگەن بۇلۇپ جىمجىت ئىدى.بۇنداق جىمجىت ئورماندا ئىككى كىشى يالغۇز ماڭسا ئەلۋەتتە سۈر باسىدۇ.شۇندىلا مەن بايىقى كۆرگەن قۇملۇقنىڭ بىر خىيالى تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى بىلدىمدە ئەلگە:

ــــ بولدى مىنى چۈشۈرۈەت ئەمدى ئۆزۈم ماڭالايمەن.ــــ

دىدىم.ئەلىمۇ گېپىمنى ئاڭلاپ مىنى چۈشۈردى.مەنمۇ ئەمدى ھەركەتلىنەلىدىم.بىز بۇ ئورمان ئىچىدە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلىمەكتە ئىدۇق.

— ئۆمەر! — توساتتىن بىرىنىڭ مىنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم كىمدۇ ئەتراپ قاراشقا باشلىدىم.بىراق ھېچكىم يوق ئىدى.خاتا ئاڭلاپ قاپتىمەندە دەپ ئويلىدىم.بىراق يەنىلا قۇلاق تۈۋۈمدە بىرىنىڭ چاقىرغانلىق ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— ئەلى! سەن بىرىنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دىدىم ئەلىگە.ئۇ:

— مەن ھېچنىمىنى ئاڭلىمىدىمغۇ، بولدى.جىق ئويلاپ كەتمە بىز تېزراق بېرىپ خىرۇستالنى تاپمىساق بولمايدۇ. — دىدى.مەن ئۆزۈمنىڭ راستىنلا كىسەل بۇلۇپ قالغانلىقىمدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم.خىسلەتلىك شارقىراتمىنىڭ سۈيىنى ئىچىش چەكلەنگەن.ئەجەبا مىنىڭ كۆرگىنىم ئاڭلىغىنىم. ھەممىسى شۇ سۇنى ئىچىپ قالغانلىقىمنىڭ زىيانلىق ئالامىتىمىدۇ؟ مەن شۇلانى ئويلاپ ئەلىدىن:

— ئەلى! سىنىڭ ئىنىڭمۇ بۇيەرگە كىلىپ شارقىراتمىنىڭ سۈيىنى ئىچسە بولمايدىغانلىقىنى قانداق بىلگەندۇ؟ — دەپ سورىدىم.ئۇ:

— چۈنكى سەلىممۇ بۇ سۇنى ئىچىپتىكەن.— دىدى.

— ئەمسە نىمىشقا خاتىرىدە بۇ توغۇرلۇق مەزمۇن يوق؟

— بار ئىدى.بىز بەك كۆپ ئىشنى بىلىپ ئەرۋاھلارغا پايدىسىز

ئىشلارنى قىلغىلى كىتىپ بارىمىز ئەمەسمۇ؟ ئىسىڭدىمۇ باشتا سىلەنىڭ يۈرىكىڭلاردىن مەسىلە چىققان، كىيىن سىلە بىلمەكچى بولغان مەزمۇنلارنى خاتىرىدىن تاپالمىدىڭلار دىمەك ئەرۋاھلار ئۇ مەزمۇنلارنى سىلەنى كۆرەلمەس قىلىپ قويغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ لەنتىلەنىڭ قىلغان ئىشى. — دىدى ئەلى.ئۇنىڭ بۇ گىپى ھەيرانلىقىمنى قوزغىدى:

— سەن ئۇچاغدا يىنىمىزدا بولمىساڭ، بۇلانى قانداق بىلىسەن. — دەپ سورىدىم. ئۇ يانجۇقىدىن بىردانە قىزىل رەڭلىك چىقاردىدە:

— مانا بۇنىڭ بىلەن — دەپ تاشنى كۆرسەتتى.بۇ تاشنى بىرىيەردە كۆرگەندەك ئىسىمدە بار.

ـ بۇ تاشنى نەدىن تاپتىڭ. ئىسىمدە قىلىشچە بۇ ھىلىقى ياغاچ ئۆيدە كۆرگەن قىزىل رەڭلىك تاش شۇغۇ دەيمەن — دىدىم.ئۇ:

— ياق بۇ ئۇ تاش ئەمەس.بۇ ئەرۋاھلارنىڭ جىنى بولغان ھىلىقى ئەرۋاھلارنىڭ تەخت ئۈستىدە نۇر چىچىپ تۇرغان تاش شۇ.— دىدى.

— نىمە؟ سەن ئۇنى ئالدىڭ؟

— شۇنداق.بۇنى ئىلىۋالسام بەزى خەتەرلەردىن قۇتۇلۇپ قالىمەن.ئەتتىگەن ساڭا دىيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.بۇ تاش ئارقىلىق بەزى سىرلارنى بىلگىلى بولىدۇ.بۇ تاش ئارقىلىق سىلەنىڭ نىمە قىلىۋاتقىنىڭلانى بىلدىم.يەنە تىخى بەزى خەتەرلەردىن قۇتۇلدۇم.

ـــ بۇ تاش شۇنچە كارامەتلىك بولسا نىمىشقا مۇشۇ تاشنىڭ خىسلىتىدىن پايدىلىنىپ يەنە بىر تاشنى تاپمايمىز؟

ـــ ئەلۋەتتە تاپالايمىز، بىراق توٚت تاش بىريەرگە كەلسە بولمايدۇ.

ـــ نىمىدىگەن ساراڭلىق بۇ.بىردەم بىريەرگە كەلسە بولمايدۇ دىگەن بىردەم بىريەرگە كىلىشى كىرەك دىگەن.

ـــ نىمە ساڭا كىم شۇنداق دىدى.

ـــ ئىمىن شۇنداق دىگەن.بوۋىسى بىر ھاكەيە دەپ بېرىپتىكەن.

ـــ ئىسىڭدە بولسۇن! مەيلى نەدىلا كوٚر توٚت تاشنى جەم قىلماسلىقىمىز لازىم.ھازىر بىزدە ئۇچى بار ئىككىسى سەندە بىرى مەندە.يەنە بىرىنى تاپقاندا ئۇنى مەن ساقلاپ قويىمەن. ـــئۇنىڭ بۇ گىپىدىن ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىدىنى ھىس قىلغاندەك بولدۇم.ئۇنى ھەقىقىي ئەلى ئەمەس بەلكى قان شورىغۇچىلار ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۇردۇم.ئۇنىڭدا ئەڭ كۈچلۈك ئىككى خىرۇستال تاش بولسا ھەقىقەتەن كۈچلىنىدۇدە. بىراق باشتا نىمىشقا مەن بۇيەرگە كىرەلمەيمەن دەيدۇ؟ قارغاندا بۇ شۇ قان شورىغۇچىلارنىڭ قولچۇماقچىسى يەنى باشقا تائىپىدىن بولسا كىرەك.

ـــ ھەراس، سەندىن سوراپ باقاي.بىز ھازىر يىشىل رەڭلىك تاشنى ئىزدەۋاتىمىز.سەن ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەن دىگەنىدىڭغۇ؟ ئۇ قەيەدە؟ ـــ دەپ سورىدىم.ئۇقەيەردىلىكىنى دەپبەرسە بىر ئامال قىلىپ ئۇ تاشنى ۋە يەنە قىزىل رەڭلىك تاشنى ئېلىۋالسام ئەلۋەتتە

بۇ مەخلۇقلارنىڭ قولىغا چۈشۈرمەسلىكنى ئويلىغانىدىم.

— ئەنە كۆردۈڭمۇ؟ ئاۋۇ تاغنىڭ چوققىسىدا — ئەلى شۇنداق دەپ ئالدىمىزدىكى ئېگىز بىر تاغنى كۆرسەتتى. مەن:

— سەن ئۇنىڭ ئۇيەردە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسەن — دېدىم.

— مەن ئۇيەرگە بېرىپ باققان. — دېدى ئەلى. ئۇنىڭ بۇ گېپى تېخىمۇ ھەيرانلىقىمنى قوزغىدى. ئۇنىڭ بىريەر بىريەرلىرىدىن يېپى چىققىلى تۇردى دېسە. شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز ئەلى مېنى تارتىپلا بىربدەرەخنىڭ ئارقىسا ئۆتتۇق. ئۇنىڭ بۇ قوپاللىقىدىن نارازى بولساممۇ ئۇنىڭ بىر نەرسىدىن ئەنسىرەپ ئەتراپقا قارىشىدىن بىر ئىش بولغانلىقىنى چۈشەندىم. ئۇ:

— ئۆمەر، سەندە نەچچە تال قىلىچ بار، — دېدى. مەن:

— مەندە بىر خەنجەر بىلەن ئىككى تال قىلىچ بار — دېدىم. ئۇ مەندىن بىرتال قىلىچنى ئالدىۋە ماڭىمۇ بىر قىلىچنى تۇتۇشۇمنى ئېيتتى. شۇ ئەسنادا قارشى تەرەپتە بىر قاپقارا كۆلەڭگىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆك نۇر چاقناپ تۇراتتى. دەرھال يېنىمغا قارىدىم. بىراق يېنىمدا ئەلى يوق تۇراتتى. ئۇ كۆككۆزلۈك قارا كۆلەڭگە ھاۋادا لەيلىگىنىچە ئاستا ماڭا يېقىنلاپ كەلدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قىلىچ شىلتىغاندىم. بىراق ئۇ ئەرۋاھقا نە قىلىچ ئۆتسۇن. ئۇنىڭ قوللىرى ئىسكىلىتتەك ئىدى. ئۇ مېنىڭ گېلىمدىن تۇتۇپ دەرەخكە تىرەپ تۇرۇپ چىڭ سىقتى. نەپسىم بارغانچە قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنى

كۆزلىرگە قاراپ قالدىم.ئۇنىڭ كۆزىدىن مەن ئاتا ئانامنى كۆردۈم.ئاپام ئاغرىپ يېتىپ قالغانىكەن.دادام ئاپامنىڭ يېنىدا تۇرغۇدەك . ئاپام دادامنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ بىرنىلەنى دەۋاتقۇدەك .شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ بوشاپ قالدىم.ئەرۋاھمۇ قولىنى قويىۋەتتى.مەن يەردىلا يېتىپ قالدىم.خىيالىمدا نە هايىتىم بولسۇن؟ دادامنى، ئاپامنى ئەسلەۋاتاتتىم.بىردىنلا ئۇلارغا بولغان سېغىنىشىم سەسسىلەپ ئاشتى. ئەرۋاھ ئىككىنچىلەپ ماڭا قولىنى ئۇزىتىۋىدى بىرنۇر چىقىپلا كۆزۈمنى ئاچالماي قالدىم.نۇر پەسەيگەندە ئالدىمدا ئەرۋاھ كۆرۈنمەيتتى.پەقەت ئەلى قىزىل خىرۇستال تاشنى تۇتۇپ تۇرغانىكەن.ئۇ يېنىمغا كىلىپ:

ـــ ساڭا بىرە ئىش بولمىغاندۇ؟ ـــ دىدى.مەنمۇ هىچ بولمىغانلىقىنى ئىيتتىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.شۇنداق قىلىپ بىز يەنە داۋاملىق يولىمىزغا ماڭدۇق. شۇ ئارىدا بىرسى قارا دىگەندەكلا ئورماننىڭ ئىچكىرسىگە قاراپ ساپتىمەن.ئورماننىڭ ئىچكىرسىدە ئاپامنى يۆلەپ تۇرغان دادام تۇراتتى.قارسام ئاپام مىنى يېنىغا چاقىرۋاتقاندەك قىلاتتى.ئاھ خۇدا! نەدىن كەلگەن هېسياتكىن بىلمەيمەن.ئۇلارنىڭ يېنىغا يۈگۈردۈم.ئەمما نەچچە قەدەم ماڭمايلا ئەلى مىنى توسىۋالدىدە:

ـــ بۇنچە ئالدىراش نەگە ماڭدىڭ؟ ـــ دىدى.كۆز چاناقلىرىمدىن ياش قۇيۇلىۋاتاتتى.

ــ مىنى قوۋۇت ئەلى مىنى قوۋۇت، قارا ئاپام دادام ئەنە ئاۋۇيەردە مىنى چاقىرۋاتىدۇ ــ دىدىم .ئەلىنى ئىتتىرۋاتاتتىم.ھىسيات تەسىردە مادارىمىمۇ يوق.ئەلى مىنى چىڭ قامالىلىۋالغانىدى.ئۇ:

ــ ئۆمەر، ھوشۇڭنى تاپ، ئۇ خىيالى تۇيغۇ بولدى قىل ــ دىدى.بىراق ئاتا ئانامغا بولغان كۈچلۈك سېغىنىشىم مىنى ئۇلارنىڭ يېنىغا بار دەپ ئۈندەۋاتاتتى .

ــ ھوشۇڭنى تاپ ئۆمەر! ــ ئەلى شۇنداق دىگىنىچە يۈزۈمگە بىر تەستەك سالدى.بۇ بىر تەستەك بىلەن جىمىپ قالدىم.ئورمان ئىچكىرسىدىمۇ ئاپام بىلەن دادام كۆرۈنمەيتتى. ئەلى:

ــ قارا قېرىندىشىم، سۇنى ئىچىپ قالدىڭ.شۇڭا سۇ ساڭا تەسىر قىلىۋاتىدۇ.سەندە ھەرخىل خىيالى تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. ــ دىدى.مەن:

ــ ئەلى، ماڭا شۇ كىسەل توغۇرلۇق سۆزلەپ بەرگىنە ــ دىدىم.ئۇ:

ــ سەلىمنىڭ كۈندىلىك خاتېرسىدە بار. ئالە مەن ئوقۇپ بېرەي ــ دىدى.بىز بىر تۈپ دەرەخنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇق.خاتېرىنى ئۇنىڭغا بەردىم.ئۇ خاتېرىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

سىز بەلكىم خىسلەتلىك شارقىراتمىغا كەلدىڭىز.ۋەياكى كەلمەي تۇرۇپ بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتىسىز. خىسلەتلىك شارقىراتما ئىسمي جىسمىغا لايىق خىسلەتلىك بولۇپ بەدىنىڭىز يارلانغانلا بولسا بۇ شارقىراتمىنىڭ سۈيىدە يۇيۇڭ.سۇ ناھايىتى تېزلا شىپا قىلىدۇ.ئەلۋەتتە ئازراق ئاغرىشى مۇمكىن.ئەمما سۇنى قەتئىي

ئېچىپ قالماق. سۇ يېشىل رەڭلىك خىرۇستالنىڭ كۈچى بىلەن مۇشۇنداق خىسلەتلىك بولغان. ئەگەر ئېچىپ قالسىڭىز ناھايىتى ئېچىنىشلىق ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىسىز. ئالدى بىلەن سىزدە غەيرى ئەھۋال كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا كېسەللىك ئالامىتى. باشتا سىز قىسمەن خاتىرىڭىزنى يۇقىتىشىڭىز مۇمكىن. بىرنەرسىدىن ئاسان گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالىسىز. ۋاقىت سەل ئۇزارسا نىمىنى خىيال قىلسىڭىز كۆز ئالدىڭىزدا شۇ پەيدا بولۇپ قالىدۇ. كۈندىن كۈنگە چۈشكۈنلۈك ھېس قىلىسىز. باشقىلارغا ئاسان ئىشەنمەس بولۇپ قالىسىز. بارا بارا سەۋدايى بولۇپ ئويلىمىغان ئىشلارنى قىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. بۇ سۇ سىزنى ھەرگىز ياخشى يولغا باشلىمايدۇ. بەلكىم سىز ئۆز قېرىنداشلىرىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭىزمۇ ھەتتا ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۈۋېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن. ئېچىنىشلىقى ئەرۋاھلار سىشدىن پايدىلانسا ئۇ چاغدا ئىنسانىيەتكە ناھايىتى چوڭ خەتىرى بار. مەيلى سىز نىملا سەۋەپ بىلەن بۇ سۇنى ئېچىپ قېلىڭ بۇنىڭمۇ داۋاسى بار. يەنى بۇ سۇنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان يېشىل خىرۇستال. مەن ئەرۋاھلارنى ئويقۇغا بەند قىلغان ۋاقتىمدا بۇ توت خىرۇستالنىڭ بىر يەرگە كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ۋۇ ۋەھىمىنىڭ ئۇۋىسىدىكى ئۈچ ئىككى تاغقا ئىككى تاشنى قۇيۇپ قويغان. يەنە بىرنى ئۆزۈم ياسىغان ئۆيگە يەنە بىرنى ئەرۋاھلار ئوردىسىغا قۇيۇپ قويغانىدىم. چۈنكى بۇ توت تاش بىر يەرگە كېلىپلا قالسا

ئەرۋاھلار قايتا تىرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز كۈمۈش شەمشەرنى قولغا چۈشۈرۈڭ.شەمشەرنى ئېلىشتا پىشكەللىككە ئۇچراپ خىرۇستال يىغىشقا يول ئېچىلىپ قالسا سىز تۆت تاشنىڭ ئۈچىنى يەنى ئاق سېرىق يېشىل رەڭلىك خىرۇستال تاشلارنى ئېلىڭ ئەمما جۈپلەشتۈرمەڭ. قىزىل رەڭلىكىنى ھەرگىز ئالماڭ. ئاندىن شۇ لار ئىچىدىكى ئاق ۋە سېرىق رەڭلىك خىرۇستاللار ئارقىلىق شەمشەرنى قولغا چۈشۈرۈڭ.

ـــ مانا بۇ ھەقتە مۇشۇنچىلىك يېزىلىپتۇ. ـــ دىدى ئەلى خاتىرىنى يېپىپ. مەن:

ـــ بىز ئوقۇغاندا بۇ خاتىرىدە تۆت خىرۇستال تاش بارلىقىنى كۆرمىگەنىدۇق.سەن توقۇۋاتمايدىغانسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە شارقىراتما ھەققىدىمۇ بىرە مەزمۇن تاپالمىدۇققۇ؟ ـــ دىدىم. ئۇ:

ـــ ھەي! ئەن دىدىمغۇ، سىلەنىڭ تاپالماسلىقىڭلارمۇ ئەرۋاھلارنىڭ ئۇيۇنى.ساڭا بىر گەپنى دەي. سەلىم مىنىڭ ئىنىم.ئۇ بۇيەردىكى ئىشلارنى بەش قولدەك بىلىدۇ. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندە مەن خاتىرىنى بىر يىل ئوقۇپ چىقتىم يەنى كەينى كەينىدىن.ئەلۋەتتە ھەقىقىي ئەسلى ئۆزگەرتىلمىگەن ۋاقتىنى ئوقۇدۇم.شۇڭا بەزى نۇرغۇن ئىشلانى بىلىمەن.يەنە بىز بۇيەرگە كىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىلەنىڭ ئاراڭلادىن غايىپ بولدۇم؟ بۇ ئۆلارنىڭ خاتىرىنى ئۆزگەرتىشكە پايدىلىق.ھە ياق ئۆزگەرتىش ئەمەس سىلەدە خاتا سىزىم پەيدا قىلىپ خاتا ئوقۇمنى سىڭدۈرۈشكە پايدىلىق. ـــ

دىدى .ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن بەزى نەرسىلەرنى چۈشەنگەندەك بولدۇم .

ــــ ئۇنداقتا خاتىرىنى ئەرۋاھلارنىڭ ئىلىشىلىش كۈيىدا بولىدىغانلىقىمۇ ساختىمۇ؟

ــــ ياق ئۇ راست ، ئىلىشىلىش كويىدا ، خاتىرىنى ئەمەس مانا بۇنى ــ ئەلى شۇنداق دىدىدە خاتىرىنىڭ بىشىدىكى ئىككى بەتلىك ئەرۋاھلار يېزىقىدا يېزىلغان بەتنى كۆرسەتتى . مەن:

ــــ بۇ خەتلە ھەققىدە نىمىنى بىلىسەن؟ ــــ دىدىم ئۇ:

ــــ بۇ بىر پۈتۈك .ئەرۋاھلارنىڭ يۇقۇلىشى ئۈچۈن پۈتۈلگەن پۈتۈك . مەنىسىنى مەنمۇ بىلمەيمەن ــــ دىدى .

ــــ بۇنى كىم پۈتۈپتىكەن؟

ــــ بىلمەيمەن .ئەمما كىينچە چۈقۇم بىلەلەيمىز. ــــ ئەلى يۇقاپ كەتكەندىن تارتىپ بىزنىڭ ئۇقۇغىنىمىز ساختا خاتىرىلەر بولسا ئۇنداقتا ھازىر ئەلى بار ھەقىقىسىنى ئۇقۇيالايمەن. بۇنىڭغا قىزىقىپ قالدىمدە ئەلىگە:

ــــ سەن بولغاندىكىن خاتىرىنى ئۇقۇسام بۇلار؟ ــــ دەپ سورىدىم .ئۇ:

ــــ ياق، سەن ساقايغاندىن كىيىن ئۇقۇغىن بولمىسا بەزى گەپلەرنى ئۇقۇغىنىڭدا ئۇيلىمىغان ئىشلارنى قىلىپ قۇيىسەن . ــــ دىدى .شۇ ۋاقىتتا كاللامدا بىرى «ئۇنىڭغا ئىشەنمە ئۇ يالغان سۆزلەۋاتىدۇ ئۇ ئەلى ئەمەس . خاتىرىنى ئىلىشىلىپ ئۇقۇغىن .ھەقىقىي ئىشلارنى سىنىڭمۇ بىلىش ھوقۇقۇڭ بار.ئۇنىڭ

مەقسىدى تۆت تاشنى بىراقلا ئېلىۋېلىش. شۇڭا سەن ئۇنىڭدىن بالدۇر تۆت تاشنى ئېلىۋېلىشىڭ كېرەك» دەۋاتقاندەك بىرخىل ئوقۇم پەيدا بولدى. دەرھال كاللامنى سىلكىدىم. ھەقىقەتەن كىسەللىك ئالامىتى ئېغىركەن. ئەگەر سەۋدايى باسقۇچىغا كىرىپ قالسام ئەڭ خەتەرلىك. شۇڭا ئەلۋەتتە ئۆزۈمنى ئەركىن تۇتۇشۇم كېرەك. ئۆز ۋاقتىدا نىمىشقىمۇ تاشنى ئىشلەتكەندىمەن. دەرەخلەرگە يەم بولسامۇ بوپتىكەن. دەپ ئويلاپ قالدىم. شۇنداق قىلىپ بىز يەنە يولىمىزنى داۋام قىلدۇق. مەن ئۆزۈمنىڭ بەك چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. خۇددى ئەرۋاھلارنىڭ دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا كۆزۈم يەتمەيدىغاندەك كۆڭلۈمدە بىرخىل ئەندىشە تۇغۇلۇشقا باشلىدى. بىز خېلى ماڭغاندىن كېيىن تاغ ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق. تاغ ئوتتۇرسىدا يوغان بىر تاش ئىشىك بولۇپ ئەتراپىغا ئەرۋاھلار يېزىقىدا خەت ئويۇلغانىكەن. توساتتىنلا كەينىمدىن بىرى چاقىرغاندەكلا قىلدىدە كەينىمگە قارىدىم. قارىسام ئىمىن بىلەن ئادىل ماڭا ناھايىتى ئاچچىق بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇرغۇدەك ئىمىن ماڭا:

ــــ سەن نىمىشقا بىزنى قۇتۇلدۇرغىلى بارمايسەن؟ ئەقلىڭنى تاپ، ئۇ ئەلگە ئوخشامدىكەن؟ سەن ھەقىقەتەن ئەخمەقكەنسەن ــــ دەۋاتاتتى. ئادىلمۇ:

ــــ سەن دوستۇڭغا يەنى بىزگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئۇ ئەلنىڭ

سىياقىغا كىرۋالغان مەخلۇق بىلەن بىرلەشتىك . قارا ساڭا كۆرۈنگەن ھەممە ئۇنى ئەسكى دەۋاتسا سەن نىمىشقا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىسەن ــ دىدى .شۇئان كاللامدا «راست! »دىگەن بىر ئۇقۇم پەيدا بولدى .ئەجەبا بۇ ئەلى راستلا ساختىمىدۇ ياكى مەن ئىچكەن سۇنىڭ ئالامىتىنمىدۇ؟

## 18 ـ قىسىم: سۇمرۇغ قۇش

ـــ ياق ياق، بۇ مىنىڭ خىيالىم. يۇقۇلۇش! ـــ ئۆزۈمنى تۇتىۋالالماي ۋارقىراپ كەتتىم .ئەلى ماڭا:

ـــ ئۆمەر، ساڭا بىرە ئىش بولمىغاندۇ؟ ـــ دىدى . مەن:

ـــ ئۇ تاشنى تىزراق تاپساق بوپتىكەن .كاللامدا ھەرخىل خىيال بۇلۇپ بەزى سىمالار كۆرىنىۋاتىدۇ .مىنى يامان ئىشقا زورلاۋاتىدۇ .ـــ دىدىم .ئەلى:

ـــ خاتىرجەم بول! مانا،ئازلا قالدۇق .مەن سىنى چۈقۇم قوغدايمەن .سەن سۇدىن بەك كۆپ ئىچىپ سالغاچقا ئالامىتى ناھايىتى تىز بۇلىۋاتىدۇ .بىرنەرسىلەرنىڭ ككرىنىشلا سەۋدىيى باسقۇچىنىڭ ئالامىتى .ۋاقتىنى چىڭ تۇتايلى .مەيلى كۆزۈڭگە نىملا كۆرۈنسۇن ھەرگىز ئىشەنمە . ـــ دىدى .ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى مىنى بىر ئاز خاتىرجەم قىلغاندى .

ــ ھىلىقى ئاق رەڭلىك تاشنى ئىلىپ ئىشكنى ئاچقىنە ـــ دىدى

ئەلى.مەنمۇ تاشنى ئالدىم. ئەرۋاھلار يېزىقىنىڭ ئاستىدىلا تاش شەكىللىك كامار بار ئىدى.خىرۇستال تاشنى شۇ جايغا قويدۇم.قۇيۇشۇمغىلا كۆچلۈك نۇر بىلەن تەڭ گۈلدۈرلەپ ئىشىك ئېچىلدى.مەن تاشنى ئېلىۋالدىم.شۇنداق قىلىپ بىز ئىچىگە كىردۇق.ئىچى ھەقىقەتەنمۇ بەك قاراڭغۇ ئىدى.مەن:

ـــ سەندە مەشئەل ياكى قولچىراق دىگەندەك نەرسىلەر بارمۇ؟ ـــ دىدىم ئەلىگە.ئۇ:

ـــ بىزگە ئۇنىڭ لازىمي يوق. زەنجىرنى چىقار ـــ دىدى .مەن زەجىرنى چىقىرىپ ئەلىگە بەردىم.ئۇ يانجۇقىدىن قىزىل رەڭلىك خىرۇستالنى چىقاردىدە ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئاستا زەنجىرگە يېقىن ئەكەلدى.ئىككى تاشنىڭ ئارلىقى بىر سانتىا قالغاندا توساتتىنلا زەنجىردىن كۆچلۈك نۇر چېقىپ ئەتراپ خېلى يورۇدى.ئەلى قىزىل خىرۇستالنى تانجۇقىغا سېلىۋېتىپ:

ـــ قارا مانا بۇ بىزنىڭ قولچىرىقىمىز ـــ دىدى كۈلۈپ. مەن:

ـــ ئەمدى قاياققا مېڭىشىمىزنى بىلەمسەن؟ ـــ دەپ سورىدىم.ئۇ:

ـــ زەنجىرگە قاراپ تۇر ھە ـــ دەپ زەنجىرنى ئۆزىنىڭ بويىدا كىتۈردى.زەنجىردىكى تاشنىڭ نۇرى تۇرۇپلا ئاجىزلاشقا باشلىدى.نۇر تۆۋەنلەپ ئاخىرى ئۆچۈپ قالدى.ھەيرانلىقتا يەنىلا جىم تۇردۇم.توساتتىن زەنجىر قايتىلاتىن يورۇپ ئۇنىڭدىن خۇددى نازىل نۇردەك ئۇزۇن نۇر پەيدا بولدى.خۇددى ئارغامچىدەكلا ئۆڭكۈر ئىچىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ـــ قارا مانا بۇ بىزنى تاشنىڭ يېنىغا ئاپىرىدۇ؟ ـــ دىدى ئەلى .مەن ھەيرانلىقتا ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم.بۇنداق ئىشلارنى پەقەت كىنولاردىلا كۆرەتتۇق .مانا ھازىر ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم .شۇنىڭ بىلەن بىز تاشنىڭ كۆرسەتكەن نۇرى بۇيىچە ماڭدۇق .بىز خېلى ماڭغاندىن كىيىن ئالدىمىزغا بىر پەلەمپەي ئۇچرىدى .نۇرمۇ پەلەمپەي ئۈستىگە قارىغاندى .بىز پەلەمپەيدىن ئۈستىگە قاراپ چىقىشقا باشلىدۇق .ئاخىرى پەلەمپەينىڭ ئاخىرى چىقتى .بىراق بىز بىر ئاسما كۆۋرۈك ئالدىغا چىقىپقالغاندۇق .كۆرۈك ناھايىتى بوش بولۇپ لىڭشاپلا تۇراتتى .ئازراقلا دىققەت قىلمىساق كۆۋرۈك لىڭشاپ ئۈشتى ئاستىغا ئۆرۈلۈپ بىز پەسكە چۈشۈپ كىتىشىمىزمۇ مۇمكىن ئىدى. قېرىشقاندەك نۇرمۇ كۆۋرۈكنىڭ قىرغىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى .ئامالسىز ناھايىتى ئاستا قەدەملىرىمىز بىلەن كۆۋرۈكتىن ئۆتىۋاتاتتۇق .مىنىڭ كەينىمدە ئەلى مېڭىۋاتاتتى .كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرسىغا بارمايلا يەرگە قاراپ ساپتىمەن .شۇ زامانلا بېشىپ قېيىپ پىرقىراپ كەتتى .كاللامدا ھەرخىل ئويلار بولۇپ بىرسى «ئەلىنى ئىتتىرىپ چۈشۈرۈەت»دىسە يەنە بىرى « مەلىنى ئۆلتۈرۈەت» دىگەندەك ئاۋازلار قۇلاق تۈۋىمدە ياڭراشقا باشلىدى .ئۆزۈمنى تۇتىۋالايمەي كۆۋرۈكنىڭ ئارغامچا تۇتقىچىنى تۇتىۋالدىم .دەلدەڭشىگىنىمچە كۆۋرۈكمۇ مىدىرلاپ كەتتى .ئەلى:

ـــ نىم بولدۇڭ ئەلى، ئۆزۈڭنى تۇتىۋال چىڭ تۇت ئارغامچىنى.

قايمۇقۇپلا قالدىم. كاللام دەۋاتاتتى — كىتىمىز چۈشۈپ بولمىسا كوزىرۇللۇقۇمنى يوقاتتىم. كۆۋرۈك بولسا ھەدەپ سىلكىنىۋاتاتتى. ئەگەر سىلكىنىش توختىمىسا كۆۋرۈكنىڭ كۆمتۈرۈلۈپ قېلىش ئېھتىمالى چوڭ ئىدى. مەن ئاخىرى قولۇمنى قويىۋەتتىم. سىلكىنىش بىلەن بىرگە كۆۋرۈكتىن قاڭقىپ چىقىپ كەتتىم. پەسكە چۈشۈپ كىتىۋاتقان شۇ دەقىقىدە ئەلى قولۇمنى تۇتىۋالدى. ئىككىمىزنىڭ ئېغىرى كۆۋرۈكنىڭ بىر تەرىپىدىلا بولغاچقا كۆۋرۈكمۇ بارا بارا لىڭشىپ ئاستى ئۈستىگە بولۇپ ئەلى ئىككىمىز تەڭلا چۈشۈپ كەتتۇق .كاللام جايىدا بولمىغاچ كۆۋرۈكتىن يەرگە چۈشمەيلا ھۇشۇمدىن كىتىپتىمەن .

بىرچاغدا كۆزۈمنى ئاچتىم. پۈتۈن بەدىنىم ئاغرىپ كىتىۋاتاتتى. سۆڭەكلىرىم قۇل جۇل بولۇپ سۇنغاندەك سىرقىراپ كىتىۋاتاتتى. قارسام بېشىمدا قان قېتىپ قاپتۇ. قارغاندا بىلى ئۇزاق يېتىپ قالغان ئوخشايمەن. بېشىمنى ئاران مىدىرلىتالىدىم. ئەتراپ شۇنچە قاراڭغۇ ئىدى. 10سانتا يىراقلىقنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. ئەلى قەيەردە؟ مەن مىڭ تەسلىكتە ئورنۇمدىن ۋايىۋايلاپ قوپۇپ ئەتراپنى سىلاپ يۈرۈپ سومكامنى تېپىۋالدىم. ئاختۇرۇپ سەرەڭگەنى ئالدىم. بىرتالنى يېقىپ ئەتراپقا قارىدىم. گەرچە يورۇقلۇقى كۈچلۈك بولمىسىمۇ بىرە نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. سەرەڭگە تېلى كۈيۈپ بولغۇچە ئارلىقتا يەردە يېرىمى

كۈيۈپ ئۆچۈپ قالغان مەشئەلنى ككرۈپ قالدىمدە خۇشلۇقۇمدا ئۆنى ئېلىپ يۈرۈتتۇم.ئەمدى ئەتراپىم خېلى يورۇغاندى.قارسام ھېچ ئەلى كۆرۈنمەيدۇ.يەردە قېتىپ قالغان قان، تاملاردىمۇ سۈركەلگەن قان ئىزى تۇراتتى.تۇيۇقسىزلا سەل نېرىراقتا بىر لاتىنى ككرۈپ قالدىمدە بېرىپ قولۇمغا ئالدىم.قارىسام بۇ ئەلىنىڭ كىيىمىنىڭ يېرىمى ئىكەن.بىرسى يىرتىۋەتكەندەك تىتىلىپ كەتكەندى.شۇ زامان بۇيەردە بىرسى بىلەن قاتتىق ئۇرۇش بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم.بىراق نىمىشقا ماڭا چېقىلمىغاندۇ؟ بەدىنىم بەك ئاغرىپ كىتىۋاتاتتى.يەردە قان دېغى بار بىر قىلىچ تۇراتتى.بۇ دەل مىنىڭ قىلىچىم ئىدى.قىلىچنى ئالدىم.سومكامنى ئاستىم.قارغاندا مەن بېلى چۈشقۇر يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئوخشايمەن.بىراق مەن ھايات قالدىم.بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ تۇيۇقسىزلا كەينىمدە بىرى:

— ھۇ ئەخمەق! — دىدى.دەرھال قارىسام يەنە ئادىل بىلەن ئىمىنكەن.ئىمىن ماڭا:

— سەن نىمە دىگەن دۆت.قارا ھالىڭغا، مانا ئەلى زەنجىرنىمۇ ئېلىپ كىتىپ قالدى.ئۇ سىنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قۇيۇپ يىشىل خىرۇستالنى ئېلىپ كىتىپ قالدى. — دىدى. ئادىل:

— بىچچارە ئۆمەر! بىزدەك دوستلىرىڭنى تاشلاپ مۇشۇ ھالغا قالدىڭ مانا — دىدى.مەن:

— سىلە راسلا ئادىل بىلەن ئىمىنمۇ؟ — دىدىم.

ـــ شۇنداق دوستۇم.بۇياققا كەل . بىز بىلەن ماڭ.ـــ ئادىل قولىنى ماڭا سوزدى. مەن قولۇمنى ئۇنىڭغا بېرىش ئۈچۈن ئاپاردىمىيۇ شاپپىدە تارتىۋالدىمدە قىلىچ بىلەن ككز ئالدىمدىكى بۇ سىمالارغا ئۇردۇم.شۇ زامات بۇ سىمالارمۇ غايىپ بولدى.ئاھ خۇدا! نىمە ئىش بۇ؟ مەن نىمىش قىلىشىمنى بىلمەيتتىم.بۇيەردىن قانداق چىقىپ كىتىشنىمۇ؟ ئەلىنىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم.خۇددى خاتىرسىنى يوقاتقان كىشىدەك جايىمدا تۇرۇپ قالدىم.كاللامدا ھەرخىل خىيال مىنى قىينىماقتا ئىدى.بىرى ئەلىنى ئۆلتۈر دىسە بىرى ئۇندا قىلما دەۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا كاللامغا بىر ئىش كەلدىدە يامقۇقۇمنى ئاقتۇردۇم.خۇداغا شۈكرى ئاق خىرۇستال بار ئىكەن.مۇشۇنىڭ ئارقىلىق چىقىپ كىتىشنى ئويلىدىم.بىراق بۇ تاش يالغۇز بولسا قانداقمۇ كۈچىنى كۆرسەتسۇن؟ مەن بىرە ئىشىك تىپىلىپ قالار دەپ تام ياقىلاپ تاملارنى بويلاپ ماڭدىم. تامدا ھەرخىل خەت ۋە رەسىملەر تۇراتتى. رەسىملەر ئارىسىدا بىر رەسىم مىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتتى.رەسىمدە بىر ئەجدىرھا بۇلۇپ ئۇنىڭغا بىر شەمشەرنى تۇتىۋالغان كىشى مىنىۋالغاندى.مەن بۇ شەمشەرنى كۈمۈش شەمشەر شۇ بولىشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم.يەنە بىر پارچە رەسىمدە ناھايىتى چوڭ، پەيلىرى ئۇزۇن، خۇددى ھېكايە چۆچەكلەردىكى سۇمرۇغدەك بىر قۇش بۇلۇپ قۇشنىڭ بويىندا بىر زەنجىر تۇراتتى.بۇ زەنجىر قارىماققا مەن تىپىۋالغان زەجىر شۇدەك قىلاتتى. مەنىزدەپ يۇرۇپ ھەقىقەتەن بىر

ئىشكنى بايقىدىم.بۇ ئىشكمۇ باشقا ئىشلەردەك خىرۇستال تاش ئارقىلىق ئېچىلدى.مەن مەشئەلنى تۇتۇپ ئىشكتىن كىردىم.بۇيەرمۇ شۇنچىلىك قاراڭغۇ ئىدى.ماڭسام ماڭسام ھېچ يولنىڭ ئاخىرى چىقاي دىمەيتتى.بەك ئۇزۇن ماڭدىم.ھېلىمۇ يولدا بىرە ئەرۋاھ ئۇچراپ قالمىدى.شۇ مېڭىشىمدا تەخمىنەن ئىككى سائەت ماڭدىممىكىن،ئەھۋالىم ناچار بولغاچقا بەكلا چارچاپ ھېرىپ كەتكەنىدىم.شۇنداقتىمۇ ھاياتلىق ئۈچۈن تىرىشمىسام بولمايدۇدە.ئاخىرى بۇ يولنىڭ ئاخىرى چىقىپ ئالدىمغا تۆت ئىشك ئۇچۇردى.ھەربىر ئىشكتىن ۋەھىمە پۇراپ تۇراتتى.يەنە ھەربىر ئىشككە ئوخشىمىغان رەسىملەر سىزىلغان بولۇپ 1ـ ئىشككە مەن بايا كۆرگەن ئەجدىرھانىڭ رەسىمى، 2ـ ئىشككە سۇمرۇغنىڭ، 3ـ ئىشككە خىرۇستال تاشنىڭ. 4ـ ئىشككە ئەرۋاھلارنىڭ رەسىمي سىزىلغانىدى. قارىغاندا رەسىمدىكى نەرسىلەر شۇ ئۆيلەردە بار بولىشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىمدە مەن ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ىرۇستال تاشنىڭ رەسىمي سىزىلغان ئۆيگە ئىككىلەنمەستىلا كىردىم.ئۆيدە ئىككى تۈۋرۈك پاراللىل بۇلۇپ تۇرغانىدى.ئىچكىرسىدىكى بىر ئىگىز تاشنىڭ ئۈستىدە نۇر چېچىپ تۇرغان يىشىل رەڭلىك خىرۇستال تاش تۇراتتى
نۇداغا مىڭ شۈكۈرلەرنى ئېيتتىم.بۇ تاشنىمۇ ئاخىرى تاپتىم.يۈگرەپ باردىمدە تاشنى قولۇمغا ئېلىۋالدىم.شۇ زامان يەر

تەۋرەشكە باشلىدى.ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىدىمدە تاشنى ئېلىپلا يۈگۈرگىنىمچە ئېكىدىن چىقتىم.بىراق ھەممىلا يەر تەۋرەپ ئۈستىدىن تاشلار چۈشۈشكە باشلىدى.قانداق قىلىش كېرەك؟ كەينىمگە يانساممۇ ئوخشاشلا چىقىش يولى يوق. دەيھال ئۆيگە قايتىپ كىردىمدە تاشنى جايىغا قويدۇم.شۇنىڭلىق بىلەن يەر تەۋرەشمۇ توختاپ قالدى.بۇ تاشنى زادى قانداق ئالسام بولىدىغاندۇ؟ شۇ ئەسنادا خىرۇستال تاش قويۇلغان ئىگىز تاشنىڭ ئاستىدىكى ئەرۋاھلار يېزىقىدىكى بەتكە ۋە رەسىمگە كۆزۈن چۈشۈپ قالدى.رەسىمدە بىر كىشىنىڭ شۇ تاشقا تازىم قىلىپ تۇغانلىقى تۇراتتى.يېنىدىكى رەسىمدە خىرۇستال تاشنىڭ ئۇ كىشىنىڭ قولىدا نۇر چېچىپ تۇرغانلىقى تۇراتتى.قالغىنىنىڭ ھەممىسى خەتلەر ئىدى.قارغاندا تاشقا تازىم قىلسا ئىئاندىن بولىدىغان ئوخشايدۇ؟ بىراق مەن قانداقمۇ بۇ تاشقا تازىم قىلاي. كاللام قېتىپ تۇرغان شۇ پەيتتە سىرتتىن بىرىنىڭ ئېياق ئاۋازى ئاڭلاندى.خۇددى كىنۇلاردىكىدەك ناھايىتى ئاستا ھەم ئېنىق ئاياق تىۋىشى ئىدى.يۈرۈكۈم قىسىلىپ تېز سوقۇشقا باشلىدى.بۇ تىۋىشمۇ بارغانچە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.مەن قورقۇنچۇمدا قىلچىنى قولۇمغا ئالدىمدە ئىشىككە قاراپ تۇردۇم. بىر قەددەم، ئىككى قەددەم، ئۈچ قەددەم... ئاخىرى بۇ ئاۋازمۇ ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى.ئىشىكمۇ ئوچۇق ئىدى.مەن كىزلۈرۈمنى ئىشىككە تىكىپ قاراۋاتاتتىم.ئاخىرى ئىشىك ئالدىدا ناھايىتى بەتبەشرە

بۇلۇپ كەتكەن مەخلۇق كۆرۈندى . ئاھ خۇدا! بۇ بىر موردا ئىكەن . ئۇ ماڭا قاراپ خىرىس قىلىپ كىلىشكا باشلىدى .مەن چاقڧانلىق بىلەن بىرىپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدىم .بىراق بۇ موردا يەنىلا ھەركەتتىن قالماي مېڭىۋاتاتتى .شۇنىڭ بىلەن مەن قىلىچىمنى مورىدىنىڭ ئۈزۈلگەن بېشىنىڭ قاپ ئوتتۇرغا توغۇرلاپ چىقتىم .«مىچ»قىلغان ئاۋاز بىلەن مىڭىسىدىن قان سىرغىپ چىقتى .موردىنىڭ تىنىمۇ شۇ زامان ھەركەتتىن قېلىپ يىقىلدى .ئەمدىلا ئۇھ! دەپ تۇرشۇمغا يەنە بىرمۇنچە ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى .دەرھال سىرتقا چىقىپ قارىسام نۇرغۇن موردىلار مەن تەرەپكە قاراپ كىلىۋاتاتتى .ئەمدى ئىش چاتاق .دەرھال كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ قويدۇم .موردىلارمۇ ئىشىك ئالدىغا كىلىپ ھەدەپ ئىشىكنى ئۇرىۋاتاتتى .بۇنداق كىتىلىۋەرسە ئۇلار ئىشىكنى چېقىپ كىرىشى مۇمكىن ئىدى. بارغانچە تىت تىت بۇلۇپ كىتىۋاتاتتىم. ككز ئالدىمدىكى يىشىل رەڭلىك خىرۇستالنىڭ بىرە كارامەت چىقىرىشىنى ئۈمۈد قىلاتتىم .دەرھال ئىسىمگە بىر ئىش كەلدىدە يېنىمدىكى ئاق رەڭلىك تاشنى چىقىرىپ ئېيىتىيات بىلەن يىشىل رەڭلىك تاشقا تەككۈزدۈم .گەرچە بەك بوش تەككەن بولسىمۇ «تىڭ»قىلىپ چىققان ئاۋاز خۇددى تۈمۈرنى تاشقا ئۇرغاندەك چىڭ چىققاندى .شۇنىڭلىق بىلەن يىشىل رەڭلىك تاش ئۆز رەڭگىدە يىشىل نۇر چىقىرىشقا باشلىدى. نۇر بىلەن تەڭ كۈچلۈك شامال

چىقىۋاتاتتى . شۇ ئەسنادا تاش ئاستا كۆتۈرۈلدى .ئاستا پىرقىراشقا باشلىدى .شۇ ئەسنادا قولۇمدىكى تاشمۇ خۇددى بىرسى تارتىۋاتقاندەكلا قولۇمدىن ئاجراپ يىشىل رەڭلىك تاشنىڭ يېنىغا باردى .ئىككى تاش يانمۇ يان تۇرۇپ بىر نۇر بىلەن تەك بىرلىشىپ كەتتى .بىرلەشتىيۇ ئىككىلىسى نۇرغا ئايلىنىپ ناھايىتى كۆچلۈك بولۇپ كەتتى .ككزلىرىمنىنى ئاچالمايلا قالدىم .بىر چاغدا تاراق تۇرۇق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا موردىلار بىسىپ كىردى .تاش بار يەرگە قارسام ھىچ تاش يوق بەلكى پارقىراپ تۇرغان بىر قىلىچ تۇراتتى .قارغاندا بۇ ئىككى تاش بىرلىشىپ كۆچى بۇ قىلىچقا مۇجەسسەملەنگەندەك قىلاتتى .شۇنىڭ بىلەن مەن قىلىچنى ئالدىمدىكى بىر موردىغا شىلتىپ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلىدىم .بىراق بۇ قىلىچنى بىر شىلتىشىم بىلەن قىلىچتىن بىستەك نۇر چىقىپ تاكى ئەڭ ئاغىرغىچە بېرىپ نۇرغۇن موردىلارنىڭ بېشىنى تىنىدىن جۇدا قىلدى .شۇندىلا مەن بۇ قىلىچنىڭ كۆچىنى ھېس قىلدىم .قىلىچنى موردىلارغا قارتىپ شىلتىدىم .قىلىچتىن چىققان نۇر بىلەن بىلى موردىلار يىقىلغاندى .شۇنداق قىلىپ مەن موردىلار بىلەن تىركىشىپ بۇ ئۆيدىن چىقتىم .ئەمما مەن كەلگەن تەرەپتىن نۇرغۇن موردىلار ھۆركىرگىنىچە مەن تەرەپكە قاراپ كىلىۋاتاتتى .قىلىچنى بىر شىلتىسام ئەڭ ئاز دىگەندە 70 ـ 80چە موردا يىقىلاتتى .بىراق كۆز ئالدىمدا 1000دىن ئارتۇق موردىلار تۇرسا بۇ قىلىچ بىلەن

ئۇرۇشقىلى تۇرسامۇ مەن يەنىلا ئاجىز كىلىپ قالىمەن دە. شۇ ئەسنادا سۇمرۇغنىڭ رەسىمي سىزىلغان ئۆيگە كىرىش ئۇيىغا كەلدىمدە چاققانلىق بىلەن شۇ ئۆيگە كىردىم.بۇيەر شۇنچىلىك گۈزەل بولۇپ ئۇنچە مارقانلار تامدا ئېسىقلىق، مەرۋايىتلار بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى.كەينىمدىكى ئىشكنى موردىلار كۈچەپ ئۇرماقتا ئىدى.ئۆينىڭ ئىچكىرسىگە قارىسام يەنە بىر ئىشىك تۇراتتى.ئىشىكمۇ ئوخشاشلا ئالتۇن مەرۋايىتلاردا بىزەلگەنىدى.مەن بېرىپ ئىشكنى ئېچىپ ئىچىگە كىردىم.بۇيەر تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ ئىچكىرسىدە ناھايىتى يوغان تۇخۇم شەكىللىك ئالتۇن رەڭدە بىر تاش نۇر چېچىپ تۇراتتى.بۇنىڭ چىقارغان يورۇقلۇقىدا ھەممىلا يەر يورۇپ كەتكەنىدى.بۇ تاش ئەمەس ئالتۇن ئىكەن دەپ ئويلىدىم. ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ ئىدى.مەن قىلىچ بىلەن كىكز ئالدىمدىكى غايەت زور «ئالتۇن»نى چىكىپ باقتىم.بىراق خۇددى ئىچى كاۋاكتەكلا ئاۋاز چىقتى.مەن قايتىلاتىن كەينى كەندىن ئۇچ قېتىم چەكتىم.شۇندىلا بۇ ئالتۇن مىدىردى. ئەسلى بۇ ئالتۇن ئەمەس بىر تۇخۇم ئىكەن. تۇيۇقسىز بۇ ئالتۇن تۇخۇم يېرىلىشقا باشلىدى.ئۆزۈمنىڭ چوڭ بىر بالا تېرىپ قويغانلىقىمنى بىلدىم.تۇخۇم ئىچىدىن چوڭ مەخلۇق چىقسا ھاياتىم تۈگىدى دىگەن گەپ. بىردەمدىلا تۇخۇم ئىچىدىن ناھايىتى يېقىملىق قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلاندىدە تۇخۇمدىن ئاجايىپ يوغان بىر

قۇش چىقتى.قۇش خۇددى رەسىمدىكىگە ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى.ئۇ قاناتلىرىنى كېرىپ كۆچەپ سايراپ كەتتى.كەينىمدىكى موردىلارمۇ ئاللاقاچان ئىشىكنى بۇزۇپ كىرىپ بولغانىدى.شۇ ھامان مەن سۇمرۇغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ مىنىۋالدىم.سۇمرۇغمۇ نۇددى مېنىڭ مىنىشىمنى ساقلىغاندەك مىنىپ بولۇشۇمغىلا قاناتلىرىنى كېرىپ كۆتۈرۈلدى.قۇشنىڭ بىرجۈپ كۆزىدىن كۆچلۈك نۇر چىقىپ تورۇسنى تەشتى.قۇش كۆتۈرۈلدىدە.ئۇشبۇ ۋەھىمە ئۆۋىسىنى ئەشۇ موردىلارغا تاشلاپ بېرىپ بۇ تاغ قاپتىلىدىن چىقىپ كەتتى.ئاھ نۇدا ئاخىرى بىخەتەر بولدۇم.رىۋايەتلەردىكى سۇمرۇغقا مىندىم.ھاياجاندىن بەدىنىمنىڭ ئاغرىقىنىمۇ ئۇنۇتقانىدىن.قۇشمۇ كۆتۈرلۈپ ئورماننىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ كىتىۋاتاتتى.قۇشنىڭ ئۇچۇش سۈرئىتىمۇ شۇنچىلىك تېز بولۇپ بىز بىردەمدىلا ئورمانلىقتىن ئايرىلىپ چىقىپ قەبرىستانلىققا يىتىپ كەلدۇق.بۇ قەبرىستانلىق شۇنچىلىك ۋەھىمىلىك ئىدى.قۇشمۇ بارا بارا تۆۋەنلەپ مۇشۇيەرگە قوندى.ئەتراپتىن ھەرخىل غەلىتە ئاۋازلار كىلىۋاتاتتى.مەن قۇشنى نەچچىنى تەپكەن بولسامۇ مىدىرلىماۋ مۇشۇيەردە جىم تۇردى.بايا تېخى موردىلاردىن قۇتۇلغانىدىم.ئەمدىلىكتە بۇ قەبرىستانلىقتا يەنە قانداق ئىشقا ئۇچرارمەن؟ شۇ ئەسنادا كۆز ئالدىمدا ئىمىن بىلەن ئادىل پەيدا بولدىدە:

— ناھايىتى ياخشى قىلدىڭ ئاغىنەن.بۇيەرگە كەلگىنىڭنى

قارشى ئالىمىز. بەكلا توغرا ئىش قىلدىڭ ـــ دەۋاتاتتى .ئاھ خۇدا! مەن زادى نىمە ئىش قىلىپ قويغان بولغۇيتتىم .ئەمدى بۇ قەبرىستانلىقتا نىمە ئىشلار بۇلار؟ قاياقىقا مېڭىشىمنىمۇ بىلمەيمەن .كۆز ئالدىمدىكى ئىمىن بىلەن ئادىل ناھايىتى رەزىللەرچە ماڭا قاراپ ئۆزۈمنىڭ ياخشى قىلغانلىقىمنى سۆزلەپ كۈلۈشۈۋاتاتتى .شۇئەسنادا بۇ ئىككەيلەننىڭلا ئەمەس يەنە باشقىلانىڭمۇ كۈلۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم....

## 19 ـ قىسىم:سىرنىڭ يېشىلىشى

ھەقىقەتەن ئەتراپتىن نۇرغۇن كۈلكە سادىلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى .ئەتراپقا قارىسام ھىچ كىشى يوق .بېشىمنىڭ ئاغرىقى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ كىتىۋاتاتتى . ئاچچىقىمدا قولىمدىكى قىلىچ بىلەن كۆز ئالدىمدىكى ئىمىن بىلەن ئادىلغا شىلتىدىم .ئۇلار شۇنىڭلىق بىلەن يۇقاپ كەتتى .بۇلار مىنىڭ خىيالىم دەپ شۇنچە قىلسامىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە ياڭرىغان كۈلكە ئاۋازلىرى يۈرىكىمنى مۇجۇيتتى .ئاخىرى چىدىيالماي ئالدىمغا قاراپ يۈگۈردۈم .كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ قۇلۇمدىكى قىلىچنى چىڭ تۇتقىنىمچە يۈگۈردۈم .كۆزۈمنى يۇمۇۋالغاچقا بىر قەبرە ئىچىگە

چۈشۈپ كەتكەندىم.قەبرىدىكى ئۈستىخانلىرىمۇ چىرىپ كەتكەن ئىسكىلىت مىدىراپ ماڭا قاراپ كۈلۈپ كەتتى. مەن تېزلا لەھەت ئىچىدىن چىقتىم.زادى نىمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتاتتىم.بۇ ئەرۋاھلارغا زادى قايسى ياخشى ئىشنى قىلىپ بەرگەنلىكىمنى ئاڭقىرالمايۋاتاتتىم.ئەجەبا مىنىڭ سەۋەبىمدىن مۇشۇ قۇش تۇغۇلۇپ ئەرۋاھلارغا پايدىلىق بولغانمىدۇ؟ ئاھ خۇدا! كاللام قايمۇقۇپ كىتىۋاتاتتى.شۇ ئارىدا شۇنچىلىك كۈچلۈك بوران چىقىپ كەتتى.كۆزۈمنى ئاچالمايلا قالدىم.ھەتتا مەنمۇ تۇرغان جايىمدىن كەينىمگە نەچچە قەدەم داجىپ كەتتىم.بىردەمدىن كىيىن كۈچلۈك بورانمۇ توختىدى.كۆزۈمنى ئېچىپ ئەتراپقا قاراپ قورقۇپ كەتتىم.چۈنكى پۈتۈن ئەتراپىمدا قاپقارا پىلاچ ئارتىۋالغان يېنىپ تۇرغان ئىككى كۆزىدىن بۆلەك باشقا جايلىرىنى پەرق قىلغىلى بولمايدىغان، قورۇپ ئىسكىلىتتەك بۇلۇپ كەتكەن قوللىرى بار نۇرغۇن ئەرۋاھلار ماڭا قاراپ تۇراتتى.ئۇدۇلۇمدا قەلئەدىكى تەخت، تەختتە بىر ئەرۋاھ ئولتۇراتتى.شۇنى ھېس قىلدىمكى مەن ھازىر ئەرۋاھلار قەلئەسىدە ئىكەنمەن. ئالدىمدىكى بۇ ئەرۋاھلار كىزلىرىنى ماڭا تىكىپ تۇرۇشماقتا ئىدى.ئەمما ئۇلار مىدىرلىمايتتى.توغرا بۇ ئەرۋاھلار ئۇيقۇغا كەتكەن.قېتىپ قالغان كۈچلۈك ئەرۋاھلار.ئاھ خۇدا! ئەجەبا مىنىڭ كۆرگەنلىرىم ئەمەلىيەتتە بولىدىغان كۈن دەل بۈگۈن بولغىيمىدى؟مەن ئەرۋاھلارنى تىرىلدۈرەمدىم؟ ياق، مەن بۇيەردىن كىتىشىم كېرەك

مەن ئالدى بىلەن يەنىلا كۈمۈش شەمشەرنى ئېلىش نىيىتىمدىن يانمىدىم.ئەگەر مەن ھازىر قەلئەنىڭ 20 ـ قەۋىتىدە بولسام توغرا قۇدۇق ئاۋۇ تەرەپتە.ئۆزۈمنى قۇدۇق بار يەرگە قاراتتىمدە شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم.نىمىشقىكىن پۈتۈن بەدىنىم ئاغرىۋاتاتتى.مەن ئۆزۈمنى قۇدۇققا تاشلىدىم.قۇدۇققا چۈشتۈم.يولمۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىدى.شۇ بۇرۇن ماڭغان يولۇم بىلەن مېڭىپ قەلئە ئاستىدىكى شەھەرگە كىردىم.خۇددى كەينىمدىن بىر توپ ئەرۋاھلار يۈپۈرلۈپ كېلىدىغاندەك يۈرۈكۈم ئەندىشە ئىچىدە سوقماقتا ئىدى. بار كۈچۈم بىلەن شەھەر ئىچىگە قاراپ يۈگۈرۋاتىمەن.خېلى ماڭغان بولسامۇ بۇ يولنىڭ ئاخىرى توگەي دىمەيتتى. ھارغىنىمدىن يۈگۈرۈشكە ئامالمۇ قالمىدى.شۇ ئەسنادا بىر تەرەپتىن قۇلۇقۇمغا ناھايىتى بوش ھالەتتە بىرىنىڭ ئېڭرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى.بۇ ئەتراپتا يەنە باشقىلارمۇ بارمىدۇ؟ تېخىمۇ زەن قۇيۇپ ئاڭلاپ بۇ ئاۋازنىڭ سول تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىمدە شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.بۇ تەرەپتە خېلى كۆپ دەرەخلەر بار ئىدى. مەن:

ــــ كىم بار؟بۇيەردە كىم بار؟ ــــ دەپ ۋارقىرىدىم.بىرە مەخلۇق چىقىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتىم.قەدەملىرىمنى ناھايىتى ئاستا ئېلىپ مېڭىۋاتاتتىم.شۇ ئارىدا بىر دەرەخنىڭ ئارقىسىدا ئىككەيلەننىڭ ياتقانلىقىنى كۆردۈم.بۇ ئىككەيلەننىڭ چىرايى قان يۇقى بولۇپ بەدەنلىرىنىڭ ھەممە يېرى

زەخمىلەنگەنىدى .ئۆلارنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر سومكىنى كىردۈمدە يۈرۈكۈم قارتلا قىپ قالدى.چۈنكى بۇ سومكا دەل ئىمىننىڭ ئىدى .مەن تېز بېرىپ ئۆلارنى يۆلىدىم .بۇ ھەقىقەتەن ئىمىن بىلەن ئادىل ئىدى . ئىمىننىڭ قەتئىي ھالى يوق جىملا ياتاتتى .ئادىل:

ــــ جېنىم دوستۇم .بۇ سەنمۇ؟ ــــ دەپ ماڭا قولىنى ئۇزاتتى .ئۇنىڭ ئەھۋالى ئىمىننىڭكىدىن خېلى ياخشى ئىدى .مەن ئۇنىڭغا:

ــــ سىلەرگە نىمە بولدى ، بۇيەردە نىمىش قىلىسىلەر؟ــــ دىدىم .ئۇ:

ــــ ئۆمەر، مەن ...مەن ساڭا ئالدىرماي دەپ بېرىمەن .بىراق ئاۋال ئاۋۇ سومكىدىكى سۇدانىنى ئالغىنە ــــ دىدى. مەن ئۇنىڭ سۇ ئىچكۈسى كەپتۇدە دەپ ئويلىدىمدە دەرھال سۇ داننى ئېلىپ بەردىم .ئۇ سۇنى ئۆزىنىڭ يارىللىرغا سۈركىدى .ئۇ ھەر قېتىم سۈركىگەمدە چىرايى شۇنچىلىك تاتىرىپ كىتەتتى .ئاخىرى ئۇنىڭ يارىسى بارا بارا ئەسلىگە كىلىشكە باشلىدى .ئۇ بىر ئېغىر تىنىۋالغاندىن كىيىن سۇنى ئىمىننىڭ يارىللىرغا قۇيدى . ئىمىننىڭ يارىسى ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ ئۇ يەنىلا جىم ياتاتتى .ئادىل:

ــــ قارا ئۆمەر، بىز ھېلىقى دەرەخلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كىتىپ بەك كۆپ سىرلارنى بىلىپ قالدۇق . شۇنى بىلدۇقكى ئەسلى بىز بۇيەرگە بۇنداقلا كەلمىسەك بوپتىكەن .بىز ئالدىراڭغۇلۇق قىپتۇق . ــــ دىدى .مەن:

ــــ گەپنى ئېنىقراق دىگىنە زادى نىمىنى بىلدىڭلار؟ ــــ دىدىم .ئۇ

ماڭا قاراپ سۆزنى باشلىدى:

ــــ بىز ھېلىقى دەرەخنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتۇق.ئەسلى ئۇيەر بىر غار ئىكەن.غاردا بىرمۇنچە غەلىتە كىشىلەر بار ئىكەن.ئۇلارنى ككرۇپ دەسلەپتە قورقۇپ كەتتۇق.ئۇلارنىڭ سانىمۇ بەك ئاز ئىكەن. 10چە ئادەمدەك قىلاتتى.كېيىنىشىدىنلا ئۇلارنىڭ غاردا ياشايدىغان غار ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.ھېكايە رىۋايەتلەردە غار ئادەملىرى گۆش يەيدۇ ئەمەسمۇ، يەنە كىلىپ خام گۆش.شۇڭا ئۇلارنى بىزنى يەمدىكىن دەپ ئويلاپ قاپتۇق.ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىزدىن ياردەم سورىدى.ئۇلارنىڭ تىلى بىزنىڭكىگە ئوخشمايدىكەن.بىراق ئۇلاردا شۇنداق خاسيەتلىك بىردانە ياپىلاق كەڭ بىر سۇزۇك تاش بار ئىكەن.ئۇ تاش ئەرۋاھلار يېزىقىنى بىزنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىمىزدا ككرسىتىپ بېرىدىكەن.ئۇ ئادەملەر ئەرۋاھ يېزىقىنى ئىشلىتىدىكەن.شۇڭا ئۇلار خەت يازدى بىز ئەينەك ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نىمە دىمەكچى.ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.دىققەت بىلەن ئاڭلا. بىزنىڭ خاتىرىدە ئوقۇغىنىمىز، يەنە ھېلىقى ھېكايە ھەممىسى ساختىا بىزگە قۇرغان قىلتاق ئىكەن.يەنە ھېلىقى قان شورىغۇچىلارنىڭ ئېيتقىنىمۇ ساختىا ئىكەن.بۇيەردە ئەڭ قورقۇنۇچلۇق مەخلۇق يەنىلا شۇ ئەرۋاھلار ئىكەن.بىزنىڭ بىلگەنلىرمىز ئىچىدىكى ئەڭ توغرىسى شۇكى بۇيەردە ئىلگىرى بىر قەبىلە كىشىلەر ياشىغان بۇلۇپ كېينچە بۇيەردە ئىچكى زىديەت توقۇنۇش ككتۇرلۇپ كىتىپتۇ.شۇنىڭ بىلەن بۇ بىر قەبىلە

ئىككى قەبىلە بۇلۇپ ئايرىلىپ كىتىپتۇ. بۇ قەبىلىنىڭ شۇنداق خاسىيەتلىك نەرسىسى بار بۇلۇپ ھېلىقى كۈمۈش شەمشەر ئىكەن.ئىككى قەبىلە شۇ شەمشەرنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلىدىكەن.شۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئەرۋاھلار بۇلارنىڭ خىسلەتلىك شەمشىرىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن تۆت دانە خىرۇستال تاشنى مەيدانغا چىقىرىپتۇ.بۇ تاش شۇنداق كۈچلۈك بولغاندىكىن بۇلارنىڭ قىلىچى تەڭ كىلىپ بۇلالماپتۇ.ئامالسىز ئەرۋاھلارغا يېڭىلىپ قاپتۇ.ئەرۋاھلار بۇلارنىڭ شەھىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ بىرىنى قەلئەسىنىڭ ئاستىغا يەنە بىرىنى ئۆزىنىڭ قەلئەسىگە سىرلىق يول ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇپ غايىبانە قىلىپ قويۇپتۇ.يەنى ئەرۋاھلارنىڭ يولى ئارقىلىقلا بارغىلى بولىدىكەن.ھېلىقى شارقىراتما بار جاي شۇ.ئەمدى ئەرۋاھلار خىسلەتلىك شەمشەرنى ئەسلىدىكىدىنمۇ مىڭ ھەسسە كۈچلەندۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ تامغىسىنى ئۇيۇپتۇ.شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ شەھەرنىڭ ئىچكىرسىدىكى ئۆيگە قىلتاق قۇيۇپ ساقلاپ قۇيۇپتۇ.تۆت خىرۇستال تاشنى ئىككىدىن ئىككى شەھەرگە بۆلۈۋىتىپتۇ.پەقەت ئەرۋاھلارنىڭ شاھىلا بۇلارنى بىردەمدىلا بىريەرگە يىغالايدىكەن.شۇڭا باشقىلارنىڭ ئېلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق بۆلۈۋىتىپتۇ. شەھەردىكى كىشلەرنى ئەرۋاھلار قەبرىستانلىققا كۈمۈپتۇ، موردىلارغا ئايلاندۇرۇپ ئۆزىنىڭ قىلتاقلىرىنىڭ بىر قىسمي قىلىپتۇ.ماڭا ئۇچۇرغان 10نەچچە

كىشى دەل شۇ قەبىلىدىن بولۇپ ئۇلار ئەشۇ ھېلىقى يۇمىلاق تاشنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنى خىسلەتلىك شارقىراتمىنىڭ ئەڭ ئاستىدىكى بىر غارغا سولىۋاپتۇ.چۈنكى ئەرۋاھلارنىڭ ئۇلارنىمۇ ئۆلتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپتۇ.ئۆزلىرىنى بۇ شەھەرنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد ھېسابلاپ بۇ ئۈمىدنىڭمۇ يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن.ئۇلار بۇيەردە نۇرغۇن كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ.شۇنداق كۈنلەردە بۇيەرگە سەلىم كىلىپ قاپتۇ. ھېلىقى قۇتۇلۇپ قالغان كىشىلەر سەلىمنى يېنىغا ئەكىلىپ بارلىق ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپتۇ.شۇنىڭ بىلەن سەلىم بۇلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن مىڭ جاپادا ئاق رەڭلىك تاشنى تېپىپتۇ. ئۆزىنىڭ بۇلارغا تەڭ كىلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ كىيىن بىرەسى كىلىپ قالسا ئۆزىشنى داۋام قىلسۇن دەپ خاتىرە قالدۇرۇپتۇ.ھېلىقى كىشىلەر خاتىرىگە بىر پۈتۈك پۈتۈپ بېرىپتۇ.بۇ خاتىرىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھەم ئەرۋاھلارنىڭ يوقىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن پۈتۈلگەن پۈتۈك ئىكەن. پۈتۈك ئۆز كۈچىنى جارىي قىلدۇرۇپ خاتىرە يوقالمىغان بولسىمۇ ئەمما ئەرۋاھلار خاتىرە بىزنىڭ قولىمىزغا تەگكەندىن باشلاپ ئۆزگەرتىپتۇ.پۈتۈك بۇ ئىشقا كەلگەندە يارىمايدىكەن.شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆزگەرتىلگەن خاتا مەزمۇننى ئوقۇپ كاللىمىزغا خاتا ئىدىيەنى سىڭدۈرۋاپتىمىز.ئەلى بولسا خاتىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولغانىكەن.شۇڭا ئەرۋاھلار ئۇنى بىزدىن ئايرىۋېتىپتۇ.ئۇ ھازىر نىمىش قىلىۋاتىدۇ

بىلمەيمىز.بىزنىڭ بۇيەرگە كىلىپ قىلىشىمىزدىكى سەۋەپ بىز سىنى، ئەلىنى تاپىمىز دەپ. ھىلىقى كىشىلەر بىزگە ياردەم قىلىش يولىدا ئۆلۈپ كەتتى. ئەرۋاھلار بىزنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگىنىمىزنى ئۇقۇپ ئەمدى قۇتۇردى.سەلىم بولسا خىرۇستاللار ئارقىلىق ئەرۋاھلارنى ئۆيىقۇغا بەند قىلغانىكەن.ئەمما ئەرۋاھ شاھىنىڭ تىنى قەلئەدە بولسىمۇ ئۇنىڭ روھى تىنىدىن چىقىپ ھەركەت قىلىدىكەن.ئەمما ئانچە كۈچلۈك ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ.سەلىمنى ئۇ سەۋەبىي قىلىپ ئۆلتۈرۋەتكەن.قەستەن بوغۇزلانغان ساختا مەيداننى ھاسىل قىلغان. بۇيەرگە كىرىدىغان ئۆڭكۈرگە جەسىدىنى ۋە خاتىرىنى قۇيۇپ قويغان.خاتىرىنى ئۆزگەرتكەن.ئەمما ئەرۋاھنىڭ كۈچى بۇ يەردىن چىقىپ كەتكەندىن كىيىن ئىشلىمەي خاتىرە ئەسلى ھالىتە كۆرۈنگەن.ئەرۋاھنىڭ بۇنداق ئۇيۇننى ئوينىشى يالغان مەزمۇنلارنى ئۇقۇپ بىزنى مۇشۇيەرگە ئەكىلىپ تۆت خىرۇستالنى بىريەرگە ئەكەلدۈرۈپ ئۆزىنى قايتا تىرىلدۈرۈش.بىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەرۋاھلار خاتىرىنىڭ كۈيىدا دەپ ئويلاپ كەپتۇق.گەرچە بىز كىلىشتىن ئىلگىرى ھەقىقىي مەزمۇنلارنى ئۇقۇغان بولساقمۇ يەنىلا كىلىشنى قارار قىلدۇق.ئىلىمۇ باشقا گەپ قىممىغان.بۇيەرگە كىلىپلا ئۆزۈن ئىكتمەي ئۇ يۇقاپ كەتتى.ئەمدى بىزنىڭ ھاياتىمىز تېخىمۇ خەۋپ ئىچىدە.بىزنىڭ ھازىر بىرىنجى بۇلۇپ قىلىدىغان ئىشىمىز ئەلىنى تېپىپ بۇ زۇلمەت

ۋە ۋەھىمىنىڭ ئۇۋۇسىدىن چىقىپكىتتىش.شۇنداقلا قايتىدىن تەييارلىنىپ پۇختا تەييارلىق بىلەن قايتىپ كىلىش. ـــ ئادىل شۇنداق دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى.ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى مىنىڭ بىشىمنى تېخىمۇ بەك قايدۇرۋەتتى.نەچچە ۋاقىتتىن بىرى قىلغانلىرىمىز ھېچنىمىگە ھېساب بولماپتۇ ئەمەسمۇ؟ دىمىسىمۇ بىز نىمىش قىلدۇق؟ شەمشەر ئىزدەيمىز دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرۈپتۇق. مەن ئادىلغا:

ـــ بۇلارنى قانداق بىلدىڭ ـــ دىدىم.ئۇ:

ـــ ھېلىقى كىشىلەرنىڭ يۇملاق تېشىدا ھەممە بۇلىنىۋاتقان ئىشلار كۆرىنىدىكەن.ئۇلار بىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىمىزنى بىلىپتۇ.شۇڭا ئۇلار بۇ گەپلەرنى بىزگە دەپبەرگەن.مەن ئېقتماي تېمتماي سەگا دىدىم.ـــ دىدى.مەن:

ـــ ئۇنداقتا بىز قانداق تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك؟ ـــ دىدىم.

ـــ بىز نەچچە ۋاقىتتىن بىرى كۈمۈش شەمشەرنى تاپساقلا ھەممىنى تۈگىتەلەيمىز دەپ قاراپتۇق.ئەمما بىزدە خىرۇستال تاشلار بولمىسا كۈمۈش شەمشەرنى ئالالمايدىكەنمىز.ھازىر ئەلىدە بىرتال تاش، سەندە ئۈچتال تاش بار. ئەلىنى تاپساق تۆت تاش تەل بولىدۇ.تكت تاشنى تۆتىمىز ساقلايلى.شۇنداق بولغاندا بىرىكىپ كىتىشنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز.بۇيەردىن چىقىپ كىتىپ تۆت خىرۇستال تاشنى ئۆزىمىزگە بوي سۇندۇرشىمىز كېرەك.ئۇلارنىڭ كۈچى زور.ئەگەر بىز ئۇنى بويسۇندۇرالمىساق تاش بىزنى

بويسۇندۇردۇ. تاشنى ئۆزىمىزگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ شەمشەرنى ئالىمىز.ــــ دىدى ئادىل.

ــ ئۇنداقتا ماڭا ئۇچۇرغان ئەلى ھەققەتەن راست ئەلى ئىكەندە ــ دىدىمەن.

ــ نىمە؟ سەن ئەلىنى ئۇچراتتىڭما؟ ــ دەپ سورىدى ئادىل.مەن ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋاللارنى بىرمۇ بىر ئېيتىپ بەردىم.ئادىل ماڭا:

ــ قارا، ئىمىنمۇ شارقىراتمىنىڭ سۈيىنى ئېچىپ قالدى.شۇڭا ھازىرغىچە ھۇشسىز.يەنە سىنىڭ ئىككى تاشنى بىرلەشتۈرۈەتكىنىڭ، پەقەت بولماپتۇ.ساڭا ئاڭلانغان كۈلكە ئاۋازىمۇ شۇ ئىككى تاشنىڭ بىرىكىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈندۇر.بۇ ئەرۋاھلارغا پايدىلىق ئەمەسمۇ، ھېلىقى سۇمرۇغنى ئويغىتىۋەتكىنىڭمۇ چاتاق ئۇ ئەجدىرھانى ئويغىتىپ قويسا بىزنىڭ قىلغانلىرىمىز بىر كۆپۈكچىلىكمۇ بولمايدۇ.شۇڭا سۈرئەتنى تېزلىتەيلى ــ دىدى ئادىل.

ــ ئەمسە ئەلىنى قولۇمدىكى ئۈچ تاش ئارقىلىق تاپساق ئەڭ ئاسان بولىدۇ ــ دىدىمەن. شۇ ئارىدا ئىمىن ئويغاندى.ئۇ:

ــ مەن قەيەردە؟ بۇ قەيەر ــ دىگىنىچە كۆزىنى ئاچقاندى.بىز خۇشاللىقىمىزدا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى يۆلىدۇق.ئۇ ئىككىمىزگە خۇددى بىزنى تونجى قېتىم كۆرىۋاتقاندەك قاراپ تۇراتتى.مەن دەرھال بىر شۇنىملۇقنى سەزگەندەك بولدۇمدە ئادىلغا:

ــ ئىمىن خاتېرىسىنى يۇقاتمىغاندۇ ھە؟ ــ دىدىم.ئادىل:

ـــ ئىمىن ، ماڭا قارا مىنى تونىدىڭمۇ؟ ـــ دەۋاتاتتى .ئىمىن:

ـــ سىلەر كىم؟ ـــ دىۋىدى كالللىمىز پىرقىراپ كەتتى .دىمەك ئۇ ھەقىقەتەن خاتىرىسىنى يۇتۇنلەي يۇقاتقانىدى. مەن ئىمىنغا ئۇنىڭ كىملىكىنى بۇيەرگە نىمىشقا كەلگىنىمىزنى ھەممىسىنى ئېنىق چۈشەندۇردۇم .بىراق ئۇ بىرنىمۇ ئەسلىيەلمەيۋاتاتتى .ئادىل ماڭا:

ـــ بۇنىڭ بىرە داۋاسى يوقمىدۇ؟ ـــ دىدى مەن:

ـــ شۇنچە نەرسىنى بىلىپ كىلىپ مۇشۇنىڭ داۋاسىنى بىلىلمىدىڭما؟

ـــ مەن ئۇيەردە كىسەلنىڭ داۋاسىنى ئەمەس ھەقىقەتنى بىلىپ كەلدىم .ئەرۋاھلار بىلەن ئۇرشۇش جەريانىدا ئىمىن كۆلگە چۈشۈپ كەتتى .شۇ ئاندىن بىز قىچىپ يۇرۇپ بۇيەرگە كىلىۋالدۇق .بۇيەردىمۇ ئۇرشۇپ يۇرۇپ ئىمىن بۇ ھالغا قالدى .قانداقمۇ كىسەل داۋاسى ئىزدەشكە پۇرسەت بولىدۇ.

ـــ يىشىل رەڭلىك خىرۇستال تاش بىلەن داۋالايدىكەنمىز.ـــ دىدىمەن .

ـــ نىمە؟ يىشىل رەڭلىك خىرۇستال بىلەنما؟ قانداق داۋالايمىز؟

ـــ بىلمەيمەن، ئەمما مەنچە ئۇنىڭ نۇرى داۋالامدىكىن. چۈنكى مەن ھازىر خېلى ياخشى بۇپ قالدىم. بىراق ھازىر ئىككى تاش بىرلىشىپ كەتتىدە

ـــ ئەمسە قانداق قىلىمىز؟

ـــ ھازىر خاتىرىمۇ ئەلىنىڭ قولىدۇ.بىر تاشمۇ شۇنىڭ قولىدا.ئۇنى تېپىشىمىز ئانچە تەسمۇ ئەمەس.ئەلۋەتتە ئەرۋاھلار پۇتلاشمىسىلا شۇڭا تېز ھەرىكەتلىنەيلى ـــ دىدىم.شۇنىڭ بىلەن بىز ئەۋال ئەلىنى تېپىشنى ئويلىدۇق.يېنىمىزدىكى بۇ ئىمىن بىزنىڭ گەپلىرىمىزگە ھاڭتاڭ قېلىپ قاراپ ئولتۇراتتى.ئۇنىڭ كاللىسى راسلا قورۇق بولۇپ قالغانمىدۇ؟ ئەگەر ئۇ سەۋدايى باسقۇچىغا كىرىپلا قالسا يەنە بالا بولىدىغان گەپتە ھەي! يەنە نىمە كۈلپەتلەر بىزنى كۈتىۋاتقاندۇ؟

## 20 ـ قىسىم ئەرۋاھ بىلەن جەڭ

ـــ ئەلىنى قانداق تاپساق ئەڭ تېز بولىدۇ؟ ـــ سورىدى ئادىل مەندىن.

ـــ قولىمىزدىكى ئۈچ تال تاش ئارقىلىق ئەلىنىڭ قولىدىكى تاشنىڭ ئورنىنى بەلگىلەيمىز.يىشىل تاشنى تاپىدىغاندىمۇ ئەلى ئىككى تاشنى سۈركىۋىدى تاش نۇر ئارقىلىق ئورنىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.ـــ دىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن يېنىمدىكى زەنجىر يەنى سىرىق رەڭلىك خىرۇستال تاشنى چىقاردىمدە ئىككى تاشنىڭ بىرلىشىش مەھسۇلى بولغان قىلىچقا خۇددى ئەلىنىڭ قىلغىنى بۇيىچە ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن يېقىن ئەكەلدىم.شۇ تاپتا بىرخىل ماگنىت كۈچ ئىككى قولۇمنى بىر يەرگە

تارتىۋاتاتتى.شۇنداقتىمۇ ناھايىتى مەزمۇت ھالەتتە تۇتىۋاتاتتىم.شۇ ئەسنادا زەنجىرنىڭ تېشىدىن نۇر چاقناشقا باشلىدى.قىلىچقا تىگىشى بىلەنلا كۆچلۈك نۇر چاقنىدى.شۇندىلا مەن ئىككى قولۇمنى ئاجرىتىپ قىلىچنى تارتىۋالدىم.زەنجىردىن چىقىۋاتقان نۇر بارا بارا كۆچىيىشكە باشلىدى.ھەتتا كۆزۈمىزنىمۇ ئاچالماي قالدۇق.بىرئازدىن كىيىن نۇر پەسىيىپ ئاخىرى بىر تۇز سىزىق ھالىتىدە مەن كەلگەن تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇردى. شۇنچىلىك خۇشال بۇلۇپ كەتتىمدە:

ــ مانا قارا، بۇ نۇر دەل قىزىل رەڭلىك خىرۇستالنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ.مۇشۇ نۇر كۆرسەتكەن نىشاننى بويلاپ ماڭساقلا چۇقۇم ئەلىنى تاپالايمىز. ــ دىدىم ئادىلغا.ئۇ:

ــ ئەگەر خىرۇستال ئەلىدە بولمىسچۇ؟

ــ نىمىشقا بولمىغۇدەك، ئۇنىڭدا ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرسگەن تۇرسام.

ــ سەندىن ئايرىلغاندىن كيىن يۇقاپ كەتكەن بولسا ۋەياكى ئەرۋاھلار ئېلىۋالغان بولسا قانداق قىلىمىز؟

ــ ئۇنىمۇ بىرنىمە دىگىلى بولمايدۇ.بىراق بىزنىڭ ھازىر مۇشۇ نىشاننى بويلاپ مېڭىشتىن باشقا يەنە يولىمىز بارمۇ؟ يەنىلا مېڭىپ باقايلى.ھىچ بولمىسا بىزنىڭ نىشانىمىز بار ئەمەسمۇ؟

ــ بولىدۇ ئەمسە. ــ دىدى ئادىل.شۇنىڭ بىلەن بىز يولىمىزغا قاراپ ماڭدۇق.ئىمىن:

ــــ بىز ھازىر نەگە ماڭدۇق؟ ــــ دېۋىدى ئادىل:

ــــ يەنە بىر ئاغىنىمىزنى ئىزدەپ ماڭدۇق.ئاندىن ئۆيگە قايتىپ سىنىڭ خاتىرەڭنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز. ــ دېدى.ئىمىنمۇ ئارتۇقچە گەپ سورىماي بىز بىلەن بىللە مېڭىۋاتاتتى. مەن كىتىۋاتقاچ ئادىلدىن:

ــــ ھە راس، ھېلىقى خىسلەتلىك شارقىراتمىنىڭ سۈيىنى قانداق قىلىپ ئېلىۋالدىڭ؟ ــــ دېدىم ئۇ:

ــــ شۇ ھېلىقى بىزگە ئۇچۇرغان ئونىنەچچە كىشى بىلەن ئەرۋاھلارغا يولۇقۇپ قاغان ۋاقتىمىزدا يارلانغاندۇق.شۇڭا شارقىراتمىنىڭ سۈيىدە يارىمىزنى ساقايتىلى دەپ كەلساك يەنە ئەرۋاھلار ئارام بەرمىدى.شۇ جەرياندا ئىمىن كۆلگە چۈشۈپ كەتتى.ئىمىننى قۇتقۇزۇپ سۇدىن ئېلىۋېلىپ بۇيەرگە كەلگەن.ــــ دېدىدە يەنە: ــــ بىز قارغاندا يەنە قەلئەگە كىرىدىكەنمىزدە؟ ــــ دېدى.مەن:

ــــ توغرا، نۇر شۇ تەرەپنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. بىز بۇ شەھەردىن چىقىپ كىتىشىمىز كېرەك.ــــ دېدىم. شۇنداق قىلىپ بىز بىز كىرگەن تەرەپتىن چىقتۇق.بۇيەرگە كىرىدىغان پەلەمپەي بار ئۈچ ئاچا يول ئالدىغا كەلگەندە زەنجىردىن چىققان نۇر ئوڭ تەرەپتىكى ئۈستىگە قارىغان بىر يولنى كۆرسەتتى.

ــــ قارغاندا قەلئەگە كىرمەيدىغان ئوخشايمىز شۇ تەرەپكە ماڭايلى.ــــ دېدىمدە نۇر كىرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. بۇيەردىن چىقىشىمىزغىلا ئالدىمىز يەنە بوك باراقسان ئورمانلىق

بولدى.نۇر يەنە ئۇدۇلنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.بىز مېڭىۋەردۇق.شۇ ئەسنادا كەينى تەرىپىمىزدىن خۇددى چاشقان كىتىرلاپ ماڭغاندەكلا ئاۋاز چىقتى.بىز بۇرلۇپلا كەينىمىزگە قارىدۇق.ئەمدى خۇددى بىزنى بىرى ئەخمەق قىلىۋاتقاندەك يەنە ئارقىمىزدىن ئاۋاز چىقتى.ئۈچىمىز ئۈچ تەرەپنى كۈزىتىۋاتاتتۇق.شۇ ئەسنادا ئالدى تەرىپىمىدىكى دەرەخنىڭ كەينىدىن ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتكەن بىر قارا سايىنى كۆرۈپ قالدىم.بۇ ماڭا شۇنچىلىك تونۇش ئىدى.ئەسلىگەنچە يۈرىكىم سېلىپ كىتىۋاتاتتى.تۇساتتىن ئۇشبۇ كۆلەڭگە ئىككىنچى قېتىم قايتىدىن ماڭا كۆرۈندى.بۇ دەل داۋاملىق ماڭا كۆرۈنۈپ مىنى قورقۇتۇپ كېلىۋاتقان قىزىل كۆزلۈك ئەرۋاھ، تېخىمۇ توغرىسى ئەرۋاھلارنىڭ شاھى ئىدى. شۇ ھامان ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىدىمدە:

—— كۆپچىلىك قولۇڭلارغا قۇراللىرىڭلار ئېلىڭلار، بۇ قېتىم ئەھۋال چاتاق — دىدىم.سومكامدىن بىر قىلىچنى ئېلىپ ئىمىنغا بەردىم.ئۆزەم يەنە بىرنى ئالدىم. شۇ تاپتا يۈرۈكۈم ھېلىلا قېپىدىن چىقىپ كىتىدىغاندەك تېز سوقماقتا ئىدى. چۈنكى بۇ قېتىم بىز پۈتۈن ئەھۋاللارنى بىلىپ قالدۇق. ئەرۋاھ ئەمدى بىزنى بوش قويۇۋەتمەسلىكىمۇ مۇمكىن.تۇساتتىنلا چاقماق كەبى سۈرئەت بىلەن كەلگەن قاتتىق بىر زەربە مىنى 3مىتىرچە نېرىغا ئۇچۇرتۇپ يىقىتىۋەتتى.زادى ماڭا نىمە تەگكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم.ئادىل:

ــ ساڭا بىرە ئىش بولمىغاندۇ؟ ــ دىدىەنىچە يىنىمغا كەلدى.مەن بىشىمنى لىڭشىتتىم.شۇ ئەسنادا ئادىلنىڭ كەينىدىن بىر ئەرۋاھ قولىنى شىلتىدە بىر نۇر چىقىپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئادىلنىمۇ ئۇچۇرتىۋەتتى.قارىغاندا بۇ قېتىم ھەقىقەتەن كۈچلۈك دۈشمەنگە يۇلۇققان ئوخشايمىز.مەن قولۇمدىكى خاسىيەتلىك قىلىچىمنى تۇتۇپ قايسى تەرەپتە ئەرۋاھنىڭ كۆرۈنىدىغانلىقىغا قاراپ تۇردۇم. دەرۋەقە ئالدىمدىكى دەرەخنىڭ ئارلىقىدىلا بىر ئەرۋاھ كۆرىنىۋىدى مەنمۇ چاققانلىق بىلەن قىلىچىمنى شىلتىدىم.قىلىچىمنىڭ بىسىدىن چىققان ئەگمە نۇر بىرىپ ئۇ ئەرۋاھقا تەگدىدە ئەرۋاھمۇ كۈلگە ئايلىنىپ كەتتى.قىلىچنىڭ كارامىتىدىن ئەمدى كۆلىشمگە ئۈشتۇمتۇتلا كەينىمدىن ھۇجۇمغا ئۇچۇردۇم.بۇ قېتىم بىرى مىنى كۆتۈرگىنىچە قارىسىنى كۆرسەتمەي ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئورمان ئىچىگە ئېلىپ ماڭدى.قىلىچىم بىلەن دۈمبەمدىن تۇتىۋالغان نەرسىگە ئۇردۇم.ئەمما ھىچ بىرنەرسىگە تەگكەندەك قىلمايتتى. شۇندىلا مىنى بىرسىنىڭ كۆتۈرمەيۋاتقانلىقىنى، ئۆزۈمنىڭ لەيلەپ كىتىۋاتقانلىقىمنى بىلدىم.مەن لەيلەپ يۈرۈپ ئاخىرى بىريەرگە كىلىپ توختاپ يەرگە چۈشتۈم.ئەتراپىمنىڭ ھەممىلا يىرى دەرەخ ئىدى. قولۇمدىكى قىلىچىمنى چىڭ سىقىمداپ تۇراتتىم.تۇساتتىن ئەتراپتىن بىرىنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازى كەلدى:

ــ سىنىڭ ئەجىلىڭ توشتى، ئەمدى ھەرگىز قايتىپ

كىتەلمەيسەن!ھا ھا ھا ھا!

بۇ ئاۋاز دەل قىزىل كۆزلۈك ئەرۋاھنىڭ ئاۋازى ئىدى .شۇ ئەسنادا كەينىمدىنلا قاتتىق بىرنەرسە ئۇرۇلدى .ئەتراپقا قارىسام ھىچ كىشى يوق ئىدى . بۇ ئەرۋاھلارنىڭ يۇشۇرۇن ھۇجۇم قىلغىنىدىن ئاچچىقلاندىمدە:

ــــ نوچى بولساڭ يىنىمغا كەلمەمسەن؟ مۆكۈنۋالماي! ــــ دەپ ۋارقىرىدىم .دەپ بولۇپلا دىگىنىمگە پۇشايمان قىلىپمۇ ئۈلگۈردۈم .گىپىم تۈگىمەيلا تۆت تەرەپتىن بىرمۇنچە ئەرۋاھلار كىلىشكە باشلىدى .ھەممىسى بىر بىرسىگە ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى . قىلىچىمنى شىلتىپ باققان بولسامۇ قىلىچتىن چىققان نۇر ئۇلارغا تەسىر قىلمىغانىدى .دىمەك بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تۈيغۇ!ماڭا كۆرۈنگىنىدىن پەقەت بىرىلا ھەقىقى ئەرۋاھ ئىدى .ئۇلار ماڭا يىقىنلاپ كەلگەنچە قىلىچىمنى ناھايىتى تىزلىك بىلەن چچەمبەر شەكلىدە ئايلاندۇردۇم .نۇر ھەممىسىگىلا تىگىپ ئۆتتۈپ كەتتى .بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىسى ئەمەس ئىدى .شۇ ئەسنادا يەنە ئاۋاز كىلىشكە باشلىدى:

ــــ ئەنسىرمە! سىنىڭ جەسىدىڭ بۇيەردە قالمايدۇ! سەنمۇ سەلىمگە ئوخشاش قىلتىقىمنىڭ بىرقىسمى سۈپىتىدە يۇرتۇڭغا قايتىسەن ھا ھا ھا!

ئۆزۈمنىڭ بۇ ئەرۋاھلار ئارىسىدا نەقەدەر ئاجىز ئىكەنلىكىمنى ھىس قىلىپ قالدىم .ئەلۋەتتە مەن يالغۇز بولغانلىقىم ئۈچۈندۇ .شۇ

تەرىقىدە بۇ ئەرۋاھلارمۇ غايىپ بولدى.ئەمما ماڭا ھازىر ھەقىقىي ئەرۋاھ كۆرۈندى.ئۇ ناھايىتى ئاستا يېقىنلىشىۋاتاتتى.ئۇنىڭ بىرجۇپ قىپقىزىل كۆزىگە قارىغانچە بېشىم ئاغرىپ كىتەتتى.ئۇنىڭ كۆزىدىن بەزى كەچۈرمۈشۈم كاللامغا كىلىۋالاتتى.ئۇ ئەرۋاھمۇ ئاخىرى يېنىمغا كەلدىدە:

ــــ كۆزۈمگە قارا! ــــ دىگەن بىر ئېغىز گەپنىلا قىلدى.مەنمۇ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ساپتىمەن.ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاپامنى كۆردۈم.ئاپامنىڭ ھالى شۇنچىلىك خاراپ ئىدى.قوپقىدەك ماجالى يوق ئولتۇراتتى.دادامنىڭمۇ روھى چۈشكۈن ئىدى.تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزىدىن ئوت يالقۇنىنى كۆردۈم.بارلىق نەرسىلەر يۇقاپ ئەمدى ئۆزۈمنى كۆردۈم.مەن يەردە ياتقانىكەنمەن.ئىمىن كۈمۈش شەمشەرنى تۇتىۋالغان بولۇپ كىلىپلا كۆكرىكىمگە سانجىۋەتتى.قورقىنىمدىن كۆزۈمنى يۇمىۋالدىم.چىلىق چىلىق تەرگە چۈمۈپ كەتكەنىدىم.بەش مىنۇتچە ئۆزۈمنى تىنىچلاندۇراماي كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇردۇم.5مىنۇتتىن كىيىن كۆزۈمنى ئاچتىم، ئەتراپ شۇنچىلىك جىمجىت ئىدى.ئەرۋاھمۇ يوق ئىدى.توساتتىن ئادىلنىڭ، ئىمىنىنىڭ ۋارقىرشىنى ئاڭلىدىمدە شۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە يۈگۈردۈم.قارسام ئىمىن يەردە سۇنايلىنىپ ئېگىرىغىنىچە ياتقانىكەن.ئادىل بولسا ئىككى ئەرۋاھنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراۋاتاتتى.قىلىچىمنى چىقىرىپ ئۇشبۇ قېرىنداشلىرىمنى قېيناۋاتقان ئىككى ئەرۋاھقا قارىتىپ شىلتىدىم.قىلىچ بىسىدىن

چىققان نۇر ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۇ ئىككى ئەرۋاھنىمۇ كۆلگە ئايلاندۇرۋەتكەنىدى.دەرھال ئادىلنىڭ يېنىغا باردىم.ئۇنىڭ دۈمبىسىمۇ كۆكرىكىمۇ يارلانغانىدى.ئىمىنىنىڭمۇ مۈرىسى بىلەن دۈمبىسى يارلانغانىدى.ئادىل سومكىسىدىن سۇدانىنى ئالدىدە ئىمىنىنىڭ يارىسىغا سۈركەپ ئاندىن ئۆزىنىڭكىگە سۈركىدى.

ـــ سىنىڭ قايېرىڭ يارلاندى؟ ـــ دەپ سورىدى مەندىن.قارىسام سۇمۇ ئاز قالغانىدى.گەرچە مىنىڭمۇ دۈمبەم يارلانغان بولسىمۇ:

ـــ مىنىڭ بەك ئېغىر ئەمەس، تېرەم ئازراق سۈرلۈپ كەتتى.قالغىنىنى ساقلاپ قوي.ئەلنى تاپقىچە يەنە نىمە ئىشلار بولىدۇ بىلمەيمىز.ئېغىرراق يارىلىرىمىزغىلا ئىشلىتەيلى.ـــ دىدىم.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتىدە سونى سومكىسىغا سالدى.ئىمىنىنىڭمۇ يارىسى ئەسلىگە كەلگەنىدى.

ـــ ئەمدى يولىمىزنى داۋام قىلايلى!ـــ دىدىمەن. ئادىل:

ـــ ھەي! قولۇڭدىكى زەنجىر قېنى؟ ـــ دىدى.شۇندىلا زەنجىرنىڭ بايا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدىمدە:

ـــ ئاپلا! زەنجىر بولمىسا بولمايتتى،تېز ئىزدەيلى ـــ دىدىم.ئىمىنمۇ، ئادىلمۇ ئەتراپنى ئىزدەشكە باشلىدى.مەن ئۆزۈم قەددەم باسقان ھەربىر جاينى ئىزدىدىم.ئەمما ھىچ تاپالمايۋاتاتتىم.شۇ ئەسنادا ئىمىن:

ـــ قاراڭلا! ئاۋۇيەردە ئىكەن! ـــ دىدىدە ئىگىز ئۆسكەن بىر دەرەخنى كۆرسەتتى.دەرەخنىڭ 5مىتىر ئىگىزلىككىچە شېخى يوق

بۇلۇپ ئۆنىڭ ئۈستىدىن باشلاپ شاخ تارتقانىدى. زەنجىر دەرەخنىڭ بىر شېخىغا ئېسىلىپ قالغانىدى.ئەسلى مەن باشتا ئەرۋاھنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ يىقىلغاندا قولۇمدىن قاڭقىپ چىقىپ كىتىپ شۇيەرگە ئېسىلىپ قالغانىكەن.

ـــ ئاپلا! ئۇيەرگە قانداق چىقامىز ـــ دىدى ئادىل. مەن:

ـــ بۇ ئانچىمۇ تەس ئەمەسكەن. ھەرنىم بولسا بەك ئېگىزگە چىقىپ كەتمەپتۇ، سەن مىنى كۆتۈرگىنە، ئىككىمىزنىڭ ئېگىزلىكىنى قوشساقمۇ 4يېرىم مىتىرچە كىلە، ئۇنچە پاكارمۇ ئەمەس، قولۇمنى سوزسام ئالالىغۇدەكمەن. ـــ دىدىم.شۇنداق قىلىپ ئادىل مىنى كۆتۈردى.ئۇمۇ بەك ئېگىز كۆتۈرەلمىگەنىدى.ئىمنىمۇ تەڭ كۆتۈردى.قولۇمنى شۇنچە سوزساممۇ يەتمەيۋاتاتتى.

ـــ تېخىمۇ ئېگىزرەك كۆتۈرۈڭلار! ـــ دىدىمەن. ئادىل:

ـــ قىلىچىڭنى ئىشلەتسەڭ بولمامدۇ؟ ـــ دىدى.

ـــ قىلىچنى ئىشلەتسەم زەنجىرمۇ بىرلىشىپ كەتسە قانداق قىلىمەن!

ـــ ئەمسە مىنىڭ قىلىچىمنى ئىشلەت ـــ دىدىدە قىلىچىنى ماڭا سۇنۇپ بەردى.قىلىچ بىلەن زەنجىرنىمۇ ياخشى ئالالىدۇق.زەنجىرنىڭ تېشى ئۇچۇپ قالغان بولۇپ مەن قايتا يورۇتتۇم. شۇنداق قىلىپ بىز يەنە نۇرغا ئەگىشىپ سەپىرىمىزنى داۋام قىلدۇق. مېڭىۋاتىمىز ئەمما ھىچ بۇ ئورماننىڭ ئاخىرى چىقاي

دىمەيتتى.شۇ ئەسنادا ئىمىن مىڭىشتىن توختاپ قالدى.ئۇ خۇددى ئالدىدا بىرسى باردەكلا جىم تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا باردىمدە:

ـــ ئىمىن؟ ساڭا نىم بولدى! ـــ دىدىم.تۇرۇپلا ئىمىن كۆزىنى قولى بىلەن ئېتىۋېلىپ «ياق! ياق! »دەپ يەرگە يىقىلدى.ئۇ يەردە ئۇياقتىن بۇياققا دومىلاپ «ياق!ياق!ئۇنداق ئەمەس!»لا دەيتتى.مەن ئىمىننى چىڭ تۇتىۋالدىمدە:

ـــ ئىمىن! ساڭا نىم بولدى! جىم بول! ـــ دەيتتىم.ئادىلمۇ كىلىپ ئىمىننى تىنىچلاندۇرۇشقا تىرىشۋاتاتتى.بىردەمدىن كىيىن ئىمىن تىنىچلاندىدە:

ـــ ماڭا راست گەپ قىلىڭلا! مەن زادى كىم؟ سىلە زادى كىم؟ بۇيەر قەيەر؟ مەن نىمىشقا بۇيەرگە كەلدىم؟ ماڭا راست گەپ قىلىڭلار! ـــ دەپ ۋارقىراپ كەتتى. شۇندىلا مەن ئىمىندە كىسەل ئاسارىتىنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدىمدە ئادىلغا:

ـــ ئادىل! قارىغاندا ئىمىندە خىسلەتلىك سىرنىڭ كىسەل ئاسارىتى كۆرىلىۋېتىپتۇ. ـــ دىدىم.

ـــ ئەمسە قانداق قىلساق بۇلار! ـــ دىدى ئادىل.

ـــ سىرئەتنى تېزلىتىپ ئەلىنى تاپمىساق بولمايدۇ.خاتىرە بولمىسا بىز ھىچ ئىش قىلالمايمىز.ـــ دىدىم.

ـــ مەن سىلەدىن گەپ سوراۋاتىمەن ـــ دەپ ۋارقىردى ئىمىن.مەن ئۇنى تىنىچلاندۇرۇپ:

ـــ ئىمىن، بىز ھەقىقەتەن سىنىڭ دوستلىرىڭ.بىز بۇيەرگە بايا

سىنى زەخمىلەندۈرگەن ئەرۋاھلارنى يوقىتىش ئۈچۈن كەلدۇق.بۇيەردە خىسلەتلىك شارقىراتما بار ئىدى.بايىقى سۇ دەل شۇ شارقىراتمىنىڭ سۈيى، ئۇنى ئىچىشكە بولمايتتى.سەن شۇ شارقىراتمىنىڭ كۆلىگە چۈشۈپ كىتىپ سۈيىنى ئىچىپ سالدىڭ.بايا ساڭا كۆرۈنگىنى نىمە بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، يەنە ساڭا نىمە دىگەن بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ھەرگىز ئىشەنمە، ئۇ سىنى باش ئەگدۈرۈپ ئويلىمىغان قورقۇنۇچلۇق ئىشلارغا مەجبۇرلايدۇ. بىز سىنىڭ ھەقىقىي چىن دوستلىرىڭ بىزگە ئىشەن، يەنە بىر دوستىمىز ئەلىنى تاپساقلا خاتىرەڭنى ئەسلىگە قايتۇرۇمىز. — دىدىم.ئۇ جىمىپ قالدى.كۆزلىرىدىن بىرخىل قايغۇ ئەندىشە ۋە قورقۇنۇچ چىقىپ تۇراتتى.

— بولدى، ئەمدى يولىمىزغا ماڭايلى. — دىدى ئادىل.بىز يەنە يولىمىزغا مىڭىشقا تەمشەلدۇق.ماڭغاچ ئىمىنغا يەنە:

— ئىسىڭدە بولسۇن، مەيلى كۆزۈڭگە نىمە كۆرۈنۈپ نىملا دىسۇن ھەرگىز ئىشەنمە — دەپ ئەسكەرتىپ قويدۇم. ئىمىنمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى. زەنجىردىكى تاشنىڭ نۇرىغا ئەگىشىپ خېلى ماڭدۇق.ماڭغانچە بۇ يوللار ماڭا بىرخىل تونۇش تۇيۇلىۋاتاتتى.خۇددى مەن ئىلگىرى بۇ يولدىن ماڭغاندەكلا ئىسىمدە ئىدى.بىز داۋاملىق ئىلگىرلىمەكتە ئىدۇق.شۇ ئارىدا بىز بىر تاغ ئالدىغا كەلدۇق.نۇرمۇ تاغنى بويلاپ كۆرسىتىۋاتاتتى.بىز تاغنى بويلاپ مىڭىپ ئاخىرى بىر تاش

ئىشىك ئالدىغا كەلدۇق.ئاخىرى مەن بۇ يولنى ئەسكە ئالالىدىم.بۇ دەل يىشىل رەڭلىك خىرۇستالنى تاپقان جاي، كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ كىتىپ ئايرىلىپ كەتكەن جاي شۇ ئىدى. بۇ يەردە ئەسلى بىر ئىشىك بولىشى كىرەك ئىدى.بىراق ئىشىك يوق ئىدى.بۇمۇ ياخشى بولغىنى.ئاچقۇچ بولغان ئاق خىرۇستال يىشىل خىرۇستال بىلەن بىرلىشىپ كەتتى ئەمەسمۇ؟ بىز بۇيەرگە كىردۇق. بىز قالدۇرغان ئىزلار بار ئىدى.ھىلىقى پەلەمپەي ئارقىلىق ئۈستىگە چىقتۇق.كۆۋرۈك بىز كۆمتۈرۈپ قويغان پېتى تۇراتتى.ئەمدى بىزنىڭ بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتمىكىمىزمۇ بىر مۈشكۈل ئىش بولغانىدى. قىرىشقاندەك نۇرمۇ كۆۋرۈكنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.مەن:

—— بۇ ئەلى بىلەن ئىككىمىز يىقىلىپ كەتكەن جاي، ئەسلى كۆۋرۈكمۇ تۈز ئىدى.شۇ چاغدا كىسىلىم تۇتۇپ قىلىپ ئۆزۈمنى تىتۇالالماي قالدىم.كۆۋرۈك كۆمتۈرلۈپ كىتىپ يىقىلىپ كەتتۇق.ھۇشۇمغا كەلسەم ئەلى يوق —— دىدىم.ئادىل:

—— ئۇنداقتا بىز بۇ كۆۋرۈكتىن قانداق ئۆتەرمىز؟ —— دىدى. مەن:

—— ئامال يوق، كۆۋرۈكنىڭ ئارغامچىسىغا چىڭ ئىسىلىپ قارشى تەرەپكە ئۆتەيلى —— دىدىم.شۇنداق قىلىپ مەن ئەڭ باشتا كۆۋرۈكتىن ئۆتمەكچى بولدۇم.كۆۋرۈكنىڭ ئارغامچىسىنى ناھايىتى چىڭ تۇتىۋالدىمدە پەم بىلەن سەكرەپ ئىسىلىۋالدىم.كۆۋرۈك مىنىڭ سەكرىشىم بىلەن ئىرغىپ ئىككى

يانغا سىلكىنەتتى. بۇنداق بولسا بۇنچە ئۇزۇن كۆۋرۈكتىن ئېسىلىپ ئۆتۈپ بولالىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەن ئېھتىيات بىلەن قولۇمنى ئېلىپ ماڭماقتا ئىدىم.تۇساتتىنلا سىلكىنىش بەك كۈچىيىپ كەتتى...

## 21 ـ قىسىم:ئەلىنى قۇتۇلدۇرۇش

كۆۋرۈكنىڭ سىلكىنىشى كۈچەيگەنچە مەنمۇ مەزمۇت تۇرالمايۋاتاتتىم.خۇددى بىر خىل كۈچ بۇ كۆۋرۈكنى تەۋرىتىۋاتقاندەك قىلاتتى.مەنمۇ بار كۈچۈم بىلەن ئېسىلىپ ميڭىۋاتاتتىم.خېلى ھەپىلەشكەندىن كېيىن ئاخىرى ساق سالامەت قارشى قىرغاقتا ئۆتىۋالدىم.

ـــ ھە ئەمدى سىلە ئۆتۈۋېلا! ـــ دەپ ۋارقىردىم ئادىل بىلەن ئىمىنغا. ئۇلار قارشى تەرەپتە بىر نىمىلەنى دىيىشكەندىن كېيىن ئاۋال ئىمىن ماڭدى.ئۇنىڭ چىرايىدىن ئازراق قورقىۋاتقاندەك قىلىپ تۇراتتى.مەنمۇ بۇ تەرەپتە كۆۋرۈك ئارغامچىسىنىڭ بەك لىڭشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چىڭ تۇتۇپ تۇردۇم.ئىمىنمۇ ئاخىرى ئارغامچىغا ئېسىلىۋالدى.ئۇ ئازراق قورقىۋاتقان بولسىمۇ

ھەركىتى ناھايىتى سىپتا ۋە چاققان ئىدى.گەرچە خاتىرىسىنى يۇقاتقان بولسىمۇ قابىلىيىتى يوقىمىغان بولسا كېرەك.مىنىڭ بۇ تەرەپتە ئارغامچىنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىم ئۇچۇنمۇ ۋەياكى ئىمىنىنىڭ ھەركىتىنىڭ چاققانلىقىدىنمۇ كۆۋرۈك بەكمۇ لىڭشىپ كەتمىگەنىدى. ئۇ ئاستا ئاستا يېقىنلىشىپ ئاخىرى مەن تەرەپكە كىلىۋالدى.ئىككىمىز ئارغامچىنى تېخىمۇ مەزمۇت تۇتتۇق.ئادىلمۇ ئېسىلىپ ئاستا ئاستا بىز تەرەپكە قاراپ ئىلگىرلىمەكتە ئىدى.ئادىل كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە تۇيۇقسىز ئۇ ئېسىلغان ئارغامچا بوشىشىپ ئۈزۈلگىلى قەستلەپ تۇراتتى.مەن:

ـــ ئادىل! تېز بول! ئارغامچا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ!

ـــ دەپ ۋارقىرىدىم. ئادىلمۇ تېزلىك بىلەن بۇ تەرەپكە قاراپ كەلمەكتە ئىدى.تۇيۇقسىزلا ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كەتتى.ئادىلمۇ خېلى چاققان بولغان كۆمتۈرلۈپ كەتكەن كۆۋرۈكنىڭ دەسسەيدىغان يېرىىدىكى ئارغامچىغا ئېسىلىۋالدى.ئۇمۇ ئاخىرى بۇ تەرەپكە ئۆتىۋالدى.

ـــ ئۇھ! ۋايىيەي! ھەجەپ قورقۇپ كەتتىم.بۇيەردىن چۈشۈپ كەتسەم پارە پارە بۇلۇپ كەتكۈدەكمەن ـــ دىدى ئادىل ئۈتۈپ بۇلۇپلا. مەن:

ـــ بولدى.ھەرنىمە بولسا ئۆتىۋالدۇققۇ يولىمىزغا ماڭايلى.ـــ

دىدىم.بۇ چاغدا ئىمىن:

ـــ نىمىشقا قولۇڭلاردىكى ئاۋۇ تاشنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ

ئۆتمىدۇق؟ ـــ دىۋىدى ئۇنىڭغا قاراپلا قاپتىمەن.چۈنكى ئۇنىڭ بىرجۈپ كۆزىدىنلا بىزگە بولغان گۇمانىنىڭ تېخىچە يوقىمىغەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.زادى ئۇنىڭغا كۆرىنىپ ئۇنى قۇترىتىۋاتقان كۈچ كىمنىڭ سىياقىغا كىرىپ ئۇنى ئازدۇرۋاتقان بولغۇيىدى.

ـــ ھە! راست شۇنداق قىلساقمۇ بوپتىكەن.بىراق بىز قانداق قىلىپ بۇ تاشنى بىزنى ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان قىلىمىز؟ تاشقا بىزنۇ ئۇياققا ئۆتكۈزۈپ قوي دىسەكلا بۇلامتى؟ بىزدىن ئۇنداق گۇمانلانما ئاغىنەم. بىز تېخى بۇ تاشلارنى كونترۇل قىلىشنى بىلمەيمىز.بىزگە ئىشەنگىن بۇلامدۇ؟ ـــ دىدى ئادىل ئىمنىغا.ئىمىن ئۇندىمىدى.بىزمۇ نۇر كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ئىلگىرلەۋاتاتتۇق.خېلى ماڭغاندىن كىيىن ئالدىمىزغا بىر تاش ئىشىك ئۇچىردى.ئىشىكنىڭ ئوتتۇرسىدىلا خىرۇستال تاشنىڭ شەكلىدە كامار بار ئىدى.دىمەك بۇ ئىشىكنىمۇ ئاق رەڭلىك خىرۇستال تاش ئارقىلىق ئېچىشىمىز كېرەك ئىدى.

ـــ ئەمدى قانداق قىلامىز! ئاق تاش بىلەن يېشىل تاش بىرلىشىپ كەتكەن تۇرسا ئىشىكنى قانداقمۇ ئاچارمىز؟ ـــ دىدىمەن. ئادىل:

ـــ قىلىچنى ئەكىلە مەن بىر سىناپ باقاي! ـــ دىدى.مەن قىلىچنى ئۇنىڭغا بەردىم.ئادىل كەينىگە ئازراق يېنىپ بىزنى چەتتە تۇرۇشقا ئۈندىدى.ئاندىن ئىشىككە قارىتىپ قىلىچنى بىر شىلتىۋىدى.قىلىچتىن چىققان نۇر تاش ئىشىكنى پارە پارە

قىلىۋەتتى .ئادىل:

ـــ ئوھۇيىي! ئالامەت قىلىچكەنغۇ بۇ ـــ دىدى مەغرۇرلىنىپ .

ـــ بولدى .بۇنداق قىلىشىڭنى بىلگەن بولسام بەرمەيتتىم .بىرە چاتاق چىقسا قانداق قىلاتتىڭ ـــ دىدىم ئاچچىقلىنىپ .

ـــ ھەي! ھىچ ئىش بولمىدى .ماڭا كىرىمىز .ـــ دىدى ئاۋال ئالدىمدا كىرىپ .بىزمۇ ئۇنىڭ كەينىدىنلا كىردۇق .بۇيەر بىرە ئۆي بولماستىن بەلكى پەسكە چۈشىدىغان پەلەمپەي ئىدى .بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى ئاچچىقىم كەلدىدە:

ـــ ئوف ... قانداق لاھىيە بۇ! بايا تېخى ئۈستىگە چىقىپ مىڭ تەستە بۇيەگە كەلسەك پەسكە چۈش دەيدا! ـــ دىدىم .زەنجىر تېشىدىن چىقىۋاتقان نۇرمۇ شۇ تەرەپنى كۆرسىتىۋاتاتتى .بىز پەلەمپەي ئارقىلىق پەسكە چۈشتۇق .بۇيەر خېلى چوڭ بۇلۇپ ئوتتۇردىلا بىردانە تاش ئورۇندۇق تۇراتتى .ئەتراپتىن ۋەھىمە، قانىنىڭ ھىدى كىلەتتى .تۇيۇقسىز ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ھىس قىلدىمدە:

ـــ ئاغىنىلە! ئىش چاتاق! ھۇشيار بۇلۇڭلار! ـــ دىدىم .ھەممەيلەن قولىمىزغا قىلىچلىرىمىزنى ئېلىپ ئەتراپنى كۆزىتىۋاتاتتىق .تاملاردا مەشئەللەر يېنىقلىق تۇراتتى .توساتتىنلا بىز كىرگەن جاي يوغان تاش بىلەن تاقىلىپ قالدى .شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەرمۇ يېرىلىپ ئىككىگە بۆلىنىۋاتاتتى .يېرىلغان يەرمۇ خېلى چوڭ بولغاندىن كىينلا ئارلىقتىن ھەر ھەر مورداردىلار چىقىشقا

باشلىدى.موردىلارنىڭ تىرناقلىرى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ ھەممىسىنىڭ تىرنىقى كۆك رەڭدە ئىدى.بىز بولساق قىلىچلىرىمىز بىلەن موردىلارنى چېپىشقا باشلىدۇق.بۇ موردىلار ئۇۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدەك يەر ئاستىدىن چىقىۋاتاتتى.قارغاندا يەنە بىر مەيدان چوڭ موردا جېڭى بولىدىغان ئوخشايدۇ.ئەمما بۇنداق چىقىلىۋەرسە بىز ھامىنى ھالاك بولىمىز.

— ئۆمەر! خىرۇستال تاشنى ئىشقا سالساڭچۇ! — دىدى ئادىل ماڭا موردىلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ. مەنمۇ شۇنداق قىلماي ئامال بولمىغۇدەك دەپ ئويلىدىمدە نۇر چېچىپ تۇرغان زەنجىرنىڭ تېشىنى چىقىرىپ قىلىچنىڭ بىسىغا قاتتىق بىرنى ئۇرۇپ تېزلىك بىلەن تارتىۋالدىم.ھېلىمۇ تاس قالدى، بۇ زەنجىرمۇ قىلىچ بىلەن بىرلىشىپ كەتكىلى.شۇ ھامان زەنجىرنىڭ تېشىدىن كۈچلۈك نۇر چىقتىدە ئالدىنقى قېتىم بۆرىلەر بىلەن تۇتۇشۇپ قالغاندا پەيدا بولغان مۇھاسىرە چەمبىرىكى بىزنى ئوراپ بۇ قانخور موردىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قالدى.شۇنىڭلىق بىلەن موردىلار بىزگە يېقىنلىشالمىدى.قايسى بىر موردا يېقىنلاشماقچى بولۇپ مۇھاسىرە چەمبىرىكىگە تەگسىلا موردىلارنى توك سوققاندەك تىترىتىپ قاچۇراتتى.ئەمما بۇ موردىلار شۇنداقتىمۇ داۋاملىق ئېرىلماقتا ئىدى.يەر ئاستىدىن توختىماي موردا چىقىۋاتاتتى.بۇ كەڭ يەرمۇ موردىلار بىلەن لىق تولغانىدى.ھەتتا بىزنىڭ قېچىش يولىمىزمۇ يوق ئىدى.

ــ موردىلارغۇ بىزگە يېقىن كىلەلمەيدۇ.ئەمما بىز ئەمدى قاياققا ماڭىمىز؟ ھېچ ماڭىدىغان يولىمىز يوق! ــ دىدىممەن مەيۇسلىنىپ.

ــ توغرا! بۇ ئۇھاسىرە چەمبىركىمۇ بۇنداق تۇرىۋەرمەس ھەقەچان، بۇيەرگە قاپسىلىپ تۇرۇپ قالامىزمۇ؟ ــ دىدى ئادىل.بايا يېرىلىپ كەتكەن يەردىن توختىماي موردىلار ئۆمىلەپ چىقىپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىدە بۇيەرمۇ لىق موردىلار بىلەن تولۇپ كەتتى.

ــ ھەي! بولمىسا موردىلار چىقىۋاتقان بۇ يەر ئاستىغا كىرىپ مېڭىپ باقمايلىمۇ؟ ــ دىدىممەن.

ــ ھەي، زەنجىرنىڭ نۇرى قايسى تەرەپنى كۆرسەتتى؟ ــ دىدى ئادىل.مەن زەنجىرگە قارىدىم.بىراق ھازىر ئۇنىڭدىن چىققان نۇر مۇھاسىرە چەمبىركى ھاسىل قىلغان بولۇپ يول كۆرستىدىغان نۇر چىقارمىغانىدى.ئادىل بۇنى كۆرۈپ:

ــ دىمەك مۇشۇ يولغا ماڭماي ئامالىمىز يوقكەندە ــ دىدى موردىلار چىقىۋاتقان يەر ئاستىنى كۆرستىپ.

ــ بىراق بۇ موردىلار چۆمۈلىدەك مىغىلداپ چىقىۋاتسا،پەسكە قانداق چۈشىمىز؟ ــ دىدى باياتىن بېرى گەپ قىلماي تۇرغان ئىمىن.ــ بىز يەنىلا ئاۋۇ تەرەپتىن ماڭايلى ــ دىدى ئىچكىر تەرەپنى كۆرستىپ.

ــ ئۇ تەرەپتە يول يوقكەنغۇ؟ ــ دىدى ئادىل. دىمىسىمۇ ئۇ تەرەپتە يول يوق ئىدى.قارىغاندا ئىمىننىڭ كۆزىگە يەنە خىيالى

مەنزىرە كۆرىنىۋاتقان بولسا كېرەك.شۇ هامان يەنە بىر ئامال قاللامغا كەلدىدە دەرھال سومكامنى ئاختۇردۇم.سومكامدا پەقەت بىرتاللا بومبا تۇراتتى.مەن:

— بىز ئاۋۇ تەرەپتىكى تامنى پارتىلىتىپ چىقىپ كېتەيلى — دىدىم.شۇنىڭ بىلەن بىز تەسلىكتە شۇ تەرەپكە بېرىپ بومبىنى پارتىلاتماقچى بولغان تامنىڭ يېنىغاراق قۇيۇپ پىلىكىنى تارتىپلا ئۆزىمىزنى قاچۇردۇق.بومبىنىڭ پارتىلاش كۈچىگە بىزنى ئوراپ تۇرغان مۇھاسىرە چەمبىركى بەرداشلىق بېرەلمىسە بىزمۇ بىللە هالاك بۇلۇپ كىتەتتۇق.«گوم!»قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تاشلار گۆمۈرلۈپ ئالدى تەرىپىمىزدە يول ئېچىلدى.ھەرنىمە بولسا بومىنىڭ پارتىلاش كۈچىگە بۇ زەنجىرنىڭ كۈچى تەڭ كىلەلىدى.بىز خۇشاللىقىمىزدا شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق.بۇ يول بىر كارىدۇردەكلا تار ھەم ئۇزۇن ئىدى.كەينىمىزدىن موردىلار ئىز بېسىپ كىلىۋاتاتتى.گەرچە بىزگە زىيان يەتكۈزەلمىسىمۇ ئەمما سانى كۆپ بولغاچقا مېڭىشىمىزغا سەل پۇتلىشىۋاتاتتى.بىز خېلى ماڭغاندىن كىيىن ئىمىن تۇيۇقسىزلا «ياق! ياق! »دىگىنىچە يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۋالدى.

— قارىغاندا يەنە كېسىلى قوزغالغان بولسا كېرەك! — دىدى ئادىل.مەن ئىمىنىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ:

— ئۆزۈڭنى بېسىۋال قېرىندىشىم، ئۆزۈڭنى بېسىۋال! سەن چۈقۇم ياخشى بولۇپ كىتىسەن! — دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى

بەردىم.بىردىنلا ئۇ مىنى ئىتتىرۋېتىپ قىلىچنى ماڭا قاراتتىدە:

ــــ سەن ئاپامنى ئۆلتۈرگەن قاتىل! سەن ئاپامنى ئۆلتۈرگەن قاتىل!

ــــ دەپ ماڭا قىلىچنى تىقماقچى بولدى.شۇ هامان ئادىل ئۇنى تۇتىۋالدى.

ــــ ئۆمەر! ئۇنىڭغا بىر ئامال.قىلساق بولاتتى. ــــ دىدى ئادىل.ماڭا. ئۇنىڭ چىرايىدىن شۇنچىلىك ئاچچىق چىقىپ تۇراتتى.

ــــ مىنى قويىۋەت! مەن ئۇنىڭ جېنىنى ئالىمەن! ــــ دەپ ۋارقىرايتتى ئىمىن.شۇ چاغدا ئادىل ئۇنىڭ بېشىغا قىلىچنىڭ دەستىسى بىلەن بىرنى ئۇرىۋىدى ئۇ يەرگە يىقىلدى.

ــــ بۇ نىمە قىلغىنىڭ! ــــ دىدىم ئادىلغا.ئۇ:

ــــ بولدى! يولىمىزنى داۋام قىلايلى.ئۇنى مەن كۆتۈرۋالاي.مۇشۇنداق قىلمىسام ئۇ ساڭا قىلىچ ئۇراتتى. ــــ دىدى . مەن:

ــــ بولدىلا! سەن سومكامنى كۆتۈرۋال، ئۇنى مەن كۆتۈرەي! هە راس! قىلىچنىمۇ ئېلىۋال، هۇشىغا كىلىپ مىنى ئۆلتۈرۋەتمىسۇن. ــــ دىدىم.شۇنداق قىلىپ مەن ئىمىننى يۈدۈپ يەنە يولىمىزغا راۋان بولدۇق.خېلى ماڭغاندىن كىيىن ئالدىمىزغا ئىككى يول ئۇچراپ قالدى.بىرى ئۇدۇلغا، يەنە بىرى سول تەرىپىمىزگە ماڭىدىغان يول ئىدى.

ــــ قايسى تەرەپكە ماڭايلى! ــــ دىدىمەن.ئادىل: بىز يەنىلا سول تەرەپكە ماڭايلىمىكىن، قارىغىنا ئالدىمىزغا بىزنى كۈتىۋالغىلى

چىققانلىكەن ــ دىدى.مەن ئەجەبلىنىپ ئالدىمىزدىكى يولغا قارىدىم.ئۆيەردىن نۇرغۇن موردىلار بىز تەرەپكە قاراپ كىلىۋاتاتتى.

ــ ئوف، بۇ موردىلارنىڭ ئۆۋىسىمۇ نىمە؟ ــ دىدىمدە سول تەرەپتىكى يولغا ماڭدىم.ئىككىمىز خېلى ماڭغاندىن كىيىن ئاخىرى بو يولنىڭ ئاخىرى چىقتى.ئالدىمىزدا يورۇقلۇق پەيدا بولىۋاتاتتى.بىز سۈرئەتنى تېخىمۇ بەك ئىلگىرلىتىپ ماڭدۇق.شۇ ئەسنادا كەينىمىزدىن كېلىۋاتقان موردىلارمۇ توختاپ ئارقىسىغا يېنىپ كىتىپ قالدى.بىز ئالدىمىزغا قاراپ مېڭىپ ئاخىرى بىر بوشلۇققا كەلدۇق.بۇيەردىمۇ مەشئەللەر يورۇق بولۇپ، تاماق ئۈستىلى، ئورۇندۇق، گۈلخان ۋە بىر دۆۋە ئۈستىخانلار تۇراتتى.

ــ ئاداش!بىز غەلىتە مەخلۇقنىڭ ئۆۋىسىغا كىرىپ قالدۇقمۇ نىمە؟

ــ دىدى ئادىل.بۇيەردە ئىككى ئىشىك بار ئىدى.مەن بىر ئىشىكنىڭ يېنىغا كىلىپ ئاستا ئىتتىرىپ ئاچتىم.ئىچىدە بىر قەپەس بۇلۇپ قەپەس ئىچىدە بىرى تۇراتتى.

ــ ئادىل بۇياققا كەل ــ دىدىم ئادىلنى چاقىرىپ.ئىككەيلەن ئېھتىيات بىلەن قەپەستىكى ئادەمگە ئاستا يېقىنلاشتۇق.ئۇ كىشى بىزگە بۇرلۇپ قارىۋىدى كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم.بۇ كىشى دەل ئەلى ئىدى.

ــ نىمە؟ سىلە بۇيەرگە قانداق كەلدىڭلا ــ دىدى ئەلى بوش ئاۋازدا.

ــ بىز سىنى ئىزدەپ كەلدۇق ــ دىدى ئادىل ھاياجانلىنىپ.ئەلى

بولسا خۇددى بىرى ئاڭلاپ قالىدىغاندەك جىددىي كەيپىياتتا باش بارمىقىنى لىۋىگە يېقىپ:

ــــ شۇش ...! بوشراق گەپ قىل! ئۇ ئاڭلاپ قالمىسۇن. ــ دېدى.

ــ ئۇ؟ ئۇ دىگىنىڭ كىم؟ ــ دېدىم ھەيرانلىقىمنى باسالماي. ئەلى بوش ئاۋازدا:

ــــ بۇ ئالۋاستىنىڭ ئۇۋىسى، ئالۋاستىنى بىلەمسەن گۆش يەيدىغان. ئۇ ناھايىتى قەبىھ. ئۇ يەنە بىر ئۆيدە ئۇخلاۋاتىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى قورسىقى توق ئىكەن. بولمىسا ئاللا قاچان مىنى يەۋەتكەن بولاتتى. سىلە تۈيدۇرماي ئۇنىڭ قولىدىكى ئۇزۇكنى ئېلىۋالالىساڭلا بىز بۇيەردىن ساق سالامەت چىقىپ كىتەلەيمىز ــ دىدى.

ــــ ئۇزۇك؟ ــ دىدۇق ئادىل ئىككىمىز تەڭلا ھەيران بولۇپ.

ــــ شۇنداق ئۇزۇك، ئۇ ئۇزۇك بۇ قەپەسنى ئاچالايدۇ. بۇ قەپەسنى شۇ ئۇزۇكتىن باشقا ھېچنەرسە ئاچالمايدۇ. ھەتتا ئاشۇ خىرۇستال تاشمۇ ئاچالمايدۇ.

ــــ ئۇنداقتا بىز ئۇ ئۇزۇكنى ئالايلى. ــ دىدىمەن ئىمىننى يەردە ياتقۇزۇپ.

ــــ ئۇنىڭغا نىمە بولدى؟ ــ دىدى ئەلى.

ــ ۋاي كىيىن دەپ بېرەيلى. جىم تۇرۇپ تۇر ئۇزۇقنى ئەپچىقايلى. ــ دىدى. ئادىل. بىز مېڭىشقا تەمشەلگەندە ئەلى:

ــ ئىسىڭلاردا بولسۇن! ئۇنى ئويغىتىۋەتمەي ئۇزۇكنى ئالالىساڭلا

ياخشى.ئەگەر ئويغىنىپلا كەتسە ئىش چاتاق. يىشىل خىرۇستال بولمىسا يىڭەلمەيمىز. ـــ دىدى.مەن:

ـــ مانا بۇ قىلىچ! بۇ يىشىل ۋە ئاق خىرۇستال بىرلىشىپ هاسىل بولغان. ـــ دىدىم قىلىچنى كۆرستىپ. بۇنى كۆرۈپ ئەلى ئاچچىقلاپ كەتتى:

ـــ نىمە؟ سەن ئىككى تاشنى نىمىشقا بىرلەشتۈرۈۋەتىسەن؟ بوپتۇ ئەمسە ئەگەر ئالۋاستى ئويغىنىپ كەتسە ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قولىڭدىكى قىلىچنى تىق. ئۇ ئۆلىدى.بىرلەشتۈرۈۋەتمىگەن بولساڭ بىر نۇر بىلەنلا ئۆلەتتى. ـــ دىدى.شۇنىڭ بىلەن بىز ئاستا قەدەم بىلەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ بۇ ئالۋاستى ئۇخلاۋاتقان ئۆيگە كىردۇق. ناهايىتى چوڭ بەدەنلىك بىر مەخلۇق بېشىنى بىر تاشقا قويىغىنىچە ئۇخلاۋاتاتتى.مەن:

ـــ ئۇخلاۋاتقاندا ئالىمىز دىمەي ئۆلتۈرۈپلا ئالايلى.ئەگەر ئويغىنىپ كەتسە ئۆلتۈرمىز دىگىچە بىزنى يەۋەتكۈدەك. ـــ دىدىم.ئادىلمۇ ماقۇل بولدى.مەن ناهايىتى ئاستا قەدىمىم بىلەن ئالۋاستىنىڭ ئالدىغا كەلدىم.ئۇنىڭ چىرايىمۇ شۇنچىلىك بەتبەشرە بولۇپ، ئېغىزىدىن سېسىق پۇراق تارقىلىپ تۇراتتى.ئۇنىڭ كىيۋالغان دۇبۇلغىسىمۇ ناهايىتى چوڭ هەم مۇستەهكەمدەك قىلاتتى.مەن قىلىچنى چىڭ قامallap ئۇنىڭ كۆكرىكىگە مەركەزلىدىمدە كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ كۈچەپ بىرنى تىقتىم. ناهايىتى سەت ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغان ئاۋاز بىلەن

بۇ بەتبەشرە كۆزىنى ئېچىپ ۋارقىرغىنىچە ئورنىدىن تۇردى.قىلىچىمۇ ئۇنىڭ كۆكرىكىدە قالغانىدى.ئۇ بىزگە قاراپ هۆركىرگىنىچە قولىنى سوزدى.

ـــ تېز قاچ ئادىل! ـــ دەپ ۋارقىرىدىم ئادىلغا.ئىككىمىز سىرتقا قاراپ قاچتۇق.مەخلۇقنىڭ بويى ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ ئەمما ناهايىتى سېمىز بولۇپ بەستلىك كۆرىنەتتى.ئۇ بىر قولى بىلەن كۆكرىكىگە قادالغان قىلىچنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ يەرگە ئېتىۋەتتى.

ـــ ئۆمەر سەن ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تىقالمىدىڭمۇ نىمە؟ ـــ دىدى ئادىل ماڭا. مەن:

ـــ ئۇنداق ئەمەس. قارىغاندا قىلىچنى كۈچەپ تىقالماي يۈرىكىنى تېشەلمىگەن ئوخشايمەن. ـــ دىدىم.بۇ ئالۋاستى هەدەپ بىزنى قوغلاۋاتاتتى.قولىغا نىمە چىقسا بىزگە شۇنى ئاتاتتى.مەن بېرىپ قىلىچنى قولۇمغا ئېلىۋالدىم.بۇ ئەسنادا ئادىلنى ئۇ ئالۋاستى تۇتىۋالغانىدى.ئۇ ئادىلنىڭ بېشىنى ئاغزىغا ئەكىلىپ يەۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا مەن چاققانلىق بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ بايا قىلىچ ئۇرغان يېرىگە قايتىدىن كۈچەپ قىلىچ ئۇردۇم.قىلىچتىن چىققان كۈچلۈك نۇر بىلەن بۇ مەخلۇق ناهايىتى ئېچىنىشلىق ۋارقىراپ ئادىلنى تامغا ئېتىۋەتتىدە يەرگە يىقىلدى.هاتاق يېرى مەن ئۇنىڭ تېگىدە باسۇرلۇپ قالغانىدىم.

ـــ ۋايجان تېز مىنى تارتىۋال! بۇ مەخلۇق هەجەپ ئېغىركىنا ـ دىدىم ئادىلغا.ئۇمۇ ئاران ئورنىدىن تۇرۇپ مىنى ئاران بۇ

مەخلۇقنىڭ تېگىدىن تارتىۋالدى. مەن مەخلۇقنىڭ قولىدىن ئۆزۆكنى ئالدىم. مەخلۇقنىڭ بىر بارمىقى مېنىڭ مۇشتۇمدەك بولۇپ ئۆزۆكمۇ شۇنداق يوغانىدى. مېنىڭ بىلىكىمگە سالسامۇ خېلى يوغان كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەلىنىڭ يېنىغا كىردىم.

— ئۆزۆكنى ماڭا بەر — دېدى ئۇ. مەن ئۆزۆكنى ئەلىگە بەردىم. ئۇ ئۆزۆكنى تۇتۇپ قەپەسنىڭ قۇلۇپىغا قارىتىپ بىرنى ئۇرىۋىدى قۇلۇپ چېقىلىپ كەتتى. ئەلىمۇ قەپەستىن چىقتى.

— مەن سىلەگە تۇيدۇرماڭلا دىسەم بىردەمدىلا ئۇنى ئويغىتىۋېتىپسىلەدە — دېدى. دەل شۇ چاغدا بىر نەرسە قارتىللا قىلىپ مۆرەمگە سانجىلدىدە ئاغرىقتىن يىقىلىپ قالدىم. مىكرەمنىڭ ئاغرىقى شۇنچىلىك قاتتىق ئىدى. يىقىلغىنىمدا كۆردۆمكى ئىمىن كەينىمدە تۇرۇپ ھىجىيىۋاتاتتى.....

## 22 ـ قىسىم:پۇتۇكتىكى سىر

ناھايىتى قاتتىق ئاغرىق بىلەن بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچتىم.كۆز ئالدىمدا ئەلى ، ئادىل ۋە ئىمىن ماڭا قاراپ تۇراتتى.مۆرەم ناھايىتى بەك ئاغرىۋاتاتتى.بەدىنىمدە ماغدۇر يوق ئىدى.مەن:

ـــ مەن ...مە...مەن .. نىم بولدۇم؟ ـــ دېدىم ئاجىز ئاۋازىم بىلەن.ئەلى ماڭا:

ـــ ھېچنىم بولمايسەن، تېزلا ساقىيىپ كېتىسەن دەۋاتاتتى.مۆرەم بولسا قولتۇقۇمدىن يۆگىلىپ تېڭىلغان بولۇپ مايكام يوق تۇراتتى.مەن بولغان ئىشلارنى ئەسلىدىم.ئىمىننىڭ ماڭا قىلىچ ئۇرغانلىقىنىمۇ ئەسلىيەلىدىم.مەن:

ـــ ئىمىن، سەن نىمىشقا بۇنداق قىلىسەن! ـــ دېدىم ئىمىنغا، ئىمىن بىچارىلەرچە ماڭا قاراپ تۇراتتى.ئەلۋەتتە ئۇنىڭغىمۇ ئامال يوقتە. ئەمما بۇنچە ۋەھشىيلىشىپ كېتىشىنى كىم بىلسۇن؟ ئەتراپقا قارىدىم.بىز خىسلەتلىك شارقىراتمىنىڭ يېنىدا ئىكەنمىز.

ـــ شارقىراتمىنىڭ سۈيى يارامنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدىمۇ؟ ـــ دېدىمەن. ئەلى:

ـــ ئەلۋەتتە ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ.ئەمما بۇ قېتىم ساڭا قىلىچ سەل چوڭقۇر كىرىپ كەتكەچكە سەل ئاستا ساقىيىشىڭ مۇمكىن.ھېلىمۇ باشقا يېرىڭگە تىقماپتۇ. ـــ دىدى. مەن ھەيران قالدىم. ئەلى كەينىمدە تۇرۇپ ماڭا قىلىچ سالدى.ئۇنىڭ سول

مەيدەمگە تىقىپ مىنى بىراقلا ئۆلتۈرۈش پۇرستى تۇرۇپ يەنە نىمىشقا ئۇك مۆرەمگە قىلىچ سالغاندۇ؟ مەنچە بۇ ھەرگىزمۇ تاساددىبىلىق ئەمەس.ئەجەبا بۇ ئىشتىمۇ ئەرۋاھلارنىڭ قولى بارمىدۇ؟ ئەگەر راستلا شۇنداق بولسا ئەرۋاھلار نىمىشقا ئىمىن ئارقىلىق مىنى كۆزدىن يۇقاتمايدۇ؟ ئۇلارنىڭ مەندىن ئالىدىغان ياكى تەلەپ قىلىدىغان نەرسىسى بارمۇ؟

بىز بۇيەردىن ساق سالامەت چىقىپ كىتەلەمەسمىزمۇ؟ ئاھ خۇدا!

ـــ نىمىنى خىيال قىلىۋاتىسەن؟ ـــ ئەلىنىڭ بۇ گىپى مىنى خىيالدىن توختاتتى.

ـــ ھە ... ھىچنىمە! ھەراس ئەلى، سەن ئۇ ئالۋاستىنىڭ يىنىغا قانداق بىرىپ قالدىڭ؟ كۆزۈمنى چۈشۈپ كىتىپمۇ مەن ھىچنىمە بولماپتىمەن، بۇ نىمىش؟ ـــ دەپ سورىدىم.ئەلى:

ـــ ھە ئۇ ۋاقىتتا قىزىل رەڭلىك خىرۇستالنىڭ كۈچىدىن پايدىلانغاندىم.كىيىن ئۇيەرگە چۈشۈپ ھۇشۇمدىن كىتىپتىمەن.ئەمدى ئويغىنىشىمغا ھىلىقى مەلۇق چىقىپ قالدى.ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقان بولسامىمۇ مەن ئۇرۇق بوغاچ تەك كىلەلمەي تۇتىلىپ قالدىم شۇ. ئۇ سىنى كۆمىدىمۇ تاڭەي سىنى ئاماي مىنى كۆترىپ ماڭدى دىسە.ـــ دىدى.بۇ گەپ مىنى تىخمۇ ئويلاپ قالدىم.دىمەك ھەقىقەتەن ئەرۋاھلار بۇ ئىشقا قول تىقىپتۇ.ھەي!

ـــ ئەلى. ئىنىڭنىڭ خاتىرىسىنى چىقىرە ئەمدى ئوقۇسام بولا! ـــ

دىدىم بەزى ئىشلانىڭ تېگى تەكتىنى بىلىش مەقسىتىدە .
ــ بولىشىغۇ بولىدۇ.بىراق تولۇق ساقايدىڭمۇ يوق؟ ــ دىدى ئەلى .مەن:
ــ يىشىل رەڭلىك خىرۇستالنى قولۇمغا ئالغانتىم .كىيىن ئىككى تاش قىلىچقا ئايلانغاندىن تارتىپ هازىرغىچە مەندە خىيالى تۇيغۇ ياكى غەيرى ئەهۋال كۆرۈلمىدى . ــ دىدىم .
ــــ يىشىل خىرۇستالنىڭ نۇرى ساڭا چۈشكەنمۇ؟
ــــ قىلىچقا ئايلانغاندا چىققان نۇر چۈشكەن .
ــــ هە ئەمسە ناهايىتى ياخشى.خىرۇستالنىڭ كۈچلۈك نۇرىلا ساقايتالايتتى .دىمەك ساقىيىپسەن .ئالا ئوقۇپ باق .ــ ئەلى شۇنداق دىگىنىچە خاتىرىنى ماڭە بەردى.مەن خاتىرىنى قولۇمغا ئېلىشىمغىلا يىنىككىنە شامال مىنى سىيپاپ ئۆتۈپ كەتتى .مەن خاتىرىنىڭ بېشىنى ئاچتىم .خاتىرىدىكى رەسىم ۋە پۈتۈك (هېلىقى ئەرۋاهلار يېزىقىدا يېزىلغان ئىككى بەتنى دىمەكچى)تىن باشقا هىچقانداق خەت يوق ئىدى.هەممە بەتنى ئاچتىم بىراق ئاپپاق تۇراتتى .مەن جىددىيلىك بىلەن ئەلىگە خاتىرىنى كۆرسەتتىم .ئەلى بۇنى كۆرۈپ هەيرانلىقىدىن ئولتۇرغان جايىدىن تۇرۇپ كەتتى.سىنچىلاپ قارىدى.ئاندىن ئەتراپقا قارىۋەتكەندىن كىيىن ئاچچىق بىرنى كۈلگىنىچە ماڭا:
ــــ ئۆلگۈر ئەرۋاهلارنىڭ ئىشى بولمامدۇ بۇ.ئۇلار هەرۋاقىت يېنىمدىلا.خەتنى كۆرۈنمەس قىلىپ قويۇپتۇ . ــ دىدى .مەن:

ـــــ ئۇنداقتا ۋاقىتنى چىك تۇتۇپ يولىمىزنى داۋام قىلىپ كىتىپ قالايلى .ئولتۇرىۋەرسەك چاتاق بولىدۇ . ـــ دىدىم .ئادىل:

ـــ ئەمدى نىشانىمىز قاياق؟ ـــ دىدى .

ـــ ئەمدىكى نىشانىمىز ئەرۋاھلار قەلئەسى .ـــ دىدىم .

ـــ توغرا، شۇ قەلئە ئارقىلىقلا چىقىپ كىتەلەيمىز. ـــ دىدى ئادىلمۇ گىپىمنى تەستىقلاپ. بىراق شۇندىلا بىر ئىش ئىسىمگە كىلىپ قالدى .

ـــ توختاڭلا، خاتىرىدە ئەرۋاھلار قەلئەسىنىڭ دەرۋازىسى بۇ كىرىش ئىشىكى چىقىش ئىشىكى ئەمەس دەپ يىزىلغانىكەن . بىز زادى قانداق قىلىشىمىز كىرەك؟ ـــ دىدىم .ئەلى:

ـــــ ئۇ ۋاقىتتا ئوقۇغىنىڭ ھەقىقىي مەزمۇن ئەمەس .شۇڭا ئىشەنمەسلىكىمىز كىرەك . ـــ دىدى .

ـــ ئۇنداقتا سىنىڭ پىلانىڭ بارمۇ؟ توغرا سەن خاتىرىنى تولۇق ئوقۇغانغۇ بىز قانداق كىتەلەيمىز بىلەسەن؟

ـــ بۇ..بۇ نىمە دىگىنىڭ . مەن خاتىرىنى يادلىۋالمىسام . قىسمەن يەلىرىنى بىلمەن شۇ .قانداق چىقىپ كىتىش ھەققىدىكى ئىغلار ئىسىمدە يوق .

ـــ نىمە؟ سەن ئۇ خاتىرىنى كەم دىگەندە ئىككى ئۈچ قىتىم ئوقۇغانسەن؟

ـــ شۇنداق قايتىلاپ ئىككى قىتىم ئوقۇدۇم .بىراق ئىسقمدە يوق .بۇ ئەرۋاھلارنىڭ چاڭگىلى تۇرسا ئۇلار خاتىرىدىكى مەزمۇننى

كۆرەلمەس قىپ قويۇپ تۇرۇپ مىنىڭ بىلىدىغانلىرىمنى ئۇنتۇلدۇرالماسما بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك يېرى يوق.

ــــ كىلىدىغاننى كىلىپ كىتەلمەيمەن دىگەن قانداق گەپ ئۇ ــــ دىدى بايىدىن بېرى گەپ قىلماي جىملا تۇرغان ئىمىن گەپكە ئارىلىشىپ.ئەلىنىڭ ئاچچىقى كەلدىدە:

ــــ سىنىڭ ياخشى ئامالىڭ بارمىدى؟ ــــ دىدى.ئىمىن:

ــــ قولۇڭلاردا تۆت خىرۇستال تاش تۇرسىمۇ شۇنىڭ خىسلىتىدىن پايدىلانامىسلار؟ ــــ دىۋىدى ئاغزىمىز تۇۋاقلىنىپلا قالدى.ئاچچىقتا ھەممىمىز بۇ تاشلارنى ئۇنتۇپ قاپتىمىز.

ــــ تاشنى قانداق قىلىپ بىزنى ئۆيگە ئاپارغۇزالايمىز؟ بىزنى ئۆيگە ئاپار دەپ بۇيرۇق بەرسەكلا بولامدۇيا ــــ دىدىمەن ئەلىگە قاراپ. ئەلۋەتتە تاشنىڭ خىسلىتىنى ئەلى ھەممىمىزدىن بەكەرەك بىلىدۇ.

ــــ نىمىشقا ماڭا قارايسەن؟ ــــ دىدى ئەلى ئوڭايسىزلىنىپ.

ــــ سەن بۇ ھەقتە بىرنىمە بىلەرسەن. ھازىر بىزنىڭ بۇيەر ھەقتە بىرنەرسىگە ئېرىشىدىغان ئەك مۇھىم بولغان خاتىرىمىزغا قارا، قولىمىزدا بۇ تاشلا بار.ئەلۋەتتە سەن خاتىرىنى ئوقۇغان. ئەرۋاھلارنىڭ سىنىڭ خاتىرەڭنى يۇيۇۋىتىشىدىن ئىلگىرى تېزراق ئامال تاپ.ــــ دىدىم ئۇنىڭ كاللىسىغا نۇقۇپ.ئۇ:

ــــ بىزنىڭ بۇيەردىن چىقىپ كىتەلىشىمىز بەك مۇشكۇل.چۈنكى قولىمىزدا كۈمۈش شەمشەر يوق.بۇ تاشلارغا كەلسەك قانداق قىلساق ئاندىن چىقىپ كىتەلەيمىز بىلمەيمەن. ــــ دىدى.شۇ تاپتا

قولۇمنىڭ ئاغرىقىغا بۇ ئىش قوشۇلۇپ مېڭەمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى. شۇ دەقىقىدە تۇيۇقسىز كاللام يورۇپ كەتتىدە بىر ئامال تاپتىم.

ـــ ئادىل! ھېلىقى تاشنى ئەكىلە.ھېلىقى غار ئادەملىرى ساڭا بەرگەن ئەرۋاھ يېزىقىنى ئۇيغۇرچە كۆرستەلەيدىغان تاشنى دەيمەن. ـــ دىدىم.ئادىل ماڭا يۇمىلاق ھەم سۈزۈك كەلگەن بىر تاشنى سۇندى.تاشنى ئالدىمدە سەلىمنىڭ خاتىرىسىنىڭ مۇقاۋىسىدىكى چوڭ ئەرۋاھلار يېزىقىدىكى خەتكە تۇتتۇم.بىرئازدىن كىيىن تاش خۇددى سۇدەك چەمبەر بولۇپ بارغانچە سۈزۈلۈپ ئاستىدا «خىسلەتلىك پۈتۈك»دىگەن خەت كۆرۈندى.بۇ خەتنىڭ مەنىسىنى بىلىپ تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كىتىۋاتاتتىم.خاتىرىدىكى پۈتۈك بار يەرنى ئېچىپ تاشنى خەتكە تۇتۇپ ئاستا سىيرىدىم.مەزكۇر ئىككى بەتتىكى ئەرۋاھلار يېزىقىدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلارنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ياراتقۇچىنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. ئۇ ئەڭ كىرەملىكتۇر. بارلىق مەخلۇقاتقا مېھرىباندۇر.ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ ئوتتۇرسىدىكى ھەرقانداق بىر ئىشنى بىلىپ تۇرغىدۇر.

تەڭرىمىزگە شۈنداق ئىلتىجالارنى قىلىمىزكى بىشىمىزغا چۈشكەن ھەربىر جەبىر جاپا، مۈشكۈل، قىيىن ئىشلار ھەممىسى ئۆز تەغدىرىمىزگە پۈتۈلگەن.ھەم ھەممىسى تەڭرىنىڭ سىنىقى

بولغانلىقى ئۈچۈن ئاجىز بەندە ھېچقانداق ئىش قىلالمايمىز.بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىز سىرتقى دۇنيا ئوتتۇرسىدىكى تىلسىملىق قۇۋۇق بىلەن ئايرىپ، شۇنچىلىك گۈزەل، بېھىش كەبى ھۇزۇرلۇق، بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭكىدىن تولىمۇ چىرايلىق قىلىپ يارىتىپ بەرگەن تەڭرىمىزگە مىڭ شۈكۈرلەرنى ئېيتىمىز.ئەلۋەتتە بىز گۇناھكار بەندىلەر ئۆزىمىزنى سورىمىدۇق، گۇناھ ئىشلاردىن، ھارامدىن ساقلىنالمىدۇق.بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتلەر بۇ دۇنيادا قىلغان دۇناھلىرمىزنىڭ جازاسى بولىشى مۇمكىن.ھەربىر جانىگىسىنىڭ ئۆز جېنىنى قوغداش زىيان زەخمەت يىتىشتىن ئەنسىرەش بۇ نورمال ئەھۋال بولىش سۈپىتى بىلەن ھەربىرمىزنىڭ ئەۋلادى قۇرۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك تەڭرىمىزگە ئىلتىجا قىلىمىز.ئۇنىڭدىن پاناھلىق تىلەيمىز. تەڭرىمىز ئۆزى ياراتقان ھەربىر مەخلۇقاتقا مېھرىبان. ئەلۋەتتە گۇناھ سادىر قىلىپ غەزىپىنى ئۆرلەتمىسەك. ئۆزىمىزنىڭ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بولغان مۇشۇنداق بىر گۈزەل شەھىرىمىزگە ئەرۋاھلاردەك تەڭرىنىڭ ئاجايىپ سىرلىق مەخلۇقنىڭ قارا قولى سۇنۇلدى. ھەر بىرىمىزنىڭ ئۇرۇش جىدەل قىلىشى، بايلىقنى دەپ قان تۆكىشى، تۆھمەت، ئاھانەت ۋە ھاقارەت قىلىشى، تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى كۆپ بولغانسىرى ئۆزىنى يۇقىتىپ، ئاجىزلا بىر بەندە ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتقانلىق سەۋەبى ئۆزىمىزدىن كۈچلۈك دۈشمەنلەرگە بېسىلدۇق.ئەشۇ قارا قوللاردىن پاناھلىق تىلەيمىز.

ئەرۋاھ ـــ ئۆزى ئاجايىپ سىرلىق مەخلۇق بولۇپ قولى ۋە كۆزىدىن باشقا يېرىنى كۆرۈپ باقمىدۇق. ئۆزىمىزنىڭ نەسلەتلىك قورالىرىمىز ئارقىلىق تەك بولالمىدۇق.شامالدەك يۇشۇرۇن يۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلىيەلەيدىغاندەك قۇدرىتى، ئىنسانلارنىڭ تىنى بىلەن بىرلىشىشى، ئۆزىنىڭ غايىپ كۈچلىرى ئارقىلىق زومىگەرلىك قىلىشى بىزدەك ئاجىزلارغا ھەقىقەتەن زور بولۇپ كەتتى. بىزنى قىينىشى، ئۆز يېقىنلىرىمىزنى كۆز ئالدىمىزدىلا ۋاھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنىڭ بىر ئەزاسى قىلىۋېلىشىغا قاراپ تۇرالمىدۇق.ھەممىمىز شۇ ئەرۋاھلارنىڭ ماكانىمىزدىن چىقىپ كېتىشىنى تىلەيمىز. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تىلىگەن تىلىكىمىز «خىسلەتلىك پۈتۈك»تە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ شۇ ئەرۋاھلارنى بىزگە يېقىن كەلتۈرمەسلىكىنى تىلەيمىز.پۈتۈك تەڭرىنىڭ بىزگە قىلغان ئىلتىپاتىدۇر.

بۇ پۈتۈكنى قولغا چۈشۈرۈپ ھەقىقى سىرىنى بىلگەن كىشى شۇ ۋاقىتتى باشلاپ پۈتۈكنىڭ كۈچىدىن بەھرىلىنەلىشىنى تىلەيمىز.

ئەرۋاھلارنىڭ پۈتۈك بولۇنغان جايدا ئاجىزلىشىپ كېتىشىنى، ئوقۇلغان جايدا قىينىلىشىنى ۋە پۈتۈك بولۇنغان كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەسلىكىنى، خاسىيەتلىك تۆت خىرۇستالنىڭ كۈچىنىڭ پۈتۈك تۇتۇلغان كىشىگە كار قىلماسلىقىنى، پۈتۈك بولۇنغان كىشىنىڭ خىسلەتلىك شارقىراتمىدا ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەيمىز.بۇ پۈتۈكنىڭ پەقەت ۋە پەقەت تەڭرىنىڭ

ئىلتىپاتى سۈپىتىدە بىزدەك گۇناھكار بەندىلەردىمۇ ئوخشاشلا تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن پۈتۈك ۋاستە بولىشنى تىلەيمىز. ھەقىقەتەن ئەرۋاھ ئۇ بىزگە بىركۈلپەت بولدى.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئەڭ كەرەملىك ياراتقۇچىنىڭ نامى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن.

بۇ پۈتۈكنىڭ ئاساسى مەزمۇنىنىمۇ بىلىپ بولدۇق.ئەمما بىزنى بۇيەردىن ئېلىپ چىقالىغۇدەك ھېچ بىر يىپئۇچى يوق ئىدى.

ــــ چاتاق بولغۇدەك. ــــ دىدىمەن. ھەممەيلەن ئاغزىمغا قاراپ قېلىشتى. ــــ بىز خىرۇستال تاشنىڭ كۈچىنى ئىشلىتەلمىگۇدەكمىز. ــ دىدىم.

ــ نىمە؟ نىمىشقا ئەمدى؟ بىز باشتىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كىلىۋاتىمىزغۇ؟ ــ دىدى ئادىل ھەيران بۇلۇپ.

ــــ پۈتۈكنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇپ بەردىمغۇ دىققەت قىلمىدىڭما؟ بۇ پۈتۈك بىلەن خىرۇستال تاش ئۆز ئارا دۈشمەن ئىكەن.يەنە كىلىپ پۈتۈكنىڭ سىرىنى بىلىپ قالساق ئاندىن كۈچى بولىدىكەن.بىزدە بۇ خاتىرە بولسىلا ئەمدىدىن باشلاپ بىز خىرۇستال تاشنىڭ خاسىيتىدىن پايدىلىنالمايمىز.

ــــ نىمىدىگەن ئەسىقانىلىق بۇ؟ قولىمىزدا شۇنچە قۇدرەتلىك نەرسە تۇرسىمۇ شۇنىڭدىنمۇ ئوبدان پايدىلىنالمىساق نىمە دەيمىز بۇ ئىشنى ئۇۋ .. ــــ دىدى ئادىل ئاچچىقلاپ.

ــــ خاتالاشتىڭلار! ــــ دىدى ئىمىن. ئۇنىڭ بۇ دىيىشىدىن ھەممىمىز

كۆزىگە قاراپ جاۋاپ كۈتىۋاتاتتۇق. ئۇ:

ـــ خاتىرە بىلەن خىرۇستال تاش ئۆز ئارا زىت بولسا بۇ ئېنىقلا يالغان. خاتىرىدىكى پۈتۈك ئەرۋاھلارنىڭ پۈتۈك پۈتكەن كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەسلىكى ئۈچۈن پۈتۈلگەن تۇرسا خىرۇستال تاش بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى؟

ـ ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ خىرۇستال تاشلار ئەرۋاھلارنىڭ خىسلەتلىك نەرسىسى تۇرسا ئەلۋەتتە ئۇ ئارقىلىق ئادەملەرگە زىيان سالىدۇدە. شۇڭا شۇنداق يېزىلغان.

ـــ ئادەملەر خىرۇستالنى قولغا چۈشۈرەلىشى مۇمكىن ئىدىغۇ؟ سەلىم يالغۇز جېنىدا قولغا چۈشۈرگەن تۇرسا.

ـــ سەن زادى نىمە دىمەكچى. گېپىڭچە پۈتۈكنىڭ مەزمۇنى ئۆزگەرتىلدى؟

ـــ ئۇنداقمۇ ئەمەس.پۈتۈكنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.ئەما بىزنىڭ كۆزىمىز خاتىرىنىڭ مەزمۇنىنى كۆرەلمەيدۇ.ئەلۋەتتە ئەرۋاھلارمۇ پۈتۈكنىڭ مەزمۇنىنى بىزگە باشقىچە كۆرسەتكەن بولىشى مۇمكىن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ـــ ئىمىن توغرا دەيدۇ.ـــ دىدى ئەلىمۇ. بەلكىم راستىلا شۇنداق نولىشى ئېھتىمالغا يېقىن.

ـ بولىدۇ.ئۇنداقتا بىز يەنە باشتىكى تىمىغا كىلەيلى! بۇيەردىن قانداق كىتىمىز؟

ـ بۇيەردىن كىتىش ئۇنچە تەس ئەمەس.بىز يەنىلا شۇ ئەرۋاھلار

قەلئەسگە كىرىمىز. ـــ ئىمىن شۇنداق دىۋىدى.ھەممىمىز ئۇنىڭغا ھاڭ تاڭ قالدۇق.ئۇنى بۇددى تۇنجى قېتىم كۆرىۋاتقاندەك قاراۋاتاتتىم.مەن:

ـــ سە ... سە..ن ئەرۋاھلار قەلئەسىنى قانداق بىلىسەن؟ ـــ دىدىم. ئىمىن خاتىرىسىنى پۇتۇنلەي يۇقاتقان ئەمەسمۇ؟ قانداق بۇلۇپ بۇ ئىشلارنى بىلىدۇ؟

ـــ بۇ نىمە دىگىنىڭ؟ مەن ئەلۋەتتە بىلىمەندە. بىز ئۇيەرگە بىللە بارغانغۇ ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ ـــ دىدى. بۇ گەپلىرى تېخىمۇ بەك ھەيرانلىقىمىزنى قوزغىدى.ئەجەبا ئىمىننىڭ خاتىرىسى راسلا ئەسلىگە كەلگەنمىدۇ؟ مەن قانداق قىلىمىز دىگەن مەنىدە ئادىل بىلەن ئەلىگە قارىدىم.ئادىل:

ـــ سىنىڭ خاتىرەڭ ئەسلىگە كەلدىما؟ كەچمىشىڭنى ئەسلىيەلىدىڭمۇ؟ ـــ دىدى. ئىمىن:

ـــ شۇنداق! ـــ دىۋىدى.ئەلى مىنى بىرياققا تارتىپ بوش ئاۋازدا:

ـــ بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ئۇنىڭ كىسىلى ئېغىرلىششىتە يوق ياخشىلىنىپ كىتىۋاتىدۇ.ئاڭلىمىدىڭمۇ گەپلىرىنى.بىزنى قەلئەگە ئاپارماقچى.ئۇ چۇقۇم بىزنى بابلىماقچى بەلكىم.بۇمۇ ئەرۋاھلارنىڭ ئۇيۇنى بولسا كېرەك. ـــ دىدى. مەن:

ـــ مەن زادى چۈشەنمىدىم.ئەرۋاھلار زادى بىزدىن نىمىگە ئېرىشمەكچى. ئادىل ماڭا تۇت خىرۇستال جەم بولسا ئەرۋاھلار تىرىلىدۇ دىگەن.نىمىشقا قولىمىزدىن تارتىۋاپلا تېرىلىۋالمايدۇ؟

بىزگە نىمىشقا بۇنداق يالغان ۋەقەلىكنى بىلدۈرىدۇ؟ نىمىشقا بىزنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيدۇ؟....

ـــــ نولدى قىلە نىمانداق جىق نىمىشقا بۇ. مەنمۇ بىلمىدىم.ئىشقىپ بىز تۆت تاشنى جەم قىلمايلا بۇيەردىن كىتىپ قالايلى.ـــ دىدى ئەلى گىپىمنىڭ بىلىگە تىپىپ.

ـــــ ئەجەبا ئەرۋاھلارنىڭ بىرەسى ئىمنىنىڭ تىنىگە كىرۋالغانمىدۇ؟

ـــ دىدىم ئەجەبلىنىپ.بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەلىنىڭ چىرايى تاترىپ كۆزى مۆلدۈرلەپ كەتتى.

## 23 ـ قىسىم: ئەرۋاھلار قەلئەسىگە قايتىش

ـــــ ئەگەر راسلا شۇنداق بولسا مىش چاتاق دىگەن گەپ.ـــــ دىدى ئەلى.

ـــــ قانداق قىلساق بۇلا؟...

ـــــ هەي نىمىگە كۇسۇرلىشۋاتىسىلە ـــ ئادىلنىڭ گىپىدىن دەرهال سۆزۈمنى توختاتتىم.

ـــ هە هىچنىمىگە... بىز ... ـــ نىمىشقىكىن يۈرۈكۈمنى بىردىنلا ئەنسىزلىك قاپلىۋالدى. گەپلىرىمىمۇ قولاشماي كىكەچلەپ قالدىم.ئاڭغىچە ئەلى ئالدىمغا ئۆتۈپلا:

ـــ هە مەنچە بىز راسلا قەلئەگە بارايلى. قولىمىزدا خىسلەتلىك تاشلارمۇ بار.بىز چۇقۇم شۇ يولدىن كىتىپ قالالايمىز. ـــ دىدى.

ئۇنىڭ بۇ گېپى ئازراق ھەيرانلىقىمنى قوزغىدى. ئەلى گېپىنى تۈگىتىپلا ماڭا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.ئۇنىڭ كۆزىنى قىسىپ قويۇشىنىڭ ھېچبىر نىمىنى ئىپادىلىمەيدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنەلمىدىم. ئارلىقتا ئەلى ئىمىننى گەپكە سېلىپ باقماقچى بولدىمۇ ئىمىندىن قەلئەگە قانداق بارىمىز؟ دەپ سورىدى.ئەمەلىيەتتە ھەممىمىز قەلئەگە بارىدىغان يولنى ئېنىق بىلەتتۇق.چۈنكى قەپئەدىن مۇشۇيەرگە كەلدۇق ئەمەسمۇ. ئىمىن:

—— بۇنى نىمىشقا مەندىن سورايسىلەر؟ ھەممىڭلا بىلىسىلەرغۇ؟ ئەجەبا مەندىن گۇمان قىلىۋاتقان ئوخشىمامسىلەر؟ —— دىدى ئىمىن تەرىنى تۈرۈپ.

—— ھە ئۇنداق ئەمەس.شۇ جىددىيچىلىكتە تازا ئېنىق يادىمدا يوق شۇڭا سوراپقاپتىمەن. —— دىدىدە چاندۇرماستىن ئۆزىنىڭ ئۇنتۇپ قالغانلىق گېپىنى يورغىلىتىپ يەنە مەندىن سورىدى.مەنمۇ كەلگەن يېرىمنى ئىما قىلدىم.شۇنداق قىلىپ بىز تەييارلاندۇق. يەنە شۇ زۇلمەتنىڭ دەرۋازىسى بولغان «ئەرۋاھلار قەلئەسىگە»قاراپ مېڭىش ئۈچۈن تەييارلاندۇق.

ئۇيەردە تاساددىبى يارلىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ قالسا تېزراق ساقىيىش ئۈچۈن خىسلەتلىك شارقىراتمىنىڭ سۈيىنى سۇدانلىرىمىزغا تولدۇرۋالدۇق.

—— مەندە يىگۈدەك ياكى ئىچكۈدەك ھېچنىمە قالماپتۇ.—— دىدى ئادىل سومكىسىنى ئاختۇرغاچ.

ـــ ھېچقايسىمىزدا قالمىدى.ھېلىمۇ قايتماقچى بولىۋاتىمىز.ئاللا خالىسا ئەتىگىچە ئۆيگە كىرىپ بولىمىز. ـــ دېدى ئەلى. ئىمىن ئەلىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا:

ـــ ئەتىگىچە؟ بۇيەردە كېچە كۈندۈزنى پەرق قىلغىلى بولمىسا ئەتە بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەتتىڭ. كىم بىلىدۇ شۇيەردىلا ئۆلەمدۇق تېخى.ـــ دېۋىدى ئەرۋاھىم ئۇچۇپ ئۇنىڭغا ۋارقىرىدىم:

ـــ نىمە دەپ جۆيلىۋاتىسەن.ھە دىسە باتۇرلۇق، قورقماسلىق پەلسەپىسىنى سۆزلەيسەن.ئەمدىلىكتە ئۆلىمىز دەيسىنا ئۆزەڭ ئۆلەسەن.ـــ دىدىم.بۇ گېپىمدىن ئىمىن «ھىم!»دەپلا كۈلۈپ قويدى.

بىز شارقىراتمىغا كىرگەن تاغدىكى ھېلىقى تونىلىسمان ئۆڭكۈرگە كىردۇق.ئالدىنقى قېتىممۇ بۇيەردە بىر ئەرۋاھقا ئۇچۇرغاندۇق.يەنە چىقىپ بىزنى ئاۋارە قىلىپ يۈرسە تەييارلىقسىز قالماسلىقىمىز ئۈچۈن قوللىرىمىزدا قىلىچلىرىمىزنى مەھكەم تۇتۇپ تۇشمۇتۇشتىن بۇلۇپ ماڭدۇق.بۇيەر شۇنچىلىك قاراڭغۇ ئىدى.پەقەت ئالدى تەرىپىمىزدىكى چىقىش ئېغىزىدىن ئازراق يورۇقلۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.ياندۇرغۇدەك قولچىراقلىرىمىزنىڭ توكى يوق.ياكى قولىمىزدا مەشئەل يوق. كىچىك ھەم تېز قەدەملىرىمىز بىلەن ئۇدۇل نىشانغا قاراپ ئىلگىرلىمەكتە ئىدۇق.شۇ تاپتا توساتتىنلا بىرياقتىن ھېلىقى مەخلۇق چىقىپ كاپلا مۆرەمدىن تۇتىۋالىدىغاندەكلا تۇيغۇ بولىۋاتاتتى. ئەتراپ قاراڭغۇ ھەم

ناھايىتى سۈرلۈك بولغاچقىمۇ سەل قورقۇۋاتاتتىم.كۆزۈمگە يەردە خۇددى ئۆلۈك موردىلار ياتقاندەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.مېڭىۋاتىمىز، مېڭىۋاتىمىز.بۇيەردىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىمۇ ئازلا قالغاندى.شۇ ئەسنادا مەن ئەنسىرگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى.تۇيۇقسىزلا ئەتراپىمىزدىن شەپە چىقىشقا باشلىدى.خۇددى ئالدىنقى قېتىمغا ئوخشاش ئۇياقتا بۇياقتا بىرنىمە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تىۋىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.تۆتىمىز قىلچىلىرىمىزنى چىڭ تۇتقىنىمىزچە بۇ مەخلۇقنى كۆزەتمەكچى ئىدۇق.تۇيۇقسىزلا ئادىل «ۋايجان! »دىگەن ۋارقىراش بىلەن كەينىگە يىقىلدى.قارىغاندا ئۇنى بىرى ئۇرغاندەك قىلاتتى.ئەھۋال ناھايىتىمۇ جىددى.چاتاق يېرى قولىمىزدا ھېچقانداق يورۇقلۇق يوق. بۇنداق تۇرىۋەرسەك بۇ غاردىن چىقىپ كېتەلمەيمىز.شۇ ھامان:

ـــ ھەممەيلەن چىقىش ئېغىزىغا قاراپ يۈگرەيلى.بىرىمىزمۇ قالماي، ھېچقانداق تەرەپكە قارىماي يۈگرەيلى! ـــ دەپ ۋارقىردىمدە شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم.ئالدىمدا نىمە بار نىمە يوق بىلگىلى بولمايتتى.پەقەت شۇ چىقىش ئېغىزى تەرەپتىن كەلگەن ئاجىز نۇرلا بار ئىدى.مەن شۇ تەرەپكە قاراپ توختىماي يۈگۈردۈم.ئەمما يۈگۈرگەنچە ناھايىتى ھاسراپ ھېرىپ كەتەتتىم.خۇددى مەن جىملا تۇرغاندەك ئۇ تەرەپكە ھېچ يېقىن كېلەي دىمەيتتىم.شۇنداقتىمۇ توختىماي يۈگرەۋاتىمەن.شۇ تاپتا

قانداقتۇر بىر كۈچ مېنى كەينىمگە تارتىۋاتقاندەكلا بولىۋاتاتتى.مۈرەمنىڭ ئاغرىقى قوشۇلۇپ پېشانەمدىن تۆتۈن چىكەتتى. شۇ ئەسنادا بىرسىنىڭ «ئۆمەر! تېز يۈگۈر! تېز! »دىگەن ئاۋازىنى بىلىنەر بىلىنمەس بوش ئاڭلاپ قالدىمىۇ كاللامغا تەككەن قاتتىق بىر كۈچ بىلەن يىقىلىپ قالدىم.ھۇشۇمدىن كەتمىگىنىم بىلەن مېڭەم قوچىلىپ كەتكەندەكلا ئېلىشىپ ئاغرىۋاتاتتى.ئوڭ تەرىپىمدە بىر نۇر (چېقىش ئېغىزى)سول تەرىپىمدە بىرى تۇراتتى.ئاھ خۇدا! مەن كاللامغا تەگكەن بىر تاياق بىلەن قايسى تەرەپتىن كىرگىنىمنىمۇ بىلەلمەيۋاتاتتىم.ئىككى تەرەپنىڭ مەن بىلەن بولغان ئارلىقىمۇ تەپمۇ تەڭ ئىدى.كاللام ئاغرىپ زادى قايسى تەرەپتىن كەلگىنىمنى بىلەلمەيۋاتاتتىم.شۇ ئەسنادا كۆز ئالدىمدا ئىككى كىز چاقنىدى.قاراڭغۇلۇق پەقەت ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان قىپقىزىل كۆزىنىلا كۆرستىپ تۇراتتى. ئۇ ماڭا ئاستا يېقىن كەلدىدە بوش ئاۋازدا:

—— ئاز قالدى! ئازلا قالدى! سەنمۇ كۆرۈپ قالىسەن ئىنسان بالىسى، ئۆز قولۇڭ بىلەن مېنىڭ دەۋرىمگە يول ياسايسەن. ھا ھا ھا! ——

دەپ رەزىللەرچە كۈلۈپ كەتتىدە يەنە غايىپ بولدى.شۇ چاغدىلا مەن ئوڭ تەرىپىمدىن مېنى ئەلىنىڭ چاقىرۋەتقانلىقىنى ئاڭلاپ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدىمدە بۇ لەنىتى غاردىنمۇ چىقىۋالدىم.ئەمما بىر ئىش پەقەت كاللامدىن ئۆتمەيۋاتاتتى. بۇ ئەرۋاھ زادى مەندىن نىمىگە ئېرىشمەكچىدۇ؟ نىمىگە ئازقالغاندۇ؟ سەن مېنىڭ دەۋرىم

ئۇچۇن يول ياسايسەن دەيدىيا؟ بۇ زادى نىمە دىگىنىدۇ؟ ئەجەبا ..! ئەجەبا مەن راسلا ئەرۋاھلارنى تىرىلدۈرەمەنمۇ؟ ياق! مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن. ئازقالدى؟ زادى نىمىشقا ئازقالغاندۇ؟

كاللامدا مۇشۇنداق تۇگىمەس ۋە جاۋاپسىز سوئاللار پىرقىرماقتا ئىدى.بىز بولساق ھېلىقى بۆرە بىلەن تۇتۇشقان جايغا قاپ ئىلگىرلىمەكتە ئىدۇق. شۇيەرگە بارساق ھېلىقى يوغان تاش ئىچىگە كىرىپ يەنە شۇ ئۆلگۈر بۇزلۇپ كەتكەن قىلتاقتىن يەنە شۇ ئارغامچا بىلەن ئۆتسەك، ھېلىقى كەپىگە كىرسەك، ئاندىن قەلئە ئاستىدىكى شەھەرگە كىرەلەيمىز.شۇ شەھەر ئارقىلىق قەلئەگە كىرىپ ئۇيەردىن چىقىپ ئەرۋاھلار ئورمانلىقىنى بىسىپ ئۆيىمىزگە كىتىشنىلا ئويلاپ ئۇنىسىز ماڭماقتا ئىدۇق.ئەمما بىزنىڭ باش ئاغرىق مەسىلىمىز بولسا ھېلىقى كەپە. ئىلگىرمۇ شۇ كەپىگە كىرىپ قېلىپ ئاستىدىن ئوت،لاۋا كۆيۈپ تۇرىدىغان قىلتاققا دۇچار بولغان. ئۇ شۇيەردىن شۇ كەپە ئارقىلىقمۇ چىقىپ كىتەلمىگەن تۇرساق.ئەمدىلىكتە ئەشۇ ئىمىنىنىڭ گىپى بىلەن ئۇنىڭ «كىرگەنىكەنمىز، چۇقۇم چىقىپ كىتەلەيمىز. »دىگەن گىپى بىلەن باسقان ئىزىمىزنى قايتىلاپ مېڭىۋاتاتتۇق.ئەلۋەتتە ئۇيەردىن كىتەلمەي قالساقمۇ ھەر ئىشتا بىر ھېكمەت بار ئەمەسمۇ! شۇڭا يەنىلا ئامالسىز يولىمىزنى داۋام قىلىۋاتىمىز.قولىمىزدىكى ئەگگۈشتەرلەرمۇ بىزنى قوغدىيالايتتى.

خېلى ماڭدۇق.ھېرىپ ھالىمىزمۇ قالمىغانىدى.نەچچە ۋاقتتىن

بىرى ھېچ ھېرىش ھېس قىلمىغان.نىمىشقىكىن ئەمدىلىكتە بەكلا ھېرىپ كېتىۋاتاتتۇق.ئۇ چاغدا قانچە سائەت مېڭىپ باسقان يول بولغۇيدى. بىز ماڭغىلىمۇ 6 ـ 7سائەت بولاي دېگەندى.قورساق ئاچ، ئۇسسۇزلۇق، ئۇيقۇسىزلىق، ۋە قورقۇنۇچ ھەدەپ بېسىم قىلىپ ھالىمىزنى قويماي‌ۋاتاتتى. دەم ئېلىپ مېڭىۋاتقان بولساقمۇ سۇر ئېتىمىز يەنىلا ئاستا.ئۇيەر بۇيەرلەردىن يەنە ئەرۋاھ، موردا ياكى يەنە ھېلىقى بۆرىلەر چىقىپ قالمىسكەن دەپ دەككە دۈككە بىلەن ماڭدۇق. مېڭىۋاتقىنىمىزدا ئالدىمىزدا بىردىن ئېككىدىن بۆرىلەرنىڭ جەسەتلىرى ئۇچراشقا باشلىدى.شۇنچىلىك سېسىق ھەم قورقۇنۇشلۇق بۇلۇپ پارازىت ھاشارەتلارنىڭ مەززىلىك ئوزۇقى بولىۋاتاتتى. بەزىللىرنىڭ سۆڭەكلىرىلا قالغانىدى.

—— ئاز قاپتۇق، تېزراق ماڭايلى.قاراڭلا مانا بۇ بىز ئۆلتۈرگەن بۆرىلەركەن. —— دىدىم بۆرە جەسەتلەرنى كۆرسىتىپ. ھەممەيلەن تېخىمۇ تېز قەدەملىرىمىز بىلەن مېڭىپ ئاخىرى شۇ يوغان تاشنىڭ يېنىغا كەلدۇق.ئەمدىكى بىردىن بىر مەسىلە يەنە بۆرىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئىلگىرى بۇ تاشنى ئېچىش.

—— ئاق رەڭلىك خىرۇستال قىلىچقا ئايلاندى.ئۇ بىردىن بىر ئاچقۇچ ئەمەسمىدى؟ قانداق قىلىمىز؟ —— دىدى ئادىل.

—— بۇنىڭمۇ ئامالى بار! —— دىدى ئىمىن. ئۇ ماڭا:

—— قىلىچ بىلەن تاشنى ئۇرۇپ باققىنا ئەمما بوشراق ئۇر توكلا

تەگسە بولىدۇ ـــ دىدى.مەنمۇ قىلىچنى بوشقىنا تەككۈزدۈم.بۇ يوغان تاش تەككۈزشۈم بىلەن ئازراقلا مىدىرلاپ قۇيۇپ جىملا تۇردى.بۇ قېتىم. ئىمىن يەنە بىر قېتىم ئۇرشىمنى دەپ ئۆزى بىر قولىدا تاشنى تۇتتى.مەن يەنە بىر قېتىم ئۇرغىنىمدا تاش ئوتتۇردىن ئىككىگە بۆلىنىپ ئالدىمىزدا بىر ئۆي كۆرۈندى.ئەمما بۇيەر ئالدىنقى قېتىملىق تەۋرەشتە خېلى زەربىگە ئۇچۇرغانىدەك قىلاتتى.ھەممە يەردە يوغان كىچىك تاشلار ئەمما بۇ چۇشكەن تاشلاردىن بۆلەك بۇيەر گۈرلۈپ كەتمەپتۇ. بىز بۇيەرگە كىرىپ تاش ئاتلاپ يۈرۈپ ھېلىقى قىلتاق با يەرگە كەلدۇق.بۇيەرمۇ بۇرۇنقىدەكلا ئىدى. بىز ئېسىپ قويغان ئارغامچا يەنە ھېلىقى كەپە ئۆيمۇ شۇ پېتى.بىز ئارغامچىغا ئېسىلىپ كەپە يېنىغا ئۆتىۋالدۇق.دەل مۇشۇ پەيتتە ئىمىن:

ـــ قىلىچنى كۆتۈرەپ كىر قالغانلار كەينىدىن ئەگىشىپ كىرىڭلار. ـــ دىدى.مەن قىلىچنى كۆتۈرەپ تۇرۇپ كەپە ئۆيگە كىردىم.كىرشىمگىلا قىلىچنىڭ ئۇچى يوروپ كەتتى.كەينىمدىن ئەلى ئادىلمۇ كىردى.ئاخىردا ئىمىن كىرىپ ئىشكنى يېپىپ بىردەم تۇرغاندىن كىينلا:

ـــ ھە بولدى ئەمدى چىقىڭلا تېز تېز.ـــ دىدىدە ھەممىمىزنىڭ ئالدىدا سىرتقا چىقتى.ھەقىقەتەن ئىشەنگۈمىز كەلمەيۋاتاتتى.بىز راسلا قەلئە ئاستىدىكى قەدىمي شەھەرگە كىرگەندۇق. ھەممەيلەن تېز تېز قەدەم بىلەن قەلئە تەرەپكە مېڭىپ ھېلىقى

يولغىمۇ كىردۇق .بىز چۆشكەن قۇدۇق ئالدىغىمۇ كەلدۇق .ئەمدىكى مەسىلە قانداق قىلىپ بۇ قۇدۇق ئارقىلىق ئۈستىگە چىقىش ئىدى .بىز سىيرىلىپ چۈشكەن ئارغامچا ساڭگىلاپ تۇراتتى .بىراق ئۇنىڭغا ئىككەيلەننىڭ ئېگىزلىكى قوشۇلسا ئاران يېتەتتى .

ـــ قانداق قىلامىز؟ ـــ دېدىم ئېمىنگە . ئېمىن:

ـــ قىلچىڭنى ئۈستى تەرەپكە قارىتىپ بىر شىلتىغىنە ـــ دېدى .مەن:

ـــ بۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ؟ تاشلار بېشىمىزغا چۈشۈپ ئۆلەمىز؟ ـــ دېدىم .ئۇ قەتئىي نىيەتتە نېرىراق تۇرۇپ قىلىشىمنى بۇيرۇدى .قالغانلارمۇ چەتكە ئۆتتى .مەنمۇ سەل دالدىغا بېرىپ بىسمىللا دەپلا قىلچىنى شىلتىۋىتىدىم كۈچلۈك نۇر بىلەن قۇدۇقتەك كىچىك تۆشۈك يوغىناپ تاشلار پەسكە چۈشتى .بىزنىڭ ئارغامچىمىزنىڭمۇ يېرىمى ئۈزلۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما تاشلارغا دەسسىسەك قالغىنىغا قولىمىز يېتەتتى. بىز بىر بىرلەپ يامىشىپ ئۈستىگە چىقىشقا باشلىدۇق .مەن يامىشىپ چىقىۋاتقانچە يۇرۇگۇم شۇنچىلىك ئېنىز سوقۇپ كىتەتتى. بىرسى مىنى سىقىۋاتقاندەكلا نەپسىم قىسىلىشقا باشلىدى .شۇنداقتىمۇ چىداپ يۇقۇرغا چىقىۋالدىم .ئەڭ ئاخىرىدا ئېمىن قالغاندى .مەن پەسكە قاراپ چۆچۈپلا كەتتىم.چۈنكى پەستە ئېمىن سۇنايلىنىپ ياتاتتى .نەچچە رەت چاقىرغان بولسامۇ جەۋەپ كەلمىدى .شۇ هامانلا كۆڭلۈك بىر شۇملۇقنى سەزدى .ئەتراپقا

قارىدىم.ئالدىمغىراق مېڭىپ بۇ يەردىكى ئۆينىڭ ئوتتۇرغىلا كەلدىم.قالغان ئىككەيلەنمۇ مىنىڭ ئاتقاندىن.كەلدى.توغرا! بۇ دەل ھېلىقى ئەرۋاھلار ئوردىسى شۇ.ئەتراپتىكى قېتىپ قالغان ئەرۋاھلار. تەختتە بىر ئەرۋاھ تۇراتتى.شۇ چاغدا قولىمدىكى قىلىچتىن كۈچەپ نۇر چىقىۋاتاتتى.ئەلىنىڭ يانجۇقىدىكى قىزىل تاشتىنمۇ نۇر چىقىزقا باشلىدى.مىنىڭ يانجۇقۇمدىكى زەنجىر تېشىدىنمۇ نۇر چىقىپ يانقۇقىمىزدىنمۇ ئۆتۈپ يورۇپ كەتتى.ھەتتا يانجۇقىمىزدا مىدراۋاتاتتى.

ـــ ئىش ئەمدى رەسمى چاتاق بولدى.ـــ دىدى ئەلى.ـــ قارغاندا ئىمىنگە ئالدىنىپ قاپتۇق.راسلا ئۇنىڭ تىنىگە ئەرۋاھ كىرۋاپتۇ.قولىمىزدىكى خىرۇستاللار بىلەن ئەرۋاھلار ئويغانماقچى.

ـــ ئەمسە قانداق قىلىمىز؟ ـــ دىدىمەن جىددىيلىشىپ.

ـــ ھەممەيلەن تېز قاچايلى.! ـــ دىدى ئەلى

ـــ بىراق ئىمىن پەستە تۇرسا ـــ دىدى ئادىل ئىمىننى كۆرستىپ.

ئاھ خۇدا بۇ نىمە كەلگۈلۈك بىزگە.ئەجەبا مۇشۇ چاغقا كەلگۈچىلىكمىدۇ بىزنىڭ سەپىرىمىز؟ زادى قانداق قىلىشنى بىلەلمەيۋاتاتتۇق. شۇ ئەسنادا قولۇمدىكى قىلىچ قولۇمدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپلا ئاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ بىر نۇر بىلەنلا يىشىل تاش بىلەن ئاق تاش ئايرىلدى.يانجۇقۇمدىكى زەنجىرمۇ، ئەلىنىڭ يانجۇقىدىكى قىزىل تاشمۇ چىقىپ تكتىسى بىريەرگە كەلدىدە ئاخىرى بىرلىشىپ بىردانە رەڭلىك تاش ھاسىل بولدى.مانا ئەمدى

ئەك قورقۇنۇچلۇق ئىش بولدى.بۇ تۆت خىرۇستال بىرلىشىپ كەتتى.يەنە كىلىپ ئەرۋاھ شاھىنىڭ ئالدىدىلا.تۆت خىرۇستال تاشنىڭ بىرلەشمىسى ئاستا لەيلەپ مىنىڭ قولۇمغا چۈشتى.ئەمدى راسلا مەن بۇ ئەرۋاھلارنى تىرىلدۈردىغان ۋاقتىم يىتىپ كەلگەندى..

## 24 ـ قىسىم:ئاھ! مىھرى ئىسسىق ماكانغا كەلدۇق

ئاھ خۇدا! ئەجەبا راسلا ئەرۋاھلارنى مەن تىرۇلدۈرەمدىغاندىمەن؟ مەن بۇيەرگە نىمە دەپ كەلدىم؟ دەل شۇ ئەرۋاھلارنىڭ زامانىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ ئەمدىلىكتە قولۇمدا خاسىيەتلىك خىرۇستال تاش، ئالدىمدا ئەرۋاھلار. شۇ تاپتا مەن ھازىر ئۆزۈمنى كونترۇل قىلالمايۋاتاتتىم.بەدىنىم قولۇمدىكى ئۇشبۇ خىرۇستال تاش تەرپىدىن كونترۇل قىلىنىغانىدى. بۇ خىل كۈچ خىرۇستال تاشنى تۇتقان قولۇمنى كۆتۈرۈپ ئەرۋاھ تەرەپكە قاراتتى. تاشتىن تۆت خىل رەڭلىك نۇر چىقىپ ئەرۋاھلار شاھىنىڭ بەدىنىگە كىرىپ كىتىۋاتاتتى. مانا ئاخىرى بۇيەردىكى بارلىق ئەرۋاھلارنىڭ كۆزى يورۇشقا باشلىدى. خىرۇستال تاشمۇ نۇر چىقىرىشتىن توختاپ يەرگە چۈشۈپ كەتتىدە يەرگە چۈشۈپلا ئاق، قىزىل، يىشىل، ۋە سىرىق رەڭلىك شەكلى ئۆپمۇ ئوخشاش تۆت

دانە خىرۇستالغا ئايلاندى. كۆلۈرۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. ئەرۋاھلار مانا مۇشۇنداق ئاسانلا تىرىلەمدۇ؟ پۈتۈن جاھان تىترەپ قاتتىق چاقماق چاقتى، پۈتۈن يەرنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى قاپلىدى. مانا ئەمدى ئەرۋاھلارنىڭ يولىغا ئۆل سىلىپ بەرگەن مەن ۋە مېنىڭ دوسلىرىم قانداق بولۇپ كىتەر ....

ئۇدۇلۇمدىكى بۇ قىزىل كۆزلۈك ئەرۋاھ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىمغا كەلدىدە بۇرۇنقىدەك قۇلۇقىمغا پىچىرلاپ:

ـــ مەن ساڭا دىگەن، سەن بۇيەرگە كەلمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى، ئەمدى ئۆلىسەن، ئاز قالدى دىگەنىدىم، سەن ئۆز قۇلۇڭ بىلەن مىنىڭ دەۋرىمگە ئۇل سالسەن ئازلا قالدى دىگەنىدىم. ئەمما بۇنچىلىك ئاز قالغانلىقىنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانسەن ئىنسان بالىسى، ئاڭلا سىنىڭ بۇيەردىن كىتىپ قېلىشىڭ بىر خام خىيال! ـــ دىدى. ئۇنىڭ گەپلىرى تۈگىگىچە بەدەنلىرىم تىكەنشىلىپ چىكەمدىن تەر چىقىپ تىترەپ كەتتىم. قورقۇنۇچ پۈتۈن بەدىنىمگە تاراپ كەتتى. ئۇنداقتا بىز مۇشۇيەردە ئۆلۈپ كىتەمدۇق؟ ئاستا كەينىمگە ئۆرلۈپ قالغان ئۇچەيلەنگە قاريدىم. ئىمىن بولسا يەردە سۇنايلىنىپ يېتىپتۇ. ئادىل بىلەن ئەلىنىڭ كۆزىدىن قورقۇنۇچ چىقىپ تۇراتتى. كۆز ئالدىمدىكى بۇ ئەرۋاھ يەردە چېچىلىپ تۇرغان تۆت خىرۇستالنى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى سوزۇشقا تەمشەلدى. مۇشۇنداق جىددى پەيتتە كاللامدا چاقماق كەبى تېزلىك بىلەن بىر ئۇمۇد پەيدا بولدىدە ئەرۋاھتىن

چاقىقان كىلىپ قىزىل، يېشىل، سېرىق رەڭلىك ئۈچ دانە خىرۇستال تاشنى قولۇمغا چۈشۈردۈمدە كەينىمگە داجىپ ئۈچ تاشنى ئەرۋاھقا قاراتتىم.ئاق رەڭلىك خىرۇستالنىمۇ ئېلىۋېلىشقا ئىمكان بولماي قالدى.ئەرۋاھ مىنىڭ نىيىتىمنى چۈشەندى بولغاي ئاق رەڭلىك خىرۇستالنى ماڭا قاراتتى.ئەرۋاھلار شاھى بولغان بۇ رەزىل قىزىل كۆزلۈك ئەرۋاھنىڭ قولىدىن نىمە بالا كەلمەيتتى؟ مەن ئۈچ دانە خىرۇستال تاشنى بىر بىرىگە كۈچەپ ئۇردۇم.ئۈچ تاشنىڭ مۇرۇلىشىدىن چىققان ئوتقاشتەك نۇر ھەمما ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقنىتىۋەتتى.شۇنداق كۈچلۈك بىر نۇر بىلەن تەڭ بۇ ئۈچ خىرۇستال بىردانە نەپىس ۋە كۆركەم شەمشەرگە ئايلىنىپ قولۇمدا پەيدا بولدى.شۇ زامان يانجۇقۇمدىن يۇمىلاق ئاق تاش (ئادىلغا ھېلىقى قەدىمي ئادەملەر بەرگەن خىسلەتلىك تەرجىمان تاشنى دىمەكچى)نى ئالدىمدە ئەلىگە:

ـــ تېز خاتېرىنى ئېلىپ يېنىمغا كەل ـــ دەپ ۋارقىردىم.ئەلمۇ چاقىقانلىق بىلەن خاتېرىنى ئېلىپ كەلدى.بۇ چاغدا بارلىق ئەرۋاھلار قوزغۇلۇپ مىنى قورشاپ بولغان بۇلۇپ ئالدىمدىكى ئەرۋاھ ماڭا ھۇجۇم قىلماقچى بولغىنىدا قولۇمدىكى شەمشەرنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تاقىۋالدىم.خىيالىمدا بۇ شەمشەر ئۇنى يۇقىتالماسلىقى مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدىم.بىراق شەمشەرنى ئەرۋاھ شاھىنىڭ كۆكرىكىگە تاقىغان شۇ پەيتىمدە بارلىق ئەرۋاھلار ھەركىتىدىن توختىۋالدى.مەن يۇمىلاق سۈزۈك تاشنى

ئەلىگە بەردىمدە:

ـــ پۇتۇك بار بەتنى ئېچىپ مىنىڭ ئوقۇشۇمغا ئەگىشىپ تاشنى سۈر ـــ دىدىم.شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ يەرنى ئوقۇشقا باشلىدىم.بۇنىڭ مەزمۇنىمۇ بۇرۇنقىدەكلا ئىدى.ئەمما ئەرۋاھلارنىڭ هالى ئاجىزلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى.مەن ناهايىتى ئاستا ئوقۇدۇم.ئەرۋاھلارنىڭ يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ نۇرى پەسىيىشكە باشلىدى.ئىككى بەت نەرسىنى ئاستا ئوقۇپ دەل 4مىنۇتتا تۈگەتتىم.بۇ چاغدا بۇيەردىكى بارلىق ئەرۋاھلارنىڭ كۆزلىرىدىكى نۇر يوقالغانىدى .پەقەت ئالدىمدىكى بۇ ئەرۋاھ شاهىنىڭ نۇرىلا بوش يېنىپ تۇراتتى.قارماققا ئۇلار قېتىپ قالغاندەكلا تۇراتتى.مەن:

ـــ تېز بولۇڭلار تېز! بۇيەردىن كىتىۋالايلى! ـــ دىدىمدە ئاق رەڭلىك خىرۇستالنىمۇ ئېلىۋالدىم.ئەلى بىلەن ئادىل ئىمىننى تەڭ يۆلەپ 20قەۋەتتىن پەسكە چۈشىۋاتاتتى.بىز ناهايىتى چاققانلىق بىلەن بۇ ئەرۋاھ ئۆۋىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتۇق.ئاخىرى 1قەۋەتكە چۈشتۇق.هەيۋەتلىك بۇ ئىشىك يەنىلا هىم ئىتىكلىك تۇراتتى.مەن ئەلى بىلەن ئادىلنى بىرچەتتە تۇرۇشنى ئېيتىپ قولۇمدىكى قىلىچ بىلەن كۈچەپ ئىشىككە بىرنى ئۇردۇم.ناهايىتى قاتتىق ئاۋاز بىلەن تەڭ بۇ غايەت زور ئىشىك ئوتتۇرىسىدا بىر ئادەم بىمالال ئۆتەلىگۇدەك يار ئېغىز (بىر يەر گىسلگەندەك شەكىلدىكى ئۇزۇنچاق تاتۇق شەكىللىك ئېغىزنى

دىمەكچى) ئېچىلدى.بىز نۆۋەت بىلەن ئۆتۈپ چاقچاق قەدەملىرىمىز بىلەن قەبرىستانلىقتىن چىقىپ چىغىر يولغا چىقىۋالدۇق. چىغىر يولنى بويلاپ مېڭىلىۋەردۇق.ئارىدا ھېچ بىرەرسىمىز ھېچ بىر ئېغىزمۇ تىنىمىدۇق.ھەممىمىزنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقىۋاتاتتى.تاساددىبى ئەرۋاھلار ئويغىنىپ قالسا ئەمدى تۈگىشىمىز! ناھايىتى تېز مېڭىۋاتىمىز.بىر نەرسە يىمىگىلى ئېچمىگىلى خېلى بولغاچ ھالىمىز قالمايۋاتاتتى.شۇنداقتىمۇ تېرشىپ يۈگرەپ مېڭىۋاتىمىز.كاشكى بۇ خىترۇستالنىڭ سىرىنى بىلسەك تېزراق كىتەلىشىمىزدە ئۇمۇد تۇغۇلاتتى.ئەمما بىلمەيتتۇق.مېڭىۋاتىمىز.ئەنسىزچىلىكتە قانچىلىك يول ماڭغىنىمىزنىمۇ بىلمەيمىز.ئارىدا ئىمىن كۆزىنى ئاچتى.ئۇنىڭ ھالى بەكلا خاراپ ئىدى.ئۇ:

ـــ نىمىش بولدى؟ مەن نىم بولدۇم؟ ـــ دىدى ناھايىتى بوشقىنا.دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئاندىن بىز ئېغىز ئېچىپ ئۇنىڭغا:

ـــ ھىچ ئىش يوق.بىز ئۆيگە كىتىۋاتىمىز.ئەنسىرمە ـــ دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتېرجەم قىلدۇق.ئۇمۇ ئەمدى ئۆزى ماڭدى.بىراق ھال ئەھۋالى ياخشى بولمىغاچ بىز يېنىدا يۆلەپ ماڭدۇق. تۇيۇقسىز مەن ئەتراپىنىڭ بارا بارا قاراڭغۇلىشىپ كىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم.ئەتراپ بارغانچە قاراڭغۇلىشىپ كىتىۋاتاتتى.مەن ئاق خىرۇستالنى بۇرۇنقى ئۇسۇلدا نۇر چاچقۇزدۇم.ھەرنىمە بولسا بۇنىڭ نۇرىمۇ كۈچلۈككەن.ھازىر قاراڭغۇ چۈشكەنىدى.بىز نەچچە

ۋاقىتتىن بېرى كېچە ئاسماننى كۆرەپ باقمىدۇق .بۇ ئاسماندا ھېچ بىر گۈزەللىكتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى .ئەكسىچە بىزگە تېخىمۇ بەك ۋەھىمە بېغىشلاۋاتاتتى .ئەتراپتىن تۇرۇپ تۇرۇپلا قاراس قۇرۇس قىلىپ دەرەخلەرنىڭ سۇنغان ئاۋازلىرى ، تۇرۇپ تۇرۇپلا چىرقىرغان ، كۆلگەن ، يىغلىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى . شۇ ئەسنادا ئادىل ئۆلتۈرۋالدىدە ھاسىرغىنىچە:

— ئەمدى ماڭالمىغۇدەكمەن ، قەتئىي ھالىم قالمىدى ئاغىنىلەر .ئۇ ئەرۋاھمۇ قېتىپ قالدىغۇ .مەنچە ئەمدى خېلى ئۇزۇنغىچە ئويغانمايدۇ .بىردەم ئارام ئالساق بوپتىكەن . — دەپ تۇرۋالدى .

— شۇنداق قىلايلى .مېنىڭمۇ ماڭغۇچىلىكىم قالمىدى .ھېلىمۇ ئۆچمىز ئىمىننى نۆۋەتلىشىپ يۈدۈپ ماڭغان بولساقمۇ ئۇنىڭ تىنى ئاجىز قارا چىرايى تاتىرىپ كىتىپتۇ . — دىدى ئەلىمۇ ئادىلنى قوللاپ .

— مەيلى ئەمسە شۇنداق قىلايلى .چىغىر يولدىن ، بىر بىرىمىزدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايلى .— دىدىم .بىز يولنىڭ ئوتتۇرسىدىلا ئۆلتۈردۇق .مەن يەنە تۇلۇقلاپ:

— نۆۋەتلىشىپ خاتىرىدىكى پۈتۈكنى بىرىمىز ئىككى قېتىمدىن ئوقۇپ تۇرايلى . بۇ پۈتۈك گەرچە بىزگە باشقىچە كۆرۈنسىمۇ ئەرۋاھلارنى قاتۇردى .شۇڭا ئوقۇپ تۇرايلى .— دىدىمدە بېشىدىلا مەن ئوقۇدۇم .شۇ بۇيىچە ئىمىندىن باشقىمىز نۆۋەتلىشىپ

ئوقۇدۇق. بۇ پۈتۈكتە ھەدېسە ئەرۋاھنىڭ گېپى بولغاچ بىز تېخمۇ قورقۇنۇچ ھېس قىلىۋاتاتتۇق. خۇددى ھېلى ئۆيەردىكى دەرەخ كەيندىن بىرى چىقىپلا گېلىمىزدىن سىقىدىغاندەك قورقۇنۇچ بىزنى ئوراپ تۇراتتى.

— ئۇ نىمە؟— دىدى ئادىل كەينىمىزدە بىرىنى كۆرسىتىپ. بىز كەلگەن تەرەپتىكى يولدا بىر گەۋدە بىزگە قاراپ تۇراتتى. ھەممىز تەڭلا ۋارقىراپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق. ئۇ تەرەپتىكى گەۋدە يەنىلا بىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرىۋاتاتتى.

— تېز ماڭايلى، ئەلى سەن پۈتۈكنى ئوقۇ، مەن ئىمىننى كۆتۈرەي تېز ماڭايلى.— دىدىمدە ئىمىننى ھاپاچلاپ ماڭدىم. ئەلىمۇ خاتېرنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇپ ماڭدى. بىز ھەتتا كەينىمىزگە قاراشقىمۇ پېتىنالماي يۈرۈۋاتاتتۇق. ماڭدۇق، مېڭىۋاتىمىز. ھېچ بىر يول ئاخىرى چىقاي دىمەيتتى. مەن ئاخىرى بىر جۈرئەتكە كىلىپ تاشنىڭ يورۇقىدا كەينىمگە قارىدىم. ھېلىقى گەۋدە يەنىلا بىز بىلەن بۇرۇنقى ئوخشاش ئارلىقتا قاراپ تۇراتتى. مەن يەنە بىر قېتىم:

— تېز ماڭايلى ئۇ يەنىلا كەينىمىزدىكەن — دەپ تېخمۇ تېز ماڭدىم. ھەممىمىزنىڭ يۈرىكى ھېلىلا پارتىلاپ كىتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ سوقىۋاتاتتى.

ئاخىرى دىگەندە بىز ھېلىقى تاغقا يىتىپ كەلدۇق. بىز پارتىلاتقان يەرمۇ شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ھەممىمىز خۇشلۇقىمىزدا

يۈگۈرگەن پېتى كىرىپ كەلدۇق.ئاھ بىزنىڭ ئانا ماكانىمىز! ئاھ ئەزىز يۇرتۇم! ئاھ سۆيۈملۈك تۇپراق. يەنە بىر قېتىم سەن بىلەن دىدارلىشالىغىنىم ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن.

بىز چەكلەنگەن ئورمانلىقنىڭ ئىچىدىن رىشاتكا ئاتلاپ چىقتۇق.ھەممەيلەن ئۆدۈل مىنىڭ ئۆيۈم تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق.ئاھ! ئۆز يۇرتىمىزنىڭ ساپ ھاۋاسى نىمىدىگەن يېقىشلىق!تولۇن ئاي چۆرىسىدە كۆزنى چاقنىتىپ پارقىراپ تۇرغان ئۇششاق يۇلتۇزلارمۇ تۇراتتى. كىكزلىرىمىزدە ياش! ئاخىرى ئۆيۈمگە كەلدىم.ئۆيۈمنىڭ دەرۋازىسى ئىچىدىن قۇلۇپلاقلىق ئىدى.ئىشىكنى بەك چىڭ ئۇردۇم.خۇددى ھېلىلا كەينىمدىن ئەرۋاھ سۆرەپ ئەكىتىدىغاندەك قورقۇنچ ۋە سېغىنىش ئىلكىدە ئۇرۋاتاتتىم.كۆزلەرىم مېھرىبان ئانامنى ۋە جان دادامنى كۆرۈشكە ئىنتىزان بولۇپ دەريا قۇيىلىۋاتاتتى.

ـــ ئانا ..... دادا..... مەن كەلدىم ......! ئىشىكنى توختىماي ئۇرۋاتاتتىم.خۇددى بىر يىل ئۇرۋاتقاندەك ئۇزۇن تۇيۇلدى. ئاخىرى بۇ ئىشىك ئېچىلدى.ئالدىمدا كۆزۈمنىڭ نۇرى بولغان ئانام، جېنىمنىڭ راھىتى دادام تۇراتتى.ئۇلارنى باغرىمغا باستىم.كۆز ياشلىرىمنى توختىتىۋالالمىدىم.ئاتا ئانام بىرنىمىلەرنى دەۋاتاتتى.ئۇلارنىڭ گىپى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى.بەلكى يۈرۈكۈم ئۇلارنىڭ يۈرىكى بىلەن تەڭ سوقۇپ ئىزىغا چۈشۈۋاتاتتى.ئانام بىلەن دادام ئەلى، ئادىل، ئىمىن بىلەنمۇ قۇچاقلىشىپ

كۆرۈشتى .ھەممەيلەننىڭ كۆزىدە خۇشاللىق يېشى ئىدى .بىز ئۆيگە كىردۇق .يېرىم كېچە بولغان بولسىمۇ مۇڭدىشىۋاتاتتۇق .مېھرىبان ئانام ئۆز قولى بىلەن تاماق ئەتتى .ئادىل ئۆزىنىڭ ئۆيگە چىقمەن دەپ تۇرۋالغان بولسىمۇ مەن قەتئىي ئۇنىماي ئۇنىڭ ئاتا ئانىسىنى يەنە ئىمىنىنىڭمۇ ئاتا ئانىسىنى تېلفۇن ئۇرۇپ چاقىرتتىم .ھازىر بۇ پەيتتە بىز ئايرىلساق يامان ئاقىۋەت كىلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى . شۇنداق قىلىپ شۇنچىلىك گۈزەل بىر كۈننى ئۆتكۈزدۇق .

كېچە پاراڭلىشىپ چىققاچ ئەتىسى ئەتتىگەندە تۆتەيلەن ئۇيقۇغا كىتىپتىمىز. بۇ چۈشلەرىم شۇنچىلىك گۈزەل ئىدى .يېنىمدا ئۆچ ئاغىنەم ئاتا ئانام بىلەن بىللە ئىكەنمەن .ھەقىقەتەن بەختلىك بىر تۇرمۇشنى چۈشىگەنىدىم .ھەممەيلەن خۇشال كۈلۈپ تۇرغان شۇ پەيتتە ئاسمان قاراڭغۇلىشىپ نۇرغۇن ئەرۋاھلار پەيدا بولدىدە ھەممىمىزنى ئايرىۋەتتى . توتىماي ئانا، دادا دەپ توۋلايتتىم .قارا قول ئۇلارنى تارتىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە ئەكىرىپ كەتتى .

ۋارقىرغىنىمچە چۆچۈپ ئويغاندىم .يېنىمدا ئانام بېشىمنى سىلاپ تۇرغانىكەن .ئانامنىڭ قوللىرنى تۇتۇپ مېھرىلىك كۆزلىرگە بېقىپ يۈرەكلىرىم ئېزىلىپ كەتتى . ئەمدىكى مۇھىم مەسىلە شۇكى بۇ بەختلىك كۈنلەرنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش .

قارىسام ئىمىنىنىڭ قوللىرى تېڭىقلىق تۇراتتى .بېشىدا ئانىسى يۈز كۆزلىرنى سىرتىپ قوللىرنى تۇتىۋاتاتتى .ئۇنىڭ ئەھۋالىمۇ ئاتا

ئانىسىنى كۆرگەندىن كېيىن بېلى ياخشىلىنىپ قالغاندەك تۇراتتى.مەن كېيىمنى كىيىپ سىرتقا چىقتىم.ھازىر چۈش بولغانىكەن.قارىسام ئەلى بىلەن ئادىل بىر چەتتە تۇرۇپ پاراڭلىشىۋېتىپتۇ. مەن:

ــ نىمە دېيىشىۋاتىسىلەر ــ دىدىمدە پارىڭىغا قېتىلدىم.ئادىل:

ــ مەن ئەمدى بۇ ھەركەتتىن قول ئۈزسەكمىكىن دەيمەن ــ دىدى. مەن:

ــ نىمىشقا ئەمدى؟ شۇنچە تېرشىپ يېرىم يولغا كەلگەندە ۋاز كەچسەك قانداق بولىدۇ؟ ــ دىدىم.ئۇ:

ــ بىز مىڭ تەستە جېنىمىزنى قۇتۇلدۇردۇق. ئەرۋاھلارنىمۇ ئۇخلىتىپ قويۇپ كەلدۇققۇ ئەنە ئەمدى بارساق ئۆلۈپ كىتىشىمىز مۇمكىن.ــ دىدى. مەن:

ــ سەن شۇنچە بوشاڭما؟ سەن قايتىپ كىلىپ تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ ئاندىن بىرىش تەكلىپىنى بەرگەن سەن ئەمەسمىدىڭ؟ ئەمدى نىمە بولدۇڭ؟ سىنىڭ مەقسىدىڭ ئەسلى مۇشۇمىدى؟ ــ دىدىم ئاچچىقلاپ. ئەلى گەپ قىستۇرۇپ:

ــ بىز مىڭ جاپادا تېرشىپ بۇ چاققا كەلدۇق.ئەمدى بىزنىڭ ئىشىمىز تېز سۈرئەتتە تۆت خىرۇستالنى بويسۇندۇرۇپ ئەرۋاھ يۇقىتىش جېڭىگە قايتا ئاتلىنىش. مەن ۋاز كىچىشكە قەتئىي قارشى.ــ دىدى.مەنمۇ ئەلىنىڭ گىپىنى قوللاپ:

ــ شۇ ئەمەسمۇ؟ ھەرگىز ۋاز كەچمەيمىز. ئەگەر ۋاز كىچىمەن دەپ

تۇرۇۋالساڭ ئەمدى سىنى دوستۇم دىمەيمىز.دوست دىگەن ھايات ماماتتىمۇ بىللە بولىدىغان . ــ دىدىمدە كەينىمگە بۇرۇلۇپلا ئىمىن تەرەپكە كىتىپ قالدىم . ئەمەلىيەتتە مەنمۇ قورقىۋاتىمەن.مىنىڭمۇ بۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ جىنىمنى سىپپ بىرىشنى خالىمايمەن.ئەمما نىمە چارە؟ بىز چۇقۇم شۇنداق قىلىشىمىز كىرەك .

دەل مۇشۇ پەيتتە تۇيۇقسىز يەر تەۋرەشكە باشلىدى.مەن بىر ئاز قىددىيلىشىۋاتاتتى . يەر تەۋرەشمۇ بەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى.ھەم ئازراق تەۋرەپلا توختىدى.گەرچە بەك قورقۇنۇشلۇق بولمىسىمۇ مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە تەۋرىگەن يەر كۆڭلۈمگە يەنە چىكىت ئۇرۇپ قويىدى . ئەجەبا ئەرۋاھلار قۇتىرغانمىدۇ .....

## 25 ـ قىسىم: سىرلىق ئادەم

ئۆيدىكىلەر ئارىسىدا ئازراق تەشۋىشلىك بولدى.ئۇزۇندىن بىرى بۇيەردە يەر تەۋرەپ باقمىغاچقىمىكىن ۋە ياكى قەلبىمنى ئەرۋاھلارنىڭ ۋەھىمىسى چىرمىۋالغانلىقى ئۈچۈنمۇ يۈرۈكۈم ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى . دەرۋال ئىمىننى چاقىردىمدە ئەلى ۋە ئادىلنىڭ يىنىغا باردىم.ئاڭغىچە ئىمىنمۇ كەلدى.مەن بوش ئاۋازدا:

ــ ئىش چاتاق، بىز دەرھال ھەركەتكە كىلەيلى. ئەرۋاھلار بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ قىلىشى مۇمكىن. ــ دىدىم.چىرايىممۇ تاتىرىپ

كەتكەندى .بۇنى كۆرۈپ ئەلىنىمۇ ۋەھىمە قاپلىدى بولغاي:

ـــ سەن دىمەكچى، بۇيەرتەۋرەش ئەرۋاھ بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىدۇ؟

ـــ دەل تاپتىڭ. ئەرۋاھ بىلەن مۇناسىۋەتلىكلا ئەمەس بۇ ئىشنى دەل ئەرۋاھ قىلدى. شۇڭا بىز ئۆيگە كىلىشىۋالدۇق ھىچ بولمايدۇ دەپ ئولتۇرۇۋالماسلىقىمىز لازىم.

ـــ سېنىڭچە بىز نىمىش قىلساق بۇلار؟ ـــ دىدى ئىمىن.

ـــ بىز تۆت خىرۇستالنى ئايرىشىمىز كىرەك.

ـــ بىز قانداق ئايرىيمىز؟

ـــ مانا بۇ ئارقىلىق ئايرىيمىز ـــ دىدىمەن سەلىمنىڭ كۆندىلىك خاتىرسىنى كۆرستىپ. ـــ بۇ خاتىرىدە خىرۇستال ھەققىدە بىرنەرسە يېزىلمىدىمۇ؟ ئەلۋەتتە يېزىلىدۇ.خىرۇستال ئەرۋاھنىڭ جېنى تۇرسا. يۇرۇڭلار! ـــ دىدىمدە سىرتقا قاراپ يۈگۈردۈم .قالغانلارمۇ كەينىمدىنلا يۈگۈرۈپ مېڭىشتى. مەن قوي ئوتلىدىغان ئورمان ئالدىدىكى يايلاققا كىلىپ توختىدىمدە يانچۇقۇمدىن تۆتدانە خىرۇستالنىڭ بىرلەشمىسى بولغان خىرۇستال تاشنى چىقاردىم. چىم ئۈستىدىلا ئولتۇرۇپ خاتىرە مۇندەرىجىسىگە قاراپ خىرۇستال ھەققىدىكى مەزمۇننى ئىزدەشكە باشلىدىم .ئۈچەيلەنمۇ مىنى چۆرىدەپ ئولتۇردى .مەن ئاخىرى «تۆت خىرۇستال تاشنىڭ خاسىيىتى» دىگەن تىمىنى تاپتىمدە شۇنىڭغا ماس بەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

قىزىل، يېشىل، سېرىق،ئاق رەڭلىك تۆت دانە خاسىيەتلىك

خىرۇستال تاش ئەرۋاھلارنى تىرىلدۈرۈشتىكى ئەڭ چوڭ ئاساس .يىشىل قىزىل خىرۇستال تۆت خىرۇستال ئارىسىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىكى بۇلۇپ كۇمۇش شەمشەردىن قالسىلا 1 ـ قۇدرەتلىك قۇرال ھېسابلىنىدۇ. يىشىل رەڭلىك خىرۇستال خىسلەتلىك شارقىراتما سۈيىنىڭ جەۋھىرى بۇلۇپ بۇ تاشنىڭ نۇرى شارقىراتمىنىدىن ئايرىلسا شارقىراتما سۈيى شىپا قىلمايدۇ. سېرىق رەڭلىك خىرۇستال 3 ـ سى بۇلۇپ بۇ خىرۇستالنىڭ كۇچى بىلەن ئاق رەڭلىك خىرۇستال ۋە ياكى يىشىل رەڭلىك خىرىستال بىرلەشسە قۇدرەتلىك شەمشەرنى ھاسىل قىلالايدۇ.ئاق رەڭلىك خىرۇستال ئۇرۇش كۇچىگە ئىگە ئەمەس.ئەمما زۇلمەت ئارىلى بولغان بارلىق ۋەھىمە ئۇۋىسىدىكى ھەرقانداق بىر سىرلىق جاينىڭ ئىشىكىنى ئاچالايدۇ. ئەرۋاھ دۇنياسى ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىنى ئايرىيدۇ ۋە تۇتاشتۇرىدۇ.شۇڭا بۇ ئەڭ ئاجىز خىرۇستال ئەڭ مۇھىم .

ئەگەر تۆت خىرۇستال بىرلىشىپلا كەتسە ئەڭ چاتاق بولىدۇ. ئەرۋاھلار ئىنسانىيەت دۇنياسىغا كىرىشكە باشلايدۇ. شۇڭا تۆت خىرۇستالنىڭ بىرلىشىپ كىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن سېرىق ۋە يىشىل رەڭلىك خىرۇستالنى خاسىيەتلىك قىلىچقا ئايلاندۇرۇۋېلىش لازىم.شۇندىلا باشقىللىرى بىلەن بىرلىشەلمەيدۇ.

ئەگەر تۆت خىرۇستال بىرلىشىپ كەتكەن بولسا ئۇنى شۇ ئەرۋاھلاردىن باشقىلار ئايرىيالمايدۇ.ئەلۋەتتە ئەرۋاھ ئۇنى

ئايرىمايدۇدە.بىرلىشىپ كەتكەن بولسا ئامال يوقتۇر.

بۇ نىڭدا پەقەت مۇشۇنچىلىكلا يېزىلغانىكەن. بۇنى ئاڭلىغان ھەممەيلەننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.بارلىق ئۇمۇدىمىزنى باغلىغان بۇ خاتىرىمۇ كارغا كەلمىدى. مەن يەنە باشقا ئامال بۇلۇپ قالار دەپ مۇندەرىجىگە قارىدىم.بايىقى تىمىنىڭ ئاستىدىلا «خىرۇستال تاشلارنىڭ ئايرىلىشى»دىگەن تىمىنى كۆرەپ قالدىمدە دەرھال ماس بەتنى ئېچىپ ئۇلاپلا ئوقۇشقا باشلىدىم:

تۆت دانە خىرۇستال تاش بىرلىشىپ كەتسە ئۇنى ئايرىغىلى بولمىغىنى بىلەن ئىككى ياكى ئۈچ خىرۇستال بىرلىشىپ كەتسە ئۇنى ئايرىغىلى بولىدۇ.يەنى ئىككى خىرۇستال بىرلەشسە ئايرىش ئۈچۈن يەنە بىر خىرۇستالنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىمىز. مەن خىرۇستاللارنى قولغا چۈشۈرگەن چېغىمدا قىزىل رەڭلىكتىن باشقا ئۈچى بىرلىشىپ كەتكەنىكەن. مەن ئايرىماقچى بولغان خىرۇستالنى يەرگە قويۇپ چەتتەرەك تۇرۇپ قىزىل رەڭلىك خىرۇستالنى سىقىمداپ تۇرۇپ ئۇنىڭ نۇرىنى بىرلەشكەن ئۈچ خىرۇستالغا چۈشۈردۈم. شۇ دەقىقىدە قىزىل رەڭلىك خىرۇستالنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۈچ خىرۇستال ئايرىلدى.ئەمما سېرىق رەڭلىك خىرۇستال بىر كۈمۈش زەنجىرگە ئايلىنىپ قالغانىدى.بۇ ئارقىلىق خۇددى GPRS ئۇسكۈنىسىدەكلا يوللارنى پەرىق قىلىپ ماڭالىغانىدىم.بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى بارلىق خىرۇستاللارنىڭ كۈچى پەقەت ۋە پەقەت نۇر بىلەنلا بولىدۇ. سىزمۇ ئايرىماقچى

بولغان تاشنى يەرگە قوْيوْپ يەنە بىر خىروْستالنىڭ نوْرى ئارقىلىق تاشلارنى ئايرىيالايسىز.بوْنىڭ ئوْچوْن چوْقوْم خىروْستال تاشلارنىڭ كوْچىنى كونتىروْل قىلىش زوْروْر.

بوْ مەزموْننى موْشوْنچىلىكلا ئىدى.بوْ ئاڭلىغان ئادىل:

ـــ ۋايۋوْي! نىمانچىۋالا چوْشىنىكسىز گەپلەر بوْ! بەربىر يوْگەپ ئەكەلسەك خىروْستالنى ئايرىيالمايدىكەنمىزغوْ؟ ـــ دىدى. مەن ئوْندىمىدىم. ئەمەلىيەتتە مىنىڭموْ ھىچبىر ئامالىم قالمىغانىدى.قولوْمدىكى خاتىرىنىڭ موْندەرىجىسىنى يەنە بىر قېتىم سەپسېلىپ ئوقودوْم. شوْ ئەسنادا«سىرلىق پوْتوْكنىڭ خاسىيىتى»دىگەن تېمىغا كوْزوْم چوْشوْپ قالدى.شوْنىڭ بىلەن بوْ تىمىنى ئوقوْشقا باشلىدىم:

كىتابنىڭ بېشىدىكى ئەرۋاھلار يېزىقىدا يېزىلغان بەت بولسا بىردانە پوْتوْك بوْلوْپ پوْتوْك زوْلمەت ئارىلىدىكى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئەرۋاھلارنى يوْقىتىش ئوْچوْن پوْتكەن پوْتوْكى.مەزموْندا ئەرۋاھلارنىڭ ئاجىزلىقى كوْزدە توْتوْلوْپ خىروْستال شەمشەر ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. بوْ پوْتوْكنى ئەسلى تىلى بويىچە ئوقوْيالىسىڭىز ئەرۋاھلار پوْتوْن ھەركەتتىن توختايدوْ.ئەمما قانچىلىك ۋاقىتتىن كىيىن ئەسلىگە كېلىدوْ بوْنىسى نامەلوْم. ئەگەر سىز كوْموْش شەمشەرنى قولغا چوْشوْرەلمىگەن بولسىڭىز بوْ پوْتوْك دەل سىزنىڭ ئەڭ ياخشى قوْراللىڭىز بوْلوْپ قالالايدوْ.ئەگەر سىزدە ئىككىلا خىروْستال بوْلوْپ

ئىككىسى بىرلىشىپ كەتكەن بولسا، ھەمدە ئۇنى ئايرىماقچى بولسىڭىز پۈتۈكنىڭ 2 ـ بېتىدىن باشلاپ ئوقۇسىڭىز ئايرىلىدۇ.بۇ بەتتە خىرۇستال تاشلارنىڭ بويسۇندۇرلىشى يېزىلغان. پۈتۈك ئارقىلىق سىز ئەرۋاھلارنى ئۇخلىتىپ قويماقچى بولسىڭىز ئەرۋاھلارنىڭ سىزگە ئۆچمەنلىك قىلىشىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغان بولىسىز.شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارە يەنىلا شۇ كۆمۈش شەمشەر.

بۇ مەزمۇننىمۇ ئوقۇپ بولدۇمدە كۆڭلۈمدە بىرخىل ئۈمۈد تۇغۇلغاندەك:

ــــ بىزمۇ سىناپ باقمايلىمۇ؟ ــــ دىدىم. ئەلى:

ــ بىراق بۇ ئىككىلا خىرۇستالغا دىيىلگەن گەپكەن.ھەم تېخى باشتىلا تۆت خىرۇستال بىرلىشىپ كەتسە ئامال يوق دەپتۇ.يەنىلا بولدى قىلساق بۇلارمىكىن ــ دىدى. مەن قەتئىيلىك بىلەن:

ــــ ئۆلمىگەن جاندا ئۈمۈد بار دەپتىكەن.سىناپ باقساق ھېچنىمە بولماس. سىلەر ئۇنىمىساڭلار ئۆزەم سىناپ باقاي. ــــ دىدىم. ئەلى:

ــــ قېنى قىلىپ باققىنە، ئايرىلمىسىمۇ بىر ئىش بۇپ قالار ــــ دىدى. مەن تۆت دانە خىرۇستالنىڭ بىرلەشمىسىنى ئېلىپ تۆتىمىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويدۇمدە پۈتۈكنى ئېچىپ ھېلىقى يۇمىلاق تاش ئارقىلىق ئوقۇشقا باشلىدىم. مەن خاتىرىدە دىيىلگەندەك 2 ـ بەتتىن باشلاپ ئوقۇدۇم.ئەمما تاكى ئوقۇپ بولغۇچىمۇ تاشتا ئىنكاس بولمىدى. شۇنداقتىمۇ مەن ئىككىنجى قېتىم قايتىلاپ

ئوقۇدۇم.بۇ چاغدا خىرۇستال تاش نۇر چىقىرىشقا باشلىدى. مەن قايتا قايتىلاپ ئۈچ قېتىم تەكرار ئوقۇغاندا خىرۇستال تاشنىڭ نۇرى كۈچىيىپ يەر يۈزىدىن يۇقۇرىغا ئۆرلەشكە باشلىدى. تاش ئۆرلەپ بۇيۇمدىن ئاشقاندا توساتتىن قايسى تەرەپتىن كەلگەنلىكىن كۈچلۈك بىر بېسىپ بىلەن تەڭ خۇددى ئارىمىزدىلا بىر بومبا پارتىلىغاندەك كەينىمىزگە ئۈچۈپ كەتتۇق. قارىسام يىراقتىن بىرى كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۈستىگە قارا پىلاچ ئارتقان، قاڭشارلىق، بۇغداي ئۆڭ، ئازراق ساقاللىق بىر ئادەم بولۇپ قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى. ئۇ ئاستا خىرۇستال تاش تەرەپكە كەلدىدە خىرۇستال تاشنى قولىغا ئالدى. مەنمۇ يىقىلغان جايىمدىن قوپتۇمدە دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ــــ كىمسەن! ــــ دەپ ۋارقىرىدىم. ئۇ مىنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك پەرۋاسىزلارچە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ خىرۇستالنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتتىدە كۈچلۈك بىر نۇر چىقىپ ھەتتا كۆزۈمنى ئاچالمايلا قالدىم. قارىسام ئۇنىڭ قولىدا تۆت دانە خىرۇستال تۇراتتى. دىمەك ئۇ خىرۇستاللارنى ئايرىۋەتكەنىدى. بىر تەرەپتىن خۇشال بولساممۇ بىر تەرەپتىن قورقۇنۇچ ھېس قىلىۋاتاتتىم. چۈنكى خاتىرىدە پەقەت ئەرۋاھلارنىڭلا خىرۇستال تاشنى ئايرىيالايدىغانلىقى يېزىلغانىدى. شۇ ئەسنادا ئادىل، ئىمىن ئەلىمۇ يېنىمغا كەلدى. ھەممەيلەن بۇ ككز ئالدىمىزدىكى نايۇنۇش كىشىنىڭ بىزگە چۈشەنچە بېرىشى

ئۇچۇن ئاغزىغا قاراپلا قالغاندۇق .

— ئاخماقلار! بۇنداق قىلىشىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ ئەگەر خىرۇستالنىڭ كۈچى تىنىڭلارغا كىرىپ قالسا قانداق قىلاتتىڭلار! — دېدى ئۇ ئاخىرى ئېغىز ئېچىپ. ئۇنىڭ گەپلىرى بىزنى تېخىمۇ قورقۇتۇشقا باشلىدى .

— سەن زادى كىم؟ — دېدى ئادىل ئۇنىڭغا زەردە بىلەن!

— مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىشتىن ئىلگىرى بۇنى ئېلىپ يانچۇقۇڭغا سېلىۋال — دېدى ئۇ ئاق رەڭلىك خىرۇستالنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ. ئادىل ئالايمۇ ياق دېگەندەك ماڭا قارىدى. مەن نېمە دېيەلەيتتىم.كۆڭلۈمدە بىرخىل ئەندىشە. ئاسماندىن چۈشكەندەك ناتونۇش بىرى ئوتتۇرغا چىقىپلا ئەرۋاھلار ھەققىدە سۆز ئاچقىلى تۇرسا قورقماي تۇرالايتتىمۇ؟ ئادىل ئۆزىنى بىلىپ خىرۇستالنى ئالدى. سېرىق رەڭلىك خىرۇستالنى ئەلگە، يېشىل رەڭلىك خىرۇستالنى ئىمىنگە بەردى. قىزىل رەڭلىك خىرۇسيالنى ماڭا تەڭلىدىدە:

— ئېسىڭدە شۇنى تۇتقىنكى ئەرۋاھلارنىڭ جېنى بۇ خىرۇستال بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئەمەس. ھەم كۈمۈش شەمشەر بولسىلا ئۇنى يوقىتالايمەن دەپ ئويلىما. سەلىممۇ شۇنداق ئويلىغانىدى. ئۇمۇ شۇنداق ئاددىي ئويلىغانىدى.نەتىجىسى قانداق بولدى؟ ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلدى.يەنە تېخى سىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان بىر ئويۇننىڭ باشلامچىسى بولدى. شۇڭا بىلىپ

قالغىنىكى، ئەرۋاھلارنى يوقىتىش ئۈچۈن چۇقۇم باتۇر يۈرەك بىلەن مۇستەھكەم ئىرادە ۋە كۈچلۈك ئىشەنچ بولىشى كېرەك. ــ دىدى.

ئۇ كەيىنگە بورۇلماقچى بولىۋىدى مەن ئۇنى تۇتىۋېلىپ:

ــ كەچۈرسىز ئەپەندىم! سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى، قانداق ئادەملىكىڭىزنى ۋەياكى نىمە مەقسەتتە، بىزنى قانداق تاپقانلىقىڭىزنى، نىمىشقا بۇ گەپلەرنى بىزگە دەيدىغانلىقىڭىزنى بىلمىدۇق. بايا ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويغىنىمىزنى كەچۈرۈڭ. چۈنكى بىزمۇ سىزنىڭ خىرۇستالنى ئايرىغىنىڭىزدىن سىزنى ئەرۋاھمىكىن دەپ قاپتىمىز. ــ دىدىم سىپايىلىق بىلەن. گەرچە ئۇ كىشى ماڭا ناتونۇش، مەقستى ئېنىق بولمىسىمۇ ئەمما يەنىلا ماڭا ياردىمي تىگىدۇ دەپ قارىغانىدىم. ئۇ:

ــ ھىچقىسى يوق! خالىساڭلار بۇيەردە ئولتۇرساڭلار! ــ دىدىدە چىمىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى.بىزمۇ ئولتۇردۇق. مەن بىرگەپ قىلاي دەپ ئاغزىمنى ئۆمەللەپ تۇرىشىمغا ئادىل:

ــ ئەپەندىم! ئېغىر كۆرمىسىڭىز ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرۇپ قويالارسىزمۇ؟ ــ دىدى.ئۇنىڭ گېپى تۈگە تۈگىمەيلا ئەلى ئېغىز ئېچىپ:

ــ يەنە ئىنىم سەلىمنى قانداق تونۇيدىغانلىقىڭىزغا چۈشەنچە بېرەلەرسىزمۇ؟ ــ دىدى.ئارقىدىنلا ئادىل:

ــ سىز شادى نىمە ئادەم؟ بۇيەرگە نىمە سەۋەپ ۋە مەقسەت بىلەن

كەلدىڭىز؟ ـــ دىدى. ئارقا ئارقىدىن كەلگەن بۇ سوراقلار ئۇنى بىزار قىلدى بولغاي:

ـــ خاپا بولمىساڭلار بىر باشتىن كەلسەك! ـــ دەپ ھەممەيلەننىڭ ئاغزىنى تىۋاقلىدى. ئۇ:

ـــ مىنىڭ ئىسمىم مۇھىم ئەمەس، ئاۋال ئۆزۈمنىڭ نىمە ئادەملىكىمنى ئېيتسام بەلكىم سەلىمنىڭ خاتىرسىنى ئوقۇغانسىلەر؟ ئۇ خاتىرىگە مەن توغرۇلۇق يازغاندۇ؟ يېزىشى مەنچە چۇقۇم مۇقەرەر. مەن ئۇنىڭ ئەرۋاھلار ئورمانلىقىدا تونۇشقان يېقىن ئاغىنىسى. بۇيەرگە...ـــ ئۇنىڭ گىپى توگىمەيلا ئەلى چاچراپ قوپتىدە ئاچچىقلاپ:

ـــ سەن ھىلىقى ياتىرىدە دىيىلگەن ئەرۋاھ شۇما؟ بۇيەرگە نىمە دەپ كەلدىڭ؟ نىمە مەقسىتىڭ بار؟ ـــ دەپ ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى.مەن دەرھال ئۇنى توسۇشقا ئورۇندۇم. ئۇ:

ـــ ھاي باللار ئۆزۈڭلارنى بېسىۋالامسىلەر؟ مەن تۆپتىن ئەرۋاھمۇ ئەمەس، تۆپتىن ئىنسانمۇ ئەمەس، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئەرۋاھ بىلەن ئىنساننىڭ ئەۋلادى!

ـــ نىمە؟؟؟؟؟ ـــ ئۇنىڭ بۇ گىپىدىن ھەممىمىز تەڭلا چۆچۈپ كەتتۇق. ئەجەبا ئۇ شۇ ئەرۋاھلارنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بۇيەرگە ئىنسان سۆرتىدە كەلگەنمىدۇ؟ ھەممىمىز ئۇنىڭدىن يىراقلىششقا باشلىدۇق. ئۇ:

ـــ مەندىن قورقماڭلا! مەن ھىچكىمگە زىيان يەتكۈزمەيمەن.

پەقەت سىلەرگە ياردەم قىلاي دەپلا كەلگەن .

ـــ قوي ئۆنداق ياردىمىڭنى! بىزگە قايسى بىر ئەرۋاھنىڭ قولىدىن ياخشىلىق كېلەتتى!

ـــ مەن راس دەۋاتىمەن .سىلەرگە ۋەدە بېرەي .

ـــ قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق ۋەدىلەر! ئەرۋاھلار شۇ رەزىلللىكىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ياشاۋاتقانلار

ئاردا شۇنداق پاراڭلار بولىۋاتماقتا ئىدى. كاللام قۇپقۇرۇق. قورقىۋاتىمەن، ئەنسىرەۋاتىمەن. مانا ئەمدىلىكتە ئەرۋاھلار ئارىمىزغا كىرىشكە باشلاپتۇ. ئەجەبا خاتىرىدە يېزىلغىنىدەك بولامدۇ؟ راسلا پۈتكۈل ئەرۋاھلار ئىنسانىيەت دۇنياسىغا كىرىپ كېتەرمۇ؟ ئۇنداقتا ئۇ نىمىشقا خىرۇستالنى ئايرىۋېتىپ يەنە بىزگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ؟ زادى نىمە مەقسىتى بار؟ ئاھ خۇدا!

شۇ تاپتا كاللامدا شۇنچىلىك تۈگۈن چىگىلىپ كېتىۋاتاتتى. چارىسىزلىق ئادەمنى تۈگەشتۈرۋېتىدىكەن. يەنە نىمە ئىشلار مىنى ساقلاپ تۇرۋاتقاندۇ؟

## 26 ـ قىسىم: سەلىمنىڭ پاجىئەسى

تۇيۇقسىز ئالدىمدىكى بۇ كىشىنى ئارىمىزغا كىرگەن ئىشپىيۇنمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇنىڭدىن:

ـــ ئەرۋاھ بىلەن ئىنسانىنىڭ ئەۋلادى دىگەن گەپنى چۈشەنمىدىم! نىمە دىمەكچىسىز؟ ـــ دەپ سورىدىم.

ـــ رۇخسەت قىلساڭلار بىر ـ بىرلەپ كىلەيلىمۇ؟ قېنى ئولتۇرۇڭلا!

ـــ دىدى. ئۇ ئادەمنىڭ گەپ سۆزلىرىدىن مۇلايىملىقى چىقىپ تۇرسىمۇ ئۇشتۇمتۇت ئالدىمىزدا پەيدا بۇلۇپ قالغىنىدىن ھەممىمىز ئەنسەرەۋاتاتتۇق. ئۇ:

ـــ سىلەرنى تولۇق چۈشىنىپ تۇرىۋاتىمەن. مىنىڭ كىملىكىمنى؟ نىمە مەقسىتىم بارلىقىنى؟ نىمشقا كەلگەنلىكىمنى بىلمەكچىسىلەر. ئەمدى مىنىڭ كىملىكىمنى دىسەم شۇبھىسىزكى مەن بىلەن قارشىلىشىشقا ئارانلا تۇرسىلەر. ئەگەر خالىساڭلار سەلىمنىڭ پاجىئەسىنى سۆزلەپ بىرەيمۇ؟ ـــ دىدى. نىمىشقىكىن ئاغزىمىغا گەپمۇ كەلمەيۋاتاتتى. قالغان ئىككەيلەنمۇ مەندەك ھىسياتتا بولسا كىرەك، سۈكۈتتە تۇرماقتا ئىدى. ئالدىمىزدىكى بۇ كىشى شۇنداق دەپ ئەينى چاغدىكى ئىشلارنى سۆزلەشكە باشلىدى:

ـــ سىلەر ھازىرغىچە يا ئويلىدىڭلار ياكى جىددىيچىلىكتە ئويلىمىدىڭلار ئۇنى بىلمەيمەن. ئالدى بىلەن مۇنۇ ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۋىلىڭلار. يەنى سەلىم ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ

ئۆلىدىغىنىنى خاتىرىگە قالدۇرغان. ئەرۋاھلار دۇنياسىدىكى ھەربىر نەرسىلەرنى تەپسىلىي بولمىسىمۇ بىلگىنىچە يېزىپ خاتىرلىگەن. ئۇ خاتىرىنى نەدىن تاپتى؟ ئۇنىڭ دەپتىرىدىكى پۈتۈكنىچۇ؟ سەلىم ئۇيەرگە نىمىشقا باردى؟ ئەرۋاھلارنىڭ ھەقىقىي مەقسىدىنى بىلىپ تۇرۇپ نىمىشقا يالغۇز تاقابىل تۇرماقچى بولدى؟ نىمىشقا ئەرۋاھلار قەلئەسىدىن تارتىپ قەلئە ئاستىدىكى قەدىمى شەھەرگىچە، ھەتتا نەدە قىلتاق بار، نە بىخەتەر دىگەنلەرنى، خىرۇستاللارنىڭ قۇدرىتىنى بىلدى ھەم خەتەرلەردىن قۇتۇلۇپ نىمىشقا كەتمەي خاتىرە يازدى؟ ئۇ نىمە سەۋەپتىن ئۆلدى؟ نىمىشقا ئۆلۈپ 2يىلدىن كىيىن بۇ ئۆلۈم سىلەرنىڭ ئەرۋاھلار دۇنياسىغا كىرىشىڭلارغا سەۋەپچى بولدى؟ نىمىشقا بۇ ئۆلۈم پاجىئەسى بىرخىل ئۇيۇن ئىچىدە داۋاملىشىدۇ؟ نىمىشقا سىلەرگە يالغان ئەھۋال بايان قىلىنىدۇ؟ سىلەرنى نىمىشقا ئۆلتۈرمەيدۇ؟ ھەقىچان بۇ سوئاللاردىن كاللاڭلار قايمۇقۇپ كەتتى بولغاي.  بۇنداق ساناپ كەلسەم بىرمۇنچە «نىمىشقا»لار ئوتتۇرغا چىقىدۇ. چىقىدىيۇ؟ جاۋابىنى تېپىش نۇشكۇل بۇلۇپ قالىدۇ. ھازىر سىلەر ئۆز ئويۇڭلاردا! ئەرۋاھلار سىلەرگە چېقىلمىدى. بەلكى ئۇلار بۇ ئىنسانلار دۇنياسىغا چىقماقچى. بەلكى ئۇلار پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى يوقاتماقچى. بەلكى ئۇلار پۈتكۈل ئالەمدە «ئەرۋاھلار ئىمپىريەسى»نى قۇرۇپ چىقماقچى. مەيلى ئۇلارنىڭ مەقسىدى نىملا بولمىسۇن. ھامىنى ئىنسانىيەتكە زىيان يەتكۈزمەي قالمايدۇ. ئەمدى باشقا قايتىپ

سۆزلىسەم سەلىمنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ھەقىقەتەن سىلەرنى ئەرۋاھلار دۇنياسىغا باشلاپ كىرىش ئىدى. ئەمما سىنىڭ داداڭ قاتارلىق مەھەللىدىكى بۇ «سەلىم پاجىئەسى»دىن خەۋەردار كىشلەر سۈكۈتتە تۇرۇپ ھېچكىمگە بىلدۈرمىدى. شۇ سەۋەپ سىلەر 2يىل كېچىكىپ بۇ ئەرۋاھلار دۇنياسىغا كىردىڭلار. ئەمما ئەرۋاھلارنىڭ خىيالىدەك بولمىدى. يەنى پەقەت سىلەر تۆت كىشلا كىردىڭلار. بۇنىڭدىن ئەرۋاھلارنىڭ پىلانى سۇغا چىلاشتى. سىلەرنىمۇ ئۆلتۈرۈپ باشقىلارنى بۇيەرگە كىرگۈزمەكچى بولسا يەنە شۇ سۈكۈتتە تۇرامدىكىن دەپ ئەرۋاھلار شۇنداق يالغان ئۇيۇننى ئوتتۇرغا چىقىرىپ سىلەرنى بۇ زۇلمەت ئارىلىدا بىر مەزگىل تۇتۇتۇپ قالدى. سەلىمنىڭ خاتىرىسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئەرۋاھلارنىڭ ئۇيۇننىڭ بىرقىسمى. سىلەرنىڭ ئىدىيەرىڭلارغا سەلىمنىڭ خاتىرسىنى ئۆزگەرتىپ كۆرستىپ خاتىرنىڭ مۇھىملىقىنى سىڭدۈردى. ئەمما بۇنىڭغا بۇ شەھەرنىڭ ئۆتمۈش كىشىللىرى قول تىقىپ خاتىرىگە 2بەتلىك پۈتۈكنى قىستۇرۇپ قويدى. سەلىم قىلتاقلاردىن ئامان قالدى. چۈنكى ئۇ كۆرگەن يۇلۇقانلىرنى ئۆز قولى بىلەن خاتىرلىمىسە بولمايتتى. بولمىسا سىلەردە خاتىرىگە نىسپەتەن گۇمان پەيدا بولىدۇ. مەنمۇ سەلىمگە مەقسەتلىك يېقىنلاشقان. ئەمما مىنىڭ قارشىم ۋە ئەرۋاھلارنىڭ قارشى زىت بۇلۇپ قالغاچ سەلىمنىڭ خاتىرسىگە ئەرۋاھلار ئورمانلىقىدا ئۇچۇرغان ھەرقانداق ئادەمگە يېقىنلاشماڭلار، ھەتتا سايەڭلاردىنمۇ

گۇمانلىنىشلار دىگەندەك گەپلەر قىستۇرۇلدى. ئەرۋاھلار ھەرقانداق زەررەچىلىك ئىشقىمۇ كۆڭۈل بولىدۇ. شۇۋەجىدىن مۇشۇ ئىككى جۈملە سۆزدىنمۇ سىلەرنى خالى قىلماي ئالدىشلارغا بىر «جاسۇس»نى چىقاردى. سىلەر بىر مەزگىل ئۇيەردە تۇرۇپ خىرۇستال تاشلارنى بايقىدىڭلار. ئەلۋەتتە بۇمۇ مەقسەتلىك. ئەمما سىلەرنىڭ ئۇيەردە تۇرىشىڭلارغا ئەگىشىپ ئەرۋاھلارغا نىسپەتەن سىلەر بىلىشكە تىگىشلىك بولمىغان بەزى بىر ئىشلارنى بىلىپ قالدىڭلار. يەنى بىلىدىغىنىڭلار جىق بولۇپ كەتكەچكە ئارلىقتا سىلەرگە بىرقاتار ئاۋارچىلىقلار يۈلۈقتى. مىسالەن خىسلەتلىك شارقىراتمىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ كىسەل بولۇش، دىۋىگە ئۇچراش، سۇمرۇغقا مىنىش دىگەندەك. ئەسلى شۇچاغدا سۇمرۇغنى تۇخۇمدىن چىقارمايدىغان ئىشتى. بۇمۇ بىزنىڭ كىيىنكى ئىشلىرىمىزغا ئاۋارچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمدى سىلەر خىسلەتلىك كۇمۇش شەمشەر ھەققىدە ئۇچۇرغا ئېرىشتىڭلار. ئەمما مەن باشتا دىگەندەك كۇمۇش شەمشەر ئەرۋاھ ئۆلتۈرۈشنىڭ مىگىزى ئەمەس. ھەتتا بۇ خىرۇستالمۇ شۇ. ئەرۋاھلارنى يوقۇتۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ھەم ئىشەنچىلىك ئۇسۇلى بار. ئەمما ئۇ ئەرۋاھلار قەلئەسىدە بىر خاتىرىگە خاتىرلەنگەن. ئۇ ناھايىتى مەخپىي ساقلىنىدۇ. سىلەرنىڭ باشتىن ئۆتتۈرگىچە قىلغان ئىشلىرىڭلار ئۇيۇن ئىچە قونچاق بولغان بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالدى. ئەمما بۇخىل قونچاقلىق ئىچىدىمۇ بەزىبىر ئىشلارنى بىلىپ قالدىڭلار. مىسالەن

قىلغىنىڭلارنىڭ شۇ ئۆيۈنغا قونچاق بولغىنىڭلارنى بىلىپ قېلىش دىگەندەك. شۇنىڭ بىلەن مەركىزىڭلارنى خىرۇستالنى ۋاستە قىلىپ شەمشەرنى تېپىشكە قاراتتىڭلار. ئارلىقتا بىربىرىڭلارنى ئىزدەش، قۇتۇلدۇرۇش دىگەندەك توسالغۇلار بىلەن ۋاقىت ئۇزۇراپ ئەرۋاھلار ئۆزلىرىنىڭ پىلانىدىن ۋاز كىچىشتى. يەنى ئىنسانلارنى ئۆز دۇنياسىغا ئېلىپ كىرەلمىگەندىكىن ئۆزلىرى ئىنسانلار دۇنياسىغا چىقىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئارلىقتا كىچىككىنە ئىش بىلەنلا ئەرۋاھلارنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ قالدىڭلار . ئەسلى سىلەر ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ پۇتۇكنى ئوقۇمىغان بولساڭلار بەلكىم ئاللاقاچان ئۆلۈپ بولغان بۇلاتتىڭلار. شۇنىڭ بىلەن ھازىر مانا مۇشۇيەردە گىپىمنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپسىلەر. نەچچە ۋاقىتنىڭياقى قىلغان ـ ئەتكىنىڭلارنىڭ ماھىيتىنى چۈشەندۈرۈپ بەردىم. ــ ئۇ شۇنداق دەپ بىر تىنىۋالدى. ئارلىقتا مەن ئۇنىڭدىن:

ــ ئۇنداقتا سىزنىڭ مەقسىتىڭىز نىمە؟ ــ دەپ سورىدىم. ئۇ:

ــ ئەمدى مىنىڭ مەقسىتىم بولسا ئەرۋاھلارنى ئىنسانلار دۇنياسىغا ئېلىپ كىرمەسلىك ھەم ئىنسانلارنى ئەرۋاھلار دۇنياسىغا ئەكىرمەسلىك. ئىككى قەۋىم ئۆز ئېلىدە شۈكۈر ـ تەسبىھ بىلەن ياشاپ كەتسۇن. گەپىنىڭ راستىنى دىسەم مەن سىلەرنىڭ ئەرۋاھلارنى تۇپتىن يۇقىتىۋىتىشىڭلارنى خالىمايمەن ھەم سىلەر ئۇنداق قىلالمايسىلەر. سىلەر پەقەت ۋە پەقەت،ئەرۋاھلارنى

توختاتساڭلارلا بولدى. ئەگەر قوشۇلمايدىكەنسىلەر زىيان تارتقۇچىلاردىن بۇلۇپ قالىسىلەر.

ــــ سىز بىزگە تەھتىت سېلىۋاتامسىز؟ ــــ دېدىم ئۇنىڭ گەپلىرىدىن نارازىلىق ھېس قىلىپ. ئۇ:

ــــ توغرا دەيسەن ئۆمەر ئەپەندى. مەن سىلەرگە تەھتىت سېلىۋاتىمەن. شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلاركى سىلەر ئاددىي كاللاڭلار، ئىپتىدائىي قۇراللىڭلارغا تايىنىپ ياراتقۇچىنىڭ ياراتىنىڭ بىر قۇۋمىنى يۇقىتالمايسىلەر. بۇنى ئوبدان بىلىسىلەر.

ــــ دېدى.

ــــ بەلكىم دېگەنلىرىڭ ئورۇنلۇقتۇ. ئەمما مەن بۇ ئىشنى ئىنسانىيەتكە بىلدۈرۈشنى خالىمايمەن، چۈنكى ئىنسانلار ئارىسىدىكى بىر قىسىم ئەسكى، قارانىيەت كىشىلەر بۇ ئىشنى كوچىلىشى مۇمكىن. شۇ ۋەجىدىن بىز تۆتىمىز ئەرۋاھلارغا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئاجىز بولىشىمىز مۇمكىن. ئەمما بىز ئۇنداق دۆت ئەمەس، ھەم ئىرادىسىز، ئىشەنچىسىزلاردىن ئەمەس. شۇڭا بىز ئۆزىمىزنى ئەرۋاھلار بىلەن تامامەن تەك تۇرالايمىز دەپ قارايمەن. ئەرۋاھلارنىڭ نىشانى نىملا بولمىسۇن بىز ئۇلارنى ئۆزۈل كىسىل ئىنسانىيەت ئارىسىدىن يۇقىتالمىساقمۇ چىقىرىپ تاشلايمىز. ــــ دېدىمەن كەسكىنلىك بىلەن. ئالدىمدىكى بۇ كىشىنىڭ چىرايىدا ھىچ بىر ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇ:

ــــ سىلەرگە دېسەم ئەرۋاھلار بۇيەرگە كىلەيلا دەپ قالدى. شۇڭا

سىلەر دەرھال تەييارلىق قىلمىساڭلار بولمايدۇ.

ـــ ئەلى، ئىمىن، ئادىل! سىلەرمۇ ئۆيۈڭلاردىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئەڭ ياخشى قۇراللاردىن قۇراللىنىڭلار. ئۇلار تونۇش بىلىش دوست بۇرادەرلىرىدىن سورامدۇ ياخشى قۇرال ـ ياراغ تېپىپ بەرسۇن. ـــ دىدىمەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ. ماڭا ئەگىشىپلا ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇردى. ھېلىقى كىشى بىزگە:

ـــ سىلەرنىڭ ئۇ ئىپتىدائى قۇراللىرىڭلار ئەسقاتمايدۇ. شۇڭا ئۆيۈڭلارغا قايتىپ ئۆزۈڭلارغا قۇۋۋەت بولىدىغان يىمەكلىك ئېلىۋېلىڭلار. يىمەكلىكتىن باشقا نەرسە ئالمەن دىمەڭلار! لازىملىك قۇراللار مەندە بار. ـــ دىدى. ئىمىن:

ـــ بىز ساڭا قانداق ئىشىنىمىز؟ بىزنى قۇرۇق قول قىپلا يۇقاتماقچىمۇيا! ـــ دىدى. ئۇ:

ـــ ھا، ھا، سەن خېلى زېرەككەنسەن. ماڭا قانداق ئىشىنەتتىڭلار!؟ ئەلۋەتتە ئىشىنىسىلەر، ھەم ئىشەنمەيمۇ ئامالىڭلار يوق. سىلەرنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىم بولسا بىرمۇنچە ۋاتىلداپ يۈرمەيتتىم. ئەگەر ئاتالمىش ئىشەنچىڭلار بىلەن ماڭا قارىيالمىساڭلار خالىغىنىڭلاچە قۇراللىنىپ كەسەڭلا بولىدۇ. مەن ئۇچۇن بەربىر. پەقەت ئارتۇق يۈك بولمىسۇن دىگەن يېرىملا با شۇ.

ـــ بولىدۇ! قېنى كۆرەمىز! ـــ دىدى ئىمىن.

ـــ بىز نەدە ئۇچۇرشىمىز؟ ـــ دىدىمەن. ئۇ:

ـــ تەييارلىقنى قىلىپ مۇشۇيەرگە كەلسەڭلار بولىدۇ. ـــ دىدى. بىز گەپ ـ سۆزسىز بۇرۇلۇپ ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. بىز خېلى ئۇزىغاندىن كىيىن تۇيۇقسىز ئادىل مەندىن:

ـــ ئۆمەر، ئېيتقىنە؟ بىزنىڭ راسلا ئەشۇ ئەرۋاھ پۇشتىدىن بولغان ئاداەمگە ئىشىنىشتىن باشقا چارىمىز يوقمۇ؟ ـــ دىدى. مەن: ئەلۋەتتە بار، بىراق بىز ئىككى خىل تەييارلىق بۇيىچە ئىش كۆرەيلى. ئۇنىڭ ئېيتقىنى يالغان بولسا بىز ئۇلارغا قارشى چىقساقمۇ بولىدۇ. ئۇبىزگە چېقىلالمايدۇ. قولىمىزدا خىرۇستال تاش بار. ـــ دىدىم. ئاغزىمدا بۇنداق دەپ قويغىنىم بىلەن، ئەمەلىيەتتە مەنمۇ ئەنسىرەۋاتاتتىم.

شۇنداق قىلىپ بىزمۇ ئۆز ئۆيلىرىمىزگە كىتىپ قالدۇق. مەن ئۆيگە كىرىپلا دادامغا بولغان ئىشلارنى قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بەردىم. دادام ئەھۋالنى چۈشەندى بولغاي مىنىڭ قايتىدىن سەپەرگە چىقىشىمغا رۇخسەت قىلدى. بىر كىچە ئاتا ئاتام بىلەن قانغۇچە مۇڭدىشىۋالغاندىن كىيىن ئەتىسى ئەتتىگەندە يىمەكلىكلەرنى سومكامغا سالدىم. ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆتكۈر بىر خەنجىرىمنى ئېلىۋالدىم. شۇنداق قىلىپ ئۇ كىشى دىگەن يەرگە يول ئالدىم.

بىرىپ قارىسام ئىمىن بىلەن ئادىل كىلىپ بوپتۇ. مىنىڭ كەينىمدىنلا ئەلىمۇ كەلدى. تۇيۇقسىزلا يېنىمىزدا ئۇ كىشى پەيدا بولدى. شۇ ئەسنادا ئۇ ھەممىمىزگە بىر گۇمان نەزىرى بىلەن قاراپ

چىقتى. ئۇ ماشا تىكىلىپ قارىۋىدى سومكامنىڭ سىرتىمىسى ئېچىلىپ تېز سۇرئەتتە خەنجىرەم ئۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولدى. ئىمىننىڭ كەينىگە تىقىۋالغان ئىككى تاپانچىسى، ئادىلنىڭ ئۆتكۈر بىسلىق قىلىچى، ئەلىنىڭ بىردانە گىراناتى ئۇنىڭ ئالدىدا لەيلەپ تۇراتتى. ئۇ بىزگە شۇنداق بىر ۋەھىملىك كۆز بىلەن تىكىلدى.

ـــ ماشا ئىشەنمەيسىلەدە! راستىنلا قورالىنىپ كەپسىلە، ئەمما بۇلار ئەسقاتمايدۇ دىدىمغۇ!

ئۇ بىزنىڭ بارلىق قوراللىرىمىزنى ئېلىۋالدى. ئەمدى ھەممىمىز قۇرۇق قوللا قالدۇق. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىغانچە ۋەھىمە بىزنى چىرمايتتى. ئۇ مىيىقىدا بىرنى كۈلۈپ قويدى...

## 27 ـ قىسىم: ئەرۋاھلار دۇنياسىغا قايتا سەپەر

ـــ بوپتۇ ماشا ئىشەنمىگەن بولساڭلار، ئەلۋەتتە بۇمۇ توغرا، ئەمدى مىنىڭ تۇرالغۇمغا بىرىپ كۆزۈڭلارنى ئېچىپ قۇياي. ـــ ئۇ شۇنداق دىدىدە ئالدىمىزدا ئورمان ئىچىگە كىرىپ كەتتى. توساتتىنلا بىزنىڭ قوراللىرىمىز ئۇچۇپ كىلىپلا ئۆز ئورنىغا قويۇلدى. ھەرھالداكۆڭلىمىزدىكى ئازراق ۋەھىمە ئۈنتۈلدى. بىز خېلى ماڭغاندىن كىيىن ناھايىتى سۈرلۈك ھەم ھەيۋەت بىلەن

سىلىنغان 4قەۋەتلىك داچا ئالدىغا كەلدۇق.

ـــــ مانا بۇ مېنىڭ تۇرالغۇم. كىچىك بولغىنى بىلەن ھەرھالدا ياخشى. ـــ دېدى ئۇ. ئەلى:

ـــــ نىمە؟ شۇنچىلىك چوڭ بىر داچا ئىكەنغۇ بۇ يەنە كىچىك دەيدىيا؟ ـــ دېدى ھەيرانلىق بىلەن. ئالدىمىزدىكى بۇ ئەرۋاھ يۇشتىدىن بولغان ئادەمنىڭ چىرايىدۇ ئەزەلدىن كۆرلۈپ باقمىغان ئۆزگۈرۈش بولدىدە دەرھال:

ـــ ھە.. ئەسلى ... مەن دىمەكچى بۇيەر چوڭ بولغىنى بىلەن مىنىڭ نەرسە كېرەكلىرىم سىغمايدۇچۇ شۇڭا دەيمىنا! ـــ دېدى. مەن ئۇنىڭ گىپىنى ئۈزۈپلا سورىدىم:

ـــــ بىز ھازىرغىچە سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. سىزنى نىمە دەپ چاقىرساق بۇلار؟ ئىسىم بولمىسا سىزنى «ھەي! ھۇي! »دىگەندەك ئىما سۆزلىرى بىلەن چاقىرىش ئەدەپسىزلىك بولمىسۇن دەيمەنغۇ ئەمدى!

ـــــ ھە ... ئۇنداقتا مىنى سەلىم دەپ چاقىرساڭلار بولىدۇ. ـــــ دېدى ئۇ. ئەلى:

ـــــ نىمە؟ نىمىشقا ئۇنداق چاقىرمىز؟ ـــــ دېدى ھەيرانلىقىنى يۇشىرالماي.

ـــــ مىنى تۇنجى كۆرگەندىمۇ شۇنداق چاقىرىپ يۈرۈيتتىڭلا! ھېلىھەم شۇنداق چاقىرساڭلارمۇ ھىچنىمە بولمايدۇ. ئەگەر مۇۋاپىق كۆرمىسەڭلا ئالىم، جۇرئەت، ئەخمەت .... دىگەندەك ئۆزىڭلار

بىلىدىغان ئۆيغۇرچە ئىسىملار بىلەن ئاتىساڭلارمۇ بولىۋېرىدۇ. مەن ئۆچۈن ئىسمىنىڭ كارايىتى چاغلىق. بولدى ۋاقتىنى چىك تۇتايلى.ــ ئۇ شۇنداق دىدە ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقىلى يۈرۈپ كەتتى. تۆتەيلەن تۇرۇپلا قالدۇق.

ــ ئۆز ئىسمىنىمۇ دەپبېرىشنى خالىمايۋاتسا قانداق ئىشىنىمىز؟

ــ دىدى ئىمىن.

ــ شۇ ئەمەسمۇ؟ ــ دىدى ئادىلمۇ ئىمىنىنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ. مەن:

ــ قېنى قاراپ باقايلى. بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىشىنىشتىن باشقا چارىمىز يوق. ــ دىدىمدە ئۇنىڭ يېنىغا ماڭدىم.

ــ ئۇنداقتا ئۇنى نىمە دەپ چاقىرىمىز؟ ــ دىدى ئەلى ماڭا.

ــ سەلىم! ــ دىدىمدە ئىشىكنى ئېچىپ ئاللىقاچان ئۆيگە كىرىپ بولغان «سەلىم»نىڭ كەينىدىن ماڭدىم. (ئەمدىدىن باشلاپ ئەسىرمىزدىكى بۇ پېرسۇناژ سەلىم دەپ ئاتىلىدۇ.)

بىز ئۆيگە كىردۇق. ئۆي ئىچى ناھايىتى كەڭ ـ كەڭرى بولۇپ ناھايىتى رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. تام ـ تورۇسلاردا جىنچىراق ئېسىقلىق ئىدى. سەلىم ئىچكىركى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كىلىپ:

ــ بۇياققا كىلىڭلا! ــ دەپ ۋارقىردى. ھەممىمىز ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ شۇ ئۆيگە كىردۇق. بۇ ئۆيدە بىردانە تام رەسىمدىن باشقا ھىچقانداق نەرسە يوق ئىدى. رەسىمدە ھېلىقى قىزىل كۆزلۈك

ئەرۋاھ شاھىنىڭ بىردانە بوۋاقنى كۆتۈرۈۋالغانلىق قىياپىتى تۇراتتى .

ــــ ئۇ سىنىڭ داداڭما؟ ــــ دەپ سورىدى ئەلى . سەلىم:

ــــ ھەئە شۇنداق! ئۇ بۇۋاق بولسا دەل مەن ــــ دىدى ئۇ رەسىمنى ئېلىۋەتكەچ . رەسىمنىڭ ئارقىدا بىر چوڭ كامار بولۇپ بىر ئادەم تامامەن سىغاتتى .

ــــ ھەممىڭلا كىرىڭلا بىرەسىڭلارمۇ قېپ قالماڭلا بولمىسا ئارماندا قالىسىلەر ــــ دەپ ئۆزى كامارغا كىرىپ كەتتى . ئارقىدىن مەنمۇ كىردىم. بۇيەر شۇنچىلىك قاراڭغۇ بولۇپ ئۇدۇلۇمدا كىچىككىنە يورۇقلۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ماڭغانچە يورۇقلۇقمۇ كۆچەيدى . ئەسلى بۇ بىر چىقىش ئېغىزى بولۇپ يوغان بىر شوتا يۆلەپ قويۇلغانىكەن. بۇيەرمۇ 7 ـ 8مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ شوتا ئارقىلىق پەسكە چۈشتۇم. قارىسام ھەممىلا يەردە ئېسىل ئېسىل قۇراللار تۇراتتى .قىلىچ تۇردىكى قۇراللاردىن تارتىپ، تاپانچا تۇرىدىكى قۇراللارغىچە ھەممىسىلا تېپىلاتتى . كەينىمدىن ئۆچەيلەنمۇ چۈشتىدە ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى .

ــــ قېنى ئەمسە يارىغىنىنى تالىلىۋېلىڭلا. ئۆزەڭلارنىڭ قۇرالىنى ئاۋۇ ئىشكاپقا تىزىپ قويۇڭلا بۇ قۇراللار ئۇنىڭدىن مىڭ ياخشى .

ــــ دىدى سەلىم . ــــ تاللىغاندا كۆچى زور ئېغىرى ئاز قۇراللارنى تاللاڭلا جۇمۇ مەسىلەن ماۋۇنىڭدەك ــــ دىدە بىردانە كىچىك سەل توم كالتەكنى كۆرسىتىپ .

ــــ نىمە؟ شۇنچە قۇراللار ئىچىدە مۇشۇ كالتەكنى ئالىمىزما؟

بۇنىڭدىن ئۆيۈمدىكى كەتمەن ياخشىتى. — دېدى ئادىل نارازى بولۇپ. سەلىم قولىدىكى كالتەكنى بىر سىلكىۋىدى توم يېرىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئورۇققىنا بىر يۇملاق كالتەككە ئايلاندى.

— قاراڭلا بۇ كالتەكنىڭ ئۈستىدە بىردانە كۇنۇپكا بار. بۇنى باسساق مانا مۇنداق بولىدۇ. — دېدىدە كۇنۇپكىنى بېسىۋىدى كالتەك ئۇچىدىن ئوت چاقناپ ئۆچتى. ئۇ:

— ئەگەر ئۇزۇنراق بېسىپ تۇرساڭلا ئوت كۈچى تېخىمۇ كۈچىيدۇ. هازىرقىدەك بېسىپلا قۇيۇۋەتسەڭلار مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. دېدى. مەن بۇ كالتەكتىن ئىككىنى ئېلىۋالدىم. قول تاپانچىدىن ئىككىنى ئېلىۋالدىم. ئادىل مېنى بىر چەتكىراق تارتىپ:

— ئۆمەر، قارا بۇيەردىكى قۇراللارغا، مەن بۇلار ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرىنى كۆرۈشتۈگۈل ئاڭلاپمۇ باقماپتىمەن. بەزىللىرىنىڭ راسلا ئەمىلىيەتتە بارلىقىدىن گۇمان قىلىۋاتىمەن. سەن دەپ باقە بۇ قۇراللار نەدىن كەلگەن؟

— بولدى ئادىل! قارا بۇ كىم؟ ئۆزىچە پوچىلىق قىلىپ بىزگە قوقاق سېلىۋاتقان بىر ئەرۋاھ پۈشتى. ئەرۋاھ دىگەن كىم؟ بۇنى بىلەسەن ئۇنىڭ قولىدىن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشتىن باشقىسى كېلىدۇ. بەلكىم ئۆزى ياسىغاندۇ! — دېدىمەن.

شۇنداق قىلىپ بىز تۇلۇق، پۇختا قۇراللىنىپ تەييار بولدۇق. بۇ ئۆيدىن ئايرىلىپ بىز دەسلەپتە كەلگەن شۇ تاغ ئارىسىدىكى كىچىك غارغا يېتىپ كەلدۇق. قارنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئەرۋاھلار

ئورمانلىقى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە سۈرلۈك، نەچچە ھەسسە قورقۇنۇشلۇق بولۇپ كەتكەن بولۇپ، بۇرۇنقى جىمجىتلىقتىن ئەسەرمۇ يوق. بەلكى ھازىر بۇيەردە قاغىلارنىڭ ئۈزۈپ ئۈزۈپ قاقىلداشلىرى، ئۇيەر بۇيەردىن شاراق شۇرۇق چىقىۋاتقان ئاۋازلار، يىنىك ھەم مۇدھىش شامالنىڭ تەسرىدە لىڭشىۋاتقان دەرەخنىڭ ئاۋازى، شامال تەسرىدە يولدا ئۇيان بۇيان يەلپۈنۈپ، ئۇچۇپ يۈرگەن غازاڭلار ئادەمگە تېخىمۇ بەك سۈر بېغىشلايتتى. بىز بۇ ئورمانلىققا كىرىپ كىتىۋاتاتتۇق.

—— سىلە كەتكەندىن كىيىن —— دەپ سۆز باشلىدى سەلىم. —— بۇيەر تېخىمۇ ۋەھشىيلەشتى. يەنى ئەرۋاھلار ئۆز قۇدرىتى بولغان تۆت دانە خىرۇستالنى يۇقىتىپ قويغانلىقىدىن غەزەپلەندى. شۇڭا ھازىر ئۇنىڭ نەزىرى خىرۇستال شەمشەردە. ئۇ خىرۇستال شەمشەرنى قوغدىماقتا. بەلكىم ئۇ ئەڭ قەبىھ قىلتاقلارنى قوللىنىشى مۇمكىن. شۇ ۋەجىدىن ....

—— ئا.....ئا.....ئا.......ئا....ئا...

سەلىمنىڭ گىپى تۈگىمەيلا يېنىمدا تۇرغان ئادىل قاتتىق ۋارقىراپ كەتتى. ئۇ ئورمان ئىچىدىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرىۋاتقان بولۇپ مەنمۇ شۇ تەرەپكە قارىدىم. ئۇ تەرەپتە دەرەخلەرگە نەچچە يۈز قۇش قونۇۋېلىپ قاقىلدىشىۋاتقان بولۇپ ئۇلارنىڭ نەزىرى بىزدە ئىدى.

—— چاتاق بولدى! تېز قۇرالىڭلارنى قولاڭلارغا ئېلىپ تەييارلىنىڭلا

— دەپ ۋارقىردى سەلىم. بۇ قۇشلار بىزگە قاراپ توپ توپ بولۇپ ئۇچۇپ كېلىشىۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ سانى ھەقىقەتەن جىق ئىدى. مەنمۇ دەرھال قۇراللىمنى ئېلىپ ئۇلارغا ئوق چىقىرىشقا باشلىدىم. ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئوق ئېتىش ھەقىقەتەن بىر ئاخماقلىق ئىدى. ھەممەيلەن ھېلىقى ئوت چاچىدىغان كالتەكنى چىقاردۇق ئاشۇغىچە ئۇلار بىزگە يېقىنلىشىپ بولغانىدى. ئۇلارغا توختىماي ئوت پۈركۈيتتۇق. ئۆلگىنى ئۆلۈپ بېشىمىزغا چۈشىۋاتاتتى. بىراق ئۇلارنىڭ سانى ئازلاشتۇگۇل تېخىمۇ جىقىيىۋاتاتتى. بىزنىڭ قولىمىزدا ئوت بولغاچقىلا ئۇلار يېقىن كېلەلمەيۋاتاتتى.

— كۆپچىلىك مىنى ئوتتۇراڭلارغا ئېلىۋېلىڭلار تېز بولۇڭلار — دىدى سەلىم يېنىمىزغا كېلىپ. شۇنچىلىك جىددىيچىلىكتە تۆتەيلەن سەلىمنى ئوتتۇرىمىزغا ئالدۇق. ئۇ:

— مەن قېچىڭلار دەپ ۋارقىرىغاندىلا ھەممىڭلا تېزلىك بىلەن ئالدىڭلارغا قېچىڭلار — دىدىدە قوينىدىن نىمىندۇر بىرنىمىنى ئېلىپلا «قېچىڭلار! » دەپ ۋارقىرىدى. گەرچە ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلمىسەكمۇ جىددىي پەيتتە ئۇنىڭ دىگىنىدەك قىلدۇق.تۇيۇقسىزلا گۈم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ مىنى بىر كۈچ ئالدىمغا ئىتتىرۋەتتىدە يولدىن چىقىپلا بىر دەرەخكە ئۇسسەپ يەرگە يىقىلدىم.ئۇستۇمگە توختىماي قاغىلارنىڭ جەسىدى چۈشىۋاتاتتى.

ــــ ھەممىڭلار قاغىلارنىڭ تىرنىقىغا تېگىشتىن ئېھتىيات قىلىڭلا. تىرنىقىدا زەھەر باركەن! ــــ دەپ ۋارقىرىدى ئەلى. مەن باشىمنى كۆتۈرۈپ ئەلىگە قارىدىم. ئۇ بىر دەرەخنىڭ دالدىسىغا بىلىكىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ھەممىيلەن ئۆزىمىز يېقىن يەردىكى دەرەخ دالدىسىغا بېرىپ قاغىنىڭ پۇتىنىڭ بىزگە تېگىپ كېتىشىدىن ساقلاندۇق. ئەلىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىۋاتاتتى. سەلىمنىڭ قانداق ھېلە ئىشلەتكەنلىكىنى بىلمىدىم. بومبا تاشلىسىمۇ بۇنچىۋالا بولماس ئىدى.

ــــ يەنە قايسىڭلا يارلاندىڭلار! ــــ دەپ ۋارقىرىدىم مەن. قارىسام ئەلىدىن باشقىلار يارلانماپتۇ. قۇشلار كۆپ بولغاچ 3مىنۇتچە ئۇستىمىزدىن قۇشنىڭ جەسىدى چۇشۇپ ئاخىرى تۈگىدى. مەن ئەلىنىڭ يېنىغا باردىمدە ئۇنىڭ بىلىكىگە قارىدىم. قارىسام ئۇنىڭ بىلىنى قۇشنىڭ تىرنىقى تىلىۋەتكەندەك قىلاتتى. سومكامدىن دەرھال داكىنى ئالدىمدە ئۇنىڭ بىلىكىنى تېڭىپ قويدۇم.

ــــ بۇنداق خەتەرلەر بۇندىن كېيىن داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇندىن كېيىن تېخىمۇ ئېھتىيات قىلىشىمىز لازىم. ــــ دىدى سەلىم.

ــــ قاراڭلا ئاۋۇ نىمە؟ ــــ دىدى ئەلى يولنىڭ ئىچكىرسىنى كۆرسىتىپ. بىزتەرەپكە قاراپ نۇرغۇن كىشلەر ياق، موردىلار كېلىۋاتاتتى.

ــــ دەرھال تەييارلىق قىلىڭلا! تېز بۇلۇڭلا تېز! ــــ دىدى سەلىم

ناھايىتى جىددىي تەلەپپۇزدا. ھەممىمىز قولىمىزغا قوراللىرىمىزنى ئېلىپ ئالدىمىزغا ئاستا ئىلگىرلىدۇق. موردىلار بىزگە يېقىنلاشقانسېرى بىز سەل جىددىيلىشكە باشلىدۇق. ئۇلارنىڭ سانى نۇرغۇن ئىدى. بىز ئۇلارغا قاراپ ئوق چىقىرىشقا باشلىدۇق. ئەگەر ئوق ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە تەگمەي باشقا يېرىگە تەگسە ئۇلار يەنىلا ئۆلمەيتتى. بىز ئۇلار تەرەپكە قاراپ ئىلگىرلىدۇق. ئوق ئېتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىمىزگە يېقىنلاشتۇرماي ئارىسىغا كىرىپ ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلىغانىدۇق. بىراق ئۇلار ناھايىتى كۆپ ئىدى.

ـــ ئۇلارغا تەڭ كېلىپ بولالمىغۇدەكمىز! ـــ دېدىمەن سەلىمگە.

ـــ بولدى قىزىل خىرۇستالنى ماڭا بار. ـــ دېدى. مەن ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ قىزىل خىرۇستالنى چىڭ سىقىپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىۋىدى ئۇنىڭ كۆزىمۇ قىزىرىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەيلا كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ موردىلارنىڭ كۆزلىرىمۇ قىپقىزىل تۈسكە كىردىدە ئۇلار جايىدا قېتىپلا قېلىشتى.

ـــ خېلى كارامەتلىرىڭ باركەن ھە؟!ـــ دېدى ئادىل ئۇنىڭغا.

ـــ شۇنداقراق! ئەمدى بىز يولىمىزغا ماڭايلى. بۇيەر تېخى ئۇزۇن. قەلئەگە كىرەلمەي قالساق چاتاق بولىدۇ. ـــ دېدى.

ـــ نىمە؟ نىمىشقا كىرەلمىگۇدەكمىز؟ ـــ دېدىم ھەيران بولۇپ.

ـــ كەچ كىرىپ كەتسە كىرەلمەيسەن. سىلەر بۇيەردە شۇنچە تۇرۇپ شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭلارما؟ ئاي يورۇقىدا قەلئەنىڭ ئىشكى

ئېچىلمايدۇ. ـــــ دىدى ئۇ.

ـــــ شۇنداقمۇ؟ بىز كۆندىزى كىرگەن. شۇڭا بۇنى نەدىن بىلەي. ئەمدىكى مەقسىتىمىز. تېز بو مورددىلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، قەلئەگە كىرىش. ئاندىن تۆت دانە خىرۇستالنى قەلئەدىكى تۆت ئورۇنغا يەنى خىرۇستالنىڭ ئەسلى جايىغا قۇيۇپ قۇيۇش.

ـــــ ئەجەبا ئەرۋاھلار بىزگە قاراپ تۇرارمۇ؟ ـــ دىدىم ئۇنىڭ بۇ گىپىدىن غەيرىلىك ھېس قىلىپ.

ـــــ ئەلۋەتتە قاراپ تۇرمايدۇ. شۇڭا مەن سىلەرنى قوغداپ تۇرىمەن. جايىغا قۇيۇپ قويغاندىن كىيىن كۈمۈش شەمشەرنى ئالغىلى بارىمىز.

ـــــ ئۇ شەمشەرنىڭ بىزگە لازىمى بارمۇ؟ـــــ دىدى ئەلى.

ـــــ شۇنداق، لازىمى بار . قالدى گەپنى بارغاندا دىيىشەمىز. ـــ دىدە ئالدىمىزدا يۈرۈپ كەتتى.

بىز يولىمىزنى داۋام قىلدۇق. خېلى ماڭدۇق. ئەرۋاھلار ئورمانلىقىدىن چىققاندىن كىيىن، ئاخىرى ئەرۋاھلار قەبرەستانلىقى ئوتتۇرسىدىكى ھەيۋەتلىك قەلئەگە كەلدۇق. بۇچاغ دەل قۇياش پاتاي دەپ قالغان ۋاقىت ئىدى...

## 28 ـ قىسىم:كۈمۈش شەمشەرنى قولغا چۈشۈرۈش

قۇياش پاتاي دەپ قالدى. شۇڭا بىز ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئاق رەڭلىك خىرۇستال ئارقىلىق دەسلەپكى ئۈسۈلغا ئوخشاش دەرۋازىنى ئاچماقچى بولدۇق. ئەمما يەنىلا كىچىككىنە قالغاندۇق. ھەتتا كەچكى شەپەق چۈشكەن ۋاقىتتىمۇ دەرۋازا يەنىلا ئېچىلمايدىكەن. ئەلۋەتتە بىز بۇ قەبرىلەرنىڭ ئارىسىدا نىر كىچىنى ئۆتكۈزىمىز دىسەك ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى.

ــــ بىز بۇيەردە تۈرىۋەرسەك بولمايدۇ. قانداق قىلساق بولا؟ ــــ دىدىمەن سەل ئەندىشىگە چۈشۈپ.

ــــ سېرىق رەڭلىك خىرۇستاللا بولىدىكەن بولدى بۇيەردە تۇرىۋېرەلەيمىز. ئەمما ناھايىتى تىنىچ ھالدا جىمجىتلىقنى ساقلايلى. بىركىچە جىمجىت تۇرۇپ ئۆتۈپ كەتسۇن. چىداڭلار! جىمجىت ئۇخلىساڭلارمۇ مەيلى. ئىشقىپ ئاۋاز چىقارماڭلار. ــــ دىدى سەلىم خاتىرجەم ھالدا. ــــ ئۆيىقۇڭلار كەلسە ئۇخلاڭلار. مەن كۈزەتچىلىك قىلسام بولىدۇ.

ــــ مەيلى ئەمسە، بىز ئاۋۇياقتىراق قەلئەنىڭ يېنىدا ئولتۇرايلى. ھېلىتىن ئۆيىقۇمىز كەلمەيدۇ. ــــ دىدى ئەلى. شۇنداق قىپ بىز شۇ تەرەپكە ئاستا قەددەم بىلەن باردۇق. قەلئە تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇردۇق. ۋاقىتمۇ ئاستا ئاستا ئۆتىۋاتاتتى.بۇ كەچ ھەقىقەتەن بىر ئۆزۈن كىچە بولىدىغاندەكلا قىلاتتى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن

كىيىن مەنمۇ ئۈيقۇخلاپ قاپتىمەن. بىر غەلىتە چۈشنى كۆردۈم.

ئۆزۈم بىر ناتونۇش يەردە ئىدىم. يېنىمدا ئەلى، ئىمىن، ئادىل بار ئىدى. قارىسام ئەتراپتا بىرمۇنچە مۇردىلار تۇرغۇدەك. بىز قولىمىزدىكى كۈمۈش شەمشەر بىلەن ئۇ مۇردىلارنى يۇقاتتۇق. ئەرۋاھلارنىمۇ ئۆزىمىزگە تەسلىم قىپتۇدەكمىز. شۇ ئەسنادا ئەلىنىڭ قولىدىكى شەمشەرنىڭ دەستىسىدىن قارا ئىس چىقىپلا توختاپ قالدىدە، بىر ئىشنى ئويلاپ بولغۇچە ئۇ ماڭا شەمشەرنى تىقىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. يەنە شۇ ئىمىننىڭ مىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك چۈشىنى كۆرۈپتىمەن. جىددىيچىلىكتە ئىمىنغا ئەنسىزلىك بىلەن تىكىلدىم. ئۇ جىمقىتقىنا دومكىسىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاۋاتاتتى. قارىسام سەلىم نېرىراقتا ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاسماندا ئورغاق ئايدىن باشقا بىرە يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەيتتى. سۈتتەك ئاينىڭ يورۇقى ئەتراپنى خېلى يورۇتۇپ تۇراتتى. مەن ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

—— بىرە نەرسىنى خىيال قىلىۋاتامسەن؟ —— دەپ سورىدىم. ئۇ:

—— شۇ، ئەرۋاھلارنى يىگەلمەي قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ قالدىم. خىرۇستالنى قەلئەدىكى تۆت ئورۇنغا قويۇپ قويمىساق بولمايدۇ. ئەگەر جايىغا قويۇپ قويساق، كۈمۈش شەمشەرنى ئىلىشىمىز مۇشكۈل، ئەگەر قويۇپ قويمىساق ئەرۋاھلار بەك قۇتراپ كىتىشى مۇمكىن. زادى قانداق قىلىشنى بىلەلمىدىم.—— دىدى چۇڭقۇر ئۇھ تارتىپ.

ـــــ سەن ئەرۋاھقۇ؟ ئەجەبا سەن ئالالماسەن؟ سىنىڭ كۆچۈك يەتمەمدۇ؟

ـــــ ياق! مەن ئۇنداق كۆچلۈك ئەمەس. مىنىڭ كۆچۈم يەر ئاستى شەھرىنىڭ قىلتاقلىرىنى يېشىشكە يەتمەيدۇ. بايىقى موردىلارغىمۇ تەڭ كېلەلمەي قىزىل خىرۇستالنى ئىشلەتتىم. خىرۇستاللا بولسا ئېلىش ئاسان. بولمىسا تەس شۇ!

ـــــ ئۇنداقتا بىز يەنىلا كۆمۈش شەمشەرنى قولغا چۈشۈرۈپىلىپ، ئاندىن خىرۇستالنى قۇيۇپ قۇيايلى. خىرۇستال بولسا قۇتىرىغان ئەرۋاھلارغىمۇ تاقابىل تۇرالايمىز مېنىڭچە.

ـــــ بەلكىم. ـــــ ئۇ شۇنداقلا دەپ گەپنى ئۈزدى. ئارىمىزدا بىرقانچە مىنۇت سۈكۈت ھۆكۈم سۈردى. كېيىنتۇيۇقسىزلا يەر تەۋرىگەندەكلە بىلىۋپ كەتتى. مەن سەل جىددىيلىشىپ:

ـــــ يەر تەۋرىدىمۇ ياكى.... ـــــ دىدىم گىپىمنىڭ ئاخىرنى چىقارماي. ئۇ:

ـــــ تېز ئاستا بېرىپ ئۇلارنى ئووغات، قوللىرىغا قۇراللىرىنى ئالسۇن. ـــــ دىدى سەلىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىن ئەندىشە ئالىمىتى چىقىپ تۇراتتى. مەن بېرىپ ئۇچەيلەننى ئويغىنىپ قومىزغا قۇراللىرمزنى ئالدۇق. تۇيۇقسىز ئالدىمىزدىكى قەبرىلەردىن قۇرۇپ، چىرىپ كەتكەن، بەزىللىرى سېسىپ كەتكەن، ئىنتايىن بەتبەشرە ۋە يىرگىنىشلىك موردىلار چىقىشقا باشلىدى. يېنىمىزدىكى قەبرىلەردىن چىقىپ بىزگە يېپىششقا باشلىدى.

سەلىمگە بايا قىزىل خىرۇستالنى بېرىپ ئېلىۋالمىغانىدىم. ئۇ خىرۇستال ئارقىلىق بايىقىدەكلا موردىلارنى قاتۇرغان بولسىمۇ، كېيىن قەبرىدىن چىققان موردىلارغا يەنىلا تەسىرى بولمىدى. بىر قەبرىدىن كەم دىگەندە تۆت موردا ئۆمىلەپ چىقىۋاتاتتى. سەلىم سەلىم ئەلىنىڭ يېنىغا بېرىپ سېرىق رەڭلىك خىرۇستالنى بېرىشنى ئېيتتى. ئەلى ئۇنىڭغا خىرۇستالنى بەرگەندىن كېيىن سەلىم بايىقى ھەركىتىنى قايتىلاپ خىرۇستالنى چىڭ سىققىنىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ ئېغىزىدا بىرنىمىلەرنى دەۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن توساتتىنلا خىرۇستالدىن سېرىق رەڭلىك نۇر چىقىپ يەلپۈگۈچتەك يېيىلىپ، دەسلەپتە بىزنى ۋەھشي بۆرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قالغاندەك چەمبەر شەكلىدە قوغداشچان نۇر دەستىسى ئېچىلدى. موردىلار يېقىن كىلىپ تىگىشى بىلەن ئۇلارنى غايىپ بىركۈچ ئىتتىرۋەتكەندەك كەينىگە ئۇچۇپ كىتەتتى. ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتۇلغان بولساقمۇ؟ ئەمما سەت كاكىراشلىرى يەنىلا بېشىمىزنى ئاغىرتىپ ئارامىمىزنى قويمىدى. شۇنچە ۋاراڭچۇرۇڭ ئىچىدە مۈگدەپ يېتىپ بىركىچىنى ناھايىتى تەسلىكتە ئۆتكۈزدۇق. قۇياش چىقىشى بىلەن موردىلار ئاستا ئاستا قەبرىلىرىگە كىرىپ كەتتى. بىز سومكىللىرمىزنى ئېسىپ، قەلئەگە كىرىشكە تەييارلاندۇق. ئاق رەڭلىك خىرۇستال ئارقىلىق دەرۋازىنى ئېچىپ قەلئەگە كىردۇق. 1 ـ قەۋەت يەنە ئوخشاشلا بۇرۇنقىدەك ئىدى. بىز ھېلىقى ئۇزۇن كارىدوردىن ئۆتتۇق. غەلىتە

يېرى شۈكى، ئەينى چاغدا بىز بۆيەردە بىرمۇنچە موردىلارنى بومبا تاشلاپ يوقاتقان ئىدۇق ھەم قارشى تەرەپتىكى تاش ئىشكنى چىك يېپىۋەتكەنىدۇق. ئەمما بۆيەردە ھازىر بىرمۇ جەسەت يوق بولۇپ، قارشى تەرەپتىكى تاش ئىشىكمۇ ئوچۇق ئىدى. بىز پەلەمپەي ئارقىلىق 20 ـ قەۋەتكە چىقتۇق. ئالتۇن كۇرسا جايىدا، بىراق ئەتراپتا ھېچ ئەرۋاھنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بىز ھېلىقى قۇدۇق ئارقىلىق پەسكە چۈشۈشكە تەمشىلىۋاتقان شۇ دەقىقىدە بىراۋنىڭ قولىقىمنىڭ تۈۋىدە بىرنىمە دىگەبىلىكىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم .

ـــ ھەي سىلەر ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ بۆيەردە بىر ئەرۋاھ بار ئوخشايدۇ. مەن ئېنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىم ـــ دىدىم. ئەمما ھەممەيلەن ئاڭلىمىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. سەلىم يېنىمغا كېلىپ:

ـــ بۆيەردە ھەرقانداق بىر ئەرۋاھ سىنى قورقۇتۇش، ئىرادىڭنى بوشىتىش ئۈچۈن بىرنىملەرنى سەڭا ئاڭلىتىدۇ... شۇنداقتىمۇ سەن ئاڭلىماسقا سېلىپ قولىقىڭنى يۇپۇرۋال. ـــ دىدى. مەن بېشىمنى لىڭشاتتىم. بىز قۇدۇق ئارقىلىق پەسكە چۈشۈپ، يەرئاستى شەھىرىگە كىرىپ بولغان چاغدا قولىقىمغا يەنە شۇ ئاۋاز ئاڭلاندىم بۇ قېتىم ناھايىتى ئېنىق بولۇپ «سەن ئۆلىسەن، ئەڭ يېقىن دوستۇڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرلىسەن! »دىگەن گەپ ئىدى. مىنى سەل سۈر بېسىشقا باشلىدى. قانداق قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلەلمەيۋاتاتتىم. شۇڭا دەماللىققا ئۆلارغا ئېيتمىدىم.

بىز تىمتاس، ھېچ بىر ئىپىز پاراكلاشماي يولىمىزغا قاراپ ماڭدۇق. خېلى ماڭدۇق. ئەمما ئەتراپتىكى ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بۇ ئۆيلەردىن باشقا ھېچنەرسە ئۇچۇرمايتتى. يەنە كىلىپ بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان يولنىڭ يا ئايىغى چىقمايتتى. بىز مېڭىۋاتىمىز، مېڭىچاتىمىز. قۇلىقىمغا تۇرۇپ تۇرۇپلا ئەشۇ «سەن ئۆلىسەن، ئەڭ يېقىن دوستۇڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرلىسەن! »دېگەن گەپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ مەن يەنىلا باشقا ئىشلارنى ئويلىۋالدىم. سەلىم دېگەندەك ئۇنىۋە خەتەرگىمۇ ئۇچۇرمىدۇق. جىمجىتلا كىتىپ باراتتۇق. خېلى ئۇزۇن ماڭدۇق. بىرەيلەن بىرە ئىپىز گەپ قىلاي دېمەيتتى. ئاخىرى مەن چىدىماي ئىپىز ئاچتىم:

ـــ نىمىشقا ھېچقايسىڭلار گەپ قىلمايسىلەر؟ ـــ دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان تۆتەيلەن ماڭا تىكىلىشتى. ئۇلار ئاغزىنى مىدىرلىتىپ بىرنىمىلەرنى دەۋاتاتتى. ئەمما قۇلىقىمغا ھېچنەرسە كىرمەيتتى. پەقەت تۇرۇپ تۇتۇپ بايىقى بىر جۈملە سۆز ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ـــ سىلە نىمە دەۋاتىسىلە؟ مەن ھېچنىمنى ئاڭلىيالمىدىم. قۇلىقىمدا ئەرۋاھىنىڭ تەھتىدىلا جاراڭلاۋاتىدۇ ـــ دېدىم. سەلىم ئىشنىڭ ماھىيتىنى چۈشەندى بولغاي، گەپ قىلماسلىقىمنى، يولنى داۋام قىلىپ مېڭىشىمنى، قولى بىلەن شەرتلەپ ئۇختۇردى. مەن ئۆزۈمنىڭ گاس بولۇپ قالغانلىقىمدىن قورقىۋاتاتتىم. قۇلاق تۈۋۈمدە پەقەت شۇ گەپلا جاراڭلاپ تۇراتتى. بىز خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كىيىن ئاخىرى ئۇدۇلدا ھەشەمەتلىك بىر ئۆينى

كۆردۇق. ئۆينىڭ ئىچىگە ئاۋايلاپ كىردۇق. كىرىپ ئىككى قەدەم مېڭىزشىمىزغىلا پۈتىمىزنىڭ تۆۋىگىلا نەخ بەشدانە يا ئوقى چۈشتى. ئەگەر ئازراقلا چوڭ قەدەم ئالغان بولساق بەلكىم يا ئوقى بىزگە سانجىلىپ كەتكەن بولاتتى. بۇ ئۆيگە كىرىشىمگىلا قۇلىقىم ئېچىلغاندەكلا بولدى. بايىقى ئاۋازمۇ توختاپ قالدى. دىمەك مىنىڭ قولىقىم ئاڭلىيالايدىغان بولغاندى.

ئالدىمىدا ئۈچ شىرەگە قويۇلغان ئۈچ دانە شەمشەر تۇراتتى. ئىسمىدە قېلىشچە خاتېرىدە« ئىككى شەمشەر بولىشى مۇمكىن، ئەمما ھەقىقەي كۆمۈش شەمشەر بۇيەردە ھەرگىز نۇر چىقارمايدۇ» دەپ يېزىلغاندى. بىزنى چۆچۈتكىنى بۇ ئۈچ شەمشەرنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاش يورۇقلۇقتا نۇر چىقىرىپ چاقناۋاتاتتى.

—— بۇلارنىڭ قايسىسى ھەقىقى شەمشەر؟ —— دىدى ئەلى . مەنمۇ مېنىق بىلمەيتتىم. دەرھال سەلىمگە قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىرخىل ئەندىشە چىقىپ تۇراتتى.

—— ئاۋۇيەردە بىرنەسەرسە چاقناۋاتامدۇ قانداق؟ —— دىدى ئادىل سول تەرىپىمىزدىكى بىر كىچىك ئىشىكنى كۆرستىپ. ئىشىك ياغاچتىن ياسالغان ئارىلىق بولۇپ ئىچىدە بىرشەمشەر چاقناپ تۇراتتى. ئۇمۇ ئوخشاشلا بايىقى ئۈچ شەمشەردەك ئىدى. ئەمما تېخىمۇ نۇرلۇق، تېخىمۇ كۈچلۈك نۇر چېچىۋاتاتتى.

—— قانداق قىلساق بولار؟ —— دىدىمەن. سەلىم:

—— ئاۋۇ ئۆيدىكى شەمشەرنى ئالايلى. ئاندىن ماۋۇ ئۈچ شەمشەردىن

سىلەر بىرنى تاللاشلار. ئىككىنى ئېلىۋالايلى. ئىككىسىنىڭ بىرسى راست چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. ھەممىنى ئالالىلىمىكىن دىسەم بىرە چاتاق چىقىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. — دىدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ گېپى بويىچە ئايرىم تۇرغان شۇمشەرنى ۋە تاللاپ تاللاپ، ئاخىرى ئۈچ شەمشەردىن ئوتتۇردا تۇرغان شەمشەرنى ئېلىشنى قارار قىلدۇق. مەن ئايرىم تۇرغان شەمشەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئاستا ئۇ ئۆيگە كىردىم. ئۆيدە شىرەگە قويۇلغان شەمشەردىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. مەن جىددىيلىك ئىلكىدە ناھايىتى ئاستا ئۇ شەمشەرنى قولۇمغا ئالدىم. ئەمدى ئېلىپ كەينىمگە بۇرۇلۇشۇمغا بىر بەتبەشىرە موردا مىنىڭ بوينۇمغا ئېسىلدى. ناھايىتى چۆچۈپ كەتكەندىم. تېزلىك بىلەن قولۇمدىكى بۇ شەمشەر بىلەن موردىنىڭ بېشىنى كىسىپ تاشلىدىم. تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ ئىشتىن يۈرۈكۈم قاتتىق سوقۇپ كەتكەندى. ئىمىنمۇ ئۇ شەمشەرنى ئالغاندى. تۇيۇقسىز يەربىر تەۋرەپلا توختاپ قالدى.
— تېز بۇلۇڭلار بۇيەردىن ئايرىلايلى! — دىدى سەلىم. — ئىمىنىنىڭ ئالغىنى ساختا شەمشەركەن.
— بىز تېزلا بۇ ئۆيدىن چىقتۇق. ئەمما بىزنى چۆچۈتكىنى بۇ ئالتۇن ئۆيلەردىن بەسبەستە موردىلار چىقىشقا باشلىدى. قورالىلىرىمىز بىلەن ئۇلارغا ئوق ئۈزدۇق. بۇيەر ناھايىتى ۋەھشي بىر مەيدانغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ بەشەيلەننى نەچچە مىڭ موردىلار

قورشىۋالدى .

ـــ سەلىم بىر ئىش قىلساڭچۇ! ـــ دېدىم جىددىيلىشىپ . ئۇ:

ـــ كۆمۈش شەمشەرنى ماڭا بەر! تېز ماڭا بەر! ـــ دېدى . مەن ئۇنىڭغا شەمشەرنى بەردىم . ئۇ شەمشەرنى بىرخىل ئەنسىزلىك ئىچىدە قولىغا ئالدى . شەمشەر ئۇنىڭ قولىغا چىققىنى بىلەن شەمشەر دەستىسىدىن قارا بىر تۈتەك چىقىپلا يوقاپ كەتتى . بۇنىڭدىن بىراز غەلىتىلىك ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدىم . ئۇ:

ـــ ئەخمەقلەر! ئەمدى مۇشۇيەردە ئۆلۈمۈڭنى كۈتۈپ يېتىش! ـــ دىگىنىچە غايىپ بوپ كەتتى . بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن كاللام تورمۇزلىنىپلا قالدى . ئەتراپتا بىزنى نەچچە مىڭ مورددىلار قىستاپ كېلىۋاتاتتى . ئاھ خۇدا! بىز بۇيەردە ئۆلۈپ كىتەرمىزمۇ؟

## 29 ـ قىسىم: ناتونۇش قىزچاق

ـــ ئۆمەر، بىر ئامال قىلساڭچۇ! ـــ دېدى ئادىل كۈچلۈك ئاۋازدا ۋارقىراپ . ئۇمۇ ھازىر كۆز ئالدىدىكى بۇ موردىلانىڭ يۈرىكىنى تىشىش بىلەن ئالدىراش ئىدى . ئەمما مەن قانداق قىلىمەن؟ مەن ئورنۇمدا قىمىرلىمايلا تۇرۇپ قالدىم . مىنىڭ يېنىمغا ئېتىلغان موردىلارنى ئۇچەيلەن ئۆلتۈرمەكتە ئىدى . مەن كاللىسى تورمۇزلىنىپ قالغاندەك جىمىپ قالدىم .كاللامدىن: « بولمىدى! بولمايدۇ . بىز ئەلۋەتتە بۇنداق تۈرىۋەرسەك بولمايدۇ . بىز

ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلىيالمىدۇق. ئىزچىل ئەرۋاھلارغا ئالدىنىپ كەپتىمىز. توغرا بىز سەلىم خاتىرىسىگە خاتىرلىگەن بىر جۈملە سۆزنى ئۇنتۇپ قاپتىمىز. ئەمدى ئىسىمگە كەلدى. يەنى سەلىم: «ئۆزۈڭلارنىڭ سايىسىنى كۆرسەڭلارمۇ، ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىڭلار» دىگەن ئەمەسمىدى؟ بىز نىمىشقا بۇنچە تېز بۇ جۈملىنى ئۇنتۇپ قالدۇق؟ ئەجەبا بىزنىڭ ئەجىلىمىز مۇشۇيەردە توشتىمۇ؟ ياق، ياق، ھەرگىز! بىز بۇيەردىن ئەلۋەتتە ئايرىلىشىمىز كېرەك. »دىگەن خىياللار ئۆتمەكتە ئىدى. شۇنىڭلىق بىلەن مەن ئىمىن ئالغان بۇ شەمشەرگە كۆز تىكتىم.ئۇنىڭ قولىدىكى شەمشەر يەنىلا نۇر چىقىرۋاتاتتى. ئۇنىڭ نىمىشقا نۇر چىقىردىغىنىنى زادى بىلەلمىدىم. مەن ئۇنىڭ قولىدىكى خەنجەرنى ئالدىمدە سومكامدىن سەلىمنىڭ خاتىرىسىنىمۇ ئالدىم. ھېلىقى ئىككى بەتلىك پۈتۈكنى شەمشەر ئۈستىگە قويدۇم. شۇ ئان شەمشەردە ئىنكاس پەيدا بولدى. شەمشەرنىڭ تۇتقۇچىدىن يېشىل ئىس چىقىپ توختاپ قالدى. مەن قولۇمغا ئالدىم. قولۇمغا چىقىشى بىلەن شەمشەر دەستىسىدىن ئاپپاق ئىس چىقىپ يۇقاپ كەتتى.

ـــ مىنىڭ كۆزۈمگە قارا. ... كۆزۈمگە قارا...... ـــ تۇيۇقسىز قۇلاق تۈۋۈمدە شۇنداق ئاۋاز جاراڭلاپ كەتتى. ئەرۋاھمۇيا دىدىم. ئەمما يېنىمدا موردىلارلا بار ئىدى. قارىسام شەمشەرنىڭ دەستىسىدە بىردانە كۆزمۇنچاق بارئىكەن. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. تىكىلىپ

قارىدىم. سۆپسۆزۈك مونچاقتىن نۇر چاقناشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا بىزنى قورىرشىۋالغان بۇ موردىلار جايىدا قېتىپ قالدى. مەن چۆشەنمىدىم. بۇ ساختا شەمشەرنىڭ نىمشقا بىزگە بۇنداق ئەسقاتىدىغىنىنى بىلمىدۇق. ئەجەبا، سەلىمنىڭ ئېلىپ كەتكىنى ساختىسىمىدۇ؟

تۇيۇقسىز شەمشەردىن چىققان نۇر كۆچىيىپ كىتىشكە باشلىدى. ھەتتا ئۇنىڭغا بىرە دەقىقە قاراپمۇ تۇرالمايتتۇق. تۇيۇقسىز يەر تەۋرىدى. ئۈستىمىزدىكى ئاسماننىڭ ئورنىدا تۇرۋاتقان ئەينەك چېقىلدى. پارچە ـ پارچە بولۇپ يەرگە چۈشىۋاتاتتى. ئەتراپتىكى ئۆيلەرمۇ گۇمۇرلۇپ چۈشۈشكە باشلىدى.

ــــ تېز يۈگرەڭلار تېز! ــــ دەپ ۋارقىردىم مەن. ھەممەيلەن ئالدىمىزغا قاراپ يۈگۈردۇق. بىز تىگىپ كەتكەن موردىلار يەنە ئەسلىگە كىلىپ بىزگە ئېتىلاتتى.تۇيۇقسىزلا ئۈستىدىن ناھايىتى يوغان تاشلار چۈشۈشكە باشلىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇيەرنى يورۇتۇپ تۇرغان ئۈستىمىزدىكى ئەينەكنىڭ ھەممىسىلا چېقىلىپ يەرگۈ چۈشۈپ كەتكەچكە ئەتراپ قاراڭغۇ ئىدى. ئەمما شەمشەردىن چىقىۋاتقان نۇر خېلى يەرنى يورۇتۇپ بېرىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا تاشلار چۈشۈپ بىز ئالدىمىزغا ماڭالمىدۇق. ئوڭ سول تەرەپكە ئەگىلەلمىدۇق. بۇ تەرەپتىكى ئۆيلەر بىر بىرىگە تۇتاشقانىكەن.

ـــــ ئاۋۇ ئۆيگە كىرىۋالايلى! ـــ دېدى ئەلى ئوك تەرىپىمىزدىكى ئىشىككە توغرا بەلگىسى ئۇرۇلغان بىر ئۆي تەرەپكە يۈگۈرۈپ. بىزمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ شۇيەرگە كىرىۋالدۇق. بىزنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى ئۆي ئىچى جىمجىت بولۇپ ھېچ يەر تەۋرەۋاتقاندەك ئەمەس ئىدى. مەن ئىشىك تەرەپكە قارىدىم. بىز بايا كىرگەندە ئىشىكنى ياپقاندەك قىلمىدۇق. ئەمما ئىشىك يېپىق.

ـــــ بىز يەنە بىرە قىلتاقتا چۈشتۇقمۇ نېمە؟ ـــ دېدى ئادىل.

ـــــ بىز قاچان قىلتاقتا چۈشمەي باققان. ـــ دېدى ئىمىن. ئۇ بىرىپلا ئىشىكنى ئاچتى. سىرت بايىقى دەھشەتلىك گۈمران بولىۋاتقان شەھەر بولماستىن، بەلگى گۈل گىياھ بىلەن قاپلانغان، ھەرخىل مىۋىلىك دەرەخلەر مەي باغلاپ مىۋە بەرگەن، شاخلىرىدا قۇشلار سايرىشىۋاتقان، كېپىنەكلەر ئۇچۇپ يۈرگەن ناھايىتى گۈزەل بىر باغ ئىدى. بىز چىقتۇق. چىقىپلا بۇيەرنىڭ خۇشپۇي پۇرىقى دىمىغىمىزغا ئۇرۇلدى. تۇغۇلۇپ ھازىرغا قەدەر بۇنداق گۈزەل جاينى كۆرەپ باقمىغانىدىم.

ـــــ ھەي! ئۆي قېنى؟ ـــ دېدى ئەلى . بىز دەرھال كەينىمىزگە قارىدۇق. بايا بىز چىققان ئۆي يوق ئىدى. ھەم بايا شەمشەردىن چىقىۋاتقان نۇرمۇ يوقاپ، شەمشەردىن نۇر چىقمىدى. مەن شەمشەرنى ئەپچىللىك بىلەن سومكامغا سالدىم.

ـــــ بىز ھازىر قەيەردە؟ ـــ دېدى ئىمىن. بۇيەرنىڭ گۈزەللىكىدىن

گاھ ھەيران بولساق، بۇ ئەرۋاھلار دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىدىن گۇمانلىنىۋاتاتتۇق. ئەرۋاھلار ئەزەلدىن زۇلمەتكە، ۋەھىمىگە ئىنتىلەتتىغۇ؟ ئەمما بۇيەردە نە ۋەھىمە، نە زۇلمەت بولسۇن؟ جەننەتكىلا گۈزەل ئىدىكى، دەرەختە پىشىپ كەتكەن ئالمىلارنى كۆرۈپ ئۆزۈپ يېرنى چىشلىۋالغۇمىز كىلىپ كەتتى.

ــــ ئۆمەر! قارا ئەلىنىڭ قولىدىن قان چىقىپتۇ! ـــ دىدى ئادىل مىنى نۇقۇشلاپ. مەن ئەلىنىڭ قولىغا قارىدىم. بىلىكىدىن قان چىقىۋاتقان بۇلۇپ كىيمى قان بۇلۇپ كەتكەنىدى.

ــــ موردىلار زەخمىلەندۈردىمۇ؟ ـــ سورىدى ئادىل. ئەلى جاۋاپ بېرىپ بولغۇچە مەن ئۇنىڭغا دىدىم:

ــــ ياق، بۇ ھىلىقى قۇشلارنىڭ تىرنىقى يارلاندۇرغان جاراھەت ئىكەن. ـــ دىدىمدە ئۇنىڭ يىڭنى قايرىپ تېڭىپ قويغان داكىنى ئېلىۋەتتىمدە بىلىكىگە قاراپ قورقۇپلا كەتتىم. ئۇنىڭ يارا ئېغىزى ئېچىلىپلا قالغان بۇلۇپ سۆڭىكى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.يارا ئېغىزىنىڭ ئەتراپى سىيىپ كەتكەن بۇلۇپ، رەڭگىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

ــــ شۇنچە بۇلۇپ كەتكۇچە بىزگە نىمىشقا ئېيتمىدىڭ؟ ـــ دىدىم ئۇنىڭغا.

ــــ بىلمىدىم، دەسلىپىدە ئاغرىمىغانىدى. قارىسام ھازىر قان چىقىپ كىتىپتۇ.ـــ دىدى ئۇ.

ئۇنداقتا ھازىر ئاغرىۋاتامدۇ؟

ـــ بىلمەيمەن! راستىمنى ئېيتسام بۇ يەردە پەقەت سىزنىم قالمىدى. بۇيەرنىڭ تۇتساڭمۇ سەزمىدىم. ـــ دىدى ئۇ يارا ئېغىزنى كۆرستىپ.

ـــ ئېغىزنى تىكىپ قويامدۇق قانداق؟ ـــ دىدى ئادىل.

ـــ بولمايدۇ!ـــ دىدى ئىمىن ئەلنىڭ بىلىكىنى سىلىق تۇتۇپ بېقىپ. ـــ كۆرمەيۋاتامسەن؟ سۆڭەك ئەتراپىدا گۆشىمۇ قالماپتۇ؟ ئەتراپىنى يېپىپ تىككىلى بولمايدۇ؟ سېسىپ كەتكەن گۆشنى كىسىپ ئېلىۋەتمىسەك، تېز سۈرئەتتە تاراپ كىتىشى مۇمكىن.

ـــ ئۇنداقتا كىسىۋىتىمىزمۇ؟

ـــ مەن بىلمىدىم. ئۇ سېسىپ كەتكەن گۆشنى كىسىۋەتسەك سۆڭىكىنچۇ؟ ئۇنى قانداق ياپىمىز؟ مەن قەتئىي بىلمىدىم. ـــ دىدى ئىمىن ھەسرەت بىلەن. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ ناھايىتى كۆڭلى يېرىم بولىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ دىگىنىمۇ توغرا!

ـــ ئەمسە ئۇنى قانداق قىلىمىز؟ ئۇنىڭ ئۆلۈپ كىتىشىگە قاراپ تۇرىمىزما؟ ـــ دىدى ئادىل. ئۇنىڭ كۆز قارچۇغى ئۇچەي دەپ قالغان شامدەك مىدىرلاپ تۇراتتى.

ـــ كىم ئۇنى ئۆلىدۇ دەيدۇ؟ بىز چۇقۇم ئامال قىلىمىز! ـــ دىدىم مەن كەسكىنلىك بىلەن.

ــــ كىم ئۆلىدىكەن؟ ــــ بۇ گەپتىن ھەممىمىز چۆچۈپ كىتىپ ئارقىمىزغا بۇرۇلدۇق. كەينىمىزدە شۇنچىلىك گۈزەل بىر قىز بۇلۇپ، چاچلىرى قوندۇزدەك بۇلۇپ، كۆزلىرىدىن ئىللىقلىقى چىقىپ تۇراتتى. ــــ ئۆلىدىكەن؟ دىگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدىم! بىرەسى ياردار ئوخشىمامدۇ؟ ــــ دىدى ئۇ مۇڭلۇق ئاۋازدا. ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى زىل بۇلۇپ شۇنداق يېقىملىق چىقىۋاتاتتى.

ــــ ئە... يا.. ــــ ئىمىن گەپ قىلالمايلا قالدى. مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋۋاقلاپ:

ــــ ھە.. ئەسلى ئۆلىدىكەن دىمىدۇق... بۇ.. ــــ نىمىشقىكىن تاك، مىنىڭ ئېغىزىمىمۇ گەپكە كەلمەيۋاتاتتى.

ــــ بىزنىڭ دوستىمىز ناھايىتى ئېغىر يارلاندى! بىزگە ياردەم قىلالاسىزمۇ؟ ــــ دىدى ئادىل قىلچە ئىككىلەنمەي. بۇنى ئاڭلىغان قىزنىڭ چىرايىدا شۇئان ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ قالغان ئەلىنىڭ يىنىغا كىلىپ ئۇنىڭ قولىغا قارىدىدە:

ــــ ئاپلا! بۇ نىمىش؟ ئۇنىڭ يارىسى ئادەتتىكى يارا ئەمەسكەن! تېز ئۇنى كۆتۈرۈڭلا! مىنىڭكىگە بارىمىز! ــــ دىدىدە ئالدىمىزدا ماڭدى. ئادىل بولسا بىزدىن بۇرۇن ئەلىنى كۆتۈرۈپ ئۇ قىزنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

ــــ ئىمىن، ــــ دىدىمەن ئىمىننى يىنىمغا تارتىپ. ــــ سەنچە بىز بۇ قىزغا ئىشىنىشىمىز كىرەكمۇ؟ــــ دىدىم. مەن ھەقىقەتەن ھازىر بۇ ئەرۋاھلار دۇنياسىغا چىتىلىدىغان ھەربىرىيەردە ئۇچراتقان

كىشىدىن گۇمانلىنىدىغان بولغانىدىم. ئىمىن ئۇمۇدسىزلەنگەن هالدا:

ـــ بىلمەيمەن ئۆمەر، ئەمما بىزنىڭ باشقا تاللىشىمىز يوق. بىزنىڭ هازىر بۇ قىزغا ئىشىنىشتىن باشقا چارىمىز يوق. هەم ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن شۇنداق ئىللىقلىقنى هېس قىلدىم.مەنچە ئۇ ياخشى قىز. ـــ دىدىدە ئادىلنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

ئامالسىز مەنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. بىز خېلى ماڭدۇق. ئەتراپ قويۇق ئورمان بولۇپ، ئەمما ئەرۋاھلار ئورمانلىقى، هەتتا بىزنىڭ يېزىدىكى دەرەخلىكلەردىنمۇ خېلى پەرىقلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ، يورۇق هەم ناهايىتى گۈزەل ئىدى. مېۋىلىك دەرەخ، مېۋەسىز دەرەخ، هەرخىل گۈل گىياھ، قۇشلار، ... هەممىسىلا بار ئىدى. بىز خېلى ماڭغاندىن كيىن، بىر ياغاچ كەپىگە يىتىپ كەلدۇق. ئەترەپى ياغاچ بىلەن قاشالانغان بولۇپ، 3قەۋەتلىك چىرايلىق ئۆي ئىدى. بىز ئۇ ئۆيگە كىردۇق.

ـــ ئۇنى ئىككىنجى قەۋەتكە ئېلىپ چىقىڭ! ـــ دىدى قىز ئادىلغا يول باشلاپ. ئۇ ئىكىنجى قەۋەتتىكى بىر ئۆيىنى كۆرسىتىپ ئەلىنى كارۋاتتا ياتقۇزۇشنى ئېيتتى. مەن ئەلىنىڭ كۆزىدىن غەيرىلىك هېس قىلىپ قالدىم. قىز بولسا ئۆزى بىر دانە ياغلىق ئېلىپ كەلدىدە بىر كىچىك قاچا ئەكىردى. قاچىدا شۇنداق سۇپسۈزۈك سۇ بار ئىدى. ئۇ ياغلىقنى سۇغا سېلىپ سىقماستىنلا ئەلىنىڭ يارىسىغا باستى. ئەلى جىمىدىلا ياتاتتى. قىز ياغلىقنى ئالدى.

قارىساق ئەلنىڭ كۆشلىرى چاپلىشۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز كاللامدا ھېلىقى خىسلەتلىك شارقىراتما كەلدى. توغرا ئۇنىڭ سۈيىنىڭمۇ مۇشۇنداق ئىقتىدارى بار ئەمەسمىدى؟ ئەجەبا بىز شۇ شارقىراتمىنىڭ ئەتراپىدىمۇ؟ قىز ياغلىقنى يەنە سۇغا چىلىدى. بۇ قېتىم ياغلىقنى سىقىپ، چىرايلىق قاتلاپ ئەلنىڭ كۆزىگە قويدى.

— ھەممىڭلا چىقىپ كېتىڭلا بۇلۇڭلا ئۇ ھازىر تىنچلىنىشقا مۇھتاج! — دىدى بىزنى ئەلى ياتقان ئۆيدىن چىقىرۋەتتى. 10مىنۇتچە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ چىقتىدە:

— بۇياققا كىلىڭلا! بىز دىيشىدىغان گەپلە تېخى جىقكەن. — دىدىدە بىرىنجى قەۋەتكە چۈشتى. بىز ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. ئۇ:

— مىنىڭ ئىسمىم ئاينۇر،(بۇندىن كېيىن ئەسىرمىزدە بۇ قىزنى ئاينۇر دەپ ئاتايمىز) بۇ مىنىڭ مەھەللەم. سىلە بۇيەرگە نىمىشقا؟ قانداق كەلدىڭلار؟ — دەپ سوراپ كەتتى. مەن:

— بىز دىسەڭ گەپ جىق! مۇھىمى بىز بۇيەرگە نىمىشقا؟ قانداق كەلدۇق ئەمەس بەلكى بۇزادى قەيەر؟ — دىدىم. ئاينۇر:

— دىدىمغۇ بۇ مىنىڭ مەھەللەم، بۇيەرنىڭ ئەسلا ئىسمى يوق. بۇ ئەتراپتا يەنە 50نەچچە ئائىلە بار. مەن ئۇنىڭ يارىسىدىن قورقۇنۇچنى، زۇلمەتنى ھېس قىلدىم. — دىدى.

— بىز ئەرۋاھلار دۇنياسىدىن كەلدۇق! — دىدى ئىمىن. بۇنى

ئاڭلىغان ئاينۇر مەسخىرلىك كۈلدىدە:

ـــ سىلە مىنىڭ تولا ئەخمەق قىلماڭلار! سىلە زادى نەدىن كەلدىڭلار؟ ـــ دىدى .

ـــ بىزگە ئىشىنىڭ بىز راسلا ئەرۋاھلار دۇنياسىدىن كەلدۇق .ـــ دىدى ئىمىن يەنە .

ـــ هە.. بوپتۇ. ئەرۋاھلار دۇنياسىنىڭ نەردىن كەلدىڭلار؟ ـــ دىدى ئاينۇر. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممىمىز چۆچۈپ كەتتۇق .

ـــ بۇ نىمە دىگىنىڭىز؟ ـــ دىدىمەن .

ـــ بۇمۇ بىر ئەرۋاھلار دۇنياسى . ئەجەبا سىلە بىلمەمسىلە؟

ـــ بىز تېخى بايىلا زۇلمەتلىك قەلئە ئاستىدىكى شەھەردىن قۇتۇلۇپ كەلدۇق. ـــ دىدىمەن. بۇنى ئاڭلىغان ئاينۇر غەزەپلەندىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

ـــ سىلە زۇلمەت قەلئەسى ئاستىدىكى زۇلمەتلىك شەھەردىن كەپسىلەدە؟ ئۇ دوستۇڭلانى ئېلىپ نەدىن كەلگەن بولساڭلار شۇيەرگە كىتىڭلار؟ بۇيەر سىلەرنى قارشى ئالمايدۇ؟ ـــ دىدىدە يۇگۇرگەن پېتى بىردانە ئالتۇن رەڭلىك شەمشەرنى ئېلىپ چىقتى .

ـــ نىمە قىلماقچىسىز؟ ـــ دىدىمەن . ئۇ:

ـــ بىز مورديلارنىڭ پاراكەندىچىلىك قىلىشىنى خالىمايمىز يوقۇلۇڭلا بولمىسا زىيان تارتقۇچىلاردىن بۇلۇپ قالىسىلەر! ـــ دىدى . ئۇنىڭ قولىدىكى شەمشەردىن سېرىق رەڭلىك ئىس چىقىپلا يۇقاپ كەتتى .

## 30 ـ قىسىم:ئاينۇرنىڭ ئەسلىمىسى

ـــ چۈشەندۈرشۈمنى ئاقلاڭ، بىز يامان نىيەتلىك كىشىلەردىن ئەمەس، ھەرگىز سىزگە ئاۋارچىلىق تاپمايمىز. ـــ دىدىمەن ئاينۇرغا چۈشەندۈرۈشكە تىرشىپ.

ـــ ئەينى چاغدىمۇ شۇنداق بوغان، بۇيەرگە بىز ئەرۋاھلار قەلئەسىگە ئاياغ باسقان ھەرقانداق بىر زاتنى يېقىن يوللاتمايمىز.

ـــ دىدى ئاينۇر ئاچچىقلاپ.

ـــ ئەينى چاغدا؟ ـــ دىدى ئىمىن ھەيرانلىقىنى باسالماي. ـــ بۇرۇن بۇيەرگە باشقىلارمۇ كەلگەنمۇ؟

ـــ شۇنداق، سىلەرگە ئوخشاشلا شۇيەردىن كەلگەن. ئۆزىنى خەتەر ئېلىپ كەلمەيمەن دەپ نۇرغۇن سەپسەتىلەنى قىلىۋدى ئاقىۋەت بىزنىڭ بۇيەردىكى 300 كىشى ئۆلۈپ كەتتى. بولدى. سىلەرگە بۇنى دەيدىغان ۋاقتىم يوق. سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغۇمۇ يوق. بۇيەردىكى باشقىلار بىلىپ قالسا ئۆلتۈرلىسىلەر. شۇڭا كىتىپ قېلىڭلار! ـــ ئاينۇرنىڭ قولىدىكى شەمشەردىن نۇر چاقناشقا باشلىدى. بىز نىمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق. ئىمىن:

ـــ بۇيەرگە كەلگەن كىشىنىڭ ئىسمى سەلىممۇ؟ ـــ دىدى. ئۇ بۇنىڭدىن گۇمان قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئاينۇرنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدىدە:

ـــ دىمەك سىلە ئۇنىڭ شېرىكى ئىكەنسىلەردە، قانداق كەلگەن

بولساڭلار شۇنداق كىتىڭلار. ـــ دىدى

ـــ ماڭا قاراڭ قىزچاق، سىزدە ئازراقمۇ ئادىمىيلىك يوقما؟ بۇيەردە بىر ئادەم جان تالىشىۋاتىدۇ. سىز بولسىڭىز بىزنى قوغلاۋاتىسىز. ئۇ ئۆلۈپ كەتسۇنما؟ سىزدە ئازراقمۇ ئىچ ئاغرىتىش يوقما؟ ـــ دىدى ئادىل ئېچىنغان هالدا. بۇنى ئاڭلاپ ئاينۇر قوپال ئاۋازدا:

ـــ ماڭا ئىچ ئاغرىتىشتىن، ئادىمىيلىكتىن سۆز ئاچماڭلار. ئەينى چاغدا ئۇ 300 كىشى ئۆلگەندە كىم بىزگە ئىچ ئاغرىتىپتىكەن؟ هىچكىم. ئەينى چاغدا شۇ سەلىم دىگەن ئادەمنىڭ دەستىدىن نۇرغۇن ئائىلىلىك ۋەيران بۇلۇپ كەتتى. ئۇلارغا كىم ئىچ ئاغرىتىپتىكەن؟ شۇ سەلىم دىگەن نىمىمۇ، قىلىدىغاننى قىلىپ بىرچەتتە ئامالىم يوق دەپ قاراپ تۇردى خالاس . ماڭا بۇنىڭدىن دەرس بېرىدىغانغا سەللەڭلا يەتمەيدۇ. گەپنى ئۇزارتقاننىڭ پايدىسى يوق. كىتىپ قېلىڭلار. ئۇ سەلىم دىگەن بۇرادىرىڭلارغا ئېيتىپ قۇيۇڭلار. بۇيەردىكى هەربىر خەلىقنىڭ ئۇنىڭغا ئاداۋىتى بار. . . .

ـــ سەلىم ئۆلگىلى 2يىل بولدى. ـــ دىدىمەن ئاينۇرنىڭ گىپىنى ئۇزۇپلا. بۇنى ئاڭلاپ ئاينۇر توختاپ قالدى. ئارىمىزنى بىراز سۈكۈي باسقاندىن كىيىن مەنبۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سۆزلىدىم:

ـــ سەلىم بۇيەرگە قانداق ئاۋارچىلىق ئېلىپ كەلگەن بۇلىشىدىن قەتئىي نەزەر بىزنىڭ ئۇ ئىشلار بىلەن قىلچىلىك ئالاقىمىز يوق.

ئۆلگەنلەر ئۇچۇن كۆڭلۈم يېرىم بولدى. بىراق بىز بۇيەرگە شۇ زۇلمەتنى، شۇ ۋەھىمىنى، شۇ ئازاپنى يوقىتىش ئۇچۇن كۆرەش قىلغىلى كەلدۇق. ئەمما بىز ھازىر سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە مۇھتاج. بىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئاشۇ ئەرۋاھ بىلەن، ئاشۇ نوردىلار بىلەن جەڭ قىلىپ كەلدۇق ھەم شۇ سەۋەپ بىلەن بۇ ھالغا قالدۇق. سىز ۋە بۇيەردىكى كىشىلەر شۇ زۇلمەتتىن قانچىلىك بىزار بولسا بىز ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە بىزار. سىلەر بۇيەردە ئۇ زۇلمەتتىن قورقۇپ توڭگۇلگىنىڭلار بىلەن، بىز بۇيەرگە باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلغىلى كەلدۇق. بىز بۇ زۇلمەتكە ھەرگىز باش ئەگمەيمىز. سىلەر يەنە قاچانغىچە مۇشۇنداق ئەنسىرەش، قورقۇش ئىچىدە ئۆتۈپ كەتمەكچى؟ ئەجەبا مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتمەكچىمۇ؟ ئۇ ئەرۋاھلار بۇيەرنى مەڭگۈ مۇشۇ پېتى قويۇپ قويارمۇ؟ ئەجەبا ئۇلار بۇيەرگە تاجاۋۇز قىلماسمۇ؟ قارىماققا چىچەن بىر قىز ئىكەنسىز. ئالدىڭىزدا تۇرغان بۇ ئادەملەر سىلەرگە ئاۋارچىلىق ئەمەس بەلكى ئازادلىقنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر ھاياتلا بولساق ئاخىرغىچە كۆرەش قىلىمىز. شۇڭا بىزگە ياردەم قىلىڭ. ــــ بۇ گەپلىرىم ئاينۇرنى ئېرىتتى بولغاي ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى.

ــــ دىگىنىڭىز راسمۇ؟ راستىنلا بۇ زۇلمەتنى يۇقىتالامسىلەر؟ ــــ دىدى ئاينۇر.

ــــ مەن شۇنداق كاپالەت بېرىمەنكى، ئەگەر بۇيەردىكى ھەربىر خەلق بىزگە ئىشىنىدىغانلا بولسا، بىز بۇ زۇلمەت بىلەن ئاخىرغىۋە

كۆرەش قىلىمەز. — دېدىمەن.

— بولىدۇ. ئۇنداقتا تۇرۇپ قېلىڭلار. ئەمما بۇيەرنىڭ بەلگىلىك قائىدىللىرىگە چۇقۇم ئەمەل قىلىشىڭلار لازىم. بۇياققا كىلىپ ئولتۇرۇڭلار. سىلەرگە ئازراق بىرنەرسە دەپ بېرەي. — دىدى ئاينۇر ئۇستەلگە ئالدىغا كىلىپ ئولتۇدى. بىزمۇ ئولتۇردۇق.

ئاينۇر سۆز باشلىدى:

— سىلەرگە دىسەم بۇتۇن بۇيەر شۇنۋلىك ئاۋات بىر دۇنيا ئىدىكى بۇيەردىن بەخىت كەتمەيتتى. شۇنچىلىك خۇشال خۇراملىق ئىچىدە ئادەملەر ياشايتتى. ئەمما بىزنىڭ بەختىمىز ئۇزاققا بارماي، دۇنيارىمىزغا زۇلمەت كەلدى. بىزنىڭ بۇيەردىكى كىشىللىرىمىز ئەرۋاھلارغا تەك كىلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدىكى ئەك ئۇستا كۇچلۇك بىر پېرخون بىردانە پارقىراپ تۇرىدىغان كۇمۇش شەمشەرنى ياساپ چىقتى. بۇ شەمشەر ئارقىلىق ئەرۋاھلارنى يۇقىتالمىساقمۇ ئۇلارغا تەھتىد ئېلىپ كىلەلەيتتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئەرۋاھلار بۇيەردىن چىقىپ كىتىشتى. ئەمما بولدى قىلىشمىدى. ئارقىدىن ئۇزلىرى 6دانە كۇچلۇك خىرۇستال تاشلارنى ياساپ چىقتى. بۇ خىرۇستال تاش ئىچىدە ئىككىسى بىزنىڭ شەھرىمىزنىڭ كۇچىدە ياسالغان. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كۇمۇش شەمشىرىمىز بۇ 6خىرۇستالنىڭ كۇچىگە تەك كىلەلمىدى. بىز مەغلۇپ بولدۇق. كۇمۇش شەمشەرنى سوققان پېرخون، ئۇنى شەھرىمىزدىكى ئەك ئىچكىر بىريەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەتراپقا

خىلمۇخىل مىخانىكىلىق قىلتاقلارنى ئورۇنلاشتۇرشتى. چۈنكى بۇ شەمشەرنىڭ كۈچى گەرچە 6خىرۇستالغا يەتمىسمۇ ئەمما بەلگىلىك دەرىجىدە خىرۇستال بىلەن باراۋەر بۇلالايتتى. شۇ سەۋەپ ئەرۋاھلار بۇ شەنشەرنىڭ كۈيدا بۇلىشتى. ئەمما ئۇلار شەمشەرنى ئالالمايتتى. شۇڭا بىزنىڭ شەھىرمىزنى ئىككىگە بۆلۈۋەتتى. شەمشەر يۇشۇرۇلغان تەرەپنى يەر ئاستىغا بەند قىلدى. ئۈستىگە ئۆزلىرى، زۇلمەتلىك قەلئە سېلىپ ئوردا قىلىشۋىلىشتى. پۈتۈن ئەتراپ زۇلمەت بىلەن تولغاندى. شەھەرنىڭ يەنە بىر بۆلىكى يەنى بىز تۇرىۋاتقان يەرنى مىنىڭ دادام قوغداپ قالدى. ئەمما دادامىمۇ ئۇنچە كۈچلۈك بولمىغاچ ئۇلارغىمۇ تەڭ كىلەلمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئۇلار مەقسىتىگە يەتتى. پۈتۈن ئەرۋاھ دۇنياسى شۇ زۇلمەتكە تەئەللۇق بولدى. بىز بولساق بىر مەزگىل مۈكۈنۈپ ياشىدۇق. ئەرۋاھلار نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆزلىرى كونترۇل قىلىۋىلىپ تىرىك موردىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. كيىن ئەرۋاھلارغا نىمىش بولدى بىلمىدۇق بىزنىڭ بۇ تەرەپنى قۇيۇپ بەردى. يەنى مۇشۇنچىلىك قىسمىدا بىز ياشىدۇق، ئەرۋاھلار بىزگە تەھتىد سېلىپ بۇيەردىن قەتئىي ئايرىلماسلىقنى، بولمىسا ۋەيران قىلىۋىتىدىغانلىقنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز مۇشۇ يەردە هازىرغىچە ياشاپ كەلدۇق. ئاردىن خېلى ئۆتكەندىن كيىن سەلىم ئىسىملىك بىر كىشى كەلدى. ئۇ ھەددىپ بىزنىڭ ئۆزىگە ياردەم قىلىشنى، قوشۇن توپلاپ ئەرۋاھلار بىلەن جەڭ قىلىشنى ئېيتىپ بىزنى دەۋەت قىلدى.

ئەركىنلىك ئۈچۈن بىزدىن نۇرغۇن كىشىلەر جەڭگە تەييارلاندى. ئەمما شۇ قېتىم 300كىشى ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ سەلىم دىگەن ئادەم بىرچەتتە قاراپلا تۇردى. ئۇ قېتىملىق جەڭدىن كېيىن ئۇلار تىنجىپ قېلىشتى. بىز مۇشۇ هالدا ۋاشىدۇق. كېيىن 6خىرۇستالدىن ئىككىسى مىنىڭ قولۇمغا چۈشتى. بۇ ئىككىسى ئارقىلىق خىرۇستال شەمشەرنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بىز بىرنەچچە گۇرۇپپا بۇلۇپ تەشكىللەندۇق. ئەمما خىسلەتلىك شارقىراتما ئېغىزىدىكى ئۆڭكۈرگە كەلگەندە، مەغلۇپ بولدۇق. هايات قالغانلىرى شۇيەردىكى تاغ ئارىسىغا مەككۇم بۇلۇپ قالدى. بەلكىم ئۇلار قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلىنىپمۇ بولغاندۇ. شۇتەرىقىدە مەن يەنە هېلىقى سەلىم دىگەنگە ئۇچراپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىششتىن باشقا تاللىشىم يوق ئىدى. كېيىن ئۇ خىرۇستالنى ئېلىۋېلىپ غايىپ بۇلۇپبكەتتى. هىچ ئىزدېرىكىنى بىلمەيتتىم. سىلەر ئۆلدى دەيسىلەر. ئىشقىلىپ بەكلا ئاۋارچىلىق ئېلىپ كەلگەن ئۇ بىزگە. مانا ئەمدى مەن قايتىپ كىلىپ بۇيەردە مۇشۇ پېتى جىمجىت ياشاپ قالدۇق. ئەرۋاھلار بىزگە پەقەت چېقىلمىدى. ئەمما مۇشۇنداق ئەهۋالدا پات پات تىرىك موردىلارغا ئۇچراپ قالىمىز.

ـــ سەلىم بىزنى بۇيەرگە باشلاپ ئەكىرگەن. ـــ دىدىمەن ئاينۇرغا بەزى ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ قۇيۇشنى ئويلاپ .ـــ ئۇ ئۆلۈپ كىتىپ 2يىلدىن كېيىن بىز بۇيەرگە كەلدۇق. ئۇ ئاغرىپ ياتقان كىشى دەل شۇ سەلىمنىڭ ئاكىسى. سەلىم بىزگە بىر خاتېرە

قالدۇرۇپتىكەن. خاتىرىدە دېيىلگىنى بىلەن سىزنىڭ دىگىنىڭىز بىراز ئوخشىمايۋاتىدۇ. ـــ دىدىمدە سومكامدىن خاتىرىنى ئېلىپ ئايىنۇرغا تەڭلىدىم. ئايىنۇر خاتىرىنى قولىغا ئېلىپلا خۇددى تۇك تەپكەندەك سىلكىنىپ كەتتىدە خاتىرىنى ئۇستەلگە تاشلىدى.

ـــ بۇنىڭدا بىر سېھىر باركەن. ـــ دىدى. مەن خاتىرىنى قولۇمغا ئېلىپ پۇتۇك بار يەرنى ئېچىپ قەزغا كۆرسەتتىم. ئۇ چۆشەندىم دىگەن مەقسەتتە بېشىنى لىڭشىتتىدە:

ـــ دادام پۇتكەن پۇتۇك ئىكەن. ئەرۋاھلاردىن قوغدىنىش ئۇچۇن پۇتۇلگەن. بىراق كيىن ئەرۋەھلار بۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ زۇلمەتلىك كۈچىنىمۇ قوشۇپ قويۇشتى. بۇ ئۇلارغا ئاز تولا تەسىر قىلىدۇ. بىراق ئۇزۇنغا بارمايدۇ. ـــ دىدى.

ـــ بىز ھېلىقى خىرۇستاللارنىمۇ ئىشلىتىپ باقتۇق. ئەمما ئەرۋاھلار ئېلىۋالدى. مەن سىزگە بۇنى كۆرسىتەي. ـــ مەن شۇنداق دىگەچ سومكىدىن ھېلىقى ساختا كۈمۈش شەمشەرنى ئالدىم. بۇنى كۆرۈپ ئايىنۇرنىڭ كۆشى چاقناپ كەتتى.

ـــ بۇ كۈمۈش شەمشەر ئىكەنغۇ؟ ـــ دىدى ئۇ.

ـــ بۇ ساختىسى. ھەقىقىسىنى ئەرۋاھلار ئېلىپ كەتتى. ـــ دىدىمەن.

ـــ ھە؟ چاقچاق قىلماڭ؟ بۇ ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس! كۈمۈش شەنشەرنى ئەرۋاھلار قانداقمۇ ئالالىسۇن؟

ـــ بىزمۇ شۇ كيىن بىلدۇق. ئەرۋاھلارغا ئالدىنىپ قاپتىمىز.

شەمشەرنى بىز ئالدۇق، ئۇ تارتىۋېلىپ ئەكەتتى. قولىمىزدا مۇشۇ ساختىسىلا قالدى.

ـــ ھە... ئەمسە بەك چاتاق بوپتۇ. ئەمما ئۇنىڭغىمۇ ئامالىمىز بار. لېكىن ۋاقىت قىس.

ـــ سىز بايا سۆزلىدىڭىز. قارىسام سىز خېلى كۆپ ياشقا كىرگەن ئوخشايسىزھە؟ ـــ دېدى باياتىن بېرى گەپ قىلماي ئولتۇرغان ئادىل .

ـــ ھەئە شۇنداق. ئادەتتە بۇيەردىكى پېرخونلار 300يىلچە ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ. ـــ دېدى ئاينۇر. بۇنى ئاڭلاپ ھەممىمىز ھەيران قالدۇق.

ـــ نېمە؟ سىز پېرخونما؟ ـــ دېدى ئادىل.

ـــ ھەئە شۇنداق، نېم بولدى؟

ـــ سىز پەقەت پېرخونغا ئوخشىمايدىكەنسىز.

ـــ بۇنىڭدىن بەك قانداق ئوخشىسام بۇلاتتى. ئىشقىلىپ مۇشۇ تۇرقۇممۇ بولىدۇ.

ـــ ئۇنداقتىنا سىزنىڭ ئۇشۇن شىلەپىڭىز بارمۇ؟ سۈپۈرگىڭىز قېنى ئەمسە؟ ـــ دېدى ئادىل قىزىقىپ. ئىمىن بىرنەچچىنى نوقۇپ قويغان بولسىمۇ ئۇ يەنىلا سورىدى.

ـــ مەن سۈپۈرگىنى نېمە قىلىمەن؟ ـــ دېدى ئاينۇر ھەيران قېلىپ.

ـــ ئۇچمامسىز؟

ـــ ھە؟ سۈپۈرگە بىلەنما؟ بۇ... ـــ بۇنى ماڭلىغان ئادىل گەپ

قىلالماي قالدى. ئىمىن ئۆنىڭغا ئۇلاپلا:

ـــ ھە كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، بىز ياشاۋاتقان دۇنيادا پېرخون يوق. پەقەت خىيالىمىزدا تەپەككۇر قىلىپ پېرخونلارنى شۇنداق تەسەۋۇر قىلغان. ـــ دىدى.

ـــ نەدىمۇ سۆپۆرگە بىلەن ئۇچىدىغان ئىش باكەن؟ قاملاشمىغانلا گەپقۇ بۇ.

ـــ ھە.. ئە...شۇ...

ـــ بولدى. مەن بىرىپ سىمىز ئوت ئۈزۈپ كىلەي. جىن ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلا. سىرتقا چىقماڭلا سىمىز ئوتنىڭ دوستۇڭلارغا پايدىسى بار.

شۇنداق قىلىپ ئۇ چىقىپ كەتتى. بىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالدۇق. خىيالىمدا« سەلىمنىڭ خاتىرسىدە نىمىشقا بۇ ئىشلار يوق؟ نىمەشقا ئاينۇتنىڭ دىگىنى بىلەن خاتىردە دىيىلگەن بەزى جايلار ئوخشمايدۇ؟ »دىگەن سوئال ئەگىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا ئاينۇرنىڭ ئامالىمىز بار دىگەن گىپى ئىسىمگە كەلدى. ئۇ بىزگە چۈشەنچە بەرمەيلا نىمشقا توساتتىنلا سىمىز ئوت ئۈزىمەن دەپ چىقىپ كىتىدۇ؟ ئىنىڭ قورسىقىدا جىن بارمۇ يوق؟

## 31 ـ قىسىم: كەچلىك تاماقتا

بىز بۆيەردە ئاينۇرنىڭ كىلىشىنى ساقلاپ ئولتۇردۇق. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئاينۇر يىتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدىكى بىر سىۋەتتە بىرمۇنچە سىمىز ئوت تۇراتتى.

ـــ بولدى. مەن يىتەرلىك سىمىز ئوت ئۈزۈپ كەلدىم. بۇنىڭ زەھەر قايتۇرۇش رولى بار. مەن بۇنى سىقىپ سۈيىنى چىقىراي. سىلە ئەلنىڭ يېنىغا كىرىپ قاراپ بېقىڭلار. ـــ دىدى ئاينۇر ئاشخانىسىغا كىرىپ كەتكەچ. بىز ئەلنىڭ يېنىغا كىردۇق. ئۇ تورۇۋسقا قاراپ يېتىۋاتقانىكەن.

ـــ قانداقراق تۇرىسەن ـــ دىدى ئىمىن. ئەلى:

ـــ قولۇم ئېچىشىۋاتىدۇ. بىراق ھەرھالدا ياخشى. ـــ دىدى.

ـــ سەن تېزراق ساقىيىپ كەتسەڭ بۇلاتتى. بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز ئىنتايىن ناچار. بىز ئوسال ئەھۋالدا قالدۇق. ـــ دىدىمەن . ئۇ ھەيران بولغىنىچە:

ـــ بىرە چاتاق چىقتىما؟ ـــ دىدى بېشىنى كۆتۈرۈپ.

ـــ ئۇكاڭ ھەممە ئىشلارنى خاتىرلىمەپتۇ. بەلكىم ئۇمۇ ئەرۋاھلار تەرىپىدىن كونترۇل قىلىنىپ يازدىمۇ تېخى بۇنىسى نامەلۇم.

ـــ نىمە؟ مەن چۈشىنەمىدىمغۇ؟

ـــ ئاينۇر بىر پىرخونكەن. ئۇنىڭ دادىسى كۈمۈش شەمشەرنى سوققانىكەن. يەنى سەلىمنىڭ خاتىرىسىدىكى شەھەر ئاھالىسى بۇ

ئاينۇر ۋە شۇنىڭ ئۇرۇق تۇققانلىرى ئىكەن. يەنە باشقا كىشىلەرمۇ بار ئوخشايدۇ.

ــــ دىمەك ھەممە كىشى موردىغا ئايلىنىپ كەتمەپتۇدە؟

ــــ شۇنداق، بىراق بايا ئاينۇر بىزنى كەتكۈزۋەتمەكچى بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى سەلىم بۇيەردىكى 300كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەپ بوپتۇدەك. ئۇلار ئۆلۈپ كىتىۋاتسا سەلىم بىرچەتتە قاراپ تۇرۇپتۇ. يەنى سەلىم بىلەن ئاينۇر كۆرۈشۈپ بېقىپتىكەن. ــــ ئاڭغىچە ئاينۇرمۇ يىتىپ كەلدى. ئۇ بىر قاچىدا قىرنىق يىشىل رەڭلىك سۇنى ئەكىرگەندى.

ــــ سىمىز ئوتنىڭ سۈيى مۇشۇنداق رەڭدىما؟ بىلىشىمچە بۇنداق قېنىق يىشىل ئەمەستى؟ ــــ دىدىمەن ئاينۇرغا. مەن ئىلگىرى سىمىز ئوتنىڭ سۈيىنى كۆرۈپ باققانىدىم. ئەمما بۇ قاچىدىكىسىدەك قېنىق بولماي بەلكى بۇنىڭدىن خېلىلا سۇس ئىدى.

ــــ بۇنىڭدا باشقا نەرسىلەرمۇ بار. سىمىز ئوت پەقەت زەھەر قايتۇردۇ. يارىسىنى تېز سۈرئەتتە ئەسلىگە قايتۇرشىمىز لازىم. ــــ ئۇ ئەلىنىڭ يارىسىنى يەشتى. ھەيران قالدىم. چۈنكى تۈنۈگۈن ساقىيىپ كەتكەن يارا بۈگۈن يەنە ئېچىلىپ قاپتۇ. يىرىڭداپ ئىششىپمۇ كەتكەندى.ئاينۇر ئوتنىڭ سۈيىنى ئۇچۇملاپ ئېلىپ ئەلىنىڭ يارا ئېغىزىغا قۇيدى. سۇنىڭ قۇيىلىشى بىلەنلا ئەلى قاتتىق ۋارقىراپ كەتتى. بۇنىڭدىن ھەقىقەتەن ئاغرىغانلىقىنى

ھېس قىلغىلى بولاتتى. ئاينۇر يەنە بىر قېتىم قۇيدى. بۇنىڭلىق بىلەن ئەلنىڭ يارىسىدا ئىنكاس بولدى. يارا ئېغىزى ئىتتىلىشكە باشلىدى. سۈڭەك ئەتراپىغا گۆش كىلىۋاتاتتى. يارا ئېغىزى ئاستا ئاستا ئەسلىگە كېلىپ ھەتتا بىرە تاتۇقمۇ قالمىدى.

ئاينۇر چىقىپ كەتمەكچى بولىۋىدى مەن ئۇنى ئىشىك ئالدىدا توسۇپ قېلىپ:

ــــ تۈنۈگۈنمۇ مۇشۇنداق بولغان. بۇ نىمە ئىش ئەمدى؟ ــــ دەپ سورىدىم. ئاينۇر:

ــــ تۈنۈگۈنكى سۈنى پەقەت ئاغرىق توختىتىپ تۇرسۇن، يارا ئېغىزىدىكى زەھەرنىڭ تاراپ كىتىشىنىڭ ئالدىنى ئالسۇن دەپ قويغان. ئۇ ۋاقىتتا مەندە سېھىر ئوت يوق ئىدى. ئۇ سۇ پەقەت سىرتتىن داۋالىيالايدۇ. بۇنىڭغا سېھىر ئوتنىڭ سۈيىنى، يەنە مىنىڭ باشقا رىستىپلىرىمنى قوشۇپ تەييارلىغان. ئەمدى ئۇ تۈۋرۈپ كەتسە بولىدۇ. ــــ دىدى.

ــــ ئەلى ھۇشىدىن كەتتى! ــــ دەپ ۋارقىرىدى ئادىل. دەرھال ئەلىگە قارىدىم. ئۇ راستىنلا جىمجىت ياتاتتى. ئاينۇر كىلىپ ئۇنىڭغا بىر قارىۋەتكەندىن كىيىن:

ــــ ۋايۋۇي سىلە نىمداق ئاجىز. شۇنچىلىك ئاغرىققىمۇ چىدىماي ھۇشىدىن كەتكەن بارمۇ؟ بولدى ئەنسىرەپ كەتمەڭلا، دورىنىڭ ئاغرىتىشىدىن ھۇشىدىن كىتىپتۇ. سەل تۇرۇپ ئويغىنىدۇ. مەن چىقىپ يىگۈدەك نەرسە قىلاي. ــــ دىگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ـــ ئۇف! يېتەر ئەمدى. بۇيەرگە كەلگەننىڭ ياقى ئازراقمۇ خاتىرجەم بولۇپ باقمىدىم. ـــ دېدى ئادىل نارازى بولۇپ.

ـــ بىز يېڭىپ چىقمىغۇچە ھەرگىز خاتىرجەم بولالمايمىز. ـــ دېدى ئىمىن ئادىلغا. شۇ گەپتىن كېيىن بىز سۈكۈتتە تۇرۇپ قالدۇق. مەن كاللامدا باشقا ئىشنى ئويلاۋاتاتتىم. بىز بۇيەردىن زادى قاچان كېتەلەيدىغاندىمىز. بۇ زۇلمەتنىڭ ئاخىرى چىقامۇ؟ ئەرۋاھلارنى يېڭىپ كېتەلەرمىزمۇ؟ تېخى بۇ زېمىننىڭ زادى قانداق يەر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمىز. ھازىر ئەرۋاھلار قانداق چوت سوقىۋاتقاندۇ. ئۇلار شەمشەرگىمۇ خىرۇستالغىمۇ ئېرىشتى. ئۇلار ئىنسانلار دۇنياسىغا تاجاۋۇز قىلارمۇ؟ ئويلىسامۇ تېنىم شۈركىنىدۇ. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئاينۇر كىرىپ:

ـــ غىزالىنىۋالامسىلەر؟ ـــ دېدى. بىزمۇ بېشىمىزنى لىڭشىتىپ ماقۇللىقىمىزنى بىلدۈردۇق. بىراق ئەلى تېخىچە ئويغانمايۋاتاتتى.

ـــ ئۇ زادى قاچان ھوشىغا كېلىدۇ. ـــ دېدىمەن. ئاينۇر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـــ تېخىچە ئويغانمىدىما؟ تازىمۇ بىر چىدامسىز بالىمۇ بۇ. ـــ دېدىدە ئىككى قولىنى بىر بىرىگە سۈركىگەندىن كېيىن ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ ئوڭ سول چېكىشىسىنى تۇتتى. 5سېكنۇت بولا بولمايلا ئۇ قاتتىق ھاسىرغىنىچە كۆزىنى ئاچتى. خۇددى بىرنەرسىدىن قورقۇپ كەتكەندەك توختىماي ھاسىرايتتى.

ـــ بەك قورقۇپ كېتىپسىز. چۈشىڭىزدىمۇ ئەرۋاھلار ئارامىڭىزنى

قويماپتىغۇ سىزنىڭ. ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ. شۇ ئىسىڭىزدە بولسۇن،مەن ئۆلۈپ كىتەرمەنمۇ دەپ قورقماڭ. بەلكى ئۆلۈپ كىتىشتىن ئىلگىرى نىمە ئىش قىلدىم دەپ قورقۇڭ. دىدى.

— ئۆزۈڭنى قانداقراق ھىس قىلىۋاتىسەن؟ — دىدى ئىمىن. ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئازراق قارا بىسىپ قاپتۇ. لىكىن ناھايىتى ياخشى. يارامۇ ساقىيىپتۇ مانا. — دىدى.

— سىز ئۇنىڭ چۈشىنى ھىس قىلدىڭىزما؟ — دىدىمەن ئاينۇرنىڭ قىلىقىغا ھەيران بۇلۇپ. ئۇ:

— شۇنداق، مەن باشقىلارنىڭ چۈشىنى ھىس قىلالايمەن. ئەمما خىيالىنى ئەمەس. ئۇ ئۆزىنىڭ يارىسىن بەك ئەنسىرەپ كەتكەن ئوخشايدۇ. شۇڭا چۈشىمۇ تازا ياخشى ئەمەسكەن. بولدى كۆپچىلىك ئەمدى پەسكە چۈشۈڭلا. مەن غىزانى قىززىق يىيىشنى ياقتۇرمەن. — دىدى ئاينۇر چىقىپ كەتكەچ. بىزمۇ ئۇنىڭ ئارقىدىنلا چۈشۈپ ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. ئالدىمىزدا تەخسىدە ئۈستىگە سىرىق سۇيۇقلۇق قۇيۇلغان، ئازراق كۆنجۈت زىرە چىچىلغان يۇملاق، پارچە پارچە قىلىپ توغرالغان گۆش تۇراتتى. قارىماققا ياغدا پۇشۇرۇلغاندەك قىلاتتى. ھەممىمىز ئىككىلىنىپ تۇرۇپلا قالدۇق.

— نىم بولدى؟ يىمەمسىلە؟ گۆشنى ياقتۇرمامسىلە يە؟ — دىدى ئاينۇر.

ــــ بۇ نىمىنىڭ گۆشى؟ ــ سورىدى ئەلى.

ــــ بۇ بىر ئادەمنىڭ گۆشى. ھې ھې. سىلە نىمە دەپ ئويلاپ قالدىڭلا. بۇ دىگەن توشقان گۆشى. ئۇستىدىكىسى ئۆردەك تۇخۇمىنىڭ سېرىقى. ئادەتتە مەن مۇشۇنداق يىيىشنى ياقتۇرمەن. يەنە كىلىپ خاتېرجەم يەۋېرىڭلا. بۇ تاماق سىلەنىڭ مىللەت مەدەنىيتىڭلارغا ئۇيغۇن ھالدا تەييارلانغان. سىلەنىڭ گىپىڭلار بۇيىچە ئېيتقاندا ھىچ شۇبھى يوق. ــــ دىدى ئاينۇر ئۆزى يىگەچ. بىزمۇ خاتېرجەم ھالدا يىيىشكە باشلىدۇق. بۇ ھەقىقەتەن ئوخشىغا مىزىلىك تاماق بولغانىدى.

ــــ ئەمدى كەچۈرۈڭلا. بىز بۇيەردە قوي كالا دىگەندەك ھايۋانلارنى كۆپ يىمەيمىز. ئۇلار بىزگە ئەسقاتىدۇ. يەمە كىلىپ توشقان گۆشى بەك مىزىلىك . بىزنىڭ بۇ يۇرۇتتا ھەر مىللەت، ھەرخىل ئېتقاد، ھەرخىل مەدەنىيەت، ھەرخىل قەبىلە ۋە ھەرخىل ئېرىق كىشىللىرى بار.ئۇلار ئۆز دائىرسىدە ياشايدۇ. بەزىللىرى بەك ئايرىمچى شۇڭا باشقىللىرى بىلەن ئارلاشمايدۇ. بەشىللىرى بەك مىھماندوست. شۇڭا.... ــــ قاتتىق بىر يەر تەۋرەش بىلەن ئاينۇرنىڭ سۆزى توختىدى. تۇساتتىنلا قاتتىق يەر تەۋرەپ توختاپ قالدى. نەچچە سىكنۇتلا تەۋرىگەن بولسىمۇ ئەمما تۇيۇقسىز بولغاچ بىزنى بەكلا قورقىتىۋەتتى. ئاشخانا ئويدىكى نەرسىلەرمۇ چېقىلغاندەك قىلاتتى.

ــ نىمىش بۇ؟ ــ دىدىمەن.

ـــ قارىغاندا ئەرۋاھلار ھەقىقىي قۇترىغاندەك قىلىدۇ. ـــ دىدى ئىمىن ئورنىدىن تۇرۇپ.

ـــ توغرا سىلەر شەمشەرنى تارتقۇشۇپ قۇيۇپلا چاتاق قىلغان. بۇلارنى بۇنداق تېز ھەركەتلىنەر دەپ ئويلىماپتىمەن.

ـــ ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز؟ بىرە پىلانىمىز بۇلىشى كېرەكتە. بولمىسا مەغلۇپ بۇلىشىمىز تۇرغانلا گەپ.

ـــ كىم بىزنى پىلانى يوق دەيدۇ. ـــ دىدى ئاينۇر ئادىلنىڭ بۇ گىپىگە رەدىيە بېرىپ. ـــ بىز ئەتە ئەتتىگەندىلا ئەرۋاھلار ئورمانلىقىغا بارىمىز. ئۇيەردە بىزنىڭ ئالدىغان نەرسىمىز بار.

ـــ بىزنىڭ بۇيەردە ئولتۇرۇپ تاماق يىيىشىمىزنىڭ ئۆزىلا ۋاقىت ئىسراپچىلىقى. بىز دەرھال ھەركەتلىنىشىمىز كېرەك. بۇنداق قاراپ تۇرساق بولمايدۇ. ـــ دىدى ئادىل.

ـــ گىپىمنى ئاڭلاڭ! بىردەمدىن كىينلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كىتىدۇ. بۇيەردە كىچىسى ھەركەت قىلساق بولمايدۇ. مەن سىزگە دەي. بۇ ئورماننىڭ ھەممىلا يېرىدە موردىلار بار. تەرەپ تەرەپتە قۇتراپ يۈرۈيدۇ. بىز كىچىسى ئۆز جېنىمىزنىمۇ ساقلاپ قالالمايمىز.

ـــ ئەمسە بىز ئەتىنى ساقلامدۇق؟

ـــ ئەجەبا سىزنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئامالىڭىز بارما؟ بۇيەردىكى موردىلار سىلەر ئۆلتۈرگەن ئۇ موردىلار ئەمەس. بۇلار ئوخشىمايدۇ. سىلەر ئىلگىرى ئۇلى تەتۈرلا قىلىچ ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن بىلەن بۇلارنى ئۆلتۈرگىلى بولمايدۇ. بىز كۈن چىقىشىنى

كۈتىشىمىز لازىم .

ـــ ئاينۇر توغرا دەيدۇ . بىزنىڭ بۇيەرگە ئائىت بىلىدىغىنىمىز جىق ئەمەس . ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايلى . ـــ دىدى ئىمىن . شۇنىڭ بىلەن بىز ئەتە ئەتىگەندە ئەرۋاھلار ئورمانلىقىغا بارماقچى بولدۇق . تاماقتىن كىيىن:

ـــ 2 ـ قەۋەتتە بىرلا ياتاق ئۆي بار. يەنى ئەلى ياتقان ئۆي . 3 ـ قەۋەتتى 2 ـ لا ياتاق ئۆي بار . ئۆزۈڭلا قاراپ ئىككىڭلا بىر ياتاق ئۆيدە يېتىڭلا. ئىككىڭلا ئايرىم يېتىڭلا. بۇنى بىكىتىسىڭلا بولىدۇ. 3 ـ قەۋەت ئوك تەرەپتىكى 2ئۆي شۇ. باشقا ئۆيگە چىقىلماڭلا. ياخشى چۈش كۆرەرسىلەر. ـــ ئۇ شۇنداق دەپ ئۆز ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى .ئەلى ئۆزى ياتقان ئۆيدە ياتتى . ئادىل ئايرىم يېتىشنى تاللىدى . شۇنىڭ بىلەن ئىمىن بىلەن مەن ئىككىمىز بىر ئۆيدە ياتتۇق . كىچىچە مەن پەقەت ئۇخلىيالمىدىم . ئاينۇرنىڭ زادى ئۇ ئورماندا ئالدىغان نىمە نەرسىسى بار بولغىيدى؟

## 32 ـ قىسىم: ئورمانلىقتىكى ياغاچ ئۆي

قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن. كۆزۈمنى ئاچسام تېخى تاڭ ئاتماپتۇ. يېنىمدا ئىمىن يوق ئىدى. تۇيۇقسىزلا كۆز ئالدىمدا قىزىل كۆزلۈك، ئاي پالتا تۇتۇپ تۇرغان بىر ئەرۋاھ پەيدا بولدى. قورققىنىمدىن ۋارقىراپ سالدىم. ئۇ ئاستا ماڭا يېقىنلاشتىدە:

ــــ سەن ئۆلىسەن! ئاز قالدى، ئازلا قالدى. سەن ئۆلۈپ كېتىسەن. ئۆلگەن ۋاقتىڭدا چۇقۇم قاتتىق ئازابلىنىپ كېتىسەن. ھا ھا ھا!

ــــ دىگىنىچە قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. .....

چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچتىم. يېنىمدا ئىمىن ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن ئاڭا قاراۋاتاتتى. ئەسلى چۈش كۆرۈپتىمەن. يەنە شۇ قاباھەتلىك چۈش. يەنە شۇ تەكرار ئۆلۈم سۆزى. بەدىنىمنى قارا تەر بېسىپ كەتكەنىدى. چۈشنىڭ ئاسارىتىدىن تېخىچە قۇتۇلۇپ بولالمىغانىدىم.

ــ ساڭا بىرە ئىش بولدىمۇ؟ قارا بېسىپ قاپتۇدە ــــ دىدى ئىمىن.

ــ ھەئە شۇنداق، يەنە شۇ تۇگىمەس قاباھەت.

ــــ ئەنسىرمە ئاز قالدى. بۇ ئىشلارمۇ ئاخىرلىشىدۇ. ــــ دىدى ئىمىن ماڭا تەسەللى بېرىپ.

ــــ ئەمدى ئورنىڭدىن تۇر. قۇياش چىقىپ بولدى. تېزراق تەييارلىق قىلمىساق بولمايدۇ. ــــ دىدى ئىمىن ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇ بالدۇر چىقىپ كەتتى. مەن تېخىچە ئۇ چۈشنى ئويلاپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغانىدىم. مەن راستىنلا بۇيەردە ئۆلۈپ كىتىمەنمۇ؟ بۇ چۈش ئەرۋاھنىڭ ئۆيۈنىمىدۇ؟ مەن بۇ ئىشنى پۈتتۈرەلمەي ئۆلۈپ كىتەرمەنمۇ؟ تۇيۇقسىز ئاينۇرنىڭ تۈنۈگۈن ئەلىگە دىگەن: « مەن ئۆلۈپ كىتەرمەنمۇ دەپ قورقماڭ، ئۆلۈپ كىتىشتىن ئىلگىرى نىمە ئىش قىلدىم دەپ قورقۇڭ» دىگەن سۆزى ئىسىمگە كەلدى. توغرا! مەن ئۆلۈپ كىتىشىمدىن ئەمەس بەلكى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى زادى قانچىلىك بىر ئىشنى قىلالىدىم؟ مىنىڭ قىلغان ئىشىم باشقىلارغا قانۇىلىك مەنپەئەت يەتكۈزدى؟ مەن زادى ياخشى ئىش قىلدىممۇ ياكى ئەسكى ئىشمۇ؟ شۇنىڭدىن قورقىشىم كىرەك. ئۇنداقتا مىنىڭ ھازىر قىلىۋاتقىنىمچۇ؟ توغرا! مەن ھازىر ياخشى ئىش قىلىۋاتىمەن. شۇنداق دەپ ئۆزۈمگە توختىماي تەسەللى بىرەتتىم. مەنمۇ تەييار بولۇپ پەسكە چۈشتۈم. ئازراق ناشتىدىن كىيىن ئاينۇر:

— ئۇيەرلەر بەك خەتەرلىك. سومكاڭلاردىكى قۇراللار خىلى ئەسقاتقۇدەك. بىزنىڭ بۇيەردىكى ئۇۋچىللىرىمىز ئادەتتە ئوقيا ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا مەنمۇ ئوقيا ئىشلىتىشتە خېلى ئۇستا. ئەمدى تېز قۇراللىنىڭلار. يولغا چىقايلى. — دىدى . بىز پۇختىنا قۇراللانغاندىن كىيىن ئاينۇرنىڭ يول باشلىشىدا يۈرۈپ كەتتۇق. ئاينۇر بىزنى قويۇق ئورمان ئىچىگە باشلاپ كىردى.

— ئەگەر بىرە بەتبەشرىنى ئۇچرىتىپ قالساڭلا ئۇنىڭ يۈرىكى

چەنلەپ ئېتىڭلا. بولمىسا ئۆلمەيدۇ. ــ دېدى ئاينۇر. بىز يولىمىزنى داۋام قىلدۇق. تۇيۇقسىز بىزگە بىر ئىككىدىن موردىلار ئۇچراشقا باشلىدى.بۇ موردىلار شۇنچىلىك كۈچلۈك، ھەم ناھايىتى تېز يۈگرەيدىكەن. ئازراقلا بىخەستىلىك قىلساق موردا بىزنى يارلاندۇرىشى مۇمكىن ئىدى.

ــ كۆگەنسىلە. بۇ مۇردىلار سىلەر ئۇچراتقانغا ئوخشمايدۇ. بۇلۇپمۇ كىچىسى بۇلار بەك غالجىرلىشىپ كىتىدۇ. سىلەرنى بىرنى چىشلىۋالسا چاققان قۇتقۇزمىساق ئۇلاردەك بولۇپ قالىسىلەر. شۇڭا ئېھتىيات قىلىڭلار. ئۇلارنىڭ ۋىرۇسى بەك تېز تارقىلىدۇ. ــ دېدى ئاينۇر بىزگە چۈشەندۈرۈپ. بۇ موردىلار ھەقىقەتەن بىز ئۇچراتقانغا ئوخشمايتتى. ئاينۇر يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى: ــ سىلەرگە دەپ قوياي. بۇ موردىلار ھەرگىز دۆت ئەمەس. بەلكى بەك ئەقىللىق. ھەتتا بەزىللىرى قىلتاق قۇرىدۇ. شۇڭا ئەتراپىڭلارغا بەك دىققەت قىلىڭلار. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپلا ماڭا ئوقياسىنى بەتلىدى. ھەيران قېلىپ گەپ قىلالمايلا قالدىم.

ــ ھەتتا ئالدى كەينىڭلارغىمۇ ناھايىتى دىققەت قىلىڭلار. ــ دېدىدە ئوق ئۈزدى. ئوق يېنىمنى سۈرۈپلا ئۆتۈپ كەتتى. ئەسلى كەينىمدە بىر موردا تىنۋىشسىز ماڭا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ماڭغانىكەن.

ــ مىنىڭ قولىقىم بەك ئۆتكۈر. بۇنداق موردىلارنىڭ ئۈنىنىغا ئالدانمايمەن. ئەمما سىلەر بەك دىققەت قىلمىساڭلار بولمىغۇدەك.

ئۇلار شۇنداق ئاستا تىۋىش چىقارماي كىلىپلا ئىتىلىدۇ.

ـــ بىلدۇق خانقىز. بىز ھەتتا ئەرۋاھلار بىلەنمۇ جەك قىلغان. ئۇلار خۇددىي چاقماقتەك كىلىپ شامالدەك كىتەتتى. شۇنداقتىمۇ بىز ئۇلارنى مەغلۇپ قىلالىغانمىز. بۇنداق موردىلار بىز ئۈچۈن ئادەتتىكىچە. ـــ دىدى ئىمىن. ئۇ شۇنداق دەپلا ئۇدۇلدىكى بىر دەرەخكە ئوق ئاتتى.

ـــ ئۆزەڭنى بەك يامان چاغلىما ئوقنى ئايا. ـــ دىدى ئادىل غۇدۇڭشىپ. تۇيۇقسىز ئۇ ئوق ئاتقان دەرەخنىڭ ئارقىدىن بىر موردا يەرگە يىقىلدى.

ـــ ۋۇييۇ بۇ قۇرالنىڭ كۈچى خىلى باركەن. تىخى دەرەخنىمۇ تىشىۋىتىپتۇ. قالتىسكەن. ـــ دىدى ئاينۇر. بۇنى كۆرۈپ ئادىلنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىپلا قالدى. بىز خىلى ماڭغاندىن كىيىن بىر تاغ ئالدىغا كەلدۇق. بۇ تاغ ئوڭ سول تەرەپكە قاراپ سوزۇلغان بولۇپ چىكىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئىدى. ئاينۇر تاغقا يىرقىن بىرىپ كۆزىنى يۇمدىدە قولىنى تاغقا ياقتى. بىرازدىن كىيىن تاشلا يىرىلىپ، ئاينۇرنىڭ ئالدىدا ئادەم پاتقىدە تۆشۈك ئىچىلدى.

ـــ بۇ تەرەپتىن ئۆتەيلى. ئەرۋاھلار ئورمانلىقىغا چىقىمىز. ـــ دىدى ئاينۇر ئالدىمىزدا مىڭىپ. بىز ئەگىشىپ ماڭدۇق. ئالدى تەرەپتە يورۇقلۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىز ئازراقلا مىقىپ قارشى تەرەپكە ئۆتتۇق. ئەمىلىيەتتە بۇ غار ئۇنچە ئۇزۇنمۇ ئەمەس ئىدى. مەن بۇيەردىن چىقىپلا كۆزۈمگە ئىشىنەلمەيلا قالدىم. قالغان

ئۆچەيلەنىمۇ ھەيرانلىقىدا ئېچىگە تارتىشتى. مەن كەينىمگە قارىسام يەنە شۇ غار. دەرھال غارغا كىرىپ كەلگەن يەگە چىقتىم. ئەمما يەنىلا بىز كەلگەن ئورمان ئىدى. مەن ئاينۇتىنىڭ يېنىغا كەلدىم. ئەمىلەتتە بۇيەر دەل بىزنىڭ ئۆز ماكانىمىزدىن بۇ زۇلمەت ماكانىغا كىلىدىغان تۇنجى غار شۇ ئىدى. يولمۇ شۇ، بىز چىققان تاغمۇ شۇ، ئەمما غارنىڭ ئۇ تەرىپى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھەممەيلەن ھەيرام قالغانىدۇق. مەنمۇ قايتا كىرسەم ئۆز يۇرتۇمغا چىقامدىم يوق دەپ سىناپ باققانىدىم .ئۇ:

—— سىلەگە نىم بولدى؟ نىمانداق قىلىق قىلىسىلەر؟ —— دىدى.

مەن:

—— بۇرۇن بىز مۇشۇ غار ئارقىلىق بۇ يەرگە كەلگەن. بۇ غاردىن ئۆتسەكلا بىزنىڭ يۇرتىمىزغا بارغىلى بۇلاتتى. ئەمما ھازىر بۇ غار سىزنىڭ يۇرتىڭىزغا تۇتىشىدىغان بۇلۇپ قاپتۇ.

—— بۇ تاغ بىر سىرلىق تونىل. مەندەك ۋە ئەرۋاھلاردەكلە بۇ تاغدىن مۇشۇنداق ئۇيەردىن بۇيەرگە تۇتىشىدىغان تونىل ئاچالايدۇ. خاتىرجەم بۇلۇڭ. كىتىدىغان ۋاقتىڭىزدا مەن ئۆزەم يولغا سېپ قويىمەن. —— دىدى چۈشەندۈرۈپ. شۇنداق قىلىپ بىز يولىمىزنى داۋام قىلدۇق. خېلى ماڭغاندىن كيىن بىز تۇنجى قېتىم كەلگەندە سەلىمنىڭ خاتېرسىدە تىلغا ئېلىنغا ياغاچ ئۆي تەرەپكە ماڭدىغان يەردە توختىدۇق. ئەينى چاغدا بىز شۇ ئۆيدە ئارام ئالغانىدۇق.

ـــــ قاراڭلا، ئەنە ئورمان ئىچىدە ئاۋۇ ياغاچ ئۆيدە ئىككى دانە خىرۇستال تاش بار. بىرى ... ھە راست، سىلەر ئەرۋاھنىڭ قولىدا تۆت خىرۇستال بار دىدىڭلار ھە؟ ھەي! يەنە شۇ سىلەنىڭ ئىشىڭلادە، ئۇيەردە ئىككى خىرۇستال باتتى. سىلە ئىككىلىسىنى ئېلىۋالغانما؟ ـــــ دىدى ئاينۇر. مەن دەرھاللا ئەينى چاغدىكى ئىشنى ئىسىمگە ئالدىم . ئۇ چاغدا بىز بۇ ئۆيدىن پەقەت بىرتاللا خىرۇستالنى ئالغاندۇق. يەنى ئاق رەڭلىك خىرۇستالنى.

ـــــ ياق، بىز پەقەت بىرنىلا ئالغان. سەلىم خاتىرىسىدە بىرنىلا ئېلىڭلا دەپ يېزىپتىكەن. شۇڭا ئاق رەڭلىكنى ئالغان. ـــــ دىدىمەن. ئاينۇر بىرنى ئۇھسىنغاندىن كىيىن:

ـــ ھە ... ئەمسە ياخشى، يۈرۈڭلا يەنە بىرسىنى ئېلىۋالايلى. ئۇ سەلىم دىگەن ئادەم بۇنى قاندا بىلىپ قالدىكىنا؟ ھېلىمۇ كاللىسى ئىشلەپ بىرنى ئال دەپتۇ. بولمىسا سىلە دۆتلۈك قىلىپ ھەممىنى ئالا بولغۇيتتىڭلا. ـــــ دىدى. ھەممەيلەم ئۇ ياغاچ ئۆيگە كىردۇق. ئاينۇر ئىلگىرى بىز خىرۇستالنى ئالغان تورۇستىكى بىرساندۇقنى كۆرستىپ:

ـــــ ئەنە ئاۋۇ يەردە بىر ساندۇق بار، شۇنى ئېلىڭلا ـــ دىدى . ئىمىن مىنى كۆتۈردى. مەن ساندۇقنى ئېلىپ ئاينۇرغا تەڭلىدىم. ئىچىدە يەنە بىر ئاق رەڭلىك خىرۇستال تۇراتتى.

ـــــ مانا بۇ تۆت مەن سىلەرگە دىگەن ئالتە خىرۇستالنىڭ بىرى شۇ. بۇ خىرۇستال توختىماي رەڭ ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. ھازىر ئاق رەڭگە

كىرىۋاپتۇ. ئەينى چاغدا سىلەرگە قىزىل رەڭدە ئۇچرىغانىغۇ دەيمەن .

ـــ ئە... مىنىڭ تازا ئېسىمدە قاماپتۇ. ـــ دىدىممەن . ئاينۇر:

ـــ ئەمدى ياخشى بولدى . بۇ خىرۇستال بىزنى سۇمرۇغنىڭ يېنىغا ئاپىرىدۇ. تېز بۇلۇڭلا. سۇمرۇغ بىزگە ياردەم قىلىدۇ. ئۇنى تۇخۇمدىن چىقىرىدىغان ۋاقىت بولغان . ـــ دىدى ياغاچ ئۆيدىن چىقىپ . بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەن ئاينۇرنى تۇستۇمدە:

ـــ سۇمرۇغما؟ ئۇ خەتەرلىك ئەمەسمىدى؟ ئۇمۇ ئويغاتساق بولمايتتىغۇ؟ ـــ دىدىم .

ـــ كىم شۇنداق دىدى؟

ـــ بىزگە ئۇچرىغان ھەربىرەيلەن شۇنداق دەپ كەلدى .

ـــ بولدى ئۆمەر! ـــ دىدى ئىمىن . ـــ ئوخشمايدۇ. بۇرۇن ئۇچرىغىنى ئەرۋاھلار

ـــ سۇمرۇغ ئەرۋاھلاردىن بىزار. ئەرۋاھمۇ سۇمرۇغدىن بىزار. شۇڭا شۇنداق دىگەن گەپ .

ـــ ئەمما بىز سۇمرۇغنى ئويغىتىۋەتكەن .

ـــ ھە؟ ئۇنى ئويغىتىۋەتكەنما؟ ئۇ نەگە كەتكەن؟

ـــ بۇنى نىم بىلەي . ئۇ يا گەپ قىلالمىسا.

ـــ ھە بوپتۇ . بەربىر بۇ خىرۇستال ئۇنى چاقىرىدۇ. شۇڭا.... ئا.... ـــ تۇيۇقسىزلا ئاينۇتغا بىر موردا ئېتىلدا. مەن دەرھال ئاينۇرنى تۇتىۋالغان موردىغا ئوق ئاتتىم .

ــــ سىزنى چىشلىۋامىغاندۇ؟ ــــ دىدىممەن ئۇنىڭغا.ــــ سىزنىڭ قۇلىقىڭىز بەك ئۆتكۈر ئىدىغۇ؟

ــــ مەن مۇنداق دىققىتىمنى يىغسام بولىدۇ. بولمىسا مەن بىر كاللامنى ئوتتۇز يەرگە چاچالمايمەن. ئەتراپ خەتەرلىك! موردىلار بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپىيىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ــــ دىدى ئۇ.

ــــ دەرۋەقە شۇنداقكەن. ــــ دىدى ئادىل. هازىر ئەتراپىمىزشا بىرمۇنچە موردىلا كىلىۋاتاتتى.

ــــ تەييارلىق قىلىڭلار! مىنى قوغداڭلا مەن سۇمرۇغنى چاقىراي.

بىز ئاينۇرنى ئوتتۇرمىزغا ئېلىپ موردىلارغا ئوق ئېتىشقا باشلىدۇق. بۇ موردىلار ھەرنىمە بولسا ئاينۇرنىڭ يۇرتىدىكىسگە ئوخشاش ئەقىللىق ئەمەس ئىدى. ئوق ئېتىشمەزغا قارىماي بىزگە قاراپ كىلىۋاتاتتى. ئامما بەك كۆپ ئىدى.

ــــ تېز بۇلۇڭ ئۇلار يىقىنلاپ قالدى! ــــ دەپ ۋارقىرىدى ئەلى.

ــــ گەپ قىلماي تۇرىڭە مەن تېرشىۋاتىمەن.

بىز ھەقىقەتەن بەرداشلىق بىرەلەيدىغاندەك قىلمايتتۇق. ئۇلار توختىماي كىلىۋاتقان بۇ پەيتتە ئاينۇرنى ئالدىراتماي بولمايتتى. ئاينۇر ئوتتۇرمىزدا خىرۇستالنى چىك سىقىمداپ بىرنىملەرنى دەۋاتاتتى. ئەمما ھىچ ئۆنۈمى بۇلاي دىمەيتتى. موردىلار بىزگە يىقىنلاشقىلى تۇردى.

ــــ مىنىڭ ئوقۇم قالمىدى. ــــ دىدى ئادىل.

ــــ مىنىڭمۇ توگىدى. هېلىمۇ ياخشى ئىككى قۇرالىم باركەن.

ـــــ دىدى ئىمىن. بىز توختىماي تېركىشۋاتىمىز. ئاينۇرنىڭ قولىدىكى خىرۇستالدىن ھېچ ئىنكاس يوق ئىدى. تېخى ئەمدى كىلىپلا بىزنىڭ ئۇقىمىز قالمىغىلى تۇردى. ھازىر مىنىڭمۇ ئۇقۇم تۈگەي دىگەن ئىدى. ...

## 33 ـ قىسىم: ئاخىرقى جەڭ

بىز جىددىي تېركىشىۋاتقان شۇ پەيتتە ناھايىتى كۈچلۈك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. قاتتىق ئاۋاز بولۇپ كەينىدىنلا يوغان سۇمرۇغ قۇش ئۇچۇپ كەلدى. ئاينۇر ئورنىدىن تۇردىدە قولىدىكى خىرۇستالنى ئىگىز كۆتۈردى. شۇنىڭلىق بىلەن سۇمرۇغ قۇش بىز تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئەتراپتا بىزگە ھۇجۇم قىلىشىۋاتقان موردىلارغا تۇيۇقسىز ئوت كەتتى. موردىلار ئىچىنىشلىق چىرقىرىغىنىچە كۆيۈۋاتاتتى. بۇ دەل سۇمرۇغنىڭ خاسىيتى ئىدى.سۇمرۇغ قۇش بىزدىن سەل نېرىراقتا قوندى. بىز ئەتراپتىكى موردىلارنى ئېتىپ ئۇ تەرەپكە ماڭدۇق.

ـــــ بۇ قۇش تۈتىمىزنى كۆتۈرەلەمدۇ؟ ـــــ دىدى ئادىل.

ـــــ بۇ قۇشنىڭ بەستىنى كۆرمىدىڭىزما؟ شۇنداق ھەيۋەتلىك قۇش سىزدەكتىن ئوننى كۆتۈرۈپ ئۇچالايدۇ. ـــــ دىدى ئاينۇر. ئۇ قولىدىكى خىرۇستالنى ئاستا يەرگە سىردى. سۇمرۇغ يۈگۈنۈپ

ئولتۇردى. ئۇ شۇنداق ئولتۇرسىمۇ بىزنىڭ بويىمىزدىن ئېگىز ئىدى. قارىسام ئۇ بۇرۇنقىدىن خېلىلا يوغىناپ قاپتۇ. بىز بىربىرىمىزنى تارتىپ سۇمرۇغقا مىندۇق. ئاينۇر ئەڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ سۇمرۇغقا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. سۇمرۇغ قانىتى قېقىپ كۆتۈرۈلدى. ئاينۇر خىرۇستالنى قاياقا بۇرىسا سۇمرۇغ شۇ تەرەپكە ئۇچاتتى. ئاسماندىن پەسكە قارىساقمۇ زۇلمەت ماكانى يەنىلا شۇنچىلىك قورقۇنۇچلۇق، بۇرۇنقىدەك ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى. سۇمرۇغ ئورماننىڭ ئىچى تەرەپكە قاراپ ئۇچىۋاتاتتى.

ـــ نەگە بارىمىز؟ ـــ دېدىمەن ئاينۇرغا. ئۇ:

ـــ ئەرۋاھلار قەلئەسىگە ـــ دېدى ئاينۇر.

ـــ نىمە؟ ئۇيەردە ئەرۋاھلارغا تۇتىلامدۇق؟

ـــ بىز ئۇيەردە ئەرۋاھلار بىلەن جەڭ قىلىمىز.

ـــ هازىر ئۇلار بەك كۈچىيىپ كەتتى. بىز تەڭ كېلەلەيمىزمۇ؟

ـــ ياق، بىراق كۈمۈش شەمشەرنى ئېلىۋالساق تەڭ كېلەلەيمىز.

ـــ ئۇنى ئېلىۋېلىشقىمۇ بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەيدۇ.

ـــ يېتىدۇ. بىزدە ئىككى دانە خىرۇستال بار. ـــ دېدى ئاينۇر قولىدىكى خىرۇستالنى كۆرسىتىپ. هازىر ئۇ خىرۇستال پۈتۈنلەي قىزىل رەڭدە ئىدى.

ـــ بىزدە ئاران بىر خىرۇستال بار. يەنە بىرسىنى نەدىن تاپىمىز؟

ـــ ئۇ ئەرۋاھلار قەلئەسىنىڭ چوڭ ئىشىكىدە. سىلەر كىرىپ باققاندىكىن كۆرۈپ باققانسىلە. ئىشىكتە ئاپپاق رەڭلىك بىردانە

خىرۇستال بار. ــــ ئىسمگە كەلدى. ئەينى چاغدا بىز كىرگەندە ئىشكىنىڭ بىر قانىتىدا ئاپپاق رەڭلىك بىر خىرۇستالنى كۆرگەنىدۇق. ئەمما بىز چىقىپ كېتىدىغان ۋاقىتتا ئىشكنى پاچاقلىۋەتكەن ئەمەسمىدۇق؟ توغرا! بىز ئىشكنى چېقىۋەتكەن. بۇنداق بولسا ئۇ خىرۇستالنى قانداقمۇ تاپارمىز؟ بىرخىل ئەنسىرەش مىنى چىرمىۋالدى. مەن:

ــــ بىز ئەينى چاغدا چىقىپ كېتىدىغاندا ئىشكنى پاچاقلىۋەتكەنتۇق. ــــ دىدىم ئوڭايسىزلانغان هالدا. ئاينۇر هېچ ئىش بولمىغاندەك:

ــــ سىلەر ئۇ ئەرۋاهنى يۇقاتمىغۇچە بۇ قەلئە مەڭگۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىۋېردۇ. سىلەر بۇگەن پاچاقلىۋەتكەن بىلەن ئەتىسى ئەسلىگە كىلىپ قالىدۇ. بۇ دىگەن ئەرۋاهلارنىڭ زۇلمەتلىك ئۇۋىسى. ــــ دىدى. هەرهالدا بۇ گەپ ماڭا خۇش ياقتى. تۇيۇقسىز ئىمىن ماڭا:

ــــ مەن ئازراق بىئارام بولىۋاتقاندەك قىلىمەن. ــــ دىدى. قارىسام ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

ــــ ئىگىزگە چىققاچقا كۆڭلىڭ ئېلىشىۋاتامدۇيە؟

ــــ مەن ئەزەلدىن ئىگىزدىن قورقمايتتىم. بۇنداق ئىگىزگە چىقمىغىلى ئۇزۇن بولغان. قارىغاندا شۇنداق ئوخشايدۇ. ــــ دىدى ئىمىن. مەن ئۇنىڭدىن سەل ئەنسىرەپ قالدىمدە ئاينۇرغا:

ــــ بۇ قۇش تېزرەك ئۇچالامدۇ؟ تېزراق يەرگە قونساق بولاتتى. ــــ دىدىم. ئۇ ماقۇللىقىنى بىلدۈرگەندىن كىيىن قۇشنى تېخىمۇ تېز

ئۆچۈرتتى. خېلى ئۆچقاندىن كېيىن ئاخىرى موردىلار قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرسىدا چوقچىيىپ تۇرغان قەلئەگە يىتىپ كەلدۇق. قۇش پەسكە قونغاندىن كېيىن بىزنى چۈشۈرۈپ قويۇپ ئۇچۇپ كىتىپ قالدى .

ــــ ئۇ كىتەمدا؟ ئۇ كەتسە بىز قانداق قىلىمىز؟ ــــ دىدى ئادىل سۇمرۇغنىڭ ئۇۋۇپ كەتكىنىگە قاراپ.

ــــ لازىم بولسا چاقىرساق بولىدۇ. هازىرچە ئۇنىڭ كەتكىنى ياخشىراق. ــ ئۇ شۇنداق دىدىدە قەلئەنىڭ چوڭ ئىشكى ئالدىغا كەلدى. ئىشىك ھەقىقەتەن ئەسلىگە كىلىپ قالغاندى. ھەم ئەينى چاغدىكى بىردانە خىرۇستالمۇ شۇ پېتى تۇراتتى . ئاينۇر قولىدىكى خىرۇستالنى ئىشكتىكى خىرۇستالغا ئاستا يېقىن ئەكىلىپ تەككۈزۈۋىدى كۈچلۈك بىر نۇر بىلەن تەڭ ئىشكتىكى خىرۇستال پەسكە چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ مۇستەھكەم ئىشىكمۇ ئېچىلىپ كەتتى. مەن قەلئە ئىچىگە قاراپ قەلئەنىڭ بۇرۇنقىدەكلا تىنىچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدىم . ئۇلار شۇنداق كۈچلەنگەن تۇرۇقلۇق يەنىلا تىنىچ ئىدى.

ــــ بىزنىڭ ئەمدىكى ۋەزىپىمىز ئەرۋاھلار بىلەن جەڭ قىلىش ــــ دىدى ئاينۇر بىزگە قاراپ كەسكىن تەلەپپۇزدا. ــــ ئىسكىلاردا چىڭ تۇتۇڭلار. بەلكىم سىلەر بۇيەردە ئۆلۈپ كىتىشىڭلار مۇمكىن. ياكى غەلبە قىلىپ قايتىپ كىتىشىڭلارمۇ مۇمكىن. ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەڭلار جەسىدىڭلار خۇددى سەلىمدەك بىر

يەمچۈك بۇلۇپ قېلىپ يەنە بىر قېتىملىق پاجىمەنى مەيدانغا چىقىردۇ. سىلەرگە شۇنى دەپ قۇياي. ئىرادەڭلار مۇستەھكەم بولسۇن. بۇ سىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇرىشىڭلار بۇلۇپ قالىدۇ. ھەرگىز ئۇلۇپ كىتىشتىن قورقماڭلار. بەلكى يېڭىلىپ قېلىشتىن قورقۇڭلار. بىزگە ئەمدى ياراتقۇچىدىن باشقا بىركىم ھەمدەم بۇلالمايدۇ. مەيلى نىمە بۇلىشىدىن قەتئىي نەزەر قىزىل كۆزلۈك ئەرۋاھنىڭ پىشانىسىگە كۈمۈش شەمشەرنى تىقىڭلار. ــــ ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك جاراڭلىق ئىدىكى ھەممىمىزنىڭ قەلبىنى تىترەتتى.

ــــ بىراق بىزدە كۈمۈش شەمشەر يوق.

ــــ ئىچىگە كىرگەندە مەن سىلەرگە ئېلىپ بېرىمەن. مەن ئۇيەردىكى بىرە ئەرۋاھ بىلەنمۇ ئېلىشالمايمەن. پەقەت سىلەرگە شۇ شەمشەرنى ئېلىپ بېرەلەيمەن .شۇڭا چۇقۇم بەرداشلىق بېرىڭلار.

ــــ بولىدۇ. بىز باشتىمۇ دىگەن. ئاخىرقى تىنىقىمىز قالغۇچە تېركىشىمىز.

ــــ ئۇنداقتا ياخشى. قېنى كىرەيلى. سىلەر ئۇدۇل 20 ـ قەۋەتكى چىقىپ كىتىڭلار. مەن كەينىڭلاردىن چىقىمەن. ــــ ئاينۇر شۇنداق دەپ قەلئە ئۇتتۇرسىدىلا قالدى. بىز ئەينى چاغدىكى تونىلدىن ئۇتۇپ پەلەمپەي بىلەن 20 ـ قەۋەتكە چىقتۇق. چىقىپلا تىنىمىز شۇركىنىپ كەتتى. ئالتۇن كۇرسىدا بەھەيۋەت قىزىل كۆزلۈك ئەرۋاھ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن قاپقارا

پىلاچلىق ئەرۋاھلار بار بولۇپ ھەممىسى بىزگە تىكىلدى. تۇيۇقسىزلا قۇلاق تۈۋىمدە ئىنتايىن بوغۇق ھەم سەت ئاۋاز ئاڭلاندى: « ئاخىرى كەلدىڭ ئۆمەر. سىنى ساقلاۋاتقان ئىدىم. مەن ساڭا دىگەن ئىدىمغۇ. سەن مىنىڭ سەلتەنىتىمگە ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۆل سالىسەن دەپ. مانا سىنىڭ سايەڭدە مەن خىرۇستال شەمشەرنى قولغا چۈشۈردۈم. ئىسىڭدە بارمىكىن، مەن ساڭا سەن ئۆلىسەن، ئۆلگەن ۋاقتىڭدا ئىنتايىن ئازابلىنىسەن، دىگەنىدىم. مىنىڭ دىگىنىم بىر-بىرلەپ بولىۋاتىدۇ. بۇمۇ ئەمەلگە ئاشىدىغانغا ئاز قالدى ئۇ چاغدا تىنىڭ ئەمەس يۈرىكىڭ ئاغرىيدۇ.» بۇ ئاۋازنى خۇددى ئاشۇ ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرغان ئەرۋاھ دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەندە ئازراق قورقۇنۇچ پەيدا بولغان بولسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭغا:

—— مەن سەندىن قورقۇپ قالمايمەن. شۇنى ئىسىڭدە مەھكەم ساقلا! سەن مەغلۇپ بولمىساڭ، مەن ھەرگىز مەغلۇپ بولمايمەن! ... —— گىپىمنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە بىر غايىپ كۈچ مىنى كەينىمگە ئىتتىرۋەتتى.گوم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ تامغا كەينىچىلەپ ئۇرۇلدۇم. ئەرۋاھ ئولتۇرغان يېرىدىن تۇردىدە:

—— سەنمۇ شۇنى ئىسىڭدە چىڭ تۇت! سەندەك ئاجىز ئىنسانلار مىنى مەغلۇپ قىلىمەن دەپ خام خىيال سۈرۈشمىسۇن! —— دىدى. ئۇ قۇرۇپ قاخشال بولۇپ كەيىكەندەك دەرەخ شېخىدەك قوللىرىنى كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ مەنمۇ كۆتۈرلۈپ كەتتىم. ئىمىن

ئەرۋاھقا قارىتىپ ئوق ئاتتى. ئوق ئۇنىڭغا تەگسىمۇ ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئۆتۈپ كىتىۋاتاتتى. ئەرۋاھ مىنى يەرگە كۆچەپ ئاتتى. يەرگە چۈششىم بىلەن تەك ئاغزىمدىن ئوقتەك قان ئېتىلىپ چىقتى. ئۆچەيلەن ئۇنىڭغا قارىتىپ داۋاملىق ئوق ئاتقان بولدىمۇ ھىچ بىر ئۈنىمى بولمايۋاتاتتى.

ـــ ھۇ جۆپرەندىلە! ـــ دىدى ئۇ رەزىل ئاۋازدا. ـــ سىنىڭ بۇ ئەبگا قۇراللىڭ ماڭا كار قىلمايدۇ. ـــ ئۇ شۇنداق دەپلا قولىنى بىر شىلتىۋىدى ئۆچەيلەن يىقىلدى.

ـــ ھەرقايسىڭ ھازىر ئۆلۈشمەيسەن! مىنىڭ قۇدرەت تاپقان بۇ سەلتەنىتىمنى كۆرىشىپ ئاندىن ئۆلۈشىسەن. ـــ ئەرۋاھ سۆزلەۋاتاتتى. ئىمىن ئاستا بىرىپ مىنىڭ سومكامنى ئاچتىدە ھىلىقى ساختا كۆمۈش شەمشەرنى ئالدى.

ـــ ساڭا مانا ماۋۇ كار قىلىدۇ! ـــ دىدە ئەرۋاھقا قارىتىپ شەمشەرنى ئاتتى. ئەمما ئەرۋاھ چاققان كىلىپ شەمشەرنىڭ يۆنىلىشىنى بۇرىۋەتتى. شەمشەر ئۇچۇپ بىرىپ يەنە بىر ئەرۋاھقا تىگىۋىدى ئۇ يەرگە يىقىلدى. ئانان تۈتۈنگە ئايلىنىپلا غايىپ بولدى.

ـــ ئۇ ساختا شەمشەر ساڭا سىچ ئىش قىلىپ بىرەلمەيدۇ. ـــ دىدى ئەرۋاھ. شۇ پەيتتە مەن ئورنىمدىن تۇرۇپ تىزلىك بىلەن بىرىپ ساختا شەمشەرنى قولۇمغا ئالدىمدە ئەرۋاھقا تەڭلىدىم. شۇ ئەسنادا ئەتراپتا تۇرغان ئەرۋاھلار ھەركەتكە كىلىپ بىزگە ھۇجۇم باشلىدى. ئادىلنىڭ ئوقى قالمىغاچ قولىدا بىر شەمشەر بىلەن

ئۆلارنى چىپىۋاتاتتى. شۇنى بىلدىمكى بۆلارنى پەقەت شەمشەر ئارقىلىقلا يوقاتقىلى بولىدىكەن.

ـــ ھەممىڭلا قۇرالىڭلارنى تاشلاپ شەمشەر ئېلىڭلار! ـــ دەپ ۋارقىردىم ئۆچەيلەنگە. لېكىن ئۆلاردا نەدىمۇ شەمشەر بولسۇن . ئادىل قانداق قىلىپ تاپتى بۇنى بىلمىدىم. ئەينى چاغدا ھېلىقى سەلىمنىڭ قىياپىتىگە كىرۋېلىپ بىزنى ئالدىغان ئەرۋاھ بىزنى بۇيەرگە ئەكىلىشتە شەمشەرلىرىمىزنى قۇيۇپ قۇيۇشنى ئېيتقان. ئۇنىڭ مەقسىتىنى مانا ئەمدى چۈشەندىم.

ـــ ساڭا بۇ پېرخون مەڭگۇ ياردەم قىلالمايدۇ! ـــ دىدى ئەرۋاھ كەينىمىزدىكى پەلەمپەينى كۆرسىتىپ. مەن دەرھال ئارقىمغا قارىدىم. ئاينۇر ھاسىراپ كەتكەن بۇلۇپ ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنىدىن قان ئېقىۋاتاتتى. قولىدا بولسا كۇمۇش شەمشەرنى تۇتىۋالغان ئىدى. ئۇ:

ـــ بۇنى تۇتۇتۇڭ! ـــ دىدى ئاينۇر. ئۇ ماڭا كۇمۇش شەمشەرنى ئېتىپ بەردى.شۇنىڭ بىلەن تەڭلا يەرگە يىقىلدى. مەن چاققانلىق بىلەن ئۇنى تۇتىۋالدىم. قولۇمدىكى ساختا شەمشەرنى ئىمىنغا ئېتىپ بەردىم.

ـــ سەندە شەمشەر بولسا نىمە بوپتۇ؟ بۇ خىرۇستال بولمىسا سەن يەنىلا يېڭىلىسەن! ـــ دىدى ئۇ قولىدا تۇت دانە خىرۇستالنى كۆرسىتىپ. دىمەك ئۇ خىرۇستالنى ئىشقا سالغۇدەك. كۇمۇش شەمشەرنىڭ كۇچى تۆت خىرۇستالغا يەتمەيدۇ. ئۇنداقتا بىز

يېڭەلەرمىزمۇ؟ توغرا بىز چۇقۇم يېڭىمىز! مەن ئۆزۈمگە ئىشىنەتتىم. بۇ ئەرۋاھ ئۇستىدىن غەلبە قىلىشقا ئىشەندىم. مەن چۇقۇم غەلبە قىلىمەن!

## 36 ـ قىسىم:دىۋە

شۇ تاپتا ئەرۋاھ ماڭا قاراپ خىرىس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىم زۇلمەت ئۇچقۇنى چاچراپ تۇراتتى. مەن بىر غەيرەتكە كەلدىمدە شەمشەرنىڭ كۈچىگە ئىشىنىپ شەمشەرنى بۇ ئەرۋاھقا قارىتىپ بىر شىلتىدىم. شەمشەرنىڭ بىسىدىن يادەك نۇر چىقىپ ئەرۋاھ تەرەپكە بارغان بولسىمۇ ئەمما ئەرۋاھ ئۆزىنى چەتكە تارتتى. بۇ قېتىم مەن بۇ شەمشەرنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگەندىم. شەمشەرنىڭ دەستىسىدىن چىڭ تۇتۇپ ئەرۋاھقا ئېتىلغان شۇ پەيتتە غايىۋى بىر كۈچ مىنى ئۇردى. مەن كەينىمدىكى پەلەمپەيگىلا چۈشتۇم. شۇ دەقىقە بېشىمغا قاتتىق بىر نەرسە تەگكەندەك بولدىدە كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى....

بىرچاغدا كۆزۈمنى ئاچتىم. ئۆزۈمنى بىر قەپەستە كۆردۈم. يېنىمدا ئەلى، ئادىل، ئىمىن بۇلۇپ ئۇلار ھۇشسىز ياتاتتى. ھەتتا سومكىللىرىمىزمۇ، قۇراللىرىمىزمۇ بار ئىدى. تېخى ساختا خىرۇستال شەمشەرمۇ يېنىمدا ئىدى. ئۇچەيلەن ئېغىر يارلانغان بۇلۇپ، ھەممىلا يېرىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. مەن ئۇلارنى نۇقۇپ باقتىم.

ئەلى بىلەن ئىمىن كۆزىنى ئاچتى.

ــــ بۇ قەيەر ئەمدى؟ ــــ دېدى ئىمىن ئاستا قوزغۇلۇپ.

ــــ قارىغاندا بىز ئەسىرگە چۈشكەندەك قىلىمىز. سىلەگە زادى نىمە بولدى؟ بىز بۇيەرگە نىمىشقا كىلىپ قالدۇق؟ ــــ دېدىمەن.

ــــ بىلمىدىم. ئەينى چاغدا سەن قاتتىق چۈشۈپ كىتىپ ھۇشۇڭدىن كەتتىڭ. بىز قانچە كۈچەپ ئېلىشقان بولساقمۇ يەنىلا مەغلۇپ بولدۇق. ئۇلار دىگەن شۇنداق كۈچلۈك تۇرسا . نىمىشقا بۇيەرگە كىلىپ قالدۇق بىلمىدىم ــــ دېدى ئەلى ئۇھسىنغان ھالدا.

ــــ ئاينۇر قېنى؟

ــــ ئۇنى كۆرمىدۇق.

ــــ ئۇ ئۆلمىگەندۇ؟

ــــ بىلمەيمىز؟ ئاشۇ چاغدا شەمشەرنى ئېپ بېرىپلا يىقىلغان ئەمەسمۇ؟

ــــ ئۇنى ئايرىم قەپەسكە سولاپ قويغان گەپ!

ــــ مەن بۇيەردە! ــــ تۇيۇقسىز ئاينۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدۇق. ھەيران بۇلۇشۇپ يۆت تەرەپكە قاراشتۇق . ئەمما كۆرۈنمەيتتى.

ــــ مەن پەستە، پەسكە قاراڭلا؟ ــــ دېدى ئاينۇر. بىز قەپەس رىشاتكىشىنىڭ ئالدىغا كىلىپ قارىدۇق. يەردىمۇ بىر قەپەس بۇلۇپ، ئاينۇر شۇ قەپەستە ئىدى.

ــــ سىز نىمىش بولغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ــــ دېدىمەن ئاينۇرغا.

ـــ ھەئە. سىلە مۇشۇنداق ھۇشسىز ياتقىلى تەخمىنەن 3سائەتچە بولۇپ قالدى. مەن سىلەرنىڭ ئويغىنىشىڭلارنى ساقلاۋاتىمەن.

ـــ ھە؟ 3سائەت؟ ئۇلار بىزنى سولاپ قويۇپ نىمىش قىلماقچىكىنا؟

ـــ ئۇلار ئەجدىرھا تېغىغا كىتىپ قالدى. مەندە 2خىرۇستال بار. بۇنىڭ ئارقىلىق چىقىپ كىتەيلى. بۇنداق تۇرىۋەرسەك بولمايدۇ. بىزمۇ شۇ تاغقا بارىمىز.

ـــ ئەجدىرھا دىدىڭىزما؟ ئەينى چاغدا ئۇنىڭ تۇخۇمىنى كۆرگەنتىم.

ـــ بولدى قىلىڭە، بۇيەردىن چىقىپ قالغان گەپنى دىيشەمىز. سەل ساقلاڭ ـــ ئۇ شۇنداق دەپ خىرۇستالنى بىر ئىش قىلغىلى تۇردى. بىزنىمۇ تۆمۈر رىشاتكا توسۇپ تۇرغاچ ئېنىق كۆرەلمىدۇق. تۇيۇقسىزلا ئاپپاق نۇر چاقناپ كۆزۈمنىمۇ ئاچالماي قالدىم. بىرازدىن كىيىن نۇرمۇ توختىدى. كۆز ئالدىمدا ئاينۇر تۇراتتى.

ـــ كۆزۈڭلارنى يۇمىۋېلىڭلار ـــ دىدى ئاينۇر. بىز كۆزىمىزنى چىڭ يۇمىۋالدۇق. شۇ ئەسنادا خۇددى بەدىنىمگە يىڭنە سانجىلغاندەك ئاغرىقنى سەزدىم. بىرازدىن كىيىن ئاينۇر كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار دىۋىدى ئۆزۈمنى قەپەس سىرتىدا كۆردۈم. ھەقىقەتەن خىرۇستالنىڭ كۈچى بار ئىكەن.

ـــ ئادىل تېخى ئويغانمىدى. قانداق قىلامىز؟

ـــ مانا ئەمدى ئويغىنىدۇ ـــ دىدى ئاينۇر. ئۇ ئۇنىڭ يىنىغا كىلىپ ئىككى چىكىسىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتتى.

ئادىلمۇ خۇددىي ئەلىدەك ھاسىرغىنىچە كۆزىنى ئاچتى .

ـــ بولدى يۇرۇڭلا بۇيەردىن چىقىپ كىتەيلى. ـــ دىدى ئاينۇر ئالدىمىزدا مېڭىپ . بىز بۇ ئۆيدىن چىقتۇق. ئاينۇر ئالدىمىزدا ماڭغاچ:

ـــ بۇ قەلئەنىڭ 5 ـ قەۋىتى. بىز ئاۋۇ پەلەمپەي بىلەن چۈشەيلى. ئاندىن سۇمرۇغقا مىنىپ ئەجدىرغا تېغىغا بارىمىز. ئەرۋاھلار ئەجدىرھانى ۋويىسۇندۇرۇش بىلەن ئالدىراش.

ـــ ئۇلار نىمىشقا سىزدىن خىرۇستالنى ئېلىۋالمىدى؟ـــ دىدىمەن ھەيران بۇلۇپ.

ـــ ئەگەر ئېلىۋالىلغان بولسا بۇ خىرۇستال ئۇ ياغاچ ئۆيدە تۇرمىغان بولاتتى. ئېلىۋالىلغان بولسا بۇ خىرۇستال قەلئە ئىشىكىدە تۇرمىغان بۇلاتتى. ئەرۋاھلاردا قانچىلىك كۈچ بولسۇن، يەنىلا بۇ ئىككى خىرۇستالغا چېقىلالمايدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى خىرۇستالنى ئۇلار بويىسۇندۇرالىسا ئۇنداقتا بۇ خىرۇستالدىنمۇ كۈچلۈك نەرسە تېپىلمىغۇچە ئەرۋاھلارنى بىز يېڭەلمەيمىز دىگەن گەپ.

ـــ دىمەك بۇ ئىككىسىنىڭ قۇدرىتى ئەرۋاھنىڭ قولىدىكىدىنمۇ چوڭكەندە؟

ـــ ئۇنداق دىگىنىم ئەمەس. بۇ ئىككىسىنىڭ كۈچىنى بىتلەشتۇرسەكمۇ ئۇنىڭ قولىدىكى بىرتال قىزىل خىرۇستالغا تەڭ بۇلالمايدۇ. ئەمما ئەرۋاھنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە ھەممىدىن

كۆچلۈك بۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇ ئالتە خىرۇستال ئەرۋاھنىڭ جىدنى ھېسابلىنىدۇ. مىنىڭ دادام بۇ ئىككى خىرۇستالنى ئۇ تۆتىدىن ئايرىۋەتكەن. شۇڭا ۋاقتىنچە چېقىلالمايدۇ. ـــ . بىز قەلئەدىن چىقىپ موردىلار قەبرىستانلىقى ئالدىدا بىزنى ساقلاپ تۇرغان سۇمرۇغ قۇشنى كۆردۇق. ـــ مەن ئالدىن ئۇنى چاقىرىپ قويغان .ـــ دىدى ئاينۇر ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا مىنىپ. بىزمۇ كەينىدىنلا سۇمرۇغ ئۇستىگە چىقتۇق. سۇمرۇغ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. بىز خېلى ئۇچقاندىن كىيىن سىرلىق شارقىراتمىنى كىسىپ ئۆتتۇق.

ـــ قاراڭلار! بۇ شارقىراتما يىشىل خىرۇستالنىڭ مەھسۇلى. خىرۇستالنى جايىدا ئىشلەتسەك، مۇشۇنداق پايدىلىق شارائىت ھازىرلىغىلى بولىدۇ. ـــ دىدى ئاينۇر شارقىراتمىدىن ئۆتۈپ كىتىۋاتقاندا. بىز ئۇچۇپ ئۇزاق ئۆتمەي بىر ئىگىز تاغ يېنىغا قوندۇق.

ـــ بۇيەر مىنىڭ ئىسمىدە بار! بۇ بىز سۇمرۇغنى ئويغاتقان ھەم يىشىل خىرۇستالنى ئالغان جاي شۇ. ـــ دىدىمەن . ئاينۇر:

ـــ بۇيەردە بىر ئەجدىرھا بار. مەن بۇيەرگە كىرىپ سىلەرگە سەمدەمدە بۇلالمايمەن. كۈمۈش شەمشەر ئەرۋاھلارنىڭ قولىدا. ئۇلار پۈتۈن دىققىتىنى ئەجدىرھانى بويسۇندۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۋاتىدۇ. شۇڭا ئاسانلىقچە سىلەرنى تۇيمايدۇ. بۇنى ئېلىڭ. بۇ خىرۇستال سىزگە ياردەم قىلىپ ئەجدىرھانى بوي

سۇندۇرۇپ بېرىدۇ. ئاۋۇ غار بىلەن كىرىپ سول تەرەپكە ئەگىلسەڭلار پەلەمپەيىنى كۆرىسىلەر. ئەك ئۈستىگە چىقىپ كۆۋرۈك بىلەن قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ يەنە پەلەمپەي ئارقىلىق پەسكە چۈشۈڭلار. ئۇ يەردە بىر ئىگىز دۆڭ بار . ئۇ ئىلگىرى ئەجدىرھا بىلەن سۇمرۇغقا قارايتتى . ھازىر بەلكىم ئەرۋاھلار بىر ئىشلانى قىلىپ جىمىقتۇرغاندۇ. ھەرھالدا ئېھتىيات قىلىڭلار . پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئۇدۇل ماڭساڭلا ئەينى چاغدا سىلە كۆرگەن ئەجدىرھا بار ئۆيگە يېتىپ كىلىسىلە. خىرىستال ئارقىلىق ئەرۋاھقا تەھتىد سېلىپ ئەجدىرھانىڭ يېنىغا بېرىڭلا. ئىسىڭلادا بولسۇن. ئۇنىڭ كۆزىگە ھەتگىز قارىماڭلا. ئەجدىرھانىڭ قانتىنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ خىرۇستال بىلەن ئۇنى بويسۇندۇرالايسىلەر. يەنە شۇنى ئەسكەرتىپ قۇياي ھەرگىز كۆزىگە قارىماڭ، ھەرگىز.

ـــــ بولىدۇ .چۈشەندىم. ئەمسە ئامان بۇلۇڭ. بۇنىڭ ئەك ئاخىرقى قېتىملىق كۆرۈشۈش بۇلۇپ قالماسلىقىنى ئۈمۈد قىلىمەن. ـــــ دىدىمدە غار تەرەپكە ماڭدىم.ھەر ئېھتىمالغا قارشى ساختا كۈمۈش شەمشەرنى قولۇمغا ئېلىۋالدىم. گەرچە ساختا بولسىمۇ خېلى پايدىسى تىگەتتى. ئۆچەيلەنمۇ ئەگىشىپ كىردى . بىز ئاينۇرنىڭ دەپ بەرگىنى بۇيىچە ماڭدۇق. بۇيەردە ئۇزۇلۇپ كەتكەن ئاسما كۆۋرۈكنىڭ بىر ئۇچى ساڭگىلاپ تۇراتتى.

ـــــ بۇيەردە كۆۋرۈك يوقكەنغۇ؟ ـــــ دىدى ئادىل ھەيران بۇلۇپ.

ــــ ئەينى چاغدا بىز كەلگەندە كۆۋرۈك ئۈزلۈپ كەتكەندى. قارا ئەنە ھازىرغىچە ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ.

ــــ ئەمسە بىز قانداق چۈشىمىز؟

ــــ بىز ئاشۇ كۆۋرۈكنىڭ يىپىغا ئېسىلىپ پەسكە چۈشەيلى. پەستە بىر يول بار. ئۇدۇللا ئەجدىرھا بار يەرگە چىقىمىز. دىۋىنىڭمۇ دەخلىسىگە ئۇچۇرمايمىز.

ــــ ئۇنداقتا مەن چۈشۈرۈپ قوياي! ــ تۇيۇقسىز چىققان بۇ توم ھەم سۈرلۈك غەلىتە ئاۋازدىن ھەممىمىز چۆچۈپ كەينىمىزگە قارىدۇق. كەينىمىزدە شۇنداق يوغان ھەم بەتبەشرە بىر مەخلۇق تۇراتتى . بۇ دەل ئاينۇر دىگەن دىۋە شۇ ئىدى .

ــــ مەن ياردەم قىلىپ چۈشۈرۈپ قوياي! ــ ئۇ شۇنداق دىدە بىزنى ئۇرۇپ كەينىمىزگىلا ئىتتىرۋەتتى. بىز بۇ چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كىتىۋاتاتۇق....

گۇم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يەرگە چۈشتۇق . بەدىنىم شۇنداق قاتتىق ئاغرىپ كىتىۋاتاتتى. ئەمما شۇنداق ئىگىز يەردىن چۈشكەن بولساقمۇ ھەممىمىز ساق ئىدۇق. ئاغرىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا سالامەت ئىدۇق. ئەلۋەتتە ھەممىمىز بۇنىڭ مۇشۇ خىرۇستالنىڭ كارامىتى ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق. ئەمما كەينىمىزدىنلا بۇ مەخلۇقمۇ سەكرەپلا چۈشتى.

ــــ سەن تېخىچە مىنىڭ ئىسىمدە! ــ دىدى ئۇ ماڭا ھۆركىرەپ.

ــــ مىنى ئۆلتۈردۈم دەپ ئويلاشقانمىدىڭ؟ مەن ئاسانلىقچە

ئۆلمەيمەن! ماما بوگۈن ئۆز ئايىغىڭ بىلەن يىنىمغا كەپسەن! ئەمدى ئۆلسەن! ــــ ئۇ شۇنداق دىگىنىچە مىنى قاتتىق بىر مۇش ئۇردى. قولى شۇنداق يوغان بولغاچقىمۇ، شۇنچىلىك قاتتىق تەگدى. مۇشتنىڭ دەستىدىن كەينىمگە ئۈچۈپ كەتتىمدە تامغا ئۇسسۇدۇم. ئىمىن قۇرالىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئوق ئاتتى. ئۇنىڭ قاتتىق قاسراقلىق تېرىسىگە ئوق ئۆتەي دىمەيتتى. ئۇ ئىمىنغا قاراپ شۇنداق كۈچلۈك ھۆركىردىكى ئەتراپ تىترەپ كەتتى. شۇ پەيتتە مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ شەمشەرنى ئالدىمدە بۇ يوغان دىۋىنىڭ دۈمبىسىگىلا تىقتىم. قاتتىق چىرقىراش بىلەن تەڭ ئۇ ئۆرۈلۈپلا مىنى يەنە بىر مۇش ئۇردى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن يىشىل سۇيۇقلۇق ئىقىپ چىقتى. ئۇ مىنىڭ يىنىمغا كىلىپ مىنى كۆتۈردىدە يەنە بىر مۇشت سالدى. مۇشتنىڭ زەربىسىدە كاللام ئىلىشىپلا كەيكەندى. شۇ ئەسنادا قاتتىق بىر نەي ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم . بەلكىم بۇ ئاۋازدىن دىۋە قورقسا كېرەك ۋارقىرغىنىچە قولاقلىرىنى ئىتىپ يەردە ياتتى. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلدىمدە شەمشەرنى چىقىرىپ يەردە ياتان بۇ دىۋىنىڭ كاللىسىغىلا شەمشەر ئۇردۇم... شۇنداق قىلىپ بىز بىر مەخلۇقنى بولسىمۇ يۇقاتقان بولدۇق.

ــــ بولدى، تېز بۇلۇڭلار، بۇ تەرەپكە ماڭايلى. ئەرۋاھلار ئەجدىرھانى كونترۇل قىلىۋالمىسۇن يەنە! ــــ دىدىمەن. ئوڭ تەرەپتىكى غار ئىغىزى تەرەپكە مىڭىپ. دىۋە قاتتىق

ئۇرۋەتكەچكىمۇ پۇتۇم سەل ئاغرىۋاتاتتى . شۇنداقتىمۇ ئاقساپ ئاران مېڭىۋاتاتتىم. خېلى ماڭغاندىن كېيىن بىز ئىككى ئىشىك بار ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. ئەلۋەتتە ئوك تەرەپتىكىسى ئېنىقلا ئەجدىرھانىڭ ئۇۋىسى ئىدى. مەن ئىشىكنى ئاستا قىيا ئاچتىمدە مارلاپ باقتىم. ئىچىدە بىر ئەجدىرھا ئاغزىدىن ئوت پۈركۈپ تۇراتتى. مەرۋاھلار ئۇنىڭغا خىرۇستال بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئىدى. شۇ دەقىقىيدە تۇيۇقسىزلا ئەجدىرھانىڭ كۆزى بىلەن مىنىڭ كۆزۈم ئۇچۇرشىپ قالدى . ئۆزۈمنى تۇتالمايلا قالدىم. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئوت ئۇچقۇنىنى كۆردۈم. قورققىنىمدىن دەرھال كۆزۈمنى تارتىۋالدىم. يۈرۈكۈم قاتتىق سېلىپ كىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە قانداق بۇلۇپ قاراپ قالغانلىقىمنى بىلمەيتتىم. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئوت ئۇچقۇنىنىلا ئەمەس، ئوت ئىچىدە كۆيىۋاتقان ئالتۇندەك ساپسېرىق بىردانە ئۈزۈكنىمۇ كۆرگەنىدىم. ئۇ ئۈزۈك ئادەمگە ۋەھىمىدىن بىشارەت بېرەتتى.....

داۋامى بار ...

## 35 ـ قىسىم:ئاخىرلىشىش

ئەجدىرھانىڭ كۆزىدىكى  ئۆزۈكنىڭ شولىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزۈك ماڭا ناھايىتى سىرلىق ھەم قورقۇنۇچلۇق تۇيۇلۇپ كەتتى. تېخى ئۇ مىنى يېنىغا تارتىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۆزۈمنى تارتىۋالغاندىن كېيىنمۇ يۈرۈكۈم قاتتىق سىلىپ كەتتى.

ــــ ساڭا نىمە بولدى؟ نىمىنى كۆرۈپ قالدىڭ؟ ــــ دىدى ئىمىن ھاسىراپ كەتكىنىمگە قاراپ.

ــــ ھە... ھىچنىمە بولمىدى. ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ ــــ دىدىم مەن گەپنى بۇراپ.

ــــ مىنىڭچە ــــ دىدى ئەلى سۆز قۇشۇپ، ــــ بىز ئەجدىرھانى بۇ ئەرۋاھلارنىڭ چاڭگىلى ئاستىدا ھەرگىز كونتىرۇل قىلالمايمىز. بىز ئاۋال ئەجدىرھاغا مىنىۋېلىپ بۇيەردىن چىقىپ كىتەيلى. ئاندىن ئايىنۇر قانداق قىلىشنى دەپبەرسۇن.

ــــ ھە بولىدىغان ئامالكەن. ــــ دىدى ئىمىنمۇ ئەلىنىڭ گىپىنى قوللاپ. ــــ ئاۋال ئەرۋاھلارغا خىرۇستال تاشنىڭ بىزدە ئىكەنلىكىنى.... ئا...ئا...ــــ ئىمىنىنىڭ گىپى تۈگىگىچە بىر ئەرۋاھ ئالدىمىزدا پەيدا بۇلۇپ ئىمىننى قاتتىق ئىتتىرۋەتتى. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن مەنمۇ چۆچۈپ كەتتىمدە دەرھاللا خىرۇستالنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا قاراتتىم. ئىككىلى خىرۇستالدىن نۇر چىقىپ قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىپ قالدى. ئەرۋاھ سەل كەينىگە

چىكىنىگەنىدى.

ـــ بۆلۈشلار تېز كىرەيلى. ـــ دېدىممەن . بىز بۇ ئەجدىرھانىڭ يېنىغا كىرگىنىمىزدە ئۇمۇ ھەيۋىسىنى توختاتتى. ئەتراپتىكى بارلىق ئەرۋاھلار كەينىگە چېكىندى.

ـــ ھەرقايسىڭ ئۇ خىرۇستال بىلەن مىنى قورقۇتماقچىما؟ ـــ دېدى ھېلىقى قىزىل كۆزلۈك ئەرۋاھ شاھى. ئۇ قولى بىلەن قاپقارا تۈتەك چىقىرىپ ماڭا ھۇجۇم قىلماقچى بولىۋىدى قولۇمدىكى خىرۇستالدىن چىققان غايىپ كۈچ ئەرۋاھنى نەچچە قەدەم كەينىگە چېكىندۈردى. ئۇ غەزەپ بىلەن گەپ سۆزسىز تۇرۇپ قالدى. بىز ئاستا ئەجدىرھانىڭ يېنىغا باردۇق. شۇنچە ئۆزۈمنى تۇتىۋالساممۇ ئەجدىرھانىڭ كۆزىگە ئىككىنجى قېتىم قاراپ قالدىم. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆزىدىن تېخىمۇ بەك چاقناپ تۇرغان ئالتۇن ئۆزۈكنى كۆردۈم.

ـــ ئۆمەر! يەنە نىم بولدى؟ ـــ دېدى ئىمىن مىنى نوقۇپ. ـــ ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ سالدىڭمۇ نىمە؟

ـــ ھە...يا...ياق ـــ دىگەن گەپنىمۇ دۇدۇقلىغىنىمچە ئاران دىيەلىدىم. نەپەس يېتىشمىگەندەك ئۆپكەم قىسىلىپ كىتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ چاندۇرمىدىم. باياتىن بېرى ھەيۋە قىلىپ، ئەرۋاھلارغا بوي بەرمىگەن غايەت زور بۇ ئەجدىرھا، بىزنى كۆرۈپ جىملا تۇراتتى. مەن ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كىلىپ، يەردە يېيىلىپ تۇرغان قانىتىنى ئاستا تۇتتۇم. ئۇشتۇمتۇت ئىمىن

قولىدىكى شەمشەر بىلەن قولۇمنى تىلىۋەتتى. ھەيرانلىق نەزىرىدە ئۇنىڭغا قارىدىم.

ـــــ مەن ئازراق غەلىتە تۇرىمەن ـــــ دېدى ئىمىن ۋۇشەندۇرۇشنىڭ ئورنىغا. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ قان دېدارى قالمىغانىدى.

ـــــ نىمە قىلغىنىڭ بۇ؟ ـــــ دېدى ئادىلمۇ ئۇنىڭغا قاراپ.

ـــــ بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. .. ئا... ـــــ ئۇ شۇنداق دەپلا بېشىنى تۇتىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدى. شۇ ئەسنادا بۇنىڭ ئاشۇ قەبىھ ئەرۋاھنىڭ ئۇيىنى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

ـــــ مەن بۇ ئەجدىرھاغا مىنىۋالاي، ھېلى ئۇركۈپ كەتمىسۇن يەنە. ئاندىن ئىمىننى يۆلەپ تارتىپ چىقىرۋالايلى. ـــــ دېدىمەن. مەن ئاستا ئۇنىڭ قانىتىغا دەسسەپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالدىم. ئەلى بىلەن ئادىل ئىمىننى يۆلەشتۇرۇپ چىقاردى. ئاندىن ئۇلارمۇ كەينىدىن چىقىشتى. بۇ ئەجدىرھانىڭ بۇنداق يۇۋاشلاپ كېتىشىنى شۇ خىرۇستالنىڭ ئىشى دەپ ئويلىغانىدىم. بىز چىقىپ بولىشىمىزغىلا ئەجدىرھا قاتتىق بىرنى ھۆركىرەپ ئۇستىگە كۆتۈرۈلدىدە، ئۇستىدىنى تىشىپلا تاغ چوققىسىغا چىقتى. ئەجدىرھانى بىز قانداق كونترۇل قىلىشنىمۇ بىلمەيتتۇق. ئۇ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. نىمىشقىكىن ئەرۋاھلارمۇ ئەگىشىپ چىقماي شۇيەردە قېلىپ قالدى. ئەجدىرھا ئاستا پەسلەپ يەرگە قوندى. بىز ئەجدىرھادىن چۈشۈپ ئەتراپتىن ئاينۇرنى ئىزدىدۇق..

ـــــ ئۇنى باشقۇرالىدىڭلارمۇ؟ ـــــ دېدى ئاينۇر ئەتراپتىن چىقىپ.

ئۆنىڭ قولىدا ئۈچ دانە شەمشەر تۇراتتى. ـــ ئۇنى كونترول قىلىش ئاسان ئەمەس ئىدى.

ـــ بىزئۇ بىلمىدۇق. ئۇ بىزنى كۆرۈپ جىملا بولىۋالدىغۇ؟! ـــ دىدىمەن. ئاينۇر ئەلى، ئىمىن، ئادىلغا قولىدىكى شەمشەرنى تۇتقۇزغاندىن كىيىن، ھەيران بولۇپ:

ـــ نىمە؟ بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ بىرەرسىڭلار ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ سالدىڭلارمۇيە؟ ئەرۋاھلارمۇ ئەگىشىپ چىقماپتىغۇ؟

ـــ ياق، ئۇنىڭ كۆزىگە قارىمىدۇق. ـــ دىيىشتى ئۈچەيلەن. مەنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ققارىمىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئاينۇرغا قاراپ سالغانلىقىمنى ئېيتات دەپ شۇنچە ئۇرۇنساممۇ، ئەمما بىريەرلىرىمدە بىرسى ئېيتما دىگەندەك توسىۋالدى. ئاينۇر مەندىن ىرۇستالنى قايتۇرۋالغاندىن كىيىن ئاستا ئەجدىرھاغا يېقىنلاشتى. كىيىن ئىككى خىرۇستالنى بىر بىرىگە قاتتىق ئۇرىۋىدى، كىچىلىك قىزىل نۇر چىقىپلا ئاينۇرنىڭ قولىدا كۈمۈش شەمشەرگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخزايدىغان بىردانە شەمشەر پەيدا بولدى. بۇ چاغدا ئالدىمىزدا تۇرغان ئەجدىرھا ئۈركىدى. ئۇ ئۈچۈپ كەتمەكچى بولۇپ قانىتىنى شۇنچە قاقسىمۇ ھىچ ئۇچالمىدى. بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇچۇنجى قېتىم قاراپ سالدىم. نىمىشقىلىقىنى بىلمىدىم. ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى شۇنچە قاچۇرساممۇ يەنىلا قاراپ سىلىۋاتاتتىم. ھەرقېتىم ئۇنىڭغا قارىسام يەنە شۇ بىردانە ئۆزۈكنى كۆرەتتىم. بۇ قېتىم ئەجدىرھا ناھايىتى قورقتى.

ـــ ئۇنى ئۆلتۈرۋېتەمسىز؟ ـــ دېدىم ئاينۇرغا.

ـــ ياق، بۇ شەمشەرگە ئۇنىڭ قېنىنى ئاققۇزىمەن. ھازىر بىزدە كۈمۈش شەمشەر يوق، ئەمما ئەرۋاھلار قورقىدىغان بىردىنبىر خىرۇستال شەمشەر بار. بۇ شەمشەر بىلەن ئەرۋاھنى مەغلۇپ قىلىمىز.

ـــ كىمنى مەغلۇپ قىلىشىسەن؟ ـــ تۇيۇقسىزلا ئەتراپىمىزنى ئەرۋاھلار قورشىۋالدى. نەگىلا قارىساق ئەرۋاھ تۇراتتى. ئەجدىرھا بولسا ئۆچىمەن دەپمۇ ئۈچالماي يۇگرۈپ قېچىشقا ئورۇنغاندى. ئەمما ئەرۋاھلار پەيدا بولۇپ قورشالغاندىن كېيىن ئۇمۇ توختاپ قالدى.

ـــ ئۆمەر، بۇ شەمشەرنى ئېلىڭ، ئەجدىرھانىڭ قېنى بۇ شەمشەرگە تەگكەندىن كېيىن ئەرۋاھنى مەغلۇپ قىلالايمىز. شەمشەرنى ئېلىپ ئەجدىرھانىڭ يېنىغا بېرىڭ! ـــ دېدىدە شەمشەرنى ماڭا تۇتقۇزۇپ ئۆزى ئەرۋاھقا تاقابىل تۇرماقچى بولدى. ئەلۋەتتە ئۇ بىر پېرخون بولغاچ، ئەرۋاھ بىلەن ئازتولا ئېلىشىپ كېتەلەيدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولسىمۇ يەنىلا مىنىڭ شەمشەرنى ئەجدىرھانىڭ قېنى بىلەن بويىشىمغا پۇرسەت چىقىرىپ بەرمەكچى بولىۋاتاتتى. ئەرۋاھلار ھەددەپ بىزگە ھۇجۇم قىلماقتا. بۇ چاغدا ئىمىنىنىڭمۇ ئەھۋالى سەل تەڭشەلگەن بولۇپ ھەممەيلەن قولىدىكى شەمشەر بىلەن ئەرۋاھلارنى يۇقاتماقتا ئىدى. ئۇ شەمشەر ئەرۋاھلارغا تىگىشى بىلەنلا ئەرۋاھلار تۈتۈنگە ئايلىنىپ غايىپ

بۆلاتتى. ئەمما ئەرۋاھلارنۇ بوش كەلمەي، ئۆچەيلەنگە قەتئىي يېقىن كەلمەي يىراقتىن ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى. مەن بولسام ئەجدىرھانىڭ ئالدىدا شەمشەرنى تۇتقىنىمۇە تۇرۇپ قالدىم. ھازىر ئەجدىرھاغا قېچىشقا پۇرسەت بولسىمۇ، ئۇ قاچماي ھۆركىرەپلا تۇراتتى. مەن ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆزىگە قاراۋەردىم. ھەم ھىچنىمىنىمۇ كۆرمىدىم ۋە ھېس قىلالمىدىم.

—— تېز بۇلۇڭ ئۆمەر! —— دەپ ۋارقىردى ئاينۇر مېنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرغان ھالىتىمنى كۆرۈپ. نىمىشقىكىن ئەجدىرھاغا قىلىچ ئۇرۇشتىن قورقىۋاتاتتىم. قالغانلارمۇ ھەدەپ مىنى ئۇندەۋاتاتتى. بىر غەيرەتكە كىلىپ ئەجدىرھاغا يېقىنلاشتىم. ئەجدىرھا قانىتى بىلەن ئىنى ئۇرۇپ نەچچە مىتىر يىراققا يىقىتىۋەتتى. مەن ئورنىمدىن تۇرۇپ تېزلىك بىلەن يۈگۈردۈمدە، ئەجدىرھانىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭ قانىتىنى تىلىۋەتتىم. قىلىچمۇ ئەجدىرھانىڭ قېنى بىلەن بويالدى. شۇ ئەدنادا قىلىچنىڭ بىسى پۈتۈنلەي قان رەڭگىگە كىردى. كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇتقان قىسمىدىن، پال ـ پۇل قىلغان ئۈزۈكنى كۆرگەناەكلا بولدۇم. ئۈزۈك بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆرۈنۈپ يۇقاپ كىتەتتى. خۇددىي مۇشۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئەجابرھامۇ ئۆچۈپ كىتىپ قالدى. كاللامدا نى جاۋاپسىز سوئاللار ئەگىپ تۇراتتى.

—— ئۆمەر! تېز ئەرۋاھنىڭ بېشىغا شەمشەر ئۇرۇڭ! —— دىدى ئاينۇر

ماڭا. ئۇنىڭ ھالىمۇ نۆۋەتتە شۇنچىلىك خاراپ ئىدى. شۇنچىلىك جىددى ۋە ھالقىلىق پەيتتە قانداق بولۇپ بۇنداق ھاڭۋاقتىلىشىپ قالدىم؟ شۇنچىلىك ھايات ـ ماماتلىق پەيتتە قانداق بولۇپ بۇنچە گالۋاڭلىشىپ كەتتىم؟ ھىچ ئۆزۈمۇ بىلمەيتتىم. شۇ ئەسنادا ئاينۇر كىلىپ ئىككى چىكەمنى چىڭ سىقتى. شۇنىڭلىق بىلەن كاللامدا ئەرۋاھقا شەمشەر ئۇرۇش نىشانى پەيدا بولدىدە، ئەرۋاھقا ئېتىلدىم. ئەرۋاھمۇ ھىچ بوش كەلمەيتتى.

ـــ سەن ئارقىدىن ئۇنىڭغا شەمشەر ئۇر، مەن ئالدىدىن ئۇنىڭ دىققىتىنى چېچىپ تۇراي! ـــ دىدى ئىمىن . مەن دەرەخلىكنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ مۆكۈنۈپ تۇردۇم. ئەرۋاھ بولسا پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاينۇرنىڭ كۈچىنى توسۇش ۋە ئىمىننىڭ خەنجىرىدىن ئۆشنى قاچۇرۇاتاتتى. ئۇ ئازراقلا دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتە مەن ئۇنىڭغا ئاستا يېقىنلاشتىم. شۇ تەرىقىدە ئۇنىڭغا يېقىنلا كەلدىمدە شەمشەرنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا تىقماقچى بولدۇم. شۇ پەيتتە ئەرۋاھمۇ كەينىگە بۇرۇپلا منى ئىتتىرۋەتتى. ئەمما بۇ چاغدا ئۇنىڭ پىشانىسگە شەمشەر كىرىپ بولغانىدى. ئۇ يەرگە يىقىلدى. باشقا ئەرۋاھلار غايىپ بۇلىشتى. ئەمما بۇ ئەرۋاھ يەردە جىملا يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ نۇرلۇق ئىككى كۆزىمۇ ئۆچتى. توساتتىنلا ئەجدىرھا پەيدا بۇلۇپ، ئۇنى چاڭگاللىغىنچە كۆتۈرۈپ بايا بىز تىشىپ چىققان ياغ كامىرغا تاشلىۋەتتى. خەنجەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە چۈشۈپ كەتتى. ئەجدىرھا بىرنى

ھۆركىرۋىدى، تاغ كۈمۈرلۈپ چۈشتى. بۇ تاغ گۈمۈرلۈپ بۇرۇنقىدىن پەسلىدى. ئۇياقتا كىرگۈدەك ھىچقانداق تۈشۈكمۇ قالمىدى. ئەجدىرھا بولسا، تاغنىڭ ئۇ قېتىغا ئۇچۇپ كىتىپ قالدى.

ــــ بىز يەڭدۇقمۇ؟ ــــ دىدىمەن.

ــــ شۇنداق دىيىشكە بولىدۇ. ــــ دىدى ئاينۇر شۇ تەرەپكە قارىغىنىچە.

ــــ ئەمسە ئۇ ئەجدىرھاچۇ؟ ــــ دىدى ئادىل ئۇنىڭ ئەركىن قالغىنىغا ناراشىلىقىنى بىلدۈرۈپ.

ــــ بىرەرسىڭلار تاغدىكى ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ سالمىغانلا بولساڭلار ئۇنداقتا ئۇنىڭغا ئۆزۈم بار. ئۇ سۇمرۇغنىڭ يېنىغا كىتىپ قالدى.

ــــ ئەگەر قاراپ سالغان بولساق نىمىش يۈز بېرەتتى؟ ــــ دىدىمەن ئۆزۈم قاراپ سالغاندىكىن ئەمدى نىمىش بولىدىغانلىقىغا قىزىقىپ.

ــــ قاراپ سالغان بولساڭلار ئۇ سىلەرنى كونترۇل قىلىۋالغان بۇلاتتى. كونترۇل قىلىۋالسا ئاقىۋىتىنى مەنمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. ئەمدى سىلەر قايتىپ كىتىڭلار. ئۇ ئەجدىرھا ئەمدى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كىتىدۇ.

ــــ ئەرۋاھ راستىنلا يوقالدىمۇ؟ ــــ دىدى ئىمىن گۇمان بىلەن.

ــــ راستىمنى دىسەم! ــــ دىدى ئاينۇر ئۇلۇغ كىۋىك تىنىپ. ــــ

بىز ئۇنى يۇقىتالمىدۇق. يەنى كۆمۈش شەمشەرنى ئىشلەتمىدۇق. شۇڭا ئۇ بەلكىم تۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن. كۆمۈش شەمشەرنىڭ قەيەردىلىكى ھازىر بىزگە نامەلۇم. ئاۋۇ ئىككى خىرۇستالمۇ تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرۋاھ ئويغىنالمايدۇ. ئۇ ئويغانسا خىرۇستالنى كونترۇل قىلالايدۇ. ئەمما ئۇ بۇخىل ئۇيقۇ ھالىتىدە خىرۇستال ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەھتىد. ھازىر ئۇ ئويلىيالمايدۇ، ئاڭالىز قىلالمايدۇ. مىنىڭ بىلىدىغىنىم شۇ. ئەينى چاغدا دادام ئۇنى ئۇخلاتقان. كېيىن ئۇ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئويغىنىشىنىڭ سەلىم بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار. شۇڭا ئەمدى سىلەر كېتىپ قېلىڭلار. ھەرگىز قايتىپ كەلمەڭلار.

ـــ بىزنىڭ ۋاقتىمىز توشۇپتۇ. ھىچ بولمىسا خاتىرجەملىكىكە ئېرىشتۇق. ـــ دىدى ئەلى.

ـــ ھېلىقى ئادەم راس دەپتىكەن. بىز ئەرۋاھلارنى تۇپتىن يۇقىتالمايدىكەنمىز.

ـــ كىم؟ كىم شۇنداق دىگەن؟ـــ دىدى ئاينۇر بۇنىڭغا ھەيران قېلىپ.

ـــ بىز بۇيەرگە قايتا كېلىدىغاندا بىرسى مەن ئەرۋاھ بىلەن ئىنسانىنىڭ ئەۋلادى دىگەن . ئۇ ئۇ كىشى بىزدىن شەمشەرنى تارتىۋالغان.

ـــ نىمە؟ سىلەر ئۇ گەپكە قانداقمۇ ئىشەنگەنسىلەر؟ ھەي! بوپتۇ ئەمدى ئۆتۈپ كەتتى. بىز سېلىقى تاغ يېنىغا قايتايلى.

شۇنداق قىلىپ بىز بۇ ئەرۋاھلار دۇنياسىكى قاباھەتلىك سەپەرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندۇق. ئاينۇر سۇمرۇغنى ۋاقىردى. بىز سۇمرۇغقا مىنىپ، ھېلىقى تاغ ئالدىغا يېتىپ كەلدۇق. تاغدا تېخىچە ھېلىقى ئۆڭكۈر بار ئىدى.

ــــ سىلەر بۇيەردىن ئۆتسەڭلار ئۆز يۇرتڭلارغا بارىسىلەر. بۇ غاردىن چىقىپ ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلساڭلار بىردانە ئىگىز ئاق تېرەك بار. شۇ تېرەكنىڭ يېنىدا سېغىز توپا بار. شۇنىڭدا لاي ئېتىپ، بۇ كامارنى ئېتىۋېتىڭلار. گەرچە چوڭ بولسىمۇ ئېتىلىدۇ. لاينى بۇ سۇدا ئېتىڭلار. ــــ دىدى ئاينۇر بىر سۇدانىنى چىقىرىپ. ئۇنىڭ سۇدانىنى قانداق پەيدا قىلغانلىقىنى بىلمەي ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرغىنىمدا ئاينۇر سۆزىنى داۋام قىلدى: ــــ بۇ سۇ گەرچە ئاز بولسىمۇ لاي ئېتىشكە يېتىدۇ. كامارنى ئەتكەندىن كېيىن ئالدى كەينىڭلارغا قارىماي كېتىپ قېلىڭلار. ئىككىنجى بۇ تاغ ئەتراپىغا كەلگۈچى بولماڭلار.

مەن ئاينۇتنىڭ قولىدىن سۇنى ئالدىم. ئاينۇر سۇمرۇغ قۇشقا مىنىپ كېتىپ قالدى. بىز غاردىن ئۇ تەرەپكە ئۆتتۇق. بۇ ھېد ھەقىقەتەن باشقىچە ئىدى. بىز ئاينۇر دىگەن تېرەكنىڭ يېنىدىن بىرمۇنچە سېغىز توپىنى ئەكەلدۇق. كېيىن شۇنىڭدا لاي ئېتىپ بۇ ئادەم باتقۇدەك يەرنى ئەتتۇق. لاي ۋە سۇ قارىماققا ئاز تۇيۇلدىمۇ، بۇ كامارنى ئېتىۋەتكۈدەك يەتتى. ساپ لاي بولسىمۇ، بىز بۇ كامارنى ئېتەلىدۇق. تۇيۇقسىز ئىمىن سومكىسىدىن ھېلىقى

ساختىا كۈمۈش شەمشەرنى چىقاردى.

ـــ بۇ شەمشەرنى ئېلىۋالغانمۇ؟ ـــ دېدىمەن ئۈنىڭغا.

ـــ شۇنداق! ـــ دېدى ئۇمۇ سوغۇق تەلەپپۇز بىلەن. ئۇ شەمشەرنى چىك تۇتقىنىچە مىنىڭ قورسىقىمغا سانجىدى. شۇنچىلىك قاتتىق ئاغرىقتىن قورسىقىمنى تۇتۇپ يىقىلىپ قالدىم. ئاغزىمدىن قان كىلىپ كەتتى. ئادىل بىلەن ئەلى بىرنىملەرنى دەپ ۋارقىرشىپ كەتكەنىدى. كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپكەتتى. بۇ ئازاپتا كاللامغا پەقەت ھېلىقى ئەرۋاھنىڭ شۇ بىر جۈملە سۆزىلا كەلدى:

«سەن ئۆلىسەن! ئۆلگەن ۋاقتىڭدا ئىنتايىن ئازابلىنىسەن. تېنىڭ ئەمەس دىلىڭ ئاغرىيدۇ ....»

چوڭ تىپتىكى ۋەھىملىك ئەسەر تىرىلگەن ئەرۋاھنىڭ 1 ـ بۆلىمى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

داۋامىغا قىززىقىسىڭىز نەزىرىڭىز ئىپتىخار مۇنبىرىدە بولسۇن!

www.iptihar.net